# ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

www.munber.org

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئەزىز
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇيغۇر ئوغلى ئۇيغۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئا. روزى توختى

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە


سەئىيد ئىبنى ئامىر ئەلجۇمەھى ..... 5
فاتىمە بىنت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ..... 14
ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ..... 32
جۇلەيبىب ..... 39
ئەبۇ ھۇرەيرە دەۋسىي ..... 45
تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ تەيمىييە ..... 55
سابىت ئىبنى قەيس ئەنسارى ..... 63
ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى ..... 70
فەيرۇز دەيلەمىي ..... 77
سۇراقە ئىبنى مالىك ..... 84
ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ..... 92
رەبىئە ئىبنى زىياد ھارىس ..... 99
سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتەللىب ..... 106
ئۇتبە ئىبنى غەزۋان ..... 113
نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ..... 120
ئەبۇ ئاس ئىبنى رەبىئە ..... 130
ئاسىم ئىبنى سابىت ..... 137
ئەبباد ئىبنى بىشر ..... 142
رەبىئە ئىبنى كەئب ..... 147
زەيد ئىبنى سابىت ..... 155
ھەكىم ئىبنى ھىزام ..... 161
رەملە بىنتى ئەبۇ سۇفيان ..... 167
ۋەھشى ئىبنى ھەرب ..... 174
ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنى ..... 180
ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ..... 187


www.munber.org






ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى ..... 195
سەئد ئىبنى ۋەققاس ..... 204
ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ..... 211
ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ..... 219
جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ..... 227
ئۆمەير ئىبنى سەئد ..... 239
مەجزە ئىبنى سەۋرۇس سەدۇسى ..... 245
ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھل ..... 251
ئەدىي ئىبنى ھاتەم ئەتتائىي ..... 260
ئۇسامە ئىبنى زەيد ..... 267
ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ..... 274
ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ..... 285
ئەبۇزەر غىفارى ..... 291
زەيدۇلخەيرى ..... 298
ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ..... 305
سالمان پارسى ..... 313
ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ..... 321
ئەمرۇبنۇل جەمۇھ ..... 328
سۇمامە ئىبنى ئۇسال ..... 335
بەرا ئىبنى مالىك ئەنسارى ..... 342
ئۆمەير ئىبنى ۋەھب ..... 350
ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ئەسسەھمى ..... 356
تۇفەيل ئىبنى ئەمرۇد دەۋسى ..... 364
ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ..... 373
ئائىشە بىنت ئەبۇ بەكرى ..... 384
بەرەقە ..... 394
مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ..... 404
مۇسئەب ئىبنى ئۆمەير ..... 416
رۇمەيسە بىنت مىلھان ..... 430


www.munber.org

نوئمان ئىبنى ئەمرى ........ 438
سەلىم مەۋلا ئەبۇ ھۇزەيفە ........ 445
سۇھەيل ئىبنى ئەمىر ........ 452
ئۇبەي ئىبنى كەئىب (ئەبۇ مۇنزىر) ........ 463
ئۇممۇ سەلەمە ........ 470
خەبباب ئىبنى ئىرت ........ 479



www.munber.org



## سەئىيد ئىبنى ئامر ئەلجۇمەھى

سەئىيد ئىبى ئامر ئەلجۇمەھى بۇ دۇنياغا ئاخىرەتنى سېتىۋالغان، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويغان كىشى ئىدى.

ــ تارىخچىلار

ياش يىگىت سەئىيد ئىبنى ئامر ئەلجۇمەھى ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابلىرىدىن بىر. خۇبەيب ئىبنى ئەدىينى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن شۇنىڭ ئۆلۈمنى كۆرۈش ئۈچۈن مەككىنىڭ سىرتىدىكى تەنئىم رايونىغا چىقىشقا تەشكىللەنگەن نەچچە مىڭ قۇرەيشلەر ئىچىدىكى بىرى ئىدى.

ئاللاھ سەئىيدنىڭ نەۋقىران ياشلىقى، پىشىپ يېتىلگەن يىگىتلىكى كىشىلەر بىلەن تەڭ تۇرۇش، ھەتتا ئەبۇسۇفيان، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەلەردەك قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىغا ئوخشاش سەپنىڭ بېشىدا تۇرىدىغان قۇرەيش پېشقەدەملىرى بىلەن باراۋەر تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ ئۇنىڭغا قۇرەيشلەرنىڭ كىشەنلەنگەن ئەسىرى خۇبەيبنى كۆرۈش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. ئاياللار، بالىلار ۋە ياشلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن شەخسىي ئىنتىقامىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بەدىردە ئۆلگەن كىشىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆلۈم مەيدانىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ جامائەت ئۆز ئەسىرىنى ئۆلتۈرۈش مەيدانىغا ئېلىپ بارغاندا سەئىيد ئۆزىنىڭ ئېگىز قامىتى بىلەن دار ئالدىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان خۇبەيبنى كۆرۈپ توختىدى ۋە ئاياللار، بالىلارنىڭ چۇقانلىرى ئارىسىدىن خۇبەيبنىڭ تەمكىن، كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— ئەگەر خالىساڭلار ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالسام.

سەئىيد خۇبەيبكە قارىدى. خۇبەيب قىبلىگە قاراپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بۇ ئىككى رەكئەت ناماز ھەقىقەتەن چىرايلىق ۋە مۇكەممەل ئوقۇلغان ئىدى. ئاندىن خۇبەيب قۇرەيشلەرنىڭ باشلىقلىرىغا ئالدىنى قىلىپ:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى ‹ئۆلۈمدىن قورقۇپ نامازنى ئۇزۇن ئوقۇدى› دەپ قالمىسۇن دېمەيدىغان بولسام، تېخىمۇ ئۇزۇن ئوقۇيتتىم، — دېدى.

سەئىيد ئۆز قوۋمىنىڭ خۇبەيبنى تىرىك تۇرغۇزۇپ چاناۋاتقانلىقىنى، بەدىنىنى بىر ـ بىرلەپ يۇناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار خۇبەيبكە:

— سەن قۇتۇلۇپ سېنىڭ ئورنۇڭدا مۇھەممەدنىڭ بولۇشىنى خالامسەن؟ — دەيتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن قانلار ئېقىۋاتاتتى، خۇبەيب جاۋابەن:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆيۈمدە بالىلىرىم بىلەن خاتىرجەم تۇرۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر تال تىكەننىڭ كىرىشىگە قەتئىي رازى ئەمەس! — دېدى.

شۇ ھامان كىشىلەرنىڭ قوللىرى بوشلۇقتا پولاڭلاپ:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! — دېگەن چۇقانلىرى كۆككە كۆتۈرۈلدى.

سەئىيد خۇبەيبنىڭ دار ئۈستىدىن كۆزىنى ئاسمانغا تىكىپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

— ئى ئاللاھ! ئۇلارنى بىر پۈتۈن يىغقىن! بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرگىن! بىرىنىمۇ قالدۇرمىغىن! — ئۇنىڭ شۇنداق دەپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرغان پېتى نەپسى ئۈزۈلدى. ئۇنىڭ جەسىتىدىكى قىلىچ ئۇرۇلغان نەيزە سانجىلغان جايلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى.





*****

قۇرەيشلىكلەر مەككىگە قايتىشتى. چوڭ ۋەقەلەر قىستاڭچىلىقىدا خۇبەيب ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

لېكىن خۇبەيب، قۇرامىغا يەتكەن سەئىيدنىڭ خاتىرىسىدىن بىر مىنۇتمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. ئۇ خۇبەيبنى ئۇخلىسا چۈشىدە، ئويغانسا كۆڭۈل ئېكرانىدا كۆرەتتى. خۇبەيبنىڭ دار ئالدىدا خاتىرجەم، تەمكىن ھالدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. سەئىيدنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خۇبەيبنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىۋاتقان ئاۋازى جاراڭلايتتى ـ دە، ئۆزىگە مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ غەزەپ قىلىشىدىن قورقاتتى.

خۇبەيب سەئىيدقا بۇندىن بۇرۇن بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ ئەقىدە ۋە شۇ ئەقىدە يولىدا ئۆلگۈچە كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى، مۇستەھكەم ئىماننىڭ ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى، مۆجىزىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغانلىقىنى[①] ئۆگىتىپ قويدى.

---

[①] تەھلىل: راست شۇنداق! خۇبەيب سەئىيدكە ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ قانونىيىتىنى، ھەر بىر ئادەم بىلىشكە تېگىشلىك دۇنياۋى بىلىمنى ئۆگىتىپ قويدى. پەيلاسوپ كانت مۇنداق دەيدۇ: "ئىلاھنىڭ بارلىقى، روھنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى، ئۆلگەندىن كېيىن ھېسابتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشقا مۇئتىزىم ئېتىقاد قىلماي تۇرۇپ ھەقىقىي ئىنساني ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەس". يەنە بۇ توغرىسىدا فرانسىيەلىك مەشھۇر ئەدەبىياتچى پولتىر، ماددىرىمچ دىنسىزلار تەبىقىسىنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "سىلەر نېمىشقا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى توغرىسىدا گۇمان قىلىسىلەر؟ ئەگەر ئاللاھ بولمىغان بولسا ئايالىم مېنى ئالدىغان، خىزمەتچىم مېنىڭ نەرسە كېرەكلىرىمنى ئوغرىلىۋالغان بولاتتى".

مەككە ھەج ژورنىلىنىڭ 3 ـ ساندا مۇنداق دېيىلگەن: «سىتالىنىنىڭ قىزى (سۋېتلانا)نىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلىشتىكى ھەقىقىي سەۋەب ‹دىن›. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىرەرسى پەرۋەردىگارنى تونۇمايدىغان دىنسىز ئائىلىدە چوڭ بولغان ئۇلارنىڭ يېنىدا قەستەن ياكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىنمۇ خۇدا تىلىغا ئېلىنىپ قالمايتتى. سۋېتلانا ھەقنى تونۇش يېشىغا يەتكەندە ئۆز ۋۇجۇدىدا سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرسىز، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمىگەن ھاياتنىڭ ھايات ئەمەسلىكى، ئىنسان سۇ ۋە ھاۋاغا موھتاج بولغىنىدەك ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىشكىمۇ موھتاج ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت توغرا سىزىمنى بايقىغان» — (تەربىيەتۇلئەۋلاد) تىن ئېلىندى.

ئۇنىڭغا يەنە، ھەمسۆھبەتلىرى پۇتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان بۇ كىشىنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئاسماندىن كۆچلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىپ قويىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ سەئىيدنىڭ قەلبىنى ئىسلام ئۈچۈن ئېچىۋەتتى. سەئىيد كىشىلەر ئارىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇتلىرىدىن قول ئۈزگەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

سەئىيد مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە تۇردى. خەيبەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئۇرۇشلارغا قاتناشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا سەئىيدتىن رازى ئىدى. سەئىيد شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككى خەلىپىسى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر (ئاللاھ ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قولىدىكى يالىڭاچلانغان قىلىچ بولۇپ تۇردى، ھەمدە دۇنياغا ئاخىرەتنى سېتىۋالغان، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىنى، كۆڭۈللەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى، جىسىمنىڭ شەھۋەتلىرىدىن ئۈستۈن بىلگەن مۆمىنلەرنىڭ مىسلىسىز ئۈلگۈسى بولۇپ ياشىدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككى خەلىپىسى سەئىيدنىڭ راستچىللىقى ۋە ئۇنىڭ تەقۋالىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالاتتى. سۆزىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. سەئىيد ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئى ئۆمەر! مەن سېنىڭ كىشىلەر توغرىسىدا ئاللاھتىن قورقۇشۇڭنى، ئاللاھ توغرىسىدا كىشىلەردىن قورقماسلىقىڭنى، سۆزۈڭنىڭ ئىش- ھەرىكىتىڭگە قارشى بولماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن. چوقۇمكى، سۆزنىڭ ياخشىسى ئەمەلىيەتتە ئېلىپ بېرىلغىنى...

— ئى ئۆمەر! ئاللاھ سېنى ئىشلىرىغا باشلىق قىلىپ قويغان يېقىن- يىراق جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىدا ئادىل بول! سەن ئۆزۈڭگە ۋە



www.munber.org



بالا- چاقىلىرىڭغا ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئۇلارغىمۇ ياخشى كۆر! ئۆزۈڭگە ۋە بالا - چاقىلىرىڭغا يامان كۆرگەن نەرسىنى ئۇلارغىمۇ يامان كۆر! ھەقىقەتكە چوڭقۇر چۆككىن! ئاللاھ توغرىسىدىكى پىتنىخورنىڭ پىتنىسىدىن قورقما! — دېگەنىدى، ئۆمەر:

— ئى سەئىيد! بۇنىڭغا كىممۇ قادىر بولالايدۇ؟! — دېگەندە، سەئىيد:

— بۇنىڭغا، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولمىغان ساڭا ئوخشاش ئادەم قادىر بولالايدۇ، — دېدى.

ئۆمەر سەئىيدنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپ:

— ئى سەئىيد! بىز سېنى ھىمىس شەھىرىگە ۋالىي قىلماقچى، — دېدى.

— ئۆمەر! مېنى ئازدۇرمىساڭ! مېنى دۇنياغا يېقىن يولاتمىساڭ! — دېدى سەئىيد. بۇ چاغدا ئۆمەر ئاچچىقلاپ:

— ۋاي ئىسىت سىلەرگە! سىلەر مۇشۇنچە ئىشلارنى مېنىڭ زىممەمگە قويۇپ قويىدۇڭلار! ئاندىن مەندىن يىراقلاشتىڭلار! — دېدى ۋە ئۇنى ھىمىس شەھىرىگە ۋالىي قىلدى ۋە — سىزگە مائاش توختىتىپ بېرەيمىزمۇ؟ — دېگەندە، سەئىيد:

— ئەمىرىل مۆمىن! مەن ئۇنى نېمە قىلىمەن؟ مېنىڭ بەيتۇلمالدىن كەلگەن نېسىۋەم ھاجىتىمدىن يېتىپ ئاشىدۇ — دېدى - دە، ھىمىسقا قاراپ يول ئالدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ھىمىس شەھىرىدىن بىر تۈركۈم ئىشەنچلىك كىشىلەر ئۆمەرنىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە كەلدى، ئۆمەر ئۇلارغا:

— سىلەر ماڭا ئاراڭلاردىكى كەمبەغەللەرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېرىڭلار، مەن ھاجىتىدىن چىقاي — دېدى. ئۇلار بىر پارچە خەت كۆتۈرۈپ كېلىشتى، ئۇ خەتتە كەمبەغەللەرنىڭ ئىسمى بار بولۇپ، شۇ قاتاردا «سەئىيد ئىبنى ئامىر» دەپ بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۆمەر، — سەئىيد ئىبنى



www.munber.org

ئامىر دېگەن كىم؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىزنىڭ باشلىقىمىز! ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى ئەلچىلەر جاۋابەن.

ــ باشلىقىڭلار كەمبەغەلمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۆمەر.

ــ ھەئە، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن ئۇدا ئوت يېقىلمايدۇ، ــ دېيىشتى.

ئۆمەر يىغلاپ كەتتى، ھەتتاكى ياشلىرى ساقىلىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئاندىن مىڭ دىنار تەييارلاپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا «مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بۇ پۇللارنى ئىشلەتسۇن دەپ، سىزگە ئەۋەتتى» دەڭلار! ــ دېدى.

ئەلچىلەر سەئىيدنىڭ قېشىغا ھەميانىنى ئېلىپ باردى. سەئىيد ھەميانىدىكى پۇلنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، خۇددى ئازاب چۈشكەندەك:

ــ بىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللاھ تەرەپكە قايتىمىز[1]، ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايالى يۈگۈرۈپ چىقىپ:

ــ ئى سەئىيد ساڭا نېمە بولدى؟ ئەمىرۇلمۆمىن ۋاپات بوپتۇمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئىش بوپتۇ، ــ دېدى سەئىيد.

ــ مۇسۇلمانلار بىرەر ۋەقەگە دۇچ كەپتۇمۇ؟ ــ دەپ قايتا سورىدى ئايالى يەنە، ــ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق نېمە ئىش بوپتۇ؟

ــ ئاخىرەتلىكىمنى بۇزغىلى دۇنيا كىردى، ئۆيۈمگە پىتنە چۈشتى، ــ دېدى. ئايالى بۇنى ئاڭلاپ:

ــ ئۇنىڭدىن يىراق بولۇڭ! ــ دېدى.

ــ ماڭا مۇشۇ ئىشتا ياردەم بېرەمسەن؟:

ــ ھەئە، ــ دېدى ئايالى دەرھال.

[1] نورمال ئەھۋالدا بۇ بىرسىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا.

www.munber.org





سەئىيد دىنارلارنى ھەميانغا سېلىپ كەمبەغەل مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بەردى...

يۇقىرىدىكى ئىشلارغا ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب شام شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى ھىمسە شەھىرىگە كەلگەندە، ھىمسە شەھىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى. ئۆمەر ئۇلاردىن:

ــ باشلىقىڭلار قانداقكەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ئۇلار سەئىيدنىڭ ئۈستىدىن تۆت ئىشنى شىكايەت قىلىشتى. ئۇ ئىشلار بىر ـ بىرسىدىن چوڭ ئىدى.

ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ:

«مەن سەئىيد ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى يىغدىم ۋە ئاللاھ تائالادىن گۇمانىمنى ئىشقا ئاشۇرماسلىقنى تىلىدىم. مەن سەئىيدتىن چوڭ ئۈمىدتە ئىدىم. ئۇلار ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندا مەن ئۇلاردىن:

ــ باشلىقىڭلاردىن نېمىنى شىكايەت قىلىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا كۈن چىقمىغۇچە چىقمايدۇ، ــ دېيىشتى.

ــ سەئىيد! سەن بۇ توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ــ دەپ سورىدىم سەئىيدتىن.

سەئىيد بىردەم جىم تۇرۇپ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئىشنى ئاشكارا قىلىشنى بەكمۇ يامان كۆرەتتىم. ئەمما دېمەي ئامال بولمىدى، مەن ئادەتتە خىزمىتىمگە ياردەم قىلىدىغان خىزمەتكارىمنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن، خېمىر يۇغۇرىمەن، خېمىر ئۆرلەپ (تىنىپ) بولغۇچە كۈتۈپ تۇرىمەن، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ كىشىلەرنىڭ قېشىغا چىقىمەن، ــ دېدى.»

ئۆمەر يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«مەن كىشىلەردىن ‹سەئىيدتىن يەنە قانداق ئىشلارنى شىكايەت قىلىسىلەر؟› دېسەم، ئۇلار:

ــ ئۇ كېچىدە ھېچكىمگە ئىشىكنى ئاچمايدۇ، ــ دېيىشتى.

www.munber.org

— سەئىيد! سەن بۇ توغرىدا نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئىشنىمۇ ئاشكارا قىلىشنى ياقتۇرمايتتىم. مەن كېچىنى ئاللاھ ئۈچۈن، كۈندۈزنى كىشىلەر ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، — دېدى.

— سىلەر سەئىيدتىن يەنە نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم مۆتىۋەرلەردىن.

— ئۇ قېشىمىزغا ھەر ئايدا بىر كۈن چىقمايدۇ، — دېيىشتى ئۇلار.

— سەئىيد! بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدىم.

— ئى ئەمىرۇل مۆمىن! مېنىڭ ئۆيۈمدە خىزمەتچى يوق، كىيىۋاتقان كىيىمىمدىن باشقا كىيىمىممۇ يوق، مەن ئۇنى ھەر ئايدا بىر قېتىم يۇيىمەن، قۇرۇپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرىمەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەچ تەرەپتە چىقىمەن، — دېدى سەئىيد.

— سىلەر يەنە سەئىيد توغرىسىدا نېمىنى شىكايەت قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم. ئۇلار:

— ئۇ بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ كىشىلەرنى تاشلاپ سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ، — دېيىشتى. مەن:

— سەئىيد! بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن ئىلگىرى مۇشرىك ۋاقتىمدا خۇبەيبنىڭ ئۆلۈم مەيدانىدا ھازىر ئىدىم، قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنىڭ جەسىتىنى پارچىلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇلار خۇبەيبكە: سەن قۇتۇلۇپ مۇھەممەدنىڭ سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇشىنى خالامسەن؟ دېگەندە، خۇبەيب جاۋابەن: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆيۈمدە خاتىرجەم تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر تال تىكەننىڭ سانجىلىپ قېلىشىغا رازى ئەمەسمەن› دېگەنىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن مۇشۇ كۈننى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەنلىكىمنى ئويلىسام، ئاللاھ مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرمەسمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. مانا

www.munber.org





مۇشۇ ۋاقىتتا مەن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويىمەن، — دېدى سەئىيد.»

بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر: «گۇمانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان ئاللاھ تائالاغا مىڭ شۈكرى» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ئاندىن سەئىيدنىڭ ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن مىڭ دىنار ئەۋەتىپ بەردى. بۇ پۇللارنى كۆرگەن ئايالى، سەئىيدقا:

— بىزنى، سىزنى خىزمەتكە سېلىشتىن بىھاجەت قىلغان ئاللاھ تائالاغا يۈزمىڭ شۈكرى، بىزگە ئاشلىق سېتىۋېلىپ، خىزمەتچى سېلىپ بېرىڭ! — دېۋېدى، سەئىيد:

— سىزگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بولسا مەيلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئايالى قىزىقىپ.

— بىز بۇ پۇللارنى قېشىمىزغا سوراپ كەلگەنلەرگە بېرەيمىز، بىز بۇ پۇللار ئارقىلىق كېلىدىغان نەرسىگە بەك موھتاج.

— ئۇ نېمە؟

— بىز ئۇنى چىرايلىق قەرز سۈپىتىدە بېرىپ تۇرىمىز.

— بولىدۇ، ئاللاھ سىزگە ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن.

سەئىيد ئورنىدىن يۆتكەلمەيلا دىنارلارنى ھەميانغا سېلىپ بالىلىرىدىن بىرىگە: «سەن بۇ پۇللارنى پالانىنىڭ تۇل ئايالىغا، پالانىنىڭ يېتىملىرىگە، پالانىنىڭ مىسكىنلىرىگە، پالانىنىڭ ھاجەتمەنلىرىگە ئاپىرىپ بەرگىن!» دەپ تاپشۇردى.

ئاللاھ سەئىيد ئىبنى ئامىر ئەل جۇمەھىدىن رازى بولسۇن! ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجىتى بار تۇرۇقلۇق، ئۆزىدىن باشقىلارنى ئەلا بىلگەن كىشى ئىدى...

www.munber.org

www.munber.org

## فاتىمە بىنت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

فاتىمە — مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ۋە خەدىچەنىڭ بەشىنچى قىزى بولۇپ، ئۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ئەتراپىدىكى تاغلاردا يالغۇز ئىستىقامەت قىلىپ، مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى بۈيۈك مۆجىزىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتقان، پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەردە دۇنياغا كەلدى.

بۇ ئۇنىڭ چوڭ ھەدىسى زەينەبنىڭ ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىيئەگە ياتلىق بولغان ۋاقتى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ھەدىسى رۇقىيە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق بولدى. ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇممۇ جەمىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغانلار ئىدى.

كىچىك فاتىمە ھەدىلىرىنىڭ ياتلىق بولۇپ، بىر - بىرلەپ ئۆيدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، «توي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ۋە ھەدىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئۇقمايتتى. ئۇ ھەدىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇلار ئۆيدىن ئايرىلغاندا ناھايىتى غېرىبلىق ھېس قىلدى ۋە تولىمۇ بىئارام بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ جىمغۇر ۋە كەمسۆز بولۇپ قالغان ئىدى.

ئەلۋەتتە، ھەدىلىرى توي قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يالغۇز قالمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ چۆرىسى — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندىن تارتىپ





www.munber.org

ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان بەرەقە، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئەبۇ تالىپنىڭ كىچىك ئوغلى ئەلى قاتارلىقلار رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى خەدىچەمۇ بار ئىدى.

ئانىسىنىڭ ۋە بەرەقەنىڭ تەربىيىسىدە ئۇ چوڭقۇر تەسەللىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان ئەلى، بالىلىق ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئۆز ئاكىسى قاسىمنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا «ئاكا» ۋە دوست بولدى. ئۇنىڭ ئىنىسى، تايىيىب ۋە تاھىر دەپ لەقەملەنگەن ئابدۇللاھمۇ بالىلىق دەۋرىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ فاتىمە ئۆز ئۆيىدە ئۆزىنىڭ ھەدىلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن غەمسىز ۋە خۇشال - خۇرام تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ چېچەن بالا بولغان ئىدى.

ئۇ بەش ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا، دادىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى — رەسۇلۇللاھ بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ دەسلەپكى ۋەزىپىسى— ئىسلامنىڭ خوش - خەۋىرىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا يەتكۈزۈش ئىدى. ئۇلار پەقەت ھەممىدىن قادىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچىسى ۋە قوللىغۇچىسى بولغان خەدىچە فاتىمەگە دادىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ دادىسىغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى ھەمدە دادىسىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ مەككىنىڭ تار كوچىلىرىدا كېتىۋاتقاندا، كەئبىنى زىيارەت قىلغاندا، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىي يىغىلىشلىرىغا قاتناشقاندا ۋە ئۇلار پەيغەمبەرگە بەيئەت قىلغاندا دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى.

بىر كۈنى ئۇ دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ مەسجىدى ھەرامغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىگە قارىشىپ تۇرىدىغان «ھىجىر» دەپ ئاتىلىدىغان يەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. فاتىمە ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى، بۇ چاغدا ئۇ 10 ياشقىمۇ كىرمىگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھقا دۈشمەنلىك

قىلىشتا چەكتىن ئاشقان بىر توپ قۇرەيش يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ۋە رابىئەنىڭ ئوغۇللىرى شەيبە بىلەن ئۇتبە قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار زەھەرخەندىلىك بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئەبۇ جەھل ئۇلاردىن:

— قايسىڭلار تۆگىنىڭ قېرىنىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇھەممەدنىڭ ئۈستىگە تاشلىيالايسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەبىھراقى بولغان ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت قىزغىنلىق بىلەن شۇنداق قىلىشقا ماڭدى. ئۇ قېرىنىنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد شۇ يەردە بار بولسىمۇ، بىر نەرسە دېيىشكە ياكى قېرىنىنى ئېلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۇ چاغدا دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز ئىدى.

دادىسىنىڭ مۇشۇنداق مەسخىرىلىك مۇئامىلىگە ۋە خورلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن فاتىمەنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! تېخى 10 ياشقىمۇ كىرمىگەن قىز نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئۇ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۈستىدىكى قېرىنىنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى، ئاندىن بۇ بىر توپ قۇرەيش قارا نىيەتچىسىنىڭ ئالدىدا غەزەپ بىلەن تۇرۇپ، ئۇلارغا غەزەپلىك تىل - ئاھانەتنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نامىزىنى ئاياغلاشتۇردى، ئاندىن:

—ئى رەببىم، قۇرەيشنى ھالاك قىلغىن! — دەپ ئۈچ قېتىم دۇئا قىلدى. ئاندىن يەنە:

—ئى ئاللاھ، ئۇتبەنى، ئۇقبەنى، ئەبۇ جەھل ۋە شەيبەنى ھالاك قىلغىن! — دەپ بەددۇئا قىلدى. (تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى بىر قانچە يىلدىن كېيىن بەدر غازىتىدا ئۆلتۈرۈلدى).

www.munber.org





يەنە بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدى. فاتىمە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. قۇرەيشتىن بىر توپ ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ كىيىملىرى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ، بوينىغا چىڭ ئورىۋالدى. فاتىمە باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ توۋلاشقا ۋە چىقىراشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى ئېتىلىپ كېلىپ، دەرھال رەسۇلۇللاھنى ئاجرىتىۋالدى، ئاندىن:

— «رەببىم ئاللاھ» دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ — دېدى، ئۇلار ئەبۇ بەكرىگە تاشلىنىپ، تاكى ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىن قانلار سىرغىپ چۈشكىچە ئۇرۇشتى.

كىچىك فاتىمە دادىسىغا ۋە دەسلەپكى مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان بۇ رەھىمسىز، قەبىھ قارشىلىقلار ۋە دۈشمەنلىكلەرنى كۆرۈپ تۇردى. ئۇ ياۋاشلىق بىلەن بىر چەتكە چىقىپ تۇرمىدى، بەلكى دادىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ گەرچە كىچىك بىر قىز بولسىمۇ، ئەمما شۇ ياشتىكى باللاردا نورمال بولىدىغان غەمسىز، شوخ، باللارچە ئويۇن- كۈلكە ۋە تاماشىلاردىن خالىي ھالدا، ئەنە شۇنداق ئازابلىق كەچۈرمىشلەرنى كۆردى ۋە باشتىن كەچۈردى.

ئەلۋەتتە بۇنداق ئىشلاردا فاتىمە يالغۇز ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى قۇرەيشنىڭ ۋەھشىي زوراۋانلىقلىرىغا، مەسخىرىلىرىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئىككى ھەدىسى رۇقىييە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇممۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە سۈيىقەستىنىڭ ئۇۋۇسى بولغان ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئوغۇللىرى ئۇتبە ۋە ئۇتەيبە ئىدى. ئۇممۇ جەمىل رەھىمسىز، ناھايىتى پاسكىنا سۆزلەرنى قىلىدىغان، ئېغىزى بۇزۇق، شەپقەتسىز ئايال بولغاچقا خەدىچە باشتىلا ئۆز قىزلىرىنى ئۇممۇ جەمىلنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق قىلىپ بېرىشكە رازى بولمىغان ئىدى. چۈنكى رۇقىييە ۋە ئۇممۇ

www.munber.org

كۈلسۈمغا نىسبەتەن، دادىسىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپلا قالماي، بەلكى ئۇرۇش قوزغايدىغان بۇنداق ۋەھشىي دۈشمەنلىككە تولغان ئائىلىدە ياشىشى ھەقىقەتەن بىر ئازابلىق ئىش ئىدى.

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ئۈچۈن، ئۇتبە ۋە ئۇتەيبە ئۆز ئاتا ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئاياللىرىنى قويۇۋەتتى. بۇ پەيغەمبەرنى باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشتىن يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان بىر ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە خۇشال- خۇرام قايتىپ كەلگەن قىزلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

شۈبھىسىزكى فاتىمە ھەدىلىرى بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇلار چوڭ ھەدىسى زەينەبنىڭمۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە قۇرەيشمۇ ئەبۇل ئاسقا بېسىم ئىشلىتىپ، ئايالىنى قويۇۋېتىشكە زورلىدى، ئەمما ئۇ رەت قىلدى. قۇرەيش چوڭلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەگەر ئۇ زەينەبنى قويۇۋەتسە، ئۇنىڭغا ئەڭ باي ۋە ئەڭ گۈزەل ئايالنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىشتى، ئەمما ئۇ:

ــ مەن ئايالىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، گەرچە مەن ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ دادىسىغا نىسبەتەن يۇكسەك ھۆرمىتىم بار، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

رۇقىيە ۋە ئۇممۇ كۈلسۈم ئىككىلىسى سۆيۈملۈك ئاتا- ئانىسى بىلەن بىللە بولغانلىقىغا ۋە ئۇممۇ جەمىلىنىڭ ئۆيىدىكى چىدىغۇسىز روھى بېسىملاردىن قۇتۇلغانلىقىغا بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي رۇقىيە ئىسلامنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلاردىن بولغان ياش ۋە تارتىنچاق ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ياتلىق بولدى. ئۇلار بىرلىكتە پاناھلىق ئىزدەپ ھىجرەت قىلغان دەسلەپكى مۇھاجىرلار بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ، ئۇ يەردە ئۇزۇن يىل تۇردى. فاتىمە ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھەدىسى رۇقىيەنى كۆرەلمىدى. دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا



www.munber.org



ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قالغان ساھابىلىرىگە قىلىنغان زىيانكەشلىك تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ 7- يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى ۋە مەككىگە پەقەت بىر چىغىر يول بىلەنلا بارغىلى بولىدىغان، ھەممە تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان بىر تار جىلغىدا پاناھلىنىپ تۇرۇشتى. بۇ تار جىلغىدا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن)، بەنى ھاشىم جەمەتى ۋە مۇتەللىب جەمەتى يېمەك- ئىچمەكتىن چەكلىنىپ، قامال قىلىندى. جەمەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئەزاسى 12 ياشلىق فاتىمەمۇ ئايلار داۋاملاشقان قىيىنچىلىق ۋە ئازابلىق تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈردى. ئاچ قالغان بالىلار ۋە ئاياللارنىڭ ئىچىنىشلىق ئىڭراشلىرى مەككىگە ئاڭلىنىپ تۇردى. قۇرەيش مۇسۇلمانلارنى يېمەك- ئىچمەكتىن ۋە باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن چەكلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىقى پەقەت ھەج مەۋسۇمىدىلا ئاندىن ئازراق يەڭگىللىدى. بۇ قامال ئۈچ يىل داۋاملاشتى. قامال بىكار قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ تېخىمۇ ئېغىر بولغان سىناقلىشلارغا ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ سادىق ۋە ئامراق ئايالى خەدىچە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى جاپالىق كۈنلەردە ھەمدەمدە بولىدىغان قوغدىغۇچىسى ۋە ھامىيسى، كۈچلۈك ئارقا تىرىكىدىن ئايرىلىپ قالدى. ھۆرمەتلىك خەدىچە ۋە ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولغان بۇ يىل «قايغۇلۇق يىل» دەپ ئاتالدى. ھازىر ياش قىز بولۇپ قالغان فاتىمە ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرۇپ ۋە ئېچىنىپ كۆپ يىغلىدى. ئۇ بىر مەزگىل قاتتىق ئىچ ئاغرىقى تارتقاچقا، سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتتى، ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىچ ئاغرىقىدىن ئۆلۈپ كېتەرمۇ دېگەن ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.

گەرچە ھەدىسى ئۇممۇ كۈلسۈم شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، فاتىمە ئانىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن ھەدىسىنىڭ ئائىلىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە يۈكى



www.munber.org

بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا دادىسىنى تېخىمۇ قوللىشى زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى. سەممىي مۇھەببەت بىلەن دادىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا ئۆزىنى ئاتىدى. ئۇ دادىسىغا شۇنداق كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەچكە «ئۇممۇ ئەبۇھۇ» (يەنى دادىسىنىڭ ئانىسى) دەپ ئاتالدى. ئۇ دائىم رەسۇلۇللاھ ئازار يېگەن، قىيىنچىلىقتا قالغان، كەمسىتىش ۋە سىقىلىشلارغا ئۇچرىغان چاغلاردا دادىسىغا تەسەللى بېرەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇچرىغان بۇ كەمسىتىش ۋە سىقىلىشلار فاتىمەگە تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى. بىر قېتىم بىر مۇشرىك رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك بېشىغا توپا ۋە ئەخلەت چاچتى، ئۆيگە كىرگەن چاغدا، فاتىمە دادىسىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى، ئاندىن دادىسىنىڭ بېشىدىكى پاسكىنىچىلىقلارنى سۈرتىۋەتتى. «يىغلىما قىزىم،ـ دېدى ئۇ،ـ ئاللاھ داداڭنى قوغدايدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمەنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بىر قېتىم مۇنداق دېگەن ئىدى:

ــ كىمكى فاتىمەنى خۇشال قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنى خۇشال قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن بولىدۇ. فاتىمە بولسا ــ مەن، ئۇ خۇشال بولغان نەرسىدىن مەنمۇ خۇشال بولىمەن، ئۇ بىزار بولغان نەرسىدىن مەنمۇ بىزار بولىمەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى:

ــ دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆت ئايال: بۈۋى مەريەم، فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە.

فاتىمە شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىكى خەدىچىگىلا مەنسۇپ بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا «نۇرلۇق ئايال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «زەھرا» دەپ نام بېرىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈزى نۇر چېچىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

www.munber.org





ئېيتىلىشىچە ئۇ نامازغا تۇرغاندا، مېھراب ئۇنىڭ چىرايىدىن چىققان نۇردىن چاقناپ كېتەتتى. ئۇ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمىگەچكە يەنە «بەتۇل» دەپمۇ ئاتالغان ئىدى. ئۇ ۋاقتىنى باشقا ئاياللار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە سەرپ قىلاتتى.

فاتىمە ھەر جەھەتتىن دادىسى رەسۇلۇللاھنى تارتقان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئائىشە ئۇ توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە نۇتۇق سۆھبەت ۋە ھەرىكەتلىرىدە رەسۇلۇللاھقا ئوخشايدىغان فاتىمەدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدىم، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالاتتى ۋە سۆيۈپ قوياتتى، ئاندىن قولىدىن تۇتۇپ، ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى.» فاتىمەمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالاتتى ۋە سۆيۈپ قوياتتى.

فاتىمەنىڭ ياخشى مىجەزى ۋە ئەدەپلىك نۇتۇقلىرى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان گۈزەل تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇ پېقىر ۋە مىسكىنلەرگە تولىمۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇپ، گەرچە ئۆزى ئاچ قالسىمۇ، يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ھاجەتمەنلەرگە بېرىۋېتەتتى. ئۇ دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە ۋە دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە قىلچىمۇ قىزىقمايتتى. گەرچە تۇرمۇشى قانچە قىيىنچىلىقتا ۋە جاپادا ئۆتسۇن، دائىم ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە نۇتۇق قابىلىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. سۆز قىلسا باشقىلار يىغىدىن ئۆزىنى تۇتىۋالالماي قالاتتى. ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ يىغلىتىۋېتەلەيدىغان قابىلىيەت بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرگەن ھېسابسىز رىزىقلىرىغا تەشەككۈر، رەھمەت ۋە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلاتتى.

فاتىمە رەسۇلۇللاھتىن بىر نەچچە ھەپتە كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت

www.munber.org

قىلدى. ئۇ مەدىنىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە قېپقالغان ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن بىللە بارغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىدىن قېپقالغانلار ــ فاتىمە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سەۋدە، زەيدنىڭ ئايالى بەرەقە ۋە ئوغلى ئۇسامەلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئانىسى ۋە ئىككى ھەدىسى ــ ئائىشە ۋە ئەسماغا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.

مەدىنىدە فاتىمە دادىسى بىلەن بىللە، مەسجىدكە يانداش سېلىنغان ئاددىي ھۇجرىدا تۇردى. ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى، ئۇ دادىسى ئارقىلىق قويۇلغان ئىككى توي تەكلىپىنى رەت قىلىۋەتتى. ئاندىن ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى ئەلى غەيرەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا فاتىمە بىلەن توي قىلىشنى سوراش ئۈچۈن كەلدى. ئەمما رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشكەندە بەك ئىزا تارتىپ كەتكەنلىكتىن، ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى. ئۇ يەرگە قاراپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورىدى:

ــ نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ بىرەر نەرسىگە ھاجىتىڭ چۈشۈپ قالدىمۇ؟

ئەلى يەنىلا ئۈندىمىدى، رەسۇلۇللاھ:

ــ ئېھتىمال سەن فاتىمەگە توي تەكلىپى قويغىلى كەپسەن، ــ دېدى.

ــ ھەئە، ــ دېدى ئەلى. شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئاددىيلا:

ــ ئائىلىمىزگە كىرىشىڭنى قارشى ئالىمىز، ــ دېدى. بۇ سۆزنى ئەلى ۋە ئىشىك سىرتىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ماقۇللۇقىنى كۈتۈۋاتقان بىر نەچچە ئەنسارىلار ئاڭلىدى. ئارقىدىن رەسۇلۇللاھ ئەلىدىن مەھرى ئۈچۈن بەرگىدەك بىر نەرسىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. ئەلى «يوق» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ئەلىگە پۇلغا يارايدىغان بىر قالقىنى بارلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئەلى قالقاننى ئوسمانغا 400 دىرھەمگە ساتتى. پۇلنى فاتىمەنىڭ

www.munber.org





مەھرى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىشكە ئالدىراپ، قايتماقچى بولىۋېدى، ئوسمان ئۇنى توختىتىپ:

ــ فاتىمە بىلەن قىلىدىغان تويۇڭنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە بۇ قالقاننى ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي،ــ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ھىجرەتنىڭ 2ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا فاتىمە بىلەن ئەلىنىڭ تويى بولدى. بۇ چاغدا فاتىمە 19 ياشلاردا بولۇپ، ئەلى 21 ياشتا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆزى نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇدى. تويدا مېھمانلارغا خورما، ئەنجۈر ۋە تالقان (خورما ۋە سېرىق ماينى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان يېمەكلىك) لەر بىلەن داستىخان تارتىلدى. ئەنسارىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بىر قوچقار سوۋغا قىلدى، باشقىلار بۇغداي بېرىشتى، پۈتۈن مەدىنە شادلىققا چۆمدى.

فاتىمەنىڭ تويى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ فاتىمە ۋە ئەلىگە خورمىنىڭ يوپۇرماقلىرى يېپىتىلغان ياغاچ كارىۋات، ماموق يوتقان ۋە خورمىنىڭ چىۋىقلىرى توشقۇزۇلغان خۇرۇم كۆرپە، بىر قوي تېرىسى، بىر چەينەك، بىر تۇلۇم سوۋغا قىلدى.

فاتىمە يولدىشى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، تۇنجى قېتىم سۆيۈملۈك دادىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرەقەنى فاتىمەگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. شۈبھىسىزكى بەرەقە فاتىمە ئۈچۈن چوڭ بىر تەسەللى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ:

ــ ئى رەببىم، فاتىمە ۋە ئەلىگە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرىكەت بەرگىن،ــ دېدى.

ئەلىنىڭ غۇربەت كەپىسىدە كارىۋاتقا سالىدىغان نەرسىدىن پەقەت بىر قوي تېرىسىلا بار ئىدى. توي قىلغاننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكنى چەكتى. بەرەقە ئىشىكنى ئاچتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئۇممۇ ئەيمەن، قېرىندىشىمنى چاقىرغىن، ــ دېدى.

www.munber.org

— سېنىڭ قېرىندىشىڭنى؟ قىزىڭغا ئۆيلەنگەن ئادەمنىمۇ؟ — سورىدى بەرەقە سەل ئىككىلىنىش بىلەن. ئۇ كۆڭلىدە: «رەسۇلۇللاھ نېمە ئۈچۈن ئەلىنى قېرىندىشىم دەپ چاقىرىدۇ؟» دەپ گاڭگىراپ قالغان ئىدى. (رەسۇلۇللاھنىڭ ئەلىنى قېرىندىشىم دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەب، ھىجرەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئىككىدىن جۈپ - جۈپ قېرىنداش بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەلى ئۆز- ئارا قېرىنداش بولغان ئىدى) رەسۇلۇللاھ سۆزنى يۇقىرىراق ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى، ئەلى چىقىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھتىن ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن فاتىمەنى سورىدى. فاتىمە ناھايىتى ھودۇققان ۋە ئىزا تارتقان ھالەتتە چىقىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى ئائىلەمدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمگە ياتلىق قىلدىم، — دېدى. رەسۇلۇللاھ شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولغان ئىدى. فاتىمە ئەمەلىيەتتىمۇ پۈتۈنلەي ناتونۇش ئادەم بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر ئائىلىدە تەڭ ئۆسكەن، بالا ۋاقتىدىلا مۇسۇلمان بولغان، ئۆزىنىڭ باتۇر، قورقماسلىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن تونۇلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «ئىككى دۇنيالىق قېرىندىشىم» دەپ ئاتىغان بىر كىشى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خۇددى دادىسىنىڭ ئۆيىدىكىدەكلا ئاددىي ۋە غورىگىل ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ماددىي بايلىقلارغا ۋە راھەت- پاراغەتكە بېرىلمىگەن تۇرمۇش ئىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەلى ئاشۇنداق نامرات ھالەتتە ياشىدى، چۈنكى ئۇ ھېچقانداق ماددىي بايلىق يىغمىغان ئىدى. فاتىمە بولسا ئۆزىنىڭ ھەمشىرىلىرى ئىچىدە قول ئىلكىدە بار ئادەمگە ئۆيلەنمىگەن يالغۇز ئايال ئىدى.

ئەمەلىيەتتە فاتىمە ۋە ئەلىنىڭ تۇرمۇشى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدىكى تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ تويىدىن ئىلگىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىشلارغا ياردەملىشىدىغان بىر نەچچە ئادەم بار ئىدى. ئەمما ھازىر ھەممە ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىلاتتى. بۇنداق ئېغىر نامراتلىقتىن

www.munber.org





قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەلى سۇ توشۇغۇچى، فاتىمە قوناق سوققۇچى بولۇپ ئىشلىدى. بىر كۈنى ئۇ ئەلىگە:

— بۈگۈن قولۇم قاپىرىپ، تېشىلىپ كەتكۈچە قوناق سوقتۇم، — دېدى.

— مەن مەيدەم ئاغرىپ كەتكۈچە سۇ توشۇدۇم، — دېدى ئەلى فاتىمەگە ۋە ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ، — ئاللاھ داداڭغا ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى بەردى، بېرىپ ئۇنىڭدىن بىر قۇل سوراپ كەلگىن، — دېدى. ئۇ خالىمىغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ، قىزىم؟ — دېدى.

— ساڭا سالام بەرگىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ، نومۇس قىلىپ ئۆزىنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنىمۇ دادىسىغا دېيەلمىدى.

— قانداق بولدى؟ — سورىدى ئەلى ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن.

— سوراشتىن ئۇيىلىپ قالدىم، — دېدى فاتىمە. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىرلىكتە بېرىشتى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ھاجەتمەنلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى ۋە:

— سىلەرگە بەرمەيمەن، ئەھلى سۇففە (مەسجىددە تۇرىدىغان كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) ئاچلىق ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ، ئۇلارغا بېرىشكىمۇ يېتەرلىك نەرسە تاپالمايۋاتىمەن، — دېدى. ئەلى ۋە فاتىمە سەل روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئەمما شۇ كۈنى ئۇلار يېتىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىشكە ئىجازەت سورىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇنى قارشى ئېلىپ ئىككىيلەن ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:

— قوزغالماڭلار، — دېدى ۋە يېنىدا ئولتۇرۇپ:

— سىلەر مەندىن سورىغان نەرسىدىن ياخشىراق بولغان بىر ئىشنى

www.munber.org

سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بولىدۇ، — دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:

— جىبرىئىل ماڭا مۇنداق ئۆگەتتى: ھەر نامازدىن كېيىن «سۇبھانالللاھ»، «ئەلھەمدۇلىللاھ»، «ئاللاھۇ ئەكبەر» نى ھەر بىرىنى 10 قېتىمدىن دەڭلار، ياتىدىغان چاغدا، ھەر بىرىنى 33 قېتىمدىن دەڭلار، — دېدى. ئەلى كېيىنكى يىللاردا مۇنداق دېگەن ئىدى:

— رەسۇلۇللاھ بىزگە شۇنى ئۆگەتكەندىن تارتىپ، بىر قېتىممۇ تەرك ئەتمىدىم.

فاتىمەنىڭ جاپالىق ۋە قىيىنچىلىق تۇرمۇشى توغرىلىق نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەر بار. دائىم ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يېگىلى بىر نەرسە قالمايتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كېتىپ، ھەممە ئايالىرىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەمما ئۇلاردا يېگۈدەك نەرسە يوق ئىدى، ئاندىن ئۇ فاتىمەنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ يېگۈدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇ باشقا يەردىن ئازراق يېمەكلىك تاپتى، ئۇنىڭدىن ئىككى نان ۋە ئازراق گۆشنى فاتىمەگە ئەۋەتتى. يەنە بىر قېتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئالدىغا قويۇلغان تاماقتىن فاتىمە ئۈچۈن ئازراق ئېلىۋالدى. فاتىمەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆنلەپ تاماقسىز قالىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى ۋە يەيدىغان بىر نەرسە تاپالىسىلا ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. بىر قېتىم، ئۇ دادىسىغا بىر پارچە ئارپا نېنىنى ئاپىرىپ بەرگەندە، دادىسى ئۇنىڭغا:

— بۇ داداڭنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى يېگەن تۇنجى تامىقى، — دېگەنىدى.

فاتىمە يوقىرىقىدەك مېھرىبانلىقلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دادىسىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ سىرتىغا قىلغان بىر سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا، ئالدى بىلەن ئىلگىرىكىدەكلا مەسجىدكە بېرىپ، ئادىتى بويىچە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن ئىلگىرىكىدەكلا ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە بارماستىن



www.munber.org



بۇرۇن، فاتىمەنىڭ ئۆيىگە باردى. فاتىمە ئۇنى قارشى ئېلىپ، ئېغىزىغا ۋە يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — سورىدى رەسۇلۇللاھ.

— ئى رەسۇلۇللاھ، چىرايىڭ تاتىرىپ كېسەل چىراي بولۇپ قاپسەن، كىيىملىرىڭ كونىراپ، يىرتىلىپ كېتىپتۇ، — دېدى فاتىمە.

— ئى فاتىمە، — دېدى رەسۇلۇللاھ سەممىيلىك بىلەن، — يىغلىمىغىن، ئاللاھ داداڭنى يەريۈزىدىكى ھەر بىر ئائىلىگە، مەيلى ئۇ يېزىلاردا، جىلغىلاردا ياكى چۆل - جەزىرىلەردە بولسۇن تەسىرىنى كۆرسىتىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى شەرەپكە ئېرىشتۈرىدىغان پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتكەن.

بۇ گەپلەر بىلەن فاتىمە سۆيۈملۈك دادىسىغا تاپشۇرۇلغان بۇ ناھايىتى مۇشكۈل ۋە ئاخىرى چىقمايدىغاندەك تۇيۇلىدىغان پەيغەمبەرلىكنىڭ غەلبىسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، رەھىمسىز رېئاللىقتا ئۇن - تىنسىز بەرداشلىق بېرەتتى.

فاتىمە ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ ئۆيىنى ئەنسارىلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇشتىن خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ھەدىيە قىلغان ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە خۇشاللىقتىن، غەلىبىدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى. قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئېغىرچىلىقلارنى تەڭ كۆتۈردى. مەدىنىدىكى ناھايىتى جىددىيچىلىككە تولغان كۈنلەر ۋە يىللارنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى.

ھىجرەتنىڭ 2 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھەدىسى رۇقىيە قىزىتما بولۇپ قالدى ۋە قىزىل چىقىپ قېلىپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بۇ مەشھۇر بەدر غازىتىدىن سەل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئۇنىڭ يولدىشى ئوسمان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، غازاتقىمۇ چىقالمىدى. رۇقىيە دادىسى غازاتتىن قايتىپ كېلىشتىن سەل بۇرۇنلا ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى - ئۇنىڭ قەبرىسىنى



www.munber.org

يوقلاش بولدى. فاتىمەمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىن ئائىلىسىدىكىلەر ئىچىدە، رۇقىيە خەدىچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋاپات بولغان تۇنجى كىشى بولدى. فاتىمە ھەدىسىدىن ئايرىلغانلىقىغا قاتتىق قايغۇردى. ئۇ قەبرىنىڭ يېنىدا دادىسى بىلەن ئولتۇرغان چاغدا، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلۇپ كەتتى. دادىسى ئۆزىنىڭ رىداسى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. رەسۇلۇللاھ شۇنىڭدىن ئىلگىرىراق ئۆلۈككە يىغلاشنى مەنئىي قىلغان ئىدى. ئەمما بۇ خاتا چۈشىنىپ قېلىنىدى ھەمدە ئۇلار قەبرىدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئۆمەرنىڭ بەدرىدە شېھىت بولغانلار ۋە رۇقىيە ئۈچۈن يىغلاۋاتقان ئاياللارغا غەزەپ بىلەن تووۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

— ئۆمەر، ئۇلارنى يىغلىغىلى قوي! — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، — قەلبتىن ۋە كۆزدىن چىققان نەرسە ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن بولىدۇ، قولدىن ۋە ئېغىزدىن چىققان نەرسە شەيتاندىن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قولدىن» دېيىش ئارقىلىق مەيدىلىرىگە مۇشلاپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ يىغلاشنى كۆزدە تۇتسا، «ئېغىزدىن» دېيىش ئارقىلىق، ئاياللارنىڭ باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى قىلىۋالغان قۇشاق قوشۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلاشنى كۆزدە تۇتقان ئىدى.

ئوسمان كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر قىزى ئۇممۇ كۇلسۇمنى نىكاھىغا ئالدى ۋە زىننۇرەين (يەنى ئىككى نۇرنىڭ ئىگىسى) دەپ ئاتالدى.

رۇقىيەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېغىر قايغۇغا چۆمگەن بۇ ئائىلىدە بارلىق مۆمىنلەرگە بىر خۇشاللىق بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا فاتىمە يەڭگىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇپ «چىرايلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ھەسەن» دېگەن ئىسىمنى قويدى. بىر يىلدىن كېيىن، فاتىمە ئىككىنچى بالىسىنى يەڭگىدى. ئۇنىڭغا «كىچىك ھەسەن» دېگەن مەنىدە «ھۈسەين» دەپ ئىسىم قويۇلدى. فاتىمە دائىم ئىككى ئوغلىنى ئۇلارنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان چوڭ دادىسىنى كۆرگىلى ئاپىراتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مەسجىدكە ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۇ سەجدە قىلغاندا، دۈمبىسىگە يامىشىپ چىقىپ ئوينايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك نەۋرىسى، زەينەبنىڭ قىزى ئۇمامەنىمۇ ئاشۇنداق ئوينىتاتتى.

ھىجرەتنىڭ 8ـ يىلى، فاتىمە ئۈچىنچى بالىسىنى يەڭگىدى ۋە ئۇنىڭغا قىزى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىراق ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ ھەدىسى زەينەبنىڭ ئىسمىنى قويدى.

فاتىمەنىڭ 4ـ بالىسى ھىجرىيىنىڭ 9ـ يىلى تۇغۇلدى. بۇ بالىسىمۇ قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالدىنقى يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ھەدىسى ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ ئىسمىنى قويدى. فاتىمە پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى بالىلىق ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، زەينەبنىڭ ئىككى بالىسى ئەلى ۋە ئۇمامەمۇ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. رۇقىيەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ تېخى ئىككى ياشقا كىرمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. گەرچە فاتىمە قورساق كۆتۈرۈش، بالا تۇغۇش ۋە بالىلىرىنى تەربىيىلەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار جامائەسىنى كۈيپەيتىش ئىشلىرىدا يەنىلا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ توي قىلىشتىن ئىلگىرى، نامرات ۋە يوقسۇل ئەھلى سۇففەنى دائىم يوقلاپ، ئۇلارنى مېھمان قىلىپ تۇراتتى. ئوھۇد غازىتى ئاياغلىششى بىلەنلا، ئۇ باشقا ئاياللار بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن يىغلىدى ۋە دادىسىنىڭ جاراھەتلىرىنى دورىلاپ تېڭىپ قويدى.

خەندەك غازىتىدا، ئۇ باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپالىق مۇھاسىرە جەريانىدا، مۇجاھىدلارغا تاماق تەييارلاپ بەردى.

www.munber.org

ئۆزىنىڭ چېدىرىدا مۇسۇلمان ئاياللىرىغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. كېيىن شۇ يەرگە مۇسۇلمانلار مۇھاپىزەت قىلىدىغان ۋە ئىخلاس قىلىدىغان يەتتە مەسجىدنىڭ بىرى «فاتىمە مەسجىدى» دەپ ئاتالغان مەسجىد بىنا قىلىندى.

فاتىمە ھىجرىيىنىڭ 6ـ يىلى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلغاندىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئىككىنچى يىلى، ئۇ ۋە ھەدىسى ئۇممۇ كۇلسۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە كۈچلۈك مۇسۇلمانلار جامائەسى بىلەن بىرلىكتە مەككىنى فەتھە قىلىشقا قاتناشتى. ئېيتىلىشىچە بۇ چاغدا فاتىمە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم ئىككىلىسى ئانىسى خەدىچىنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەسلىملىرىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشلەرنى ئەسلىگەن ئىكەن.

ھىجرىيىنىڭ 10ـ يىلى رامىزان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجىگە بېرىشتىن سەل بۇرۇنراق، فاتىمەگە تېخى ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمىگەن بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەردى: «جىبرىئىل ماڭا قۇرئاننى يىلدا بىر قېتىم تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى ھەم مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم. ئەمما بۇ يىل ئۇ ماڭا ئىككى قېتىم تىلاۋەت قىلىپ بەردى. مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاياغلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.» ۋىدالىشىش ھەجىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئايالى ئائىشەنىڭ ھوجرىسىدا ئۆتتى. فاتىمە ئۇنى يوقلاپ كەلسە، ئائىشە دادا ـ بالا ئىككىيلەننى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كېتەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمەنى چاقىرتتى. ئۇ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ئۇ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن يەنە قۇلىقىغا پىچىرلىغان ئىدى، ئۇ كۈلدى. ئائىشە بۇنى كۆرۈپ سورىدى:

ــ ئى فاتىمە! نېمە ئۈچۈن بىر دەم يىغلاپ، بىر دەم كۈلىسەن؟



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

رەسۇلۇللاھ ساڭا نېمە دېدى؟

فاتىمە جاۋاب بېرىپ:

ــ ئۇ باشتا ئۆزىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي پەرۋەردىگارى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى، شۇڭا يىغلىدىم، ئاندىن ئۇ ماڭا: يىغلىمىغىن، سەن ئائىلەمدىكىلەر ئىچىدە ماڭا قوشۇلىدىغانلارنىڭ تۇنجىسى بولىسەن دېگەن ئىدى، شۇڭا كۈلدۈم، ــ دېدى.

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، فاتىمە ناھايىتى قايغۇرۇپ كەتتى. ساھابىلەر دائىم ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ساھابىلەرنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، فاتىمەنىڭ كۈلۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

سۆيۈملۈك دادىسى ۋاپات بولۇپ بەش ئايدىن كېيىن رامىزان ئېيىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى، فاتىمە ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىق ۋە شاتلىققا تولغان ھالەتتە ئويغاندى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان سەلەمە بىنت ئۇمەيسنى چاقىرىپ، ئازراق سۇ سوراپ غۇسۇلى قىلدى، ئاندىن يېڭى كىيىملىرىنى كەيدى ۋە خۇشپۇراق ئىشلەتتى، ئاندىن سەلەمەدىن ئۆزىنىڭ كارىۋىتىنى قورۇغا ئەپچىقىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. يۈزى ئاسمانغا قارىغان ھالەتتە يولدىشى ئەلىنى سورىدى. ئەلى كېلىپ، فاتىمەنىڭ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ مەن بۈگۈن رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشىمەن، ــ دېدى. ئەلى يىغلاپ كەتتى. فاتىمە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، بالىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىنىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى، ئۆزىنى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەيلا دەپنە قىلىۋېتىشنى ئېيتتى. ئۇ يۇقىرىغا تىكىلىپ قارىۋېتىپ ئاندىن كۆزىنى يۇمدى، ئۆزىنىڭ روھىنى بۈيۈك ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىغا تاپشۇرۇپ بەردى. «نۇرلۇق ئايال» فاتىمە بۇ چاغدا ئارانلا 29 ياشتا ئىدى.

# ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى ئون مىڭ كىشىلىك كۈچلۈك مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەدىنە بىلەن ئوھۇد ئارىلىقىدىكى شەيكان دېگەن جايدا توختىدى. كۈن پاتايلا دەپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ «سەكب» دەپ ئاتىلىدىغان ئېتىدىن چۈشتى. ئۇ ئۇرۇشقا تولۇق قوراللانغان بولۇپ، دۇبۇلغىسىنىڭ ئۈستىگە سەللە ئورىۋالغان، ساۋۇتىنىڭ يان تەرىپىگە قىلىچ، دۈمبىسىگە بىر قىلىچ ئېسىۋالغان ئىدى.

كۈن پېتىشى بىلەنلا، بىلال ئەزان توۋلىدى، ناماز ئوقۇلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردى. مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدا يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي جىھادقا قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلىپ تۇرغان سەككىز بالىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامە ۋە ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بالىلارغا دەرھال ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇق بەردى. ئەمما بۇ ئىككى بالا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بالىلارنى قايتۇرىۋېتىپ، بۇ ئىككىسىگە قوشۇنغا ئەگىشىپ ئوھۇد غازىتىغا بېرىشقا رۇخسەت بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشكۇل ئەمما بۈيۈك ۋەزىپىسى ئۈچۈن ئاتىدى.

ئۇ تېخى ئون ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، دادىسى ۋە كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغان ھەدىسى ھەفسە بىلەن ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئوھۇد غازىتىدىن بۇرۇن، ئۇ ئوخشاشلا بەدىر غازىتىغا قاتنىشىش رۇخسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. خەندەك غازىتى

www.munber.org





بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 15 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئۇسامەگە، ئابدۇللاھقا ۋە ئوخشاش ياشتىكى باشقا بالىلارغا مۇھاجىرلارغا قوشۇلۇپ، خەندەك كولاش ۋە ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەردى.

ھىجرەت قىلغاندىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغۇچە بولغان 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ ئاتىغىنى بويىچە «ياخشى ئادىمىمىز ۋە ياخشى ئادىمىمىزنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، كىچىك پېئىللىقى، سېخىلىقى، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، راست سۆزلۈكى، مال - دۇنيادىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى ۋە ئىبادەتتىكى ناھايىتى چىداملىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسى ھەزرىتى ئۆمەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. ئۆمەر ۋە ئابدۇللاھ ئىككىيلەن ھەممىيلەننىڭ بۈيۈك ئۇستازى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشكەن ئىدى. ئابدۇللاھ دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا قىلغان سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئاندىن كۆرگەنلىرىنى ئىخلاس بىلەن تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرەتتى. مەسىلەن: ئەگەر ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر جايدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسە، كېيىن ئۇ شۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۆرە تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇمۇ شۇنداق قىلاتتى. سەپەرگە چىققاندا، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر جايدا تۆگىسىدىن چۈشۈپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرسە، كېيىن ئۇ شۇ يولدىن مېڭىپ قالغان چاغلاردا توختاپ، شۇ يەردە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

www.munber.org

www.munber.org

بىر قېتىم، مەككىدىكى مەلۇم بىر جايدا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىككى ئايلانغانلىقىنى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردى. بەلكىم ئۇ تۆگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايلاندۇرماي، تۆگە ئۆزىچىلا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر يەنە بىر قېتىم شۇ يەرگە كېلىپ قېلىپ، تۆگىسىنى چۆكتۈرمەي تۇرۇپ ئىككى قېتىم تولۇق ئايلاندۇردى، ئاندىن تۆگىسىدىن چۈشۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنى بويىچە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئابدۇللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان بۇنداق ئىخلاسىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) قا ئىبنى ئۆمەردەك ئەگەشكەن ئادەم يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردە تۆگىسىدىن چۈشسە، ئۇمۇ ئوخشاشلا شۇ يەردە تۆگىسىدىن چۈشىدۇ.»

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرىگە ناھايىتى دىققەت قىلسىمۇ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلىشتا بەك ئېھتىيات قىلاتتى، قورقاتتى. پەقەت ھەدىستە دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېسىگە ئالالىغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدە ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلىشتا (ھەدىسكە سۆزلەرنى قوشۇش ۋە ئېلىۋېتىشتە) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردەك ئېھتىيات قىلمايتتى.»

ئوخشاشلا، ئۇ پەتىۋا بېرىشنى خالىمايتتى. پەتىۋا بەرگەن چاغلاردا ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. بىر قېتىم بىر ئادەم مەلۇم بىر ئىش توغرىلىق ئۇنىڭدىن پەتىۋا سوراپ كەلدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا:

— سەن سورىغان مەسىلە توغرىلىق بىلىدىغانلىرىم كەمچىل، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئادەم قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللاھ خۇشاللىق



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

www.munber.org

بىلەن چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ، ئۆز- ئۆزىگە: «ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئۇ بىلمەيدىغان مەسىلە توغرىلىق سورالغاندا، ‹بىلمەيمەن› دەپ جاۋاب بېرەلىدى» دېدى.

گەرچە ئۆزى قازى بولۇشقا مۇۋاپىق كەلسىمۇ، لېكىن ئۇ يۇقىرىقىدەك پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇنى رەت قىلدى. قازىلىق ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم ۋە كاتتا ئەمەللەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، ھۆرمەت، شەرەپ، ھەتتا بايلىق ئېلىپ كېلىدىغان خىزمەت بولسىمۇ، لېكىن خەلىپە ئوسمان ئۇنى قازىلىققا تەيىنلىگەن چاغدا، ئۇنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئۇنىڭ رەت قىلىشتىكى سەۋەب ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قازىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىسلامغا ئائىت مەسىلىلەردە خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ سېلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئىدى. پەتىۋا بېرىۋاتقان ۋە شەرىئەتتىن مەسلىھەت بېرىۋاتقان باشقا نۇرغۇن ساھابىلەرگە تەسىرى بولماسلىق ئۈچۈن، ئوسمان ئۇنى قارارىنى ئاشكارىلىۋەتمەسلىككە ماقۇل كەلتۈردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىر قېتىم «كېچىنىڭ قىرىندىشى» دەپ تەرىپلەنگەن ئىدى. ئۇ كېچىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ناماز ئوقۇيتتى، ئاللاھنىڭ مەغفىرىتىنى تىلەپ يىغلايتتى، قۇرئان ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئابدۇللاھ نېمىدېگەن بەختلىك ئادەم، ئەگەر ئۇ كېچىلىرى ناماز ئوقۇغان بولسا تېخىمۇ بەختلىك بولغان بولاتتى.» شۇنىڭدىن تارتىپ، ئابدۇللاھ مەيلى ئۆيدە بولسۇن ياكى سەپەرگە چىققاندا بولسۇن، كېچىلەرنى ھەرگىزمۇ ئىبادەتسىز ئۆتكۈزىۋەتمەيتتى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا ئۇ پەرۋەردىگارىنى تېخىمۇ كۆپ ئەسلەيتتى، ناماز ئوقۇيتتى، قۇرئان ئوقۇيتتى ۋە ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلايتتى. دادىسىغا ئوخشاش، ئۇ قۇرئاننىڭ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىدىكى ئايەتلىرىنى ئاڭلىسىلا يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى. ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم: ﴿بىز ھەر بىر ئۇممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۇممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا)

گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە (ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەنلىكتىن) يەر بىلەن تۈپ-تۈز قىلىۋېتىلىشىنى (يەنى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ. (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴾ (سۈرە نىسا 42 ـ 41- ئايەتلەر). ئۇ بۇ ئايەتلەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتكۈچە يىغلاپ كەتتى.» بىر كۈنى ئۇ بىر نەچچە يېقىن دوستى بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئىدى، ئۇ مۇنۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى: ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ.﴾ (سۈرە مۇتەففىفىين 1 ـ 6 ـ ئايەتلەر)، ئاندىن «بارلىق ئىنسانلار پۈتۈن كائىناتنىڭ پادىشاھى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇرىدىغان كۈنى... » دېگەن يەرنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ يىغلاپ كەتتى، كۆپ يىغلىغانلىقتىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالدى.

ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ دىنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئىخلاسى، ئاددىي- ساددىلىقى ۋە سېخىلىقى بىلەن ساھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇ كەڭ قوللۇق بىلەن باشقىلارغا بېرەتتى، گەرچە ئۆزى ھاجەتمەن بولسىمۇ، ئۆزىدە بار نەرسىسىنى ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن ئايىمايتتى. ئۇ ھاياتىدا ئىشەنچلىك سودىگەر بولۇپ، كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭغا بەيتۇلمالدىن نۇرغۇن پۇل تېگەتتى. ئەمما ئۇ ئۇلارنى سېخىلىق بىلەن نامرات ۋە ھاجەتمەنلەرگە بېرىۋېتەتتى. ئەييۇب ئىبنى ۋائىل ئۇنىڭ سېخىلىقىغا ئائىت تۆۋەندىكى ۋەقەنى بايان قىلىدۇ:

«بىر كۈنى ئىبنى ئۆمەر 4000 دىرھەم پۇل ۋە بىر كۆرپە تاپشۇرۇۋالدى، ئىككىنچى كۈنى ئەييۇب ئۇنىڭ بازاردا تۆگىسى ئۈچۈن يەم ـ خەشەكنى نېسى سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئەييۇب ئابدۇللاھنىڭ



www.munber.org



ئۆيىگە بېرىپ، ئائىلىسىدىكىلەردىن:

ــ ئەبۇ ئابدۇرراھمان (ئابدۇللاھنى دېمەكچى) تۈنۈگۈن 4000 دىرھەم پۇل تاپشۇرۇۋالمىدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، تاپشۇرۇۋالدى، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

ــ ئەمما مەن ئۇنىڭ بازاردا تۆگىسىگە يەم-خەشەك سېتىۋالغانلىقىنى، بىراق تۆلىگىلى پۇلى يوق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ــ تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ئۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتتى. ئاندىن ئۇ كۆرپىنى مۈرىسىگە ئارتىپ چىقىپ كەتكەن، قايتىپ كەلگەندە كۆرپە يوق تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن كۆرپىنى سورىساق، ئۇ ئۇنى بىر نامرات ئادەمگە بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى، ــ دەپ چۈشەندۈردى ئۇلار.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر باشقىلارنى نامراتلارنى، ھاجەتمەنلەرنى بېقىشقا ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇراتتى، ئۇ تاماق يېمەكچى بولسىلا، داستىخىنىغا دائىم يېتىملارنى ياكى كەمبەغەل كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ بىللە يەيتتى. باللىرى بايلارنى چوڭ كۆرۈپ، نامراتلارنى تۆۋەن كۆرۈپ ئۇلارنى مەنسىتمىسە، ئۇلارغا تەنبىھ بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى:

ــ سىلەر بايلارنى تەكلىپ قىلىپ، كەمبەغەللەرنى ياراتماي تاشلىۋېتىسىلەر.

ئابدۇللاھ مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى خوجايىنى ئىدى. مال-دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدايدىغانلا نەرسە ئىدى، ھەرگىزمۇ بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مال- دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىدىن، راھەت-پاراغىتىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈردى. بىر قېتىم ئۇنىڭ خۇراسانلىق بىر دوستى ئۇنىڭغا ئىسسىل بىر كىيىم ئېلىپ كېلىپ:

ــ مەن بۇنى ساڭا خۇراساندىن ئېلىپ كەلدىم، مېنىڭچە سەن بۇنى



www.munber.org

چوقۇم ياقتۇرسەن، ئەسكى چاپىنىڭنى سېلىۋېتىپ، بۇ چىرايلىق تونىنى كىيىۋال، — دېگەندە، ئابدۇللاھ:

— ئۇنداق بولسا مەن ئۇنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى ۋە ئۇنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

— بۇ يىپەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇ پاختا رەخت، — دېدى دوستى. ئابدۇللاھنىڭ خۇشاللىقى تېزلا غايىپ بولدى، ئاندىن ئۇ ئوڭ قولى بىلەن تونىنى ئىتتىرىپ:

— ياق، مەن بۇ كىيىمنى كىيىپ، مەغرۇر بولۇپ قېلىشىمدىن ۋە ئۆزۈمنى چوڭ تۇتۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن، ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى ۋە مەغرۇرلۇق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ، — دېدى.

مەيمۇن ئىبنى مەرھەم مۇنداق دەيدۇ:

— مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە كىردىم، ئۇنىڭ ئۆيىدە كارىۋات، كۆرپە، گىلەم ۋە باشقا ھەممە نەرسىلەر بار دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما مېنىڭ كۆرگىنىم 100 دەرھەمگىمۇ ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەر بولدى.

بۇ ھەرگىزمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ نامراتلىقىدىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ باي ئىدى؛ ھەمدە بۇ ئۇنىڭ بېخىل، پىخسىقلىقىدىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ كەڭ قول ۋە سېخى ئىدى.

www.munber.org





## جۇلەيبىب

جۇلەيبىب — مېنىڭكى، مەن — جۇلەيبىبنىڭكى.

— ھەدىس شەرىپ

ئۇنىڭ ئىسمى مۇكەممەل بولمىغان بىر ئۆزگىچە ئىسىم ئىدى. «پاكار، ۋىجىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان جۇلەيبىب «جۇلەيب» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، بۇ ئىسىم ئۇنىڭ جۇغىنىنىڭ كىچىكلىكىگە، بويىنىڭ ھەددىدىن زىيادە پاكارلىقىغا قارىتىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، باشقىلار ئۇنىڭ سەت، كۆرۈمسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان تۇرقىغا قاراپ، ئۇنى «دەممەم» دەپ ئاتىشاتتى. تېخىمۇ يامان بولغىنى جۇلەيبىب ئۆزىنىڭ نەسەبىنى بىلمەيتتى؛ دادىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ كىملىكىنى، ئۆزىنىڭ قايسى قەبىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇ ئۇ ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە نىسبەتەن چوڭ ئاجىزلىق ئىدى. جۇلەيبىب بۇنداق ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە قەبىلە مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان جەمئىيەتتىن ھېچقانداق ھېسداشلىق، ياردەم، قوغداش ياكى قوللاشنى ئۈمىد قىلالمايتتى. دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرەب ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. يېڭى بىر ئىسلامى جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئەنسارىلارنىڭ بىرى بولدى. ئۇ بەلكىم مەدىنىنىڭ ياقىسىدىكى قەبىلىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ كېيىن مەدىنىگە كەلگەن ئىدى، ياكى بولمىسا ئەسلىدىنلا مەدىنىلىك بولغان ئەنسارىلاردىن ئىدى.

يۇقىرىقىدەك ئاجىزلىقلىرى تۈپەيلىدىن، جۇلەيبىب ھەر قانداق جەمئىيەتتە يېتىم قالدۇرۇلۇشى ۋە مەسخىرە قىلىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەسلەم قەبىلىسىدىن ئەبۇ بەرزە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئادەم ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن چەكلىگەن ئىدى. بىر قېتىم ئۇ

www.munber.org

ئايالىغا:

— جۇلەيبىبنى ھەرگىز ئۆيگە كىرگۈزمە، ئەگەر ئۇ ئۆيگە كىرسە، مەن ئۇنى ھەرگىز بوش قويمايمەن، — دېگەن ئىدى. جۇلەيبىب ئەرلەرنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا ئۇچرىسا، دائىم ئاياللار جامائەسىگە بىرىپ پاناھلىناتتى.

جۇلەيبىبنىڭ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە دىققىتىگە سازاۋەر بولۇشىدىن ئۈمىد بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ھېسسىيات جەھەتتىكى رازىمەنلىكتىن بەھرىمەن بولالىشىدىن ئۈمىد بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ باشقىلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن بەھرىمەن بولالىشىدىن ئۈمىد بارمىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بۇ يېڭى جەمئىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزلۈكسىز دىققىتىنى تارتىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ھايات- ماماتلىق مەسىلىلىرى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئالدىدا، ئۇ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئاددىي بىر ئادەم بولۇپ قالارمۇ؟

تۇرمۇشتىكى چوڭ مەسىلىلەرنى بىلىپ تۇرغانغا ئوخشاش، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نامرات ساھابىلىرىنىڭ ھاجىتىنى ۋە ھېسسىياتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ جۇلەيبىبنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئويلاپ، ئەنسارىلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن قىزىڭنى سوراپ كەلدىم، — دېدى.

— نېمە دېگەن كاتتا ئىش، ئى رەسۇلۇللاھ!، ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش بوپتۇ، — دېدى بۇ ئەنسارى. ئېنىقكى ئۇ خۇشاللىقتىن ياياراپ كەتكەن ئىدى.

— مەن قىزىڭنى ئۆزۈمگە سوراپ كەلمىدىم، — دېدى رەسۇلۇللاھ.

— ئۇنداقتا كىمگە؟ ئى رەسۇلۇللاھ! — دېدى بۇ ئادەم سەل ئۈمىدسىزلىنىپ.

www.munber.org





— جۇلەيبىبكە، — دېدى رەسۇلۇللاھ بۇ ئەنسارى رەسۇلۇللاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى ۋە ئارانلا:

— مەن ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، — دېيەلىدى، ئاندىن ئايالىنىڭ قېشىغا بىرىپ، ئۇنىڭغا:

— رەسۇلۇللاھ قىزىڭنى سوراپ كەپتۇ، — دېدى. ئايالى ناھايىتى ھاياجانلىنىپ:

— نېمە دېگەن ياخشى ئىش! بۇ ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش بوپتۇ، — دېدى، ئاندىن ئېرى قوشۇپ قويدى:

— رەسۇلۇللاھ قىزىڭنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جۇلەيبىب ئۈچۈن سوراپ كەپتۇ.

ئۇنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— جۇلەيبىبكە؟ ياق، ھەرگىز جۇلەيبىبكە ئەمەس، ھەمىشە تىرىك ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن قىزىمنى ھەرگىزمۇ جۇلەيبىبكە بەرمەيمەن، — دېدى ئۇ دەرھال نارازىلىق بىلدۈرۈپ. بۇ ئەنسارى ئايالىنىڭ سۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئانىسىنىڭ نارازىلىقىنى ئاڭلىغان قىز ئانىسىدىن:

— مېنى كىم سوراپ كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى جۇلەيبىبكە نىكاھلاپ قويۇش تەكلىپىنى بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. قىزى بۇ توي تەلىپىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قويۇلغانلىقىنى ھەمدە ئانىسىنىڭ بۇنىڭغا پۈتۈنلەي قارشى تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە:

— سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدىڭلارمۇ؟ مېنى جۇلەيبىبكە بېرىڭلار، جەزمەنكى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ھەرگىزمۇ يامانلىق قىلمايدۇ.

مانا بۇ مۇسۇلمانلاردىن نېمە تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەن بىر ھەقىقىي بۇيۇك ئىنساننىڭ جاۋابى ئىدى. مۇسۇلمانلارغا

www.munber.org

نىسبەتەن، رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىپى ۋە بۇيرۇقىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشتىن ياخشىراق ۋە ئۇلۇغراق ئۇ خۇشال بولىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىككىنچى بىر ئىش بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ئىسمىنى بىلمەيدىغان بۇ ساھابىسى ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايىتىنى بىلەتتى:

﴿ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغاندا، ئەر-ئايال مۆمىنلەرنىڭ شۇ ئىشقا نىسبەتەن ئىختىيارلىقى بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، جەزمەنكى دوزاقتا كىرىدۇ.﴾ [سۈرە ئەھزاب 36- ئايەت].

بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغان، ئىسلامنىڭ باراۋەرلىك روھىنى تەكىتلەيدىغان زەينەب بىنت جەھش بىلەن زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ تويى توغرىسىدا نازىل بولغان ئىدى. زەينەب ئىلگىرى بىر قۇل بولغان زەيدكە ياتلىق بولۇشتىن ناھايىتى نۇمۇس قىلىپ، ئۇنى رەت قىلغان ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئىككىسىگە نەسىھەت قىلىپ، ئاندىن توي بولدى. بۇ نىكاھ زەينەبنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى بىلەن ئاخىرلاشتى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغان ئىدى. بۇ ئەنسارى قىز ئاتا- ئانىسىغا يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن:

— مەن رەسۇلۇللاھ ماڭا ياخشى دەپ قارىغان ئىشتىن رازى بولىمەن ۋە ئىتائەت قىلىمەن، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

—ئى رەببىم! ئۇنىڭغا دەرگاھىڭدىن كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى جاپا- مۇشەققەتلىك تۇرمۇش قىلمىغىن.

ئېيتىلىشىچە، ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن ياخشىراق كېلىن بولمىغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن جۇلەيبىبكە ياتلىق قىلىنىدى ھەمدە تاكى جۇلەيبىب شېھىت بولغۇچە ئۇلار بىللە





ياشىدى. جۇلەيبىب قانداق شېھىت بولدى؟ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر غازاتقا چىققان ئىدى. ئۇلار بىر توپ مۇشرىكقا ئۇچراپ قېلىپ قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن سورىدى:

— سىلەر بىر كىمنى يوقىتىپ قويدۇڭلارمۇ؟

— ئۇلار شېھىت بولغان تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالنى باشقا ساھابىلەردىن سورىۋىدى، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۇرۇشتا شېھىت بولغان يېقىن دوستلىرىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتى. يەنە بىر توپ ساھابىلەر ھېچقانداق ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەمما مەن جۇلەيبىبنى يوقىتىپ قويدۇم، ئۇرۇش مەيدانىدىن ئۇنى ئىزدەپ بېقىڭلار، — دېدى. ئۇلار ئۇنى يەتتە مۇشرىكنىڭ ئارىسىدا ياتقان ھالىتىدە تاپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پاكار ۋە كۆرۈمسىز ساھابىسى جۇلەيبىب ياتقان يەرگە كەلدى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ:

— ئۇ يەتتە مۇشرىكنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن شېھىت بوپتۇ، جەزمەنكى جۇلەيبىب— مېنىڭكى؛ مەن— جۇلەيبىبنىڭكى، — دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئىككى- ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ئاندىن ئۇنى بىلەكلىرى ئارىسىغا ئېلىپ كۆتۈردى. ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ بىلەكلىرىدىن ياخشىراق ئىككىنچى بىر كارىۋات بولمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر قەبرە كولاپ، ئۆزى يەرلىكتە قويدى. ئۇ يۇيۇلمىدى، چۈنكى شېھىتلار يۇيۇلمايلا، كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىناتتى.

جۇلەيبىب ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئادەتتە قىلغان ئەمەللىرى تەرىپلىنىدىغان، قەھرىمانلىق ئىش- پائالىيەتلىرى داۋاملىق ئىخلاس ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا تىلغا ئېلىنمايتتى. ئۇلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللار كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما



www.munber.org

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاكىتلاردىن بىز ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىدىن باشقىلارنى ئارتۇق كۆرىدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىر چاغلاردا جۇلەيبىب ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش ئىچىدە قالغان ئىدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە قەدىر - قىممەت ئېلىپ كەلدى. ناتونۇش ۋە ئىسمى بىلىنمىگەن، جىسمانىي جەھەتتە كەمتۈك بىر ئادەمنىڭ ئايالى بولۇشقا دەرھال رازى بولغان بۇ ئەنسارى قىزنىڭ پەزىلىتى بولسا، ئىسلامنى ھەقىقىي ۋە چوڭقۇر چۈشەنگەن بىر ئېسىل پەزىلەت ئىدى. ئۇ جۇلەيبىبكە ياتلىق بولۇشنى رەت قىلىش ئارقىلىق، ئاتا - ئانىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلىرىدىنمۇ پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىنى ئەلا بىلدى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ بېسىمىغا ۋە قارشىلىقىغا قاراپ قالمىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ۋە ھەر قاچان ئۆزىنى پايدىلىق ئىشقىلا بۇيرۇيدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچى بار ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي مۆمىنلارنىڭ ئىمانى ئىدى.

ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن جەمئىيەت تەرىپىدىن يەكلەنگەن ۋە كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغان جۇلەيبىب، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردىمى، ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە تەسەللى بېرىشى ئارقىلىق ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە ۋە ئەڭ ئالىي قۇربان بېرىشكە، يەنى شېھىتلىققا ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولالىدى.





## ئەبۇ ھۇرەيرە دەۋسىي

ئەبۇ ھۇرەيرە ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن 1600 دىن ئارتۇقنى يادلىغان كىشىدۇر.

— تارىخچىلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر بىر ساھابە بولغان ئەبۇ ھۇرەيرە ھەققىدە بىلىسىزكىن كېرەك؟ ئۆزىنى مۇسۇلمان سانايدىغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان بولۇشلىرى مۇمكىنمۇ؟

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنى «ئابدۇششەمس» دەپ چاقىراتتى. ئاللاھ ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلىش ئارقىلىق شەرەپلەندۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە ئىگە قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئابدۇششەمس، — دېدى ئۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بەلكى سەن ئابدۇراھمان... — دېۋېدى، ئۇ ھاياجان بىلەن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! دەل شۇنداق، ئابدۇراھمان،— دېدى.

ئۇنىڭ «ئەبۇ ھۇرەيرە» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، كىچىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ بىر چىشى مۈشۈكى بار بولۇپ، ئۇ دائىم شۇ مۈشۈكنى ئوينىغاچقا، تەڭتۇشلىرى ئۇنى «ئەبۇ ھۇرەيرە» (مۈشۈكنىڭ ئاتىسى) دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. بۇ لەقەم ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى.



www.munber.org

ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلاشقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ياقتۇرۇپ قىلىپ، كۆپىنچە ھالدا «ئەبۇ ھىررە» (يەنى ئەركەك مۈشۈكنىڭ ئاتىسى) دەپ چاقىرىدىغان بولدى، ئۇ «ئەبۇ ھىررە» دەپ چاقىرىلىشنى «ئەبۇ ھۇرەيرە» دەپ چاقىرىلىشىدىن ئەلا بىلەتتى ۋە:

— مېنىڭ دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بۇ لەقەم بىلەن چاقىردى، «ھىررە» بولسا ئەركەك مۈشۈك، «ھۇرەيرە» بولسا چىشى ئاسلان ئىدى، — دەيتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە ئەينى چاغدا تۇفەيل ئىبنى ئەمىر دەۋسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولۇپ ھىجرەتنىڭ 6- يىلى ئۆز قوۋمىدىن بولغان بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن مەدىنىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ بارغانغا قەدەر ئۆز قوۋمى ئىچىدە تۇرغان ئىدى.

دەۋسىلىك بۇ يىگىت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىدى. مەسجىدنى تۇرار جاي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇستاز ۋە يېتەكچىسى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالا-چاقىلىرى يوق بولۇپ پەقەت مۇشرىك ھالىتىدە قېلىۋەرگەن قېرى ئانىسى بار ئىدى. ئۇ ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ ۋە ياخشىلىق قىلىپ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى توختاتمايتتى، لېكىن ئانىسى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قارشىلىق قىلاتتى.

ئانىسى تەرسالىق قىلىۋەرسە ئۇنىڭغا ئىچىنغان ھالدا ئۇنى بىر مەزگىل ئۆز ھالىغا قويۇپ قوياتتى، شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يەنە ئانىسىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلغان ئىدى، ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا، ئۇنى ناھايىتى بەك خاپا قىلىدىغان سۆزدىن بىرنى قىلدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يىغلىغان پېتى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

www.munber.org





— ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! نېمىشقا يىغلىدىڭ؟— دەپ سورىدى.

— مەن ئانامنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا ھېچ بوشاپ قالمىغانىدىم، ئۇ تاكى ھازىرغىچە ئۇنىماي كېلىۋاتاتتى، بۈگۈنمۇ يەنە ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلسام، ئۇ سەن توغرىسىدا ياخشى بولمىغان بىر سۆزنى قىلدى، سەن ئاللاھقا ئانامنىڭ دىلىنى ئىسلام ئۈچۈن ئېچىۋېتىشكە دۇئا قىلساڭ،— دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ ئىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— مەن ئۆيگە قايتتىم، بارسام ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق ئىكەن، مەن ئۆي ئىچىدە سۇنىڭ شالاقشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، مەن ئۆيگە كىرمەكچى بولغىنىمدا ئانام: «ئەبۇ ھۇرەيرە! كىرمەي تۇرغىن!» دېدى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ: «كىرگىن» دېدى. مەن كىردىم، ئۇ ”بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى!“ دەپ گۇۋاھلىق بەردى. مەن شۇ ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چاپتىم، بىر ئاز بۇرۇن مەن ھەسرەتلىنىپ يىغلىغان بولسام ئەمدىلىكتە خۇشاللىقتىن يىغلاۋاتاتتىم، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! خۇش خەۋەر! ئاللاھ دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىپ، ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ ئانىسىنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلدى، — دېدىم.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا قاراپ تويمايتتى ۋە: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ نۇرلۇق ۋە گۈزەل نەرسىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم، ئۇنىڭ چىرايىدا خۇددى قۇياش ماڭغاندەك قىلاتتى...» دەيتتى.

ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمسۆھبەت قىلغان، ئىسلامغا ھىدايەت قىلىش بىلەن ياخشىلىق قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ: «ئەبۇ ھۇرەيرىنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇلار بولسۇن! ئەبۇ ھۇرەيرىگە قۇرئاننى ئۆگەتكەن ئاللاھقا مەدھىيىلەر بولسۇن! ئەبۇ ھۇرەيرىنى

www.munber.org

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۆھبەتداش قىلىش بىلەن ياخشىلىق ئاتا قىلغان ئاللاھقا مەدھىيىلەر بولسۇن!» دەيتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى قانداق بېغىشلىغان بولسا بىلىم ئېلىشقىمۇ شۇنداق بېغىشلىغان ئىدى. ئۇ ئىلىم ئىگىلەشنى ئەڭ يۇقىرى نىشانى ۋە ئادىتى قىلغان ئىدى، بۇ ھەقتە زەيدىن ئىبنى سابىت مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى مەن، ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە باشقا بىر كىشى، ئۈچىمىز مەسجىدتە ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ ئاللاھنى ئەسلەۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئولتۇردى، بىز جىم بولۇپ قالدۇق. ئۇ بىزگە: ‹ئىشىڭلارنى داۋام قىلىۋېرىڭلار› دېدى. ھەمراھلىرىم بىلەن بىرگە دۇئا قىلدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ‹ئامىن!› دېيىشىپ بەردى، ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە دۇئا قىلىشقا باشلىدى، ئۇ: ‹ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭدىن ئىككى بۇرادىرىم سورىغان نەرسىنى، ھەمدە ئۇنتۇلمايدىغان ئىلىم - مەرىپەتنى سورايمەن!› دەپ دۇئا قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئامىن!› دېيىشىپ بەردى. بىز قايتىدىن: ‹بىزمۇ ئۇنتۇلمايدىغان بىلىم سورايمىز!› دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹دەۋس قەبىلىسىدىن كەلگەن بۇ بالا سىلەردىن بۇرۇن تىلەپ بولدى› دېدى».

ئەبۇ ھۇرەيرە ئىلىمنى ئۆزى ياخشى كۆرگەندەك، باشقىلارنىڭ ئىلىم ئېلىشىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى، بىر كۈنى ئۇ مەدىنە بازىرىدا كېتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ مال- دۇنياغا، سودا- سېتىققا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە بۇنىڭغا ھەيران قالدى، ئۇ ئۇلارغا:

— ئى مەدىنە كىشىلىرى! سىلەر نېمىدېگەن ئاجىز؟! — دېدى. ئۇلار:

— ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن بىزنى قايسى تەرەپتىن ئاجىز دەيسەن؟

— مەسجىدتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراسى تارقىتىلىۋاتسا سىلەر بۇ يەردە تۇرىسىلەرغۇ؟ بېرىپ نېسىۋەڭلارنى ئېلىۋالماسىلەر؟ — دېدى.

— قەيەردە؟





— مەسجىدتە.

ئۇلار ئالدىرىشىپ كېتىشتى، ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان ئىدى، ئۇلار بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كېلىشىپ:

— ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بىز مەسجىتكە كىردۇق، تەقسىم قىلىۋاتقان ھېچنېمىنى كۆرمىدۇق، — دېدى.

— مەسجىدتە بىرەرمۇ ئادەمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

— كۆردۇق، ناماز ئوقۇۋاتقان، قۇرئان ئوقۇۋاتقان، ھالال- ھارام توغرىسىدا پىكىرلىشىۋاتقان كىشىلەر بار ئىكەن.

— ۋاي ئىست سىلەرگە! ئەنە شۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان مىراسلار ئەمەسمىدى؟!

ئۇ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوۋرۇنلىرىغا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەچكە ھېچكىم تارتمىغان ئاچارچىلىقلارنى تارتقان ئىدى. ئۇ ئۆزى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

مېنىڭ قورسىقىم قاتتىق ئېچىپ كەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەرسىدىن قۇرئان ئايەتلىرىنى سورايتتىم، ئەمەلىيەتتە سورىغان ئۇ ئايەتنى مەنمۇ بىلەتتىم، مەقسىتىم ئۇلارنىڭ مېنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ تاماق بېرىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتىم.

«بىر كۈنى مېنىڭ قورسىقىم ئىنتايىن بەك ئېچىپ كەتتى، ھەتتا مەن قورسىقۇمغا تاش تېڭىپ ساھابىلەر ماڭىدىغان يول ئۈستىدە ئولتۇردۇم، مېنىڭ قېشىمدىن ئەبۇ بەكرى ئۆتتى، مەن ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت سورىدىم، مەن ئۇنى مېنى ئۆيىگە چاقىرسىكەن، دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ مېنى چاقىرمىدى ئارقىدىن ئۆمەر كەلدى، ئۇنىڭدىنمۇ ئايەت سورىدىم، ئۇمۇ كېتىپ قالدى. ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى، ئۇ مېنىڭ ئاچ قالغانلىقىمنى سەزدى ۋە:

— ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! — دېدى. مەن:



www.munber.org

— خوش؟! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېگىنىمچە ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق.

ئۇ ئۆيدە بىر قاچا سۈت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ سۈت نەدىن كەلدى؟ — دەپ سورىدى. ئۆيدىكىلەرى:

— پالانچى سىلىگە ئەۋەتىپتۇ، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ:

— ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن بېرىپ سۇپا ئىگىلىرىنى[1] چاقىرىپ كەلگىن! — دېدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، مەن ئىچىمدە: «بۇ سۈت پەقەت بىر قاچىلا تۇرسا سۇپا كىشىلىرىگە يېتەمدۇ؟» دەپ ئويلىدىم، ئەمەلىيەتتە بولسا مەن ئاشۇ سۈتتىن مېغىشتىن بۇرۇن بىر يۇتۇم بولسىمۇ ئىچىپ كۈچلىنىۋېلىشنى خالايتتىم. ئەمما ئامالسىز يەنىلا چىقىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ كىردىم، ئۇلار كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، — ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئۇ سۈتنى ئېلىپ ئۇلارغا بەرگىن! — دېدى. مەن قاچىنى ئۇلارغا بەردىم، ئۇلاردىن ھەر بىر كىشى ئاشۇ سۈتنى ئىچىپ قاندى، مەن قاچىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇندۇم، ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ئىككىمىز قاپتۇق، — دېدى.

— راست ئېيتىسەن.

— قېنى ئىچكىن! — مەن ئىچتىم.

— يەنە ئىچكىن، — دېدى، يەنە ئىچتىم. ئۇ ماڭا ئىچكىن، دەۋەردى، مەن ئىچىۋەردىم ۋە ئاخىرى:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ھەتتا قورسىقىمنىڭ ھېچ بىر بوش يېرى قالمىدى، — دېدىم. ئۇ ئاندىن قولۇمدىن قاچىنى ئېلىپ ئېشىپ قالغىنىنى ئىچتى.

[1] سۇپا ئىگىلىرى — ئىگە چاقىسىز، ئۆي ـ ماكانسىز ھالدا مەسجىدنىڭ سوپىسىدا ياتىدىغان كىشىلەر، — تەر.



www.munber.org



بۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسۇلمانلارغا مال ـ دۇنيا يېغىپ كەتتى، ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ ئايالى ۋە بالىسى بار بىر ئائىلىك ئادەمگە ئايلاندى، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ پاك قەلبىنى ئۆزگەرتەلمىدى، ئۇ تەنھالىقتىكى كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ھەمىشە: «يېتىملىكتە ئۆستۈم، مىسكىن ھالەتتە ھىجرەت قىلدىم، غەزۋاننىڭ قىزى بۇسراغا تامىقىم بەدىلىگە ياللىنىپ ئىشلەيتتىم، كىشىلەر كەلسە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇپ، ئۇلاغلىرىغا مىنسە ئۇلاغلىرىنى يېتىلەيتتىم، ئاندىن ئاللاھ مېنى خوجايىنىم بۇسراغا ئۆيلەپ قويدى...» دەيتتى.

دىنىنى قانۇن، تۈۋرۈك قىلغان، ئەبۇ ھۇرەيرەنى رەھبەرلىك دەرىجىسىگە كۆتەرگەن ئاللاھقا مەدھىيىلەر بولسۇن!

ئەبۇ ھۇرەيرە مول ئىلىم ئىگىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، كەڭ قورساقلىق، تەقۋالىق، پەرزكارلىقتەك پەزىلەتلەرنىمۇ ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇ كۈندۈزى روزا تۇتسا كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە تۇراتتى. ئاندىن ئايالىنى ئويغىتاتتى، ئايالى تۇرۇپ قىزىنى ئويغىتاتتى، كېچىنىڭ قالغان ئۈچتىن بىرىدە قىزى تۇراتتى، دېمەك ئۇنىڭ ئۆيىدە كېچىچە ئىبادەت ئۈزۈلمەيتتى.

ئۇ مۇئاۋىيە تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مەدىنىگە ۋالىي قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. ئەمەل ئۇنىڭ كەڭ قورساق، چىقىشقاق، ئاددىي ـ ساددا مىجەزىدىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. بىر ۋالىي بولۇشقا قارىماي، يەنىلا بىر ئاددىي پۇخرادىن پەرقسىز سەۋىيىدىكى تىرىكچىلىك ھەرىكىتى ۋە پۇقرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ساددا يېقىنلىقى ھەققىدە شۇنداق بىر ھېكايە بار:

بىر قېتىم ئۇ مەدىنىنىڭ مەلۇم بىر كوچىسىدا ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئوتۇن يۈدۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قېشىدىن سەلئەب ئىبنى مالىك ئۆتىۋېدى ئۇ ئۇنىڭغا:



www.munber.org

— ئى مالىكنىڭ ئوغلى! ۋالىيغا يولنى بوشاتقىن! — دېدى. (ئۇ چاغدا ئۇ ۋالىي ئىدى)

— ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن! شۇنچە كەڭ يول ساڭا تار كېلىۋاتامدۇ؟

— ۋالىي ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يۈك ئۇچۇن يولنى بوشىتىپ بەر، — دېدى.

ئۇنىڭ بىر قارا تەنلىك ئايال خىزمەتچىسى بولۇپ ئۇ ئايال ئەسكىلىك قىلىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى دەردكە سېلىپ قويغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنى ئۇرۇش ئۇچۇن قامچىسىنى كۆتۈرۈپ توختاپ قالدى ۋە:

— قىيامەتتە قىساس بولۇپ قالمىسا ئىدى، بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيىتىڭ ئۇچۇن ساڭىمۇ ئەزىيەت قىلار ئىدىم، لېكىن مەن سېنى پۇلىنى تولۇق بېرىدىغان بىرىگە ساتىمەن، مەن ئۇ ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەرسىگە بەكمۇ موھتاج، سەن ئاللاھ رازىلىقى ئۇچۇن ئازاد! بارغىن! — دېدى.

ئۇنىڭ ئائىلە ھاياتىنىڭ قانچىلىك ئاددىي، ھەشەمەتتىن يىراق بولغانلىقى، ۋالىيلىق ئەمەلى تۇرۇپمۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كىيىنىش، تارىنىشتا كەمبەغەللەردىن پەرقسىز بولغانلىقى ھەققىدىمۇ شۇنداق بىر ھېكايە بار:

ئۇنىڭ قىزى بىر كۈنى:

— ئى ئاتا! دوستلىرىم، ئاتاڭ نېمىشقا ئالتۇن زىبۇ- زىننەتلەر بىلەن سېنى ياساپ قويمايدۇ، دېيىشىپ مېنى زاڭلىق قىلىشىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى. ئۇ:

— ئى قىزىم! سىز ئۇلارغا: دادام مېنىڭ ئوت بىلەن جازالىنىشىمدىن قورقىدۇ، دەڭ، — دېدى.

ئۇنىڭ قىزىنى ياسىنىشتىن چەكلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بېخىللىق قىلغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ ئاللاھ يولىدا مەرد، كەڭ قورساق

www.munber.org





ئادەم ئىدى. بۇ تەرىپىنى شۇ كەچۈرمىشىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

بىر كۈنى مەرۋان ئىبنى ھەكەم ئۇنىڭغا يۈز دىنار ئالتۇننى خىزمەتكارى ئارقىلىق بەردى، ئاندىن ئەتىسى بىر ئادەمنى ئەۋەتىپ:

— خىزمەتكارىم ئالتۇننى ساڭا خاتا يەتكۈزۈپتۇ، ئەسلىدە مەن ئالتۇننى باشقا بىرىگە بەرمەكچى ئىدىم،— دېگەندە ئەبۇ ھۇرەيرە:

— مەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋەتكەن ئىدىم، ئۆيۈمدە بىر دىنارمۇ قالمىغان ئىدى، مۇئاشىم چىققاندا ئېلىۋالغىن، — دېدى.

ئەسلىدە مەرۋان بۇ ئىشنى ئەبۇ ھۇرەيرىنى سىناش ئۇچۇن قىلغان بولۇپ ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ ھەقىقەتەن دۇرۇس ئادەملىكىنى بىلدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە ئۆمۈر بويى ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىپ كەلدى، ئۇ ھەر قېتىم ئۆيىدىن چىقماقچى بولسا ئانىسىنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى ئانا! سىزگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن! — دەيتتى. ئانىسىمۇ:

— ئى ئوغلۇم! ساڭىمۇ سالامەتلىك، رەھمەت ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن! دەيتتى.

— كىچىك ۋاقتىمدا سىز ماڭا ياخشىلىق قىلغاندەك ئاللاھ سىزگىمۇ رەھمەت ئاتا قىلسۇن!

— چوڭ بولغىنىڭدا ماڭا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! — دەيتتى. ئۇ سىرتتىن قايتىپ كەلگەندە يەنە شۇنداق سالام بېرەتتى.

ئۇ كىشىلەرنى ئاتا ـ ئانىلارغا ياردەم بېرىشكە قىزىقتۇراتتى ۋە ئۇلارنى سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاشقا دەۋەت قىلاتتى.

بىر كۈنى يولدا ئۇ ئىككى ئادەمنى كۆردى، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن قېرىراق ئىدى. ئۇلار تەڭ كېتىۋاتاتتى، ئەبۇ ھۇرەيرە ياشراقىدىن:

— ئۇ كىشى سېنىڭ نېمەڭ؟ — دەپ سورىدى.

www.munber.org

— دادام!

— ئۇنى ئىسمى بىلەن ئاتىمىغىن! ئالدىدا ماڭما، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئولتۇرما! — دېدى.

* * * * *

ئۇ سەكراتتىقا چۈشكەندە تۈيۈقسىز يىغلاپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا يىغلايسەن؟— دەپ سوراشتى. ئۇ:

— مەن سىلەرنىڭ دۇنيايىڭلار ئۈچۈن يىغلىمىدىم، بەلكى سەپەرنىڭ يىراق، ئوزۇقلۇقنىڭ ئازلىقىدىن يىغلاۋاتىمەن، مەن ھازىر جەننەت بىلەن دوزاخقا بارىدىغان يولنىڭ ئاخىرىسىدا تۇرۇۋاتىمەن، ئۆزۈمنىڭ قايسىسىدا بولۇشۇمنى بىلمەيمەن، — دېگەن ئىدى.

— ئاللاھ ساڭا شىپالىق بەرسۇن! — دېدى مەرۋان ئۇنى يوقلاپ كېلىپ.

— ئى ئاللاھ، مەن سەن بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايمەن، سەنمۇ مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى خالاپ تېزرەك ئۆزۈڭگە ئۇچراشتۇرساڭ! — دېدى ئەبۇ ھۇرەيرە.

مەرۋان ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپلا ئۇ بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى.

ئاللاھ ئەبۇ ھۇرەيرەگە چەكسىز رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن 1600 دىن ئارتۇق ھەدىسنى يادلىغان ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن يەتكۈزگەن مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالىي مۇكاپاتلارنى بەرسۇن! ئامىن!



www.munber.org



## تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ تەيمىييە

كىمكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەر ئۈستىدە تىرىك يۈرگەن كىشىگە قاراپ ئۆزىنى سۆيۈندۈرمەكچى بولسا، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا قارىسۇن.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

تەلھە شام دىيارىدا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن قۇرەيش كارۋانلىرى بىلەن كېتىۋاتاتتى. كارۋانلار شامنىڭ بۇسرا شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا قۇرەيش سودىگەرلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى بۇسرا شەھىرىنىڭ ئاۋات بازىرىغا سودا - سېتىق ئۈچۈن كېتىشتى.

تەلھەنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭ تىجارەتكە ماھىرلىقى چوڭ سودىگەرلەرگە يەتمىسىمۇ لېكىن، تىجارەتتە ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان، ئۇلارسىزمۇ ماللارنىڭ ئېسىللىرىنى تاللاپ سېتىۋالالايدىغان ئەقىلگە ۋە ئۆتكۈر سېزىمچانلىققا ئىگە ئىدى.

تەلھە ھەرقايىسى جايلاردىن كەلگەن تىجارەتچىلەر بىلەن تولغان بازارغا بېرىپ - كېلىپ يۈرگەندە پەقەت ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ يۆنىلىشىنىلا ئەمەس پۈتكۈل تارىخ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتكۈدەك چوڭ بىر ئىش يۈز بەردى. بىز بۇنى ئەڭ ياخشىسى تەلھەنىڭ ئۆزىنىڭ بايانىدىن ئاڭلايلى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز شۇ چاغدا بۇسرانىڭ بازىرىدا ئىدۇق، بىر دەرۋىش كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ:

— ئى تىجارەتچىلەر! بۇ پەسىل ئىگىلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەرەمدىن كەلگەن بىرەر كىشى بارمىكىن؟ — دەپ



www.munber.org

تووۋلىدى. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا يېقىنلا جايدا ئىدىم، مەن ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ بېرىپ:

— مەن ھەرەملىك، دېدىم.

— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەھمەد ئاشكارا بولدىمۇ؟

— ئەھمەد دېگەن كىم؟

— ئابدۇللاھ ئىبنى مۇتەللىپنىڭ ئوغلى، بۇ ئاي بولسا ئۇ ئاشكارىلىنىدىغان ئاي، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، ئۇ سىلەرنىڭ زېمىنىڭلار بولغان ھەرەمدىن چىقىپ قارا تاشلىق، خورمىلىق، ساسلىق زېمىنغا ھىجرەت قىلىدۇ، ئۇ يەردىن سۇ تامچىپ تۇرىدۇ، ئى يىگىت! سەن ئۇنىڭ قېشىغا بۇرۇن بېرىشقا ئەھمىيەت بەرگىن!...

دەرۋىشنىڭ بۇ سۆزى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، مەن ئالدىراپ تۆگەمنىڭ يېنىغا بېرىپ بىرگە كەلگەن كارۋانلارنى قالدۇرۇپ مەككىگە قاراپ يولغا چىقتىم، مەن مەككىگە بېرىپلا ئائىلەمدىكىلەردىن:

— مەن كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردە بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟— دەپ سورىدىم.

— شۇنداق مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇتەللىپ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆزىنى ‹پەيغەمبەر› دەپ ئاتىدى. ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى — دېيىشتى.

مەن ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلىنى تونىيتتىم، ئۇ مۇلايىم ۋە سۆيۈملۈك، كىشىلەرگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەم ئەخلاقلىق، دۇرۇس، يېتىلگەن سودىگەر بولۇپ بىز ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتۇق. ئۇ قۇرەيشلەرگە ئائىت خەۋەرلەرنى بىلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبىنى ئېسىدە ساقلىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ سورۇنىنى ياخشى كۆرەتتۇق. مەن دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئاشكارىلىغانلىقى ۋە سېنىڭ ئەگەشكەنلىكىڭ توغرىسىدىكى خەۋەرلەر



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

راستمۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— شۇنداق، ئۇ مېنى دىنىغا قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى دەرۋىشنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ھەيران قىلىپ، — سەن مەن بىلەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغىمۇ سۆزلەپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ دىنىغا كىرگىن، — دېدى.

بىز بىرلىكتە ئۇنىڭ قېشىغا باردۇق، ئۇ ماڭا ئىسلام توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ قۇرئاندىن ئازراق ئوقۇپ بەردى ۋە ماڭا دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ خوش خەۋەرلىرىدىن بايان قىلىپ بەردى.

ئاللاھ دىلىمنى ئىسلام ئۈچۈن ئېچىۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا بۇسرادىكى دەرۋىشنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردىم، ئۇ بۇنىڭدىن خوش بولدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاھلىق ئېيتتىم. مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق ئىسلام كەلتۈرگەنلەرنىڭ تۆتىنچىسى ئىدىم.

قۇرەيشلىك بۇ ياشنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا خۇددى ئاسماندىن چاقماق چۈشكەندەك ئېغىر تۇيۇلدى. ھەممىدىن قاتتىق بىئارام بولغىنى ئۇنىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن كىشىلەرگە مەنپەئەت تېگىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كېيىن ئۇنىڭ كىشىلەرگە خوجايىن بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ كىشىلەر ئۇنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ تاغدەك مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. ئۇلار ئۇنى دىنىدىن چىرايلىقچە ياندۇرۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەندە بولسا قاتتىق قوللۇق قىلىشقا ئۆتۈپ ئۇنى ئازابلاشقا باشلىدى.

مەسئۇد ئىبنى خەرراش (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ھەقتە كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

مەن بىر كۈنى سەفا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا سەئيى قىلىۋاتاتتىم، بىر



www.munber.org

توپ كىشىلەرنىڭ بىر ياش يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىۋالغانلىقىنى، ئۇ يىگىتنىڭ قوللىرى دۈمبىسىگە قايرىپ باغلانغانلىقىنى، كىشىلەر ئۇنى ھەدەپ ئىتتىرىپ ئارقىسىدىن سوكۇلدۇشۇپ يۇگۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى، باشلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر ياشانغان ئايال بولۇپ، ئۇ ھەدەپ ئۇنى تىللايتتى، ۋارقىرايتتى. مەن ئۇ كىشىلەردىن:

— بۇ يىگىت نېمە ئىش قىلغانكەن؟ — دېسەم ئۇلار:

—بۇ بولسا تەلھە، ئۇ ئۆز دىنىنى تاشلاپ بەنى ھاشىملىق بالىغا ئەگىشىپتۇ،— دېيىشتى.

— ئۇنداقتا ئاۋۇ ياشانغان ئايال كىم؟— دەپ سورىدىم.

— ئۇ ئايال بۇ يىگىتنىڭ ئانىسى، ھەززەمىنىڭ قىزى سەئبە،— دېيىشتى».

قۇرەيشلىكلەرنىڭ يولۋىسى دەپ نام ئالغان نوفەل ئىبنى خۇۋەيلىد تەلھەنى باغلىدى، ئەبۇ بەكرىنىمۇ ئۇنىڭغا چېتىپ باغلاپ بۇ ئىككىسىنى قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئەخمەقلىرىنىڭ قاتتىق جازالىشى ئۈچۈن تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككىسى «بىر جۈپلەر» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئوخشىمىغان ۋەقەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە، تەلھەمۇ پىششىپ يېتىلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاللاھ يولىدا سىنىلىدىغان سىناقلىرىنىڭ سالمىقى ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا يېتىدىغان مەنپەئىتىمۇ زورىيىپ، ھەتتا ئاخىردا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن «تىرىك شېھىت» دەپ ئاتىلىدىغان شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «ياخشى تەلھە»، «سېخى تەلھە»، «مەرد تەلھە» دەپ چاقىراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق دەپ چاقىرىلىشىغا سەۋەب بولغان بىر ـ بىرىدىن گۈزەل ۋە تەسىرلىك ھېكايىلىرى بار ئىدى. ئەمدى بىز ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرىغا نەزەر سالايلى.

ئۇنىڭ «تىرىك شېھىت» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ئوھۇد كۈنى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىن



www.munber.org



چېكىنىپ كەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئەنسارىلاردىن ئون كىشى ۋە مۇھاجىرلاردىن تەلھەدىن باشقا ھېچكىم قالمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىلەر بىلەن ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلەنگەن ھالدا تاغقا ئۆرلەۋاتاتتى. بىر تۈركۈم مۇشرىكلار بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىز بېسىپ قوغلاپ چىقىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— كىمكى ئۇلارنى چېكىندۈرسە ئۇ مېنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھىم، — دېدى. تەلھە:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن شۇنداق قىلاي، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى توسۇپ:

— ئورنىڭدا جىم تۇرغىن! — دېدى. ئەنسارىلاردىن بىرى:

—مەن قىلاي،— دېۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— بولىدۇ، — دېدى.

ھېلىقى ئەنسارى جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەر بىلەن يەنە يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. مۇشرىكلار يەنە ئۇلارغا ئەگىشىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بۇلارغا قارشى تۇرىدىغان بىرى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بار، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! — دېدى تەلھە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

— ئورنىڭدا جىم تۇرغىن! — دېدى. ئەنسارىلاردىن بىرى:

— مەن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! — دېدى.

— بولىدۇ، سەن قىل! — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ئۇ ئەنسارىمۇ شېھىت قىلىنغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى. مۇشرىكلار ئۆرلەۋەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايامقى سوئالىنى سوراۋەردى. ھەر قېتىم تەلھە: «مەن!» دەپ چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى توسايتتى ۋە ئەنسارىلارغا رۇخسەت قىلاتتى، ھەتتا ئەنسارىلارنىڭ ھەممىسى



www.munber.org

ئۆلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تەلھەدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. مۇشرىكلار بولسا يەنىلا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرىدا تەلھەگە:

— ئەمدى سەن قىلساڭ بولىدۇ، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇل چىشى سۇنۇپ، چېكىسى يېرىلغان، ئاققان قانلار ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزىگە سىرغىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يەتكەن ئىدى. تەلھە مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇداپە قىلىش ئىشىنى تەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇ بىردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاغنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يۆتكەپ قويسا بىردە قايتىپ، قوغلاپ چىقىۋاتقان مۇشرىكلارغا قارشى ھۇجۇم قىلاتتى. ئۇ بۇنداق ئىشنى شۇ تەرىقىدە داۋام قىلدۇرىۋەردى.

بۇ ۋەقە ھەققىدە ئەبۇ بەكرى مۇنداق دەيدۇ:

«بىز شۇ چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يىراق بىر جايدا ئىدۇق. بىز ئۇنى قۇتقۇزغىلى كەلگىنىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مېنى قويۇپ دوستۇڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار! — دېدى. ئۇنىڭ بەدىنى قىلىچ ئۇرۇلغان، نەيزە تىقىلغان، ئوقيا ئېتىلغان بولۇپ سەكسەن نەچچە يېرى يارىلانغان. يارىلىرىدىن قانلار ئېقىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. تۇيۇقسىز بىر زەربىدىن ئۇنىڭ ئالقىنى يېرىلىپ بىر ئورەككە ھۇشسىزلىنىپ يىقىلدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— كىمكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يەر ئۈستىدە تىرىك يۈرگەن كىشىگە قاراپ ئۆزىنى سۆيۈندۈرمەكچى بولسا تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا قارىسۇن، — دەيتتى.

ھەر قېتىم ئوھۇد كۈنى تىلغا ئېلىنسىلا ئەبۇ بەكرى سىددىق:

— ئۇ كۈننىڭ ھەممىسى تەلھەگە مەنسۇپ! — دەيتتى. مانا بۇ تەلھەنىڭ «تىرىك شېھىت» دەپ ئاتىلىشىدىكى تەسىرلىك ھېكايىسى.

www.munber.org





يەنە ئۇنىڭ «ياخشى تەلھە»، «سېخى تەلھە»، «مەرد تەلھە» دەپ ئاتىلىشىغا سەۋەب بولغان نۇرغۇن ھېكايىلىرى بار. بىز بۇ يەردە پەقەت ئۇلاردىن تېپىك بىر نەچچە مىسالنىلا كەلتۈرۈمىز.

تەلھە تىجارەت دائىرىسى كەڭ، بايلىقى كۆپ سودىگەرلەردىن ئىدى، بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھەزرەتتۇلمەۋتتىن مال كەلدى. ئۇ مىڭ دىرھەم قىممىتىدىكى مال ئىدى. تەلھە شۇ كۈنى كېچىسى قورققان، ئەنسىرىگەن ھالدا ياتتى. ئۇنىڭ قېشىغا ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇم كىرىپ:

— ئى مۇھەممەدنىڭ ئاتىسى! سىزگە نېمە بولدى؟ بىز سىزنى رەنجىتتۇقمۇ ـ يە؟ — دېدى.

— ياق! سىز مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەقىقىي ياخشى ئايالى، لېكىن مەن كېچىدىن بېرى ئويلىنىپ: بۇ مال ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ ئۇخلىغان ئادەمنىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان ئېتىقادى قانداق بولار؟ دەپ قالدىم، — دېدى تەلھە.

— سىز بۇنىڭ نېمىسىدىن ئەنسىرەيسىز؟ ھازىر دوستلىرىڭىز ۋە كىشىلەر ئېھتىياجلىق ھاجەتمەنلەر قەيەردە؟ سىز تاڭ ئاتقان ھامان ئۇ مالالارنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىڭ، — دېدى ئۇممۇ كۇلسۇم.

— ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن! سىز ھەقىقەتەن ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغۇچىنىڭ قىزى ۋە ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغۇچى ئايالسىز...، — دېدى.

تاڭ ئاتقاندا ئۇ مالالارنى ھەمميان تاۋاقلاردا مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن بولغان ھاجەتمەنلەرگە بۆلۈپ بەردى.

كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان يەنە مۇنداق بىر ھېكايە بار بولۇپ: بىر كۈنى كىشىلەردىن بىر كىشى كېلىپ تەلھەدىن ياردەم سوراپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ، بۇ ئۇنىڭغا ئىلگىرى ھېچكىشى تەرىپىدىن دېيىلمىگەن بىر تۇغقاندارچىلىق ئىكەن. تەلھە ئۇنىڭغا: «مېنىڭ بىر زېمىنىم بار ئىدى، ئوسمان ئىبنى ئەففان بۇ زېمىن ئۈچۈن 300 مىڭنى بەرگەن ئىدى، خالىساڭ ئاشۇ زېمىننى ئال،

www.munber.org

خالىساڭ پۇلىنى ئال!» دېدى. ئۇ ئادەم: «پۇلىنى ئالاي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن تەلھە ئۇنىڭغا ئۇ زېمىنىنىڭ پۇلىنى بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن «ياخشى تەلھە»، «سېخى تەلھە»، «مەرد تەلھە» دېگەن مۇبارەك ناملارغا ئىگە بولغان تەلھەگە مۇبارەك بولسۇن! ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ۋە قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلسۇن! ئامىن!

www.munber.org





## سابىت ئىبنى قەيس ئەنسارى

سابىت ئىبنى قەيستىن باشقا بىر ئادەمنىڭ ۋەسىيىتى ئۆلگەندىن كېيىن ئورۇندالمىدى.

سابىت خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ھۆرمەتكە ئىگە كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئابرۇيلۇق كىشىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە زېھنى ئۆتكۈر، چېچەن، ناتىق كىشى ئىدى. سۆز قىلسا ئۇنىڭ سۆزى باشقىلارنىڭ سۆزىنى بېسىپ چۈشەتتى، نۇتۇق سۆزلىسە نۇتۇقى ئاڭلىغۇچىلارنى ئەسىر قىلىۋالاتتى، ئۇ مەدىنىدىكى ئىسلامغا بۇرۇن كىرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماندا مەككىلىك ياش تەشۋىقاتچى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن قىلغان تىلاۋىتىدىكى ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا ئەسىر بولغان، ئاللاھنىڭ تەڭدىشى بولمىغان گۈزەل كەلىمىلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر قىلغان گۈزەل بەلگىلىمىرىگە مەپتۇن بولغان ئىدى.

ئاللاھ ئۇنىڭ دىلىنى ئىسلام ئۈچۈن ئېچىۋەتتى، ئۇ ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ بايرىقى ئاستىغا كېلىپ قوشۇلۇش بىلەن ئۇنىڭ قەدرى قىممىتى ۋە مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە سابىت ئىبنى قەيس ئۆز قوۋمىدىن تەشكىللەنگەن زور بىر تۈركۈم ئاتلىقلار سېپىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇ يەردە كامىل بولغان بىر نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ نۇتقىنى ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىش، پەيغەمبىرىگە تىنچلىق ۋە رەھمەت تىلەش بىلەن باشلاپ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

www.munber.org

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز سېنى ئۆزىمىز، بالىلىرىمىز، ئاپالىرىمىزدىنمۇ بەكرەك قوغداشقا ۋەدە بېرىمىز، بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزنىڭ بەدىلىگە نېمە بار؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەت» دەپ جاۋاب بەرگەندە ساھابىلەرنىڭ قۇلىقى جەننەت، دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن خۇشاللىنىپ يۈزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى ۋە:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز رازى بولدۇق، بىز رازى بولدۇق!...

— دەپ كېتىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى ھەسسان ئىبنى سابىتنى ئۆزىنىڭ شائىرى قىلىۋالغىنىدەك ئاشۇ مۇبارەك كۈندىن باشلاپ سابىت ئىبنى قەيسنى ئۆزىنىڭ نۇتۇقچىسى قىلىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەرەبلەر ئۆز سۆزلىرىنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە ناتىقلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنازىرىلىشىشكە كەلسە، ھەسسان ئىبنى سابىتنى شائىرلار بىلەن بەسلىشىشكە، سابىت ئىبنى قەيسنى ناتىقلار بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشقا تاللايتتى.

سابىت دىلىدا ئىمانى كۈچلۈك، سەممىي، تەقۋادار، ئاللاھتىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان، ھەرقانداق بىر ئىشتا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ئاگاھ بولۇپ تۇرغۇچى مۆمىن كىشى ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ بەك غەمكىن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ئى مۇھەممەدنىڭ ئاتىسى! ساڭا نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى. ئۇ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆزۈمنىڭ ھالاك بولغۇچىلار قاتارىدا بولۇپ قېلىشىمدىن قورقۇۋاتىمەن،— دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئاللاھ بىزنىڭ قىلمىغان ئىشلىرىمىزدىن ماختىلىشىمىزدىن توسقان، مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلاردىن ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئاللاھ بىزنى چوڭچىلىق قىلىشتىن توسقان، ئەمما مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنى



www.munber.org



خالايدىغانلاردىن ئىكەنلىكىمنى سەزدىم، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

—ئى سابىت! سەن ماختىلىپ ياشاشقا، شېھىتلىك ئۆلۈمدە ئۆلۈشكە، جەننەتكە كىرىشكە رازى بولمامسەن؟— دەپ سورىدى.

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! رازى بولىمەن! ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! رازى بولىمەن!... — دېدى سابىت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ساڭا ئەنە شۇ بار، — دېدى.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تووۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾ [سۈرە ھۇجۇرات 2 - ئايەت] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن سابىت گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنتايىن بەك ياخشى كۆرىدىغان، دىلى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي باغلانغان تۇرۇقلۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئۆيىدە كۆپرەك تۇرىدىغان، پەقەت پەرز نامازلار ئۈچۈنلا كېلىدىغان بولۇپ قالدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ:

— كىم ماڭا ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ؟— دەپ سورىدى. ئەنسارىلاردىن بولغان بىر كىشى:

— مەن! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدى - دە، ئاندىن سابىتنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ كىشى سابىتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە، — ئى مۇھەممەدنىڭ ئاتىسى! ئەھۋالىڭ قانداق؟— دەپ سورىدى.

— ناچار!

— نېمە ئۈچۈن؟



www.munber.org

— سەن مېنىڭ ئاۋازىمنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلىسەن، كۆپىنچە ئەھۋالدا مېنىڭ ئاۋازىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى چىقىدۇ، قۇرئاندا يۇقىرىقى ئايەتنىڭ چۈشكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بار، مەن ئۆزۈمنى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىپ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدىغانلاردىن بولۇپ قالامدىمكىن، دەپ ئەنسىراۋاتىمەن،— دېدى.

ھېلىقى ئەنسارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ سابىتنىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەنسارىغا:

— سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ «سەن دوزاخ ئەھلىدىن ئەمەس بەلكى جەننەت ئەھلىدىن» دېگەن سۆزنى دېگىن،— دەپ بۇيرۇدى. مانا بۇ سابىت ھاياتىدا ئەڭ تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان خۇش بېشارەت ئىدى.

سابىت بەدىردىن باشقا بارلىق جەڭلەرگە قاتناشتى، ئۇ ھەر قېتىم جەڭگە كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشارەت بەرگەن شېھىتلىكنى ئۈمىد قىلىپ كىرەتتى، بىراق جەڭ ئاخىرلاشقاندا ئۇنىڭدىن قورۇق قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ شېھىتلىككە بىر ياچاق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن ھالەتتە ئىدى.

ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ خەلىپىلىكى زامانىدا مۇسەيلىمە بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولدى، بۇ چاغدا سابىت ئەنسارىلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم مۇھاجىرلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى، خالىد ئىبنى ۋەلىد بولسا مۇھاجىرلار، ئەنسارىلار ۋە سەھرادىن كېلىپ قوشۇلغان يىگىتلەرنىڭ بولۇپ پۈتكۈل قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئىدى. جەڭنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىدا غەلىبە ھامان مۇسەيلىمە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇردى، ھەتتا مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇم خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ چېدىرىغىچە يېتىپ بارغىدەك ئەھۋالغا يەتتى.

سابىت شۇ كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قەلبلەرنى چەكسىز ئۈمىدسىزلىككە تولدۇرغىدەك دەرىجىدە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇسۇلمانلار ئاجىزلاشقىنىچە ئۇلارنىڭ ئىغىزلىرىدىن چىقىۋاتقان

www.munber.org





نالايىق، سەت گەپلەرنى ئاڭلىدى. مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى شەھەر باللىرى سەھرالىقلارنى «قورقۇنچاقلار» دەپ ئەيىبلىسە، سەھرالىقلار شەھەرلىكلەرنى «جەڭ قىلالمايدىغانلار، جەڭنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغانلار»... دېيىشىپ ئەيىبلىشەتتى.

سابىت ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ ئۆلۈملىكى ئۈچۈن كىيىپ كىيىدى ۋە شېھىت بولغانلارنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ:

— ئى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى! بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا بۇنداق ئۇرۇش قىلمايتتۇق، سىلەرنىڭ دۈشمەنلىڭلارنى باستۇرۇپ كېلىشكە يول قويغىنىڭلار ئىنتايىن يامان بىر ئىش بولدى... سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار بويسۇندۇرۇپ بەرگىنىڭلار ئەجەبمۇ يامان بولدى... — دېدى، ئاندىن بېشىنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ، — ئى ئاللاھ! مەن ئۇلارنىڭ (دۈشمەنلەرنىڭ) مۇشرىكلىكتىن ئېلىپ كەلگەن ئىشلىرىدىن سېنى پاك دەپ بىلىمەن، (مۇسۇلمانلارنىڭ) قىلغان ناچارلىقلىرىدىن سېنى پاك دەپ بىلىمەن! — دېدى، ئاندىن ياخشى كىشىلەر بىلەن مۇرىنى- مۈرىگە تىرەپ دۈشمەن سېپى تەرەپكە شىر كەبى ئېتىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئۇ ياخشى كىشىلەر بەرا ئىبنى مالىك ئەنسارى، مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قېرىندىشى زەيد ئىبنى خەتتاب، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى سالىم... ئۇلاردىن باشقا ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان بىر تۈركۈم ساھابىلەر ئىدى.

سابىت بۇ قېتىملىق ھۇجۇمدا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدىنى غەيرەت - شىجائەتكە، كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ۋەھىمىگە تولدۇرۇۋەتكىدەك دەرىجىدە باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئۇ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە چېپىپ يۈرۈپ ھەر خىل تىپتىكى قوراللىقلار بىلەن ئېلىشىۋەردى. ئۇنىڭغا ئۇرۇلغان زەربىلەردىن يارىسى ئېغىرلىشىپ تاكى يەرگە شېھىت بولۇپ يىقىلغىچە ئۇرۇش قىلدى. ئۇ— ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا بېشارەت بەرگەن شېھىتلىكتىن سۆيۈنگەن، ئاللاھنىڭ، ئۆزى سەۋەبلىك ئۇلارغا ئاتا قىلغان غەلىبىسىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا كۆز يۇمدى.

www.munber.org

سابىتنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر ساۋۇتى بار ئىدى. جەڭدە ئۇ شېھىت بولۇپ يىقىلغاندا ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مۇسۇلمان كىشى ئۇنىڭ بۇ تۆمۈر كىيىمىنى ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ شېھىت بولغان كېچىسى مۇسۇلمانلاردىن بىرى چۈشىدە سابىتنى كۆردى. سابىت ئۇ ئادەمنىڭ چۈشىدە ئۇ ئادەمگە:

— مەن سابىت ئىبنى قەيس، مېنى تونىدىڭمۇ؟ — دېدى. ئۇ ئادەم: «ھە» دېگەندە سابىت، — مەن ساڭا بىر ئىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن، مەن تۈنۈگۈن ئۆلتۈرۈلگەندە مۇسۇلمانلاردىن بىرى مېنىڭ قېشىمدىن ئۆتتى، ئۇ مۇنداق ـ مۇنداق سۈپەتلىك بىر ئادەم ئىدى، ئۇ كىشى مېنىڭ ساۋۇتۇمنى ئېلىۋېلىپ پالانى تەرەپتىكى بارگاھنىڭ ئەڭ چېتىدىكى چېدىر تەرەپكە ئېلىپ كەتتى ۋە ئۇنى قازان ئاستىغا باستۇرۇپ قازاننىڭ ئۈستىگە ئىگەرنى باستۇرۇپ قويدى، سەن خالىدقا دېگەنلىرىمنى ئېيتىپ ئۇ كىيىمنى ئەكەلدۈرۈۋالغىن، ئۇ كىيىم ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا. ساڭا ۋەسىيەت قىلىدىغان يەنە بىر ئىش، سەن ئۇنى ھەرگىزمۇ چۈشۈمدە دېيىلگەن سۆز دەپ سەل قارىما، سەن خالىدقا: ئەگەر سىز مەدىنىگە خەلىپىنىڭ قېشىغا بارسىڭىز، سابىتنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق قەرزلىرى ۋە ئازاد قىلىۋېتىدىغان فالانى ۋە فۇستانى قۇللىرى بار ئىكەن، سىز ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ قۇللىرىنى ئازاد قىلىۋېتىڭ، دېگىن،— دېدى.

ھېلىقى ئادەم ئويغىنىپ چۈشىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى، خالىد ئۇ ساۋۇتنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى، ئەۋەتىلگەن ئادەم ئۇ كىيىمنى دەل ھېلىقى ئادەمنىڭ چۈشىدە تەسۋىرلەنگەن ئورنىدىن ساق پېتى ئېلىپ كەلدى.

خالىد مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن خەلىپە ئەبۇ بەكرىگە ھېلىقى ئادەمنىڭ چۈشى ئارقىلىق سابىت ۋەسىيەت قىلغان ئىشلارنى دېدى. ئەبۇ بەكرى سابىتنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلىپ ئاندىن:

— سابىت ئىبنى قەيستىن باشقا ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىن بىرەر ئادەمنىڭمۇ ئۆلگەندىن كېيىن قىلغان ۋەسىيتى ئىجرا قىلىنغانلىقى





كۆرۈلمىگەن ئىدى... — دېدى.

ئاللاھ سابىت ئىبنى قەيستىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن! ئۇنىڭ ئورنىنى ئالىي جەننەتلەردە قىلسۇن!



www.munber.org

# ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى

ئەسما يۈز يىل ئۆمۈر كۆردى، ئۇنىڭ بىرەر تال چىشى چۈشمىدى، يا ئەقلىدىن ئادىشىپمۇ قالمىدى.

ــ تارىخچىلار

بىز بۇ يەردە بايان قىلماقچى بولغان ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى، ھاياتىدا كىشىنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرگىدەك پەزىلەت، ئارتۇقچىلىق ۋە ئۇلۇغلۇقنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر ئايالدۇر. چۈنكى ئۆزى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى خەلىپىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزىدۇر. ئۇنىڭ قىز قېرىندىشى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئانىمىز ھەزرىتى ئائىشەدۇر. ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ بوۋىسى، يەنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئاتىسى ئەبۇ ئەتىيق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىسى بولغان ئېرى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋە ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ساھابىلاردىندۇر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!). ئۇنىڭ باشقىلارغا چېتىلغان شەرىپىنى قويۇپ ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ شەرەپلىنىشىگە يېتەرلىكتۇر.

ئەسما دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن پەقەت 17 ئادەم ئىمان ئېيتقان ئىدى. ئەسما يەنە «ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى» دېگەن نامغىمۇ ئىگە بولغان بىر پەزىلەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاتىسى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغان كۈنى ئۇلارغا ئوزۇقلۇق ۋە سۇ تەييارلاپ بېرىپ، بۇ نەرسىلەرنى تاڭىدىغان نەرسە تاپالمىغاندا ئۆزىنىڭ بەلۋىغىنى ئوتتۇرىدىن يىرتىپ بىر پارچىسىدا ئوزۇق



www.munber.org



خالتىسىنى، يەنە بىرىدە تولۇمنى باغلىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن جەننەتتە ئىككى بەلۋاغ بېرىشكە دۇئا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئىككى بەلۋاغ ئىگىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان.

ئۇ زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بىلەن نىكاھلانغاندا زۇبەير بولسا قولىدا نە خىزمىتىنى قىلىدىغان خىزمەتچىسى نە بىر ئېتىدىن باشقا ئائىلىسىنى باياشات قىلغۇدەك مال ـ دۇنياسى يوق كەمبىغەل يىگىت ئىدى. بىراق ئەسما ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكلا ياخشى بىر ئايال ئىدى، ئەسما دائىم ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئېتىنى يېتىلەيتتى، ئۇنى ئوتلىتىپ، ھەلەپ ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن دانلارنى يەنچىيتتى. ئاللاھ ئۇلارغا كەڭچىلىك ئاتا قىلىپ ئۇلارنى ساھابىلەرنىڭ ئەڭ بايلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلغانغا قەدەر ئۇ شۇ ھالەتتە ياشىدى.

ئەسمانىڭ دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە ھىجرەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋاقتىلىرى دەل ئۇنىڭ ئوغلى زۇبەيرگە بولغان ھامىلىلىك مەزگىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كەلدى، ئۇ ئەھۋالىنىڭ بۇنچىلىك قىيىنچىلىقىدىن قورقماي سەپەرگە ئاتلاندى.

ئۇ دەل مەدىنىدىكى قۇبا مەسجىدى بار كەنتكە يېتىپ بارغاندا كۆزى يورۇدى. مۇسۇلمانلار خۇشاللىنىپ تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتىشتى، چۈنكى تۇغۇلغان بۇ بوۋاق مەدىنىگە ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى تۇغۇلغان بوۋاق ئىدى. ئەسما ئوغلى ئابدۇللاھ زۇبەيرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك تۈكۈرۈكلىرى بىلەن بالىنى ئېغىزلاندۇردى ۋە دۇئا قىلدى. بۇ بالىنىڭ قورسىقىغا كىرگەن تۇنجى نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تۈكۈرۈكى بولدى.

ئەسمادا ئەرلەردىمۇ ئاز تېپىلىدىغان ئەقىل ـ ئىدراك ۋە پەزىلەت، ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ سېخىيلىقى بولسا ئۇلگە قىلغۇدەك دەرىجىدە ئىدى، بۇ ھەقتە ئوغلى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن ھامما



www.munber.org

ئائىشە ۋە ئانامدەك سېخى كىشىنى كۆرمىدىم، بىراق بۇ ئىككىسىنىڭ سېخىيلىكى ئوخشىمايتتى، هامىمام ئائىشە بولسا نەرسىلەرنى يىغىپ قويۇپ هاجەتمەنلەرگە يەتكۈدەك بولغاندا ئاندىن بېرەتتى، ئانام بولسا ئەتىگە هېچنېمە قالدۇرمايتتى.

ئەسما هەرقانداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئەقىل ئىگىسى ئىدى. ئاتىسى ئەبۇ بەكرى ئەينى زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا هەمراھ بولۇپ مەدىنىگە هىجرەت قىلغاندا ئۆيىدە بار بارلىق مال ـ مۈلكىنى بىللە ئېلىپ ماڭغان ئىدى، ئۇنىڭ ئېلىپ ماڭغان مېلىنىڭ سانى ئالتە مىڭ دىرهەم بولۇپ ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن هېچنېمە قالدۇرمىغان ئىدى. ئەسمانىڭ بوۋىسى ئەبۇ قۇهافە ئەبۇ بەكرىنىڭ سەپەر قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ (ئۇ چاغدا ئۇ مۇشرىك ئىدى) ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئەسماغا:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن ئۇنىڭ ئۆزى ئارقىلىق سىلەرنى غەم ـ ئەندىشىگە سېلىپ قويغانلىقىنىڭ ئۈستىگە سىلەرنى كەمبەغەل بىر هالەتتە قالدۇردى، دەپ قارايمەن،— دېگەندە، ئەسما ئۇنىڭغا:

— ئى بوۋا! هەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بىزگە كۆپ مال قالدۇرۇپ قويدى،— دېگىنىچە شېغىللارنى ئېلىپ مال ساقلايدىغان تەكچىگە قويغاندىن كېيىن ئۈستىگە بىر پارچە رەختنى يېپىپ بوۋىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ (ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس ئىدى) رەختنىڭ ئۈستىدىن سىلاتقۇزۇپ،— قانداق، راستمىكەن؟ — دېۋىدى، بوۋىسى:

— قالدۇرۇپتۇ، ئەگەر ئۇ مۇشۇ ماللارنىڭ هەممىسىنى قالدۇرغان بولسا هەقىقەتەن ياخشى ئىش قىپتۇ، — دېگەنىدى.

ئەسما مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ياشانغان كىشىنى خاتىرجەم قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە مال بېرىشىدىن توسۇپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇ گەرچە بوۋىسى بولغان تەقدىردىمۇ مۇشرىكلاردىن ئۆزىگە ياردەم قىلىنىشنى خالىمايتتى.

تارىخ ئەسمانىڭ هاياتىدىكى نۇرغۇن ئالاهىدە كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنتۇپ

www.munber.org





قالدى، دېگەندىمۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن ئاخىرقى قېتىمقى ئۇچرىشىشى ۋە بۇ ئۇچرىشىشتا نامايەندە بولغان ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئەقلى، كەسكىن پوزىتسىيىسى ۋە كۈچلۈك ئىمانىنىڭ سۆهبەتتىكى ئىپادىسىنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇ ۋەقەلىك مۇنداق ئىدى:

يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەسمانىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە هىجاز، مىسىر، ئىراق، خۇراسان، شام دىيارلىرىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بەيئەت قىلدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمەييە جەمەتىدىكىلەر هەجاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفىينىڭ قوماندانلىقىدا ئابدۇللاھقا قارشى زور قوشۇن ماڭدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ باشلاندى. ئۇ جەڭدە ئۆزىگە خاس باتۇرلۇق ۋە چەۋەندازلىق بىلەن قەهرىمانلارچە ئۇرۇش قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر پەيدىن ـ پەي ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرىدا ئاللاهنىڭ ئۆيى بىلەن پاناهلاندى، يەنى ئۇ بىر قانچە كىشىلىرى بىلەن مۇقەددەس كەبىنىڭ ئىچىدە قوغدىنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ شېهىت بولۇشتىن بىر قانچە سائەت ئىلگىرى ئانىسى ئەسمانىڭ قېشىغا كەلدى، بۇ چاغدا ئەسما كۆزى تۈتۈلۈپ ياشىنىپ قالغان ئىدى.

— ئى ئانا! سىزگە ئاللاهنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن، — دېدى ئابدۇللاھ.

— ئوغلۇم ئابدۇللاھ، ساڭىمۇ تىنچلىق بولسۇن!... هەجاجنىڭ مەنجاناقلىرى (چوڭ ـ چوڭ تاشلارنى يىراققا ئاتىدىغان قورال) ئاتقان تاشلار يەرلەرنى تىترىتىۋاتقان مۇشۇنداق چاغدا سەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟

— سىزدىن مەسلىهەت سورىغىلى.

— مەندىن؟ قايسى ئىش توغرىسىدا؟

— كىشىلەر ماڭا ياردەم قىلمىدى، هەجاجدىن قورقۇپ ۋە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىغا قىزىقىپ مەندىن يۈز ئۆرۈدى. مېنىڭ قېشىمدا پەقەت بىر قانچە كىشىلا قالدى. ئۇلار هەر قانچە چىداملىق بولغان تەقدىردىمۇ، پەقەت

www.munber.org

بىرنەچچە سائەتلا بەرداشلىق بېرەر. بەنى ئۆمەييەنىڭ ئەلچىلىرى ناۋادا مەن قورالنى تاشلاپ ئابدۇللاھ ئىبنى مەرۋانغا بويسۇنسام ماڭا خالىغىنىنى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىدۇ، سىزنىڭچە قانداق؟

ئەسما ئوغلىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— ئى ئابدۇللاھ! ئۆز ئەھۋالىڭنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن!... ئەگەر ھەقىقەتكە چاقىرىپ ھەق ئۈستىدە تۇرساڭ چىداملىق بول! سەن خۇددى سېنىڭ بايرىقىڭ ئاستىدا ئۆلگەن مۆمىنلەر سەۋرى قىلغاندەك سەۋرى قىل!... ئەگەر سەن مالنى كۆزلىگەن بولساڭ ناھايىتى ئەسكى ئادەم بولغان بولىسەن، نەتىجىدە ئۆزۈڭنىمۇ، ئادەملىرىڭنىمۇ ھالاك قىلىسەن.

— لېكىن، مەن بۈگۈن شەكسىز ئۆلتۈرىلىمەن.

— بۇ سەن ئۈچۈن ھەجاجغا تەسلىم بولۇپ، كاللاڭنى بەنىي ئۇمەييەنىڭ باللىرى ئوينىغىنىدىن ياخشى.

— مەن ئۆلۈمدىن قورقىۋاتمايمەن، بەلكى ئۇلارنىڭ مېنى چانىۋېتىشىدىن ئەنسىراۋاتىمەن.

— ئۆلگەندىن كېيىن ئىنسان ئەنسىرەيدىغان ئىش قالمايدۇ، بوغۇزلىنىپ بولۇنغان قوي سويۇشنىڭ ئازابىنى سەزمەيدۇ...

— ئاللاھ سىزنىڭ ئانا بولغىنىڭىزغا، ئۇلۇغ خىسلەتلەرگە ئىگە بولغىنىڭىزغا بەرىكەت بەرسۇن! مەن پەقەت يېنىڭىزغا مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا كەلگەنىمەن، ئاللاھ مېنىڭ ئاجىزلىشىپ قالمىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ، مېنىڭ ئىشلىرىمدا دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىننەتلىرىنى ياقتۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارغا يول قويۇلىۋاتقانلىقىغا غەزەپلەنگەنلىكىمگە شاھىت، مانا مەن ھازىر سىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشقا ماڭىمەن، ئەگەر شېھىت قىلىنسام ماڭا قايغۇرماڭ، ئىشلىرىڭىزنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭ...

— ئەگەر سەن ناھەق ئىش ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلسەڭ ئاندىن ساڭا قايغۇرىمەن.



www.munber.org



— ماڭا ئىشىنىڭ ئانا، ئوغلىڭىز بولغان مەن ھەرگىز يامان ئىش قىلىش نىيىتىدە بولمىدىم، بۇزۇقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانمىدىم، ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە زۇلۇم قىلمىدىم، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش نىيىتىدە بولمىدىم، مېنىڭ نەزىرىمدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن ئەلا نەرسە يوق، مەن بۇ سۆزلەرنى ئۆزۈمنى ئاقلاش نىيىتىدە ئەمەس بەلكى دىلىڭىزغا سەۋرى كىرگۈزۈش ئۈچۈن دەۋاتىمەن.

— سېنى مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىش ئۈستىدە قىلغان ئاللاھقا مەدھىيىلەر بولسۇن! ئى ئوغلۇم! يېقىنراق كەل، مەن سېنىڭ پۇرىقىڭنى پۇرىۋالاي، بەدەنلىرىڭنى سىلىۋالاي، بۇ بەلكىم سەن بىلەن ئاخىرقى ئۇچرىشىشىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەسما شۇنداق دەپ ئوغلىنىڭ قوللىرىغا، پۇتلىرىغا ئۆزىنى ئېتىپ سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى، بويۇنلىرىنى پۇرايتتى، بەدىنىنى سىلايتتى. ئۇ تۇرۇپلا قولىنى يىغىۋېلىپ، — بۇ كەيگىنىڭ نېمە؟— دەپ سورىدى.

— ساۋۇتتۇم.

— ئى بالام! بۇ شېھىت بولۇشنى ئىرادە قىلغان ئادەمنىڭ كىيىدىغان كىيىمى ئەمەس.

— لېكىن مەن ئۇنى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈنلا كىيىۋالغان ئىدىم.

— بۇنى سالىۋەت، بۇ كىيىم سېنى قوغداشقا لايىق، ھۇجۇم قىلىشقا ۋە ھەرىكىتىڭنىڭ يەڭگىل بولۇشىغا پايدىلىق، لېكىن ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ ئەۋرىتىڭنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن ئىشتان كىيىۋال!

ئابدۇللاھ ساۋۇتىنى سالىۋېتىپ ئۇزۇن ئىشتاننى كەيدى ۋە جەڭنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرەم تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كېتىۋاتقاچ: «ئى ئانا! ماڭا دۇئا قىلىشنى ئۇزۇپ قويماڭ!» دەيتتى. ئەسما قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ:



www.munber.org

— ئى ئاللاھ ئۇنىڭ قاراڭغۇ كېچىلىرى كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا ئۇزاق ئىبادەت قىلغانلىقى، قاتتىق يىغلىغانلىقىغا رەھمەت قىلغىن!... ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ روزا تۇتقان ھالدا مەككە - مەدىنە ئارىسىدا قىلغان سەپەردىكى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقىغا رەھمەت قىلغىن! ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قىلغان ياخشىلىقىغا رەھمەت قىلغىن!... ئى ئاللاھ مەن ئۇنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم! سېنىڭ ھۆكۈمىڭگە رازى بولدۇم، ماڭا سەۋرى قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىنى بەرگىن!... — دەپ دۇئا قىلدى.

شۇ كۈنى قۇياش پاتماي تۇرۇپلا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير شېھىت قىلىندى. ئۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىغا ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئانىسى ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرىمۇ ۋاپات بولدى. ئۇ يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەن، بىرەر تال چىشى چۈشمىگەن، ئەقلىدىن ھېچ كېتىپ قالمىغان ئايال ئىدى. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)



www.munber.org



# فەيرۇز دەيلەمي

فەيرۇز، مۇبارەك ئائىلىدىن چىققان مۇبارەك ئادەم.

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوشلىشىش ھەججىدىن قايتىپ كېلىپ، كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىق خەۋىرى يېرىم ئارالنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن يەمەندىكى ئەسۋەدول ئەنسى، يەمامىدىكى مۇسەيلەمەتىل كەززاب، بەنى ئەسەد دىيارىدىكى تۇلەيھەتۇل ئەسەدى قاتارلىقلار ئىسلامدىن يېنىپ كەتتى. ئۇلار خۇددى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ قۇرەيش قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندەك، بىزمۇ ئۆز قەۋملىرىمىزگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدۇق، دەپ بىلجىرلاشتى.

ئەسۋەدۇل ئەنسى بولسا كۆڭلى قارا، ئىنتايىن ئەسكى ۋە كۆز بويامچى كاھىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئەقىللەرنى ئۆزىگە مايىل قىلغۇدەك سۆزمەن، سەپسەتە نەزىرىيەلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كالىسىنى قايمۇقتۇرۇۋېتەلەيدىغان، مەنسەپ ۋە مال - مۈلكى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالدىيالايدىغان قارا نىيەت كىشى ئىدى. بىراق ئۇ ئۆزىدىكى بارلىق رەزىللىكلەرنى يوشۇرۇپ باشقىلارغا سالاپەتلىك، سەمىمي قىياپىتى بىلەن كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى.

شۇ مەزگىللەردە يەمەندىكى «ئىبنائىلار» مەرتىۋە ۋە نوپۇز جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاتتىسى فەيرۇزۇد دەيلەمي بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ئىدى. «ئەنبا» دېگەن نام — ئاتىلىرى بولسا يۇرتلىرىدىن بۇ يەرگە كەلگەن، ئانىلىرى بولسا ئەرەب مىللىتىدىن بولغان كىشىلەرگە قويۇلغان نام ئىدى. ئۇلارنىڭ

www.munber.org

كاتتىسى بازان دېگەن ئادەم ئەسلىدە ئىسلام ئاشكارىلانغان مەزگىلەردە پارس دۆلىتىنىڭ پادىشاھى كىسرا تەرىپىدىن يەمەنگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن كىشى ئىدى. بەزەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى، دىنىنىڭ يۈكسەكلىكى ئاشكارىلانغاندا كىسراغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ پۈتكۈل قوۋمى بىلەن بىللە ئىسلامغا كىرگەن ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز شاھلىق مەرتىۋىسىدە قالدۇردى، ئۇ ئەسۋەدۇل ئەنسى ئاشكارىلىنىشتىن بىرئاز ۋاقىت ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر شۇ ھالەتتە ئىدى.

ئەسۋەدۇل ئەنسىغا تۇنجى بولۇپ ئاۋاز قوشقانلار ئۇنىڭ مەزھەج قەبىلىسىدىن بولغان خەلقى ئىدى. ئۇ كىشىلەر بىلەن بىرگە سەناغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇ يەرنىڭ ۋالىيسى بازاننىڭ ئوغلى شەھرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئايالى ئازادنى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئاندىن سەنئادىن باشقا جايغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى.

ئۇ ھۇجۇم قىلغان رايونلار كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تېز سۈرئەتتە ئۇنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۆتتى، ھەتتا ھەزرە مەۋت بىلەن تائىف، بەھرەين، ئەھسائەدىن ئەدەنگىچە ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدا بويسۇندۇرۇلدى.

ئەسۋەدۇل ئەنسىنىڭ كىشىلەرنى ئالداش ۋە ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇشتا قوللىنىدىغان نەرسىسى ئۇنىڭ ئەقلى ئىدى. ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۇنىڭ ئاسماندىن ۋەھيي ئېلىپ چۈشىدىغان، غەيبتىن خەۋەر بېرىدىغان پەرىشتە بارلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يالغان سۆزىنى راست قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە تىڭ - تىڭچىلىرىنى ئەۋەتىپ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلار يوللىغان مەسىلىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرگە قەيەردە كىمدە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى، ئۇ كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى دەپ بېرەتتى، بۇنىڭ بىلەن نادان ئەگەشكۈچىلەر ئۇنىڭ بۇ قەدەر كارامەتلىرىگە ئالدىنىپ ئۇنى ئاجايىپ ئادەم دەپ بىلەتتى، شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ نامى خۇددى قورۇق ئوتۇنغا

www.munber.org





تۇتاشقان ئوتتەك ھەممە ياققا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تارقىدى.

ئەسۋەدىل ئەنسىنىڭ دىنىدىن يېنىپ يەمەنگە ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەندىكى ئىلگىرى ئىسلام كەلتۈرگەن ياخشى كىشىلەرنىڭ يېنىغا ئون نەچچە ساھابىسىنى مەكتۇپ بىلەن يوللىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەكتۇبىدا ئۇلارنى بۇ قارغۇلارچە ئازغۇنلۇققا ئىمان ۋە كەسكىن ئىرادە بىلەن قارشى تۇرۇشقا چاقىرىپ، ئەسۋەدۇل ئەنسىدىن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن قوتۇلۇشقا بۇيرۇغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىنىڭ مەزمونىدىن خەۋەر تاپقان ھەر بىر كىشى ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ئاتلاندى. بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئەڭ ئالدىرىغىنى ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى فەيرۇزۇد دەيلەمى ۋە ئەبنالاردىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار ئىدى. بىز بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن تېخىمۇ ئېنىقراق خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بايانىنى ئاڭلايلى، ئۇ بىزگە ئەقىللەرنى لال قىلغۇدەك ئاجايىپ ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەپ بەرسۇن:

«مەن ئەبنالاردىن مەن بىلەن بىرگە بولغانلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن بىر مىنۇتمۇ شەكلىنىپ قالمىغان ئىدۇق، ئاللاھنىڭ ساقلىشى بىلەن بىزنىڭ ھېچقايسىمىز دىلىمىزدا ئاللاھنىڭ دۈشمىنىگە ئىشىنىش دېگەن نەرسىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدۇق، بىز ھەممە ۋاقىت ئاللاھنىڭ بۇ دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭدىن ھەر قانداق قىلىپ بولىسىمۇ قۇتۇلۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدۇق. بىزگە، يەنى ئىلگىرى دىنغا كىرگەنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبى يەتكەن ھامان بىر - بىرىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ئاتلاندۇق.

ئەسۋەدۇل ئەنسى ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازانغانچە مەغرۇرلىنىپ، تەكەببۇرلىشىپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇ قوشۇن قوماندانى قەيس ئىبنى ئەبدى يەغۇسقا چوڭچىلىق قىلىپ زومىگەرلىك ئىشلەتتى، ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى، ھەتتا قەيس ئەسۋەدنىڭ ئۆزىنى جازالىشىدىن

www.munber.org

خاتىرجەم بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

مەن تاغامنىڭ ئوغلى دازەۋەي بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزدۇق ۋە ئۇنى ئەسۋەدنىڭ ئۇنىڭغا قول سېلىشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ قول سېلىشىغا رىغبەتلەندۇردۇق. ئۇ بىزنىڭ چاقىرىقىمىزدىن ياىراپ كەتتى. ئۇ بىزنى خۇددى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بىز بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولدى. بىز ئۇ كاززابقا قارشى ئىچكى تەرەپتىن تاقابىل تۇرساق، باشقا قېرىنداشلىرىمىز سىرتتىن تاقابىل تۇرۇشقا كېلىشىۋالدۇق.

ئەسۋەدۇل ئەنسىنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى نىكاھىغا ئېلىۋالغان ئايالى ئازاد مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى ئىدى. بىز بۇ پىلانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى بىزگە ھەمكارلىششقا چاقىرىشنى توغرا تاپتۇق.

مەن ئەسۋەدنىڭ قەسرىسىگە بېرىپ تاغامنىڭ قىزى ئازاد بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ: ‹ئى تاغامنىڭ قىزى! سەن بۇ ئادەمنىڭ ساڭا قىلغان ئەسكىلىكىنى ئوبدان بىلىسەن، ئۇ سېنىڭ ئېرىڭنى ئۆلتۈرۈپ سېنى نىكاھىغا ئېلىۋالدى، باشقىلارنىڭ ئاياللىنى ئاياق ـ ئاستى قىلدى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ھالاك قىلىپ، ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، بۇ بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسەن بىزگە، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا پۈتكۈل يەمەن خەلقىگە يوللىغان مەكتۇبى، ئۇ خېتىدە بىزنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشقا چاقىرىپتۇ، سەن بىزگە بۇ ئىشتا ياردەملەشسەڭكەن› دېدىم.

— سىلەرگە قايسى ئىشتا ياردەملىشىمەن؟— دېدى ئۇ.

— ئۇنى ئۆيدىن سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا.

—بەلكى مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەم بەرسەمچۇ!

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن ساڭا مۇشۇ مەقسەتتە دېگەن ئىدىم، لېكىن مەن بۇ سۆزنى يۈز ـ تۇرانە دېيىشتىن خىجىل بولۇۋاتاتتىم.

— ئاللاھ ھەق بىلەن ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! مەن ئۆز دىنىمدىن ھېچ



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

شەكلىنىپ باقمىدىم، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا دۇنيادا ئەسۋەدۇل ئەنسىتىنمۇ بەكرەك ئۆچ كۆرۈلىدىغان كىشى يوق، مەن ئۇنى كۆرگەندىن بېرى ئۇنىڭ گۇناھلارغا پاتقان ھالدا ياشايدىغان، باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا قىلچە رىئايە قىلمايدىغان، يامان ئىشلاردىن قول يىغمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— ئۇنداقتا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق ياردەم بېرىسەن؟

— بۇ ئادەمنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە قوغدىغۇچىلىرى بار، سارايدا ئاشۇ يىراق ھۇجرىدىن باشقا، مۇھاپىزەتچىلەر تۇرمايدىغان بىرمۇ جاي يوق. ئۇ يەرنىڭ كەينى تەرىپى قۇرۇقلۇقتا ماۋۇ ـ ماۋۇ تەرەپلەرگە تۇتىشىدۇ، كەچ كىرگەندىن باشلاپ سىلەر بۇ يەرنىڭ تېمىنى كېچىچە تېشىڭلار. سىلەر ئۇنىڭ ئىچىدىن چىراغ ۋە قورال ـ ياراقلارنى تاپىسىلەر ۋە يەنە مېنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىمنى بايقايسىلەر، ئاندىن سىلەر ئۇ يەرگە كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار،— دېدى.

— بۇنداق سارايىنى تەشمەك تەس، ناۋادا بۇ يەردىن بىرەر مۇھاپىزەتچى ئۆتۈپ قالسا بىزنى كۆرۈپ قىلىپ ۋارقىراپ ھەممىنى چاقىرىدۇ.

— توغرا! مېنىڭ سىلەرگە باشقا بىر مەسلىھىتىم بار.

— ئۇ قانداق مەسلىھەت؟

— ئەتە سىلەر ئىچىڭلاردىن بىرىنى خىزمەتكار سىياقىدا ياساپ مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ھوجرىنىڭ ئىچى تەرىپىدىن ئاز قالغۇچە تېشىشكە بۇيرۇي، شۇنداق بولغاندا سىلەر سىرتتىن ئاسانلا تېشەلەيسىلەر.

— پاھ! بۇ نېمىدېگەن دانا مەسلىھەت؟!

مەن قايتىپ كېلىپ قالغان ئىككى سەپدىشىمغا بولغان ئەھۋاللارنى يەتكۈزدۈم، ئۇلار بۇ ئىشلارغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەشتى، بىز شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىشلارنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتۇق.

بىز ياردەمچىلىرىمىزدىن بىر قىسىم مۆمىنلەرگە مەخپىيەتلىكنى



www.munber.org

ئاشكارىلاپ، ئۇلارنىمۇ تەييارلىق كۆرۈشكە چاقىردۇق ھەم ئۇلار بىلەن ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئېتىش ۋاقتىغا كېلىشتۇق. قاراڭغۇ چۈشۈپ دېيىشۋالغان ۋاقتىمىز بولغاندا بىز تېشىدىغان جايغا قاراپ ماڭدۇق. بىز دېيىشكەن يەردىن تېشىپ ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەردىكى تەييارلانغان قوراللارنى ئېلىپ چىراقلارنى ياقتۇق ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. تاغامنىڭ قىزى ئۇنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان ئىكەن. ئۇ ماڭا ئىشارەت قىلدى، مەن كىردىم. ئاللاھنىڭ دۈشمىنى قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ بويىنىغا خەنجەر ئۇردۇم. ئۇ كالا خىقىرغاندەك خىقىراپ بوغۇزلانغان تۆگىدەك تىپىرلاپ كەتتى. مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭ خىقىرغىنىنى ئاڭلاپ ساراي تەرەپكە كېلىپ:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى. تاغامنىڭ قىزى ئۇلارغا:

— ئەنسىرىمەي قايتىڭلار! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋەھيي چۈشۈۋاتىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتتى.

بىز تاكى تاڭ ئاتقىچە سارايدا تۇردۇق، تاڭ ئاتقاندا مەن سارايىنىڭ تېمىغا چىقىپ:

— ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر! بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەدنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئەسۋەدنى كەززاب دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن! — دەپ توۋلىدىم، بۇ بىزنىڭ پارول بەلگىمىز ئىدى.

مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپتىن ساراي تەرەپكە قاراپ كېلىشتى، مۇھاپىزەتچىلەر ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈشۈپ كېتىشتى ۋە دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇچرىشىپ ھەتتا گىرەلىشىپ كېتىشتى. مەن ساراي تېمىنىڭ ئۈستىدىن ئەسۋەدنىڭ بېشىنى تاشلىدىم. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قوشۇنى ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇلار بوشىشىپ كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى، مۆمىنلەر تەكبىر ئېيتىشقان ھالدا دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلدى، قۇياش كۆتۈرۈلگىچە ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق تاماملاندى.

«قۇياش كۆتۈرۈلگەندە بىز ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەھۋالنى مەلۇم



www.munber.org



قىلىپ مەكتۇپ يازدۇق. خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر مەدىنىگە يېتىپ بېرىپ دەل شۇ كېچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. لېكىن ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئەسۋەدنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ۋەھيي چۈشكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بولغانلىقىنىمۇ بىلىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: ‹ئەسۋەد كەچتە ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنى مۇبارەك ئائىلىدىن بولغان مۇبارەك ئادەم ئۆلتۈردى› دەپتۇ. ساھابىلەر: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كىم؟› دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ فەيرۇز!... فەيرۇز غەلىبىگە ئېرىشتى!› دېگەن.

ئاللاھ فەيرۇز ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىغا كاتتا ئەجىرلەرنى ئاتا قىلغاي!



www.munber.org

# سۇراقە ئىبنى مالىك

ئەگەر سەن كىسرانىڭ بىر جۈپ بىلەيزۈكىنى
سالساڭ قانداق بولۇپ كېتەرسەن؟

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

بىر ئەتىگىنى قۇرەيشلەر چۆچۈشۈپ ئۇيۇر - تويۇر بولۇشۇپ كېتىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇرت مەھەللىلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە: «مۇھەممەد كېچىسى مەككىدىن چىقىپ كېتىپتۇ!» دېگەن خەۋەر تارقالغان ئىدى، لېكىن قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىلىرى بۇنىڭغا ئىشەنگىسى كەلمىدى، ئۇلار بەنى ھاشىم جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ۋە مۇھەممەدنىڭ بارلىق دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇردى. ئاختۇرۇش ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۆيدە ئەسما بار ئىدى، ئۇنىڭدىن:

— ئاتاڭ قېنى؟— دەپ سوراشتى. ئۇ:

— بىلمەيمەن! — دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەنلا ئەبۇ جەھل ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ تەستىكىگە بىرنى سالدى، تاياق زەربىسىدىن سىلكىنىپ كەتكەچكە ھەتتا ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىسىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاپالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققەتەن مەككىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندى. لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئۇلارنىڭ تەرسالىقىنى تېخىمۇ بەك ئاشۇردى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭغان يولىنى ئىز ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەملەرنى تەشكىل قىلدى ھەم ئىزچىلار بىلەن بىللە ئۇلارمۇ چىقتى. ئۇلار سەۋرى غارىغا كەلگەندە ئىزچىلار:

— بۇ ئادەم بۇ غاردىن تېخى ئۆتۈپ كەتمەپتۇ.— دېيىشتى.

ئۇلار خاتالاشمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دوستى ئەبۇ بەكرى بىلەن بۇ غارغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. قۇرەيشلەر غارنىڭ ئېغىزى

www.munber.org





ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئەبۇ بەكرىنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇھەببەت، كۆيۈنۈش ۋە ئىچىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى، ئەبۇ بەكرى:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەندىشە قىلمىدىم، پەقەت ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسىكەن، دەپ يىغلىدىم،— دەپ پىچىرلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەمكىن ھالدا:

— ئى ئەبۇ بەكرى! سەن غەم قىلما! ئاللاھ بىز بىلەن بىللىدۇر! — دېدى.

ئاللاھ ئەبۇ بەكرىگە خاتىرجەملىكنى چۈشۈردى، ئۇ غار ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ پۇتلىرىغا قارايتتى ۋە:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى پۇتىنىڭ ئاستى تەرىپىگە قارىسىلا ئىككىمىزنى كۆرۈۋالىدۇ، — دېگىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئىككىمىزدىن ئۈچىنچىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىگە قانداق قارايسەن؟— دېدى. ئۇلار غار ئۈستىدىكى بىر ياشنىڭ:

— يۇرۇڭلار! غار ئىچىگە قاراپ باقايلى، — دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى، بۇ چاغدا ئۇمەييە ئىبنى خەلەف مەسخىرىلىك ھالدا:

— غار ئىشىكىدە تور تارتقان ئۆمۈچۈكنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۆمۈچۈك مۇھەممەد تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنمۇ بار ئىكەن،— دېدى. ئەبۇ جەھل:

— لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى بىزگە يېقىن بىر جايدا سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ، ھەرىكەتلىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرامدىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن، لېكىن ئۇنىڭ سېھرى بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنى پەردىلىۋالدى،— دېدى.

قۇرەيشلەر مۇھەممەدنى ئىزدەشتىن بولدى قىلمىدى، ئۇلار مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى يول بويىدا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرگە:

www.munber.org

«كىمكى مۇھەممەدنى تىرىك ياكى ئۆلۈك ھالدا تېپىپ كەلسە ئۇنىڭغا ئىسىل تۆگىلەردىن 100 دانە تۆگە مۇكاپات بېرىمىز!» دەپ جاكارلىدى.

سۇراقە ئىبنى مالىك مەككىگە يېقىن جايدىكى "قۇدەيد" قەبىلىسىدىن بولۇپ ئۇ قوۋمىنىڭ بىر يىغىلىشىدا ئولتۇراتتى، قۇرەيشلەرنىڭ جاكارچىسى بۇ يەرگە كېلىپ بۇ ئېلاننى جاكارلىدى، بۇنى ئاڭلىغان سۇراقە تۆگىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە بولغان قىزىقىشى كۈچەيدى، لېكىن ئۇ بۇنى باشقىلار تۇيۇپ قالمىسۇن، دەپ ئېغىز ئاچماي ئولتۇرۇۋالدى. سۇراقە بۇ يەردىن تېخى قوزغالماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ قوۋمىدىن بىر ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يېنىمدىن ئۈچ ئادەم ئۆتتى، مەن ئۇلارنى مۇھەممەد، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇلارنىڭ يول باشلىغۇچىسىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن، — دېدى. سۇراقە:

— بەلكىم ئۇلار تۆگىسىنى ئىزدەپ چىققان پالانىلار بولۇشى مۇمكىن،— دېۋېدى، ھېلىقى ئادەم: «بەلكىم شۇنداقتۇ» دەپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

سۇراقە ئۆزى بۇ سورۇندىن دەرھال چىقىپ كەتسە بىرەرىنىڭ گۇمانىنىڭ قوزغىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردە بىر ئاز ئولتۇردى، ئاندىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان ھالدا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ دەرھال ئۆيىگە كەلدى ۋە خىزمەتكارىغا كىشىلەرگە تۇيدۇرماي ئاتنى تەييارلاپ ئۇنى جىلغىنىڭ ئوتتۇرىغا باغلاپ قورالىنى ئاتقا يېقىن جايغا قويۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

سۇراقە ساۋۇتىنى كىيىپ، قورالىنى ئېسىپ، ئېتىغا مىندى، مۇھەممەدنى باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن تۇتىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

سۇراقە قەۋمىدىكى ساناقلىق چەۋەندازلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەددى قامەتلىك، بويى ئېگىزلىكى بىلەن تونۇلغان، سەپەرگە چىدامىلىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە ئەقىللىق، زېرەك شائىر بولۇپ، مىنىدىغان





ئېتىمۇ نەسىللىك ئېسىل ئاتلاردىن ئىدى.

سۇراقە يولنى قاتلاپ ماڭدى، لېكىن ئارىدىن ئۇزاق ماڭمايلا ئېتى مۈدۈرۈلۈپ كېتىپ ئۇ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ بۇ ئىشتىن شۇم پال ئېلىپ: بۇ زادى نېمە ئىش؟ ھۇ ئۆلگۈر ئات! دەپ ئېتىغا يەنە مىنىپ يولغا راۋان بولدى، لېكىن ئارىدىن بىر ئاز ئۆتۈپ ئېتى يەنە بىر مۆدۈرلۈپ ئۇ يەنە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە ئارقىغا قايتماقچىمۇ بولدى، لېكىن يۈز تۆگىگە ئېرىشىش ئىشتىياقى ئۇنى يەنە ئالدىغا مېڭىشقا ئۈندىدى.

سۇراقە ئېتىدىن ئىككىنچى قېتىم يىقىلغان يېرىدىن ئۇزاق ماڭمايلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دوستىنى كۆردى. ئۇ ئوقياسىغا قولىنى ئۇزاتتى - يۇ قولى قېتىپلا قالدى، چۈنكى ئۇ ئېتىنىڭ تۇياقلىرىنىڭ زېمىنغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئالدىنى توپا - چاڭ توسۇۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئېتىنى دېۋىتتى، لېكىن ئات يەرگە مىخلىنىپ كەتكەندەك قىمىر قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دوستىغا قاراپ:

— ئى ئىككى ئادەم! سىلەر ئېتىمنىڭ پۇتلىرىنى قويۇۋېتىش ھەققىدە پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلساڭلار، مەن سىلەرگە چىقىلماي! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىۋىدى ئاللاھ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىنى قويۇۋەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈكى يەنە قوزغىلىپ ئاتنى ئۇلار تەرەپكە چاپتۇردى، ئەمما ئاتنىڭ پۇتلىرى بولسا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك چوڭقۇر پېتىپ كەتتى، سۇراقە يالۋۇرۇپ:

— نەرسىلىرىم ۋە قوراللىرىم سىلەرنىڭ بولسۇن! مەن ئارقامدىكىلەرنى قايتۇرۇپ ئەكېتىشكە ۋەدە بېرەي! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بىزگە ئۇ نەرسىلىرىڭنىڭ كېرىكى يوق، لېكىن سەن كىشىلەرنى بىزدىن قايتۇر! — دېدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ مېڭىشىغا دۇئا قىلدى، ئېتى ماڭدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا راۋان بولماقچى بولغاندا



www.munber.org

سۇراقە ئۇلارغا:

— ئاللاھ بىلەن قەسەم! مەندىن سىلەرگە زىيان يەتمەيدۇ،— دېدى.

— سەن بىزدىن نېمە تەلەپ قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىشەن، سىنىڭ دىنىڭ كەلگۈسىدە ئاشكارىلىنىپ، ئىشلىرىڭ يۇكسىلىدۇ، ناۋادا مەن سىنىڭ ھوزۇرۇڭغا بارسام مىنى ھۆرمەتلەشكە ۋەدە بەر! ۋە بۇ توغرىسىدا ماڭا خەت يېزىپ بەر! — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنى بۇيرۇپ بىر سۆڭەك تاختايغا خەت يېزىپ بەردى ۋە قايتقىلىۋاتقاندا سۇراقەگە:

— ئى سۇراقە! ئەگەر سەن كىسرانىڭ بىلەيزۈكىنى تاقىساڭ قانداق قىلارسەن،— دېدى.

— كىسرا ئىبنى ھورمۇزما؟ — دەپ سورىدى سۇراقە ھەيران بولۇپ.

— ھەئە! كىسرا ئىبنى ھورمۇز،— دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

سۇراقە قايتتى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ ماڭغان كىشىلەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا:

— قايتىڭلار! مەن ئۇنى ئىزدەپ ھەممە يەرنى قېزىۋەتتىم، مېنىڭ ئىزدىگۈچى ئىكەنلىكىمنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر،— دېدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا كىشىلەرمۇ قايتىشتى.

سۇراقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە زېمىنىدىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ مەدىنىگە يېتىپ بارغانغا قەدەر، ئۆزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دوستى بىلەن بولغان ئىشلارنى ئاشكارىلىمىدى. كېيىن ئۇ بۇ ئىشلارنى سۆزلىگەندە ئەبۇ جەھىل سۇراقەنىڭ قورقۇنچاقلىقىغا، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىغا مالامەت قىلدى، سۇراقە ئۇنىڭغا:

— ئى ئەبۇ ھەكەم! ئەگەر سەن ئاتنىڭ پۇتلىرىنىڭ يەرگە قانداق پېتىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ، مۇھەممەدنىڭ





ھەقىقەتەن ئىسپات بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە شەك قىلمايتتىڭ، ئاشۇنداق ۋاقىتتا كىممۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلالىسۇن؟— دېگەنىدى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى. قاراڭغۇ كېچىدە مۇساپىر شەكلىدە قېچىپ چىققان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئەمدىلىكتە بولسا مەككىنى فەتىھ قىلغۇچى قوشۇننىڭ رەھبىرى بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇنى قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان نەچچە مىڭ قوشۇن قوغداپ ماڭغان ئىدى. ئەينى چاغلاردا ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك ۋە زومىگەرلىك بىلەن زېمىنغا پاتماي قالغان قۇرەيش كاتتىلىرى قورقۇپ تىترىگەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭدىن ئەمىنلىك سورۇشۇپ، مەغلۇپ ھالدا كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

— بىزنى قانداق جازالايسەن؟ — دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرگە خاس كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارغا:

— بېرىڭلار، سىلەر ئەركىن سىلەر! — دېدى. بۇ ۋاقىتتا سۇراقە تەييارلانغان ئېتىغا مىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇ ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يېزىپ بەرگەن ئەھدىنامىنىمۇ بىللە ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— مەن جىئىرانغا چۈشكۈن قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئەنسارىلاردىن تەشكىللەنگەن مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئىچىگە كىردىم. ئۇلار مىنى نەيزىلىرىنىڭ دەستىلىرى بىلەن ئىتتىرىپ: «نېمە قىلماقچى سەن؟ يىراق تۇر، يىراق تۇر!» دەيتتى، مەن ئۇلارنىڭ توسقان نەيزىلىرىگە پەرۋا قىلماي سەپ يېرىپ ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم، بۇ چاغدا ئۇ تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن سۇراقە بولىمەن، بۇ سىنىڭ ماڭا يېزىپ بەرگەن خېتىڭ» دېدىم، ئۇ: «ئى سۇراقە! كەل، يېقىن كەل! بۈگۈن بولسا ۋەدىگە ۋاپا قىلىنىدىغان، ياخشىلىق قىلىنىدىغان



www.munber.org
www.munber.org

كۆز» دېدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئىسلامغا كىرگەنلىكىمنى ئاشكارىلىدىم، مەن ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ۋە خەيرىيىتىگە ئېرىشتىم.

سۇراقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا سۇراقە قاتتىق قايغۇردى. ئۇ ئەينى چاغدا يۈز تۆگىنى دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى، ئەمدى بولسا پۈتۈن دۇنيادىكى تۆگىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىممىتى ئالدىدا ئۇنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقچىلىك ئەمەسلىكىنى ئەسلىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى چاغدا: «ئى سۇراقە! ئەگەر سەن كىسرانىڭ بىلەيزۈكىنى تاقىساڭ قانداق قىلارسەن؟» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىلىكى ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قولىغا ئۆتتى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى پارس زېمىنىغا خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كىردى ۋە ئۇلارنىڭ قورغان ـ ئىستىھكاملىرىنى پاچاقلاپ، شاھلىق تەختلىرىنى گۇمران قىلدى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ۋەھشىي ئىنسانلارنىڭ سەلتەنەتلىرى ئۆرۈلۈپ نۇرغۇن غەنىمەتلەرنى ئالدى.

ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ ئەلچىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە غەلىبە خۇشاللىقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە ئۇرۇشتا ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى بىرگە ئالغاچ كەلگەن ئىدى. غەنىمەتلەر ئۆمەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇ نەرسىلەرگە قارىدى، چۈنكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە كىسرانىڭ مەرۋايىت تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن تاجى، ئالتۇن يىپلار بىلەن كەشتىلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئېسىل تاش ۋە جەۋھەرلىرى ئورنىتىلغان بەلبېغى، ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان

www.munber.org





شەكىلدىكى بىر جۈپ بىلەيزۈكى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ساناپ بولغۇسىز ئېسىل نەرسىلەر بار ئىدى.

ئۆمەر(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ نەرسىلەرنى ھاسىسى بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ بېقىپ ئەتراپىدىكىلەرگە:

ـــ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغانلار دىيانەتلىك ۋە ئىشەنچلىك ئادەملەر ئىكەن، ـــ دېدى. بۇ چاغدا ئەلى(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!):

ـــ ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! سەن پاك بولغاچقا پۇخرالىرىڭمۇ پاك دىيانەتلىك، ئەگەر سەن چىرىكلەشكەن بولساڭ، ئۇلارمۇ چىرىكلەشكەن بولاتتى، ـــ دېدى.

ئۆمەر سۇراقەنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا كىسرانىڭ كۆينىكىنى، ئىشتىنىنى، تونىنى ۋە ئۆتۈكىنى كىيدۈرۈپ، قىلىچى بىلەن ئېسىل بەلبېغىنى ئېسىپ قويدى، بېشىغا بولسا ئۇنىڭ ئالتۇن تاجىنى تاقىدى، قوللىرىغا ئۇنىڭ ئىككى بىلەيزۈكىنى تاقىدى، بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار: «ئاللاھ ئەكبەر! ئاللاھ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا ئۆمەر سۇراقەنىڭ بۇ سۆلىتىگە قاراپ:

ـــ پاھ، پاھ! بېشىدا كىسرانىڭ تاجى، قولىدا ئۇنىڭ بىلەيزۈكى بولغان مەدلەج قەبىلىسىدىكى ئەرەب، ـــ دېدى. ئاندىن ئاسمانغا قاراپ، ـــ ئى ئاللاھ! سەن بۇماللارنى پەيغەمبىرىڭگە بەرمىدىڭ، ئۇ ساڭا مەندىن سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتلىك ئىدى، ئەبۇ بەكرىگىمۇ بەرمىدىڭ، ئۇ مەندىن سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتلىك ئىدى، ئۇنى بولسا ماڭا بەردىڭ، مەن سېنىڭ بۇ نەرسىلەرنى مېنى جازالاش ئۈچۈن بەرگەن بولۇشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن!... ـــ دېدى. ئاندىن شۇ سورۇن تارقىماي تۇرۇپلا غەنىمەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

www.munber.org

www.munber.org

# ئابدۇللاھ ئىبنى سالام

جەننەتتى كىشىلەرگە قاراپ خۇرسەن بولماقچى بولغانلار ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا قارىسۇن!

ــ ساھابىلەر

ھۇسەن ئىبنى سالام ئەينى چاغلاردىكى مەدىنىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. مەدىنىدىكى ھەر خىل دىن ئەھلى ئۇنى كىشىلەر ئىچىدە تەقۋا، سالىھ، پەرزكارلىقى بىلەن تونۇلغان سەممىي ئادەم، دەپ ھۆرمەتلەيتتى.

ھۇسەيىن ئىنتايىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەتتى، لېكىن ئۇ ۋاقتىنى ھەرگىزمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. ئۇ ۋاقتىنى ئۈچكە بۆلگەن بولۇپ ئۇنىڭ بىر بۆلىكىنى چىركاۋدا ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، ئىككىنچى بىر بۆلىكىنى خورمىلىق بېغىنى پەرۋىش قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن، ئۈچىنچى بىر بۆلىكىنى دىنىي چۈشىنىش ئۈچۈن تەۋرات بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزەتتى.

ئۇ ھەر قېتىم تەۋراتنى ئوقۇپ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقىسى بولغان، مەككىدىن چىقىدىغان پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۈستىگە كەلگەندە ئۇزاق - ئۇزاق توختايتتى ۋە بۇ كەلگۈسىدىكى پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرى، ئالامەتلىرى توغرىسىدىكى بايانلارنى قايتا - قايتا ئوقۇيتتى. كىتابتا خەۋەر بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن مەدىنىگە كېلىدىغانلىقىدىن ھەم بۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنەتتى. ئۇ ھەر قېتىم بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇسا ياكى بۇ مەزمۇنلار ئۇنىڭ خىيالىغا كەچسىلا ئۇ ئاشۇ پەيغەمبەرنى كۆرەلىشى، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەۋۋەلقىسى بولۇشى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئاللاھ دىن بۇنى تىلەيتتى.





ئاللاھ ھۇسەيىن ئىبنى سالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ھەتتا توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنغۇچىلار ئۈچۈن رەھمەت ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگىچە ئۇزۇن قىلدى. ھەمدە ئۇنى بۇ پەيغەمبەر بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، ئۇ ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ھەق دىن بىلەن شەرەپلىنىشكە مۇيەسسەر قىلدى.

بىز ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش جەريانىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى، نەسەبىنى، سۈپەتلىرىنى، كەلگەن ۋاقتى ۋە ئورنىنى سۈرۈشتۈردۈم ھەمدە ئاڭلىغانلىرىمنى تەۋراتتا بايان قىلىنغان سۈپەتلەر ۋە ئۇ توغرىسىدا بېرىلگەن بېشارەتلەر بىلەن سېلىشتۇردۇم. ئاخىردا مەن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، كىتابلاردا ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، لېكىن مەن بۇلارنى يەھۇدىيلاردىن يوشۇردۇم ۋە بۇ ھەقتە ھېچبىر سۆز قىلمىدىم. بۇ ئەھۋال ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن ئېلىپ چىقىپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلگۈچە شۇ بويىچە داۋاملاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ قۇبا كەنتىگە كېلىپ چۈشكەندە بىزنىڭ يېنىمىزغا بىر ئادەم كېلىپ، بىر پەيغەمبەرنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا مەن خورما دەرىخى ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتىم. مېنىڭ هاممام خالىدە بىنتى ھارىس دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئۆزۈمنى تۇتالماي:

ــ ئاللاھ بۈيۈكتۇر!... ئاللاھ ھەممىدىن بەك بۈيۈكتۇر! ــ دەپ توۋلاپ كەتتىم. هاممام مېنىڭ تەكبىر ئېيتقانلىقىمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ:

ــ ئاللاھ سېنى زىيانكارلار ئىچىدە قىلسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! سەن مۇسا ئىبنى ئىمراننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولساڭمۇ بۇنچىلىك قىلىپ كەتمەستىڭ! ــ دېدى هاممام.

www.munber.org

— ئى ھاماا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! بۇ پەيغەمبەر مۇسا ئىبنى ئىمراننىڭ قېرىندىشى، شۇنداقلا ئۇ ئىككىسى بىر دىندا، بۇ پەيغەمبەرمۇ مۇسا ئەۋەتىلگەن ھەق بىلەن ئەۋەتىلگەن!...— دېدىم.

— سىلەر ھەممىشە بىزگە: ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلاپ، پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ ئەۋەتىلىدۇ، دەپ خەۋەر بېرىدىغان پەيغەمبەر مۇشۇمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ھەئە! دەل ئۆزى شۇ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ.

مەن دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ماڭدىم ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىستىلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ۋە مەنمۇ بېرىپ قىستىلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. مېنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى ئاڭلىغان سۆز: ‹ئى خالايىق! سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىڭلار، كېچىدە كىشىلەر ئۇخلىغاندا تۇرۇپ ئىبادەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلارلا جەننەتكە ئامان - ئىسەن كىرەلەيسىلەر!› دېگەن سۆزلەر بولدى.

مەن ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدىم ۋە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ يالغانچىنىڭ چىرايىغا ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلدىم - دە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق! مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دەپ گۇۋاھلىق بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھۇسەيىن ئىبنى سالام.

— بەلكى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام! — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. مەن دەرھال:

— ھەئە، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا بۇنىڭدىن باشقا بىر ئىسمىنىڭ بولۇشىنى ياقتۇرمايمەن،— دېدىم.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن قايتىپ ئۆيۈمگە كېلىپ ئايالىمنى ۋە ئەھلى ئەۋلادىمنى ئىسلامغا چاقىردىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى، هاممام خالىدەمۇ مۇسۇلمان بولدى، ئۇ ناھايىتى ياشىنىپ قالغان ئىدى. مەن ئۇلارغا: ‹سىلەر مېنىڭ ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مەن رۇخسەت قىلمىغۇچە يەھۇدىيلاردىن يوشۇرۇن تۇتۇڭلار› دېدىم. ئۇلار ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇشتى. ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— يەھۇدىيلار بوھتانچى، يۈزسىز ئادەملەردۇر، مەن سېنىڭ ئۇلاردىن كاتتا ئادەملەرنى ھۇزۇرىڭغا چاقىرىشىڭنى، مېنى ئۆيلىرىڭنىڭ بىرىگە مۆكۈندۈرۈپ قويۇشىڭنى، ئاندىن ئۇلار مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلىشتىن بۇرۇن سەن ئۇلاردىن مېنىڭ ھەققىمدە سوراپ كۆرۈشۈڭنى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى مېنىڭ ئورنۇمنى سوراپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن! ئەگەر ئۇلار مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلىپ قالسا مېنى ئەيىبلەيدۇ، مېنى سۆكىدۇ ۋە ماڭا بوھتان چاپلايدۇ، — دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۆيلىرىنىڭ بىرىگە كىرگۈزىۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشكە، ئىماننىڭ گۈزەل تەرىپلىرىنى بايان قىلىشقا، ئۆزى ھەققىدە كەلگەن كىتابلاردىكى بېشارەتلەرنى ئۇلارغا ئەسلىتىشكە باشلىدى. بىراق ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاساسسىز قارشىلىشىشقا، ھەقىقەت توغرىسىدا تالىشىشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن چاغدا ئۇلارغا:

— ھۇسەيىن ئىبنى سالامنىڭ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئورنى قانداق؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

www.munber.org
www.munber.org

— ئۇ بىزنىڭ رەھبىرىمىز ۋە رەھبىرىمىزنىڭ ئوغلى، ئۇ بىزنىڭ ئالىمىمىز ۋە ئالىمىمىزنىڭ ئوغلى، — دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا سىلەرمۇ مۇسۇلمان بولامسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— ئوھوي! ئۇ ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان بولمايدۇ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن ئاللاھ ساقلىسۇن! — دېيىشىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا مەن يوشۇرۇنغان ئۆيدىن چىقىپ:

— ئى يەھۇدىيلار گۇرۇھى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى قوبۇل قىلىڭلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، ئۇنىڭ ھەققىدىكى بېشارەتلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى تەۋراتلاردا ئېنىق يېزىلغانلىقىنى ھەم بىلىسىلەر، مەن ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن ۋە ئۇنى تەستىقلايمەن، ئۇنى ئېتىراپ قىلىمەن! — دېدىم. ئۇلار دەرھال:

— سەن يالغان ئېيتتىڭ! سەن بىزنىڭ ئەڭ ئەسكى ئادىمىمىز! ئەسكى ئادىمىمىزنىڭ بالىسى، بىزنىڭ ئەڭ جاھىلىمىز ۋە ئەڭ جاھىلىمىزنىڭ بالىسى! — دەپ مېنى ئاغزىغا كەلگەن بارلىق ئەيىبلەش سۆزلىرى بىلەن ئەيىبلەشتى، سۆكۈشتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— مەن ساڭا يەھۇدىيلار بوھتانچى، ئەسكى، ئالدامچى ۋە پەسكەش كىشىلەر دېمىگەنمىدىم، — دېدىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئىسلامغا خۇددى ئۇسسۇز ئادەم بۇلاق سۈيىگە تەشنا بولغاندەك تەشنالىق بىلەن كىردى. ئۇ قۇرئانغا شۇنچىلىك بېرىلدىكى، ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ قۇرۇمايتتى. ئۇنىڭ دىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپلا يۈرۈيتتى.

ئۇ جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە شۇنچىلىك



www.munber.org



بېرىلگەنكى ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەققىدە بىر بېشارەت بەرگەن بولۇپ، بۇ بېشارەت ساھابىلەر ئىچىدە ئاشكارا بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ بېشارەت قەيس ئىبنى ئۇبادە رىۋايەت قىلغان قىسسىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مەسجىدىدىكى ئىلىم سورۇنلىرىنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان ئىدىم، بۇ سورۇندا دىللارغا ئارام، جانغا راھەتلىك بەخش ئەتكۈچى بىر پېشقەدەم كىشى بار بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە شۇنچىلىك تەسىرلىك، شېرىن سۆزلەرنى قىلدىكى ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاندا كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىشىپ: ‹جەننەت ئەھلىدىن بىرەر ئادەمگە قاراپ خۇشال بولماقچى بولغان ئادەم مۇشۇ كىشىگە قارىسۇن!› دېيىشتى. مەن ئۇلاردىن: ‹ئۇ كىشى كىم؟› دەپ سورىسام، ئۇلار: ‹ئابدۇللاھ ئىبنى سالام!› دېيىشتى. مەن كۆڭلۈمدە: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئادەمگە ئەگىشىمەن› دېدىم ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىدىن ماڭدىم. ئۇ مېڭىپ مەدىنە شەھىرى ئىچىدىن چىقتى ئاندىن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ كىرىشكە رۇخسەت سورىدۇم، ئۇ رۇخسەت بەردى.

مەن كىرگەندە ئۇ:

— ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

مەن:

— سىز باياتتىن مەسجىدتىن چىقىپ كەتكەندە كىشىلەر سىزگە قاراپ: ‹جەننەت ئەھلىدىن بىرەر ئادەمگە قاراپ خۇشاللانماقچى بولغان ئادەم مۇشۇ ئادەمگە قارىسۇن!› دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، شۇنىڭ بىلەن سىز توغرۇلۇق بىلىش، ھەمدە كىشىلەرنىڭ بۇنى قانداق بىلىۋالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئارقىڭىزدىن كەلدىم، — دېدى. ئۇ ماڭا:

— ئى بالام! جەننەت ئەھلىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ! — دېدى.

— ھەئە... شۇنداق، لېكىن ئۇلار دېگەن سۆزنىڭمۇ بىرەر ئاساسى بولۇشى كېرەك؟

— مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى ھازىرلا ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ ۋە



www.munber.org

سۆزلەشكە باشلىدى، ــ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىر كېچىسى مۇنداق چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بىر ئادەم كېلىپ ماڭا: ‹ئورنۇڭدىن تۇر!› دېدى، مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇ ئادەم مېنىڭ قولۇمدىن تۇتتى. مېنىڭ سول تەرىپىمدە بىر يول بار ئىكەن مەن شۇ يولدا ماڭماقچى بولغىنىمدا ئۇ ئادەم: ‹قوي ئۇنى! ئۇ سېنىڭ يولۇڭ ئەمەس› دېدى. مەن شۇنداق قارىسام ئوڭ تەرىپىمدە بىر ئوچۇق يول پەيدا بولدى، ھېلىقى كىشى مېنى ئاشۇ يولدا مېڭىشقا بۇيرۇدى، مەن شۇ يولدا مېڭىپ ئاخىرىدا ئارىلىقلىرى كەڭرى كەتكەن، ياپ ـ يېشىل، گۈزەل بىر باغچىغا كىرىپ قالدىم. بۇ باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈۋى يەردە، ئۇچى ئاسمانغا تاقاشقان بىر تۆمۈردىن بولغان تۈۋرۈك بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇچىدا ئالتۇندىن ياسالغان بىر ھالقا بار ئىكەن، ئۇ كىشى ماڭا: ‹ئۇنىڭغا چىق!› دېدى. مەن: ‹چىقالمايمەن› دېدىم. ئۇ چاغدا مېنىڭ قېشىمغا بىر خىزمەتچى كېلىپ مېنى كۆتۈردى، مەن يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەپ ھەتتا تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىغا چىقتىم ـ دە ھېلىقى ئالتۇن ھالقىنى ئىككى قولۇم بىلەن تۇتۇۋالدىم. مەن تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇنىڭغا ئېسىلىپ قالدىم.

«ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈمنى بايان قىلىپ بەردىم، ئۇ ماڭا: ‹سول تەرىپىڭدە سەن كۆرگەن يول دوزاخنىڭ يولى، ئوڭ تەرىپىڭدىكى يول بولسا جەننەت ئەھلىنىڭ يولى، سېنى گۈزەللىكى ۋە يېشىللىقى بىلەن ھەيران قالدۇرغان باغ بولسا ئىسلام، باغ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈك بولسا دىنىنىڭ ئاساسى، ھالقا بولسا مۇستەھكەم تۇتۇلىدىغان ئېتىقاد، سەن ئۇنىڭغا تاكى ئۆلگۈچە ئېسىلىپ تۇرىدىكەنسەن!› دېگەن ئىدى، ــ دېدى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام».





## رەبىئە ئىبنى زىياد ھارىس

مەن خەلىپە بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھېچكىم ماڭا رەبىئە ئىبنى زىيادتەك راست گەپ قىلىپ باقمىدى.

ــئۆمەر ئىبنى خەتتاب

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىسلام نۇرىغا پۈركىگەن شەھىرى مەدىنە بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ خەلىپىسى ۋە سادىق دوستى ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن ئايرىلىپ قالغانلىق ماتەم قايغۇسىغا چۆمۈلگەن ئىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قا قول بېرىپ ئۇنىڭ خەلىپىلىكىگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا بەھرەيندىن كەلگەن ئەلچىلەر باشقا بىر تۈركۈم ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە كىرىپ كەلدى. «ئەلفارۇق» لەقىمى بىلەنمۇ ئاتالغان مۆمىنلەرنىڭ بۇ يېڭى خەلىپىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان دانا پىكىر جەۋھەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ئەلچىلەردىن تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئۆمەر قېشىغا كىرگەنلەردىن بىر قانچە كىشىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ئۇلاردىن ئۆمەر ئۈمىد قىلغاندەك بىرەر گەپ چىقمىدى. ئۇ ئەلچىلەر ئىچىدە تۇرقىدىن ياخشىلىق ئالامىتى بىلىنىپ تۇرغان بىر ئادەمگە ئىشارەت قىلىپ:

ــ سەن ئۆز كۆز قارىشىڭنى سۆزلەپ باق! ــ دېدى.

ئۇ ئادەم ئالدى بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇغاندىن كېيىن:

ــ ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئاللاھ سېنى مۇسۇلمانلارغا سىناق

يۈزىسىدىن خەلىپە قىلدى، سەن ئىگە قىلىنغان ئىشلاردا ئاللاھتىن قورق! بىلگىنكى فۇرات دەرياسى قىرغىقىدا بىرەر قوي يىتىپ كەتسە قىيامەت كۈنى شۇنىڭ سورۇقىنى تارتىسەن، — دېدى.

ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلاپ كەتتى ۋە:

— مەن خەلىپە بولغاندىن باشلاپ ھېچكىم ماڭا سەندەك راست گەپ قىلىپ باقمىغانىدى، سەن كىم بولىسەن؟— دەپ سورىدى ئۇ سۆھبەتدىشىدىن.

— مەن رەبىئە ئىبنى زىياد ھارىس.

— مۇھاجىر ئىبنى زىياد ھارىسنىڭ قېرىندىشىمۇ؟

— ھەئە.

مەجلىس تارقىغاندا ئۆمەر ئەبۇ مۇسانى چاقىرىپ:

— سەن رەبىئە ئىبنى زىيادنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەت! ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا ئۇنىڭدا مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياخشىلىق بار، ئۇنى بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ماڭا ئۇنىڭ خەۋىرىنى بەر! — دەپ تاپىلىدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەبۇ مۇسا خەلىپىنىڭ بۇيرىقىغا ئاساسەن ئەھۋاز زېمىنىدىكى مەنازىر شەھىرىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر تەييارلاپ بۇ قوشۇنغا رەبىئە ئىبنى زىياد ھارىسنى ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقان مۇھاجىر قېرىندىشىنىمۇ ئېلىۋالدى.

ئەبۇ مۇسا مەنازىر شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى، ئۇرۇش تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان بۇنداق ئۇرۇشنى ئۇلار تېخى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. مۇشرىكلار ئۇرۇشۇش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىگى ۋە چىدامچانلىقى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنىدا تالاپەت كۆپىيىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار بۇ كۈندە رامىزان روزىسىنى تۇتقان ھالدا ئۇرۇشتى.

رەبىئەنىڭ قېرىندىشى مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆلۈمنىڭ

www.munber.org





كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئاتىدى - دە ئۆلۈمگە تەييارلاندى ھەم قېرىندىشى رەبىئە ئىبنى زىيادقا ۋەسىيەت قىلدى. رەبىئە ئىبنى زىياد ئەبۇ مۇسانىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم ھازىر روزا تۇتقان ھالدا ئاللاھ يولىدا ئۆز جېنىنى تىكمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش بىلەن روزىنىڭ قىيىنلىقى تەڭ كېلىپ ئىرادىلىرى بوشاپ قېلىۋاتىدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى روزىنى بۇزۇشقا ئۇنىمايىۋاتىدۇ، ئەمدى سەن خالىغان بۇيرۇقىڭنى بەر! — دېدى.

ئەبۇ مۇسا ئورنىدىن تۇرۇپ قوشۇنغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى! مەن ھەر بىر روزا تۇتقۇچىنىڭ ياكى روزىسىنى بۇزۇشنى ياكى ئۇرۇشتىن چېكىنىشنى بۇيرۇيمەن! — دېدى ۋە كىشىلەرنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن يېنىدىكى چۆگۈندىن سۇ ئىچتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سۇ ئىچتى. رەبىئەنىڭ قېرىندىشىمۇ بۇنى ئاڭلاپ دەرھال سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچتى ۋە:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن بۇ سۇنى ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باشلىقنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئىچتىم، — دېگىنىچە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، سەپلەرنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۈشمەنلەرنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىشقا باشلىدى.

ئۇ دۈشمەن سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرگىنىدە ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭغا قىلىچ پىلدىرلىدى ۋە نەيزە، ئوقيالار ئۇچۇپ كېلىپ سانچىلىشقا باشلىدى، ئاخىرى ئۇ يەرگە يىقىلدى. دۈشمەن قوشۇنى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ ئېگىز بىر يەرگە ئېسىپ قويۇشتى.

رەبىئە قېرىندىشىنىڭ بېشىغا قاراپ:

—مۇبارەك ۋە ياخشى ئورۇنلار ساڭا بولسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئاللاھ خالىسا مەن سەن ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن! — دېدى.

ئەبۇ مۇسا رەبىئەنىڭ قېرىندىشىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى،

www.munber.org

دۈشمەنلەرگە دىلىدا نەپرەت يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزى سۇس شەھىرىنى فەتھى قىلىشقا يۈرۈپ كەتتى.

رەبىئە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى مۇشرىكلارغا خۇددى بوراندەك ئېتىلدى ۋە شەھەر سېپىلى ئىچىگە كەلكۈن دومىلاتقان تاشتەك باستۇرۇپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ كۈچى ئاجىزلاپ ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن مۇنازىرە شەھىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا فەتھى قىلىندى. رەبىئە قارشىلاشقانلارنى ئۆلتۈرۈپ كىچىكلەرنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇ يەردىن ئاللاھ خالىغان نەرسىلەرنى ئولجا ئالدى.

مەنازىر ئۇرۇشىدىن كېيىن رەبىئە خۇددى كېچە ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق سىما بىلەن ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ شەرەپلىك نامى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغان كاتتا قوماندان بولۇپ ئاتالدى. مۇسۇلمانلار سىجىستان شەھىرىنى فەتھى قىلىش قارارىغا كەلگەندە قوشۇننىڭ قوماندانلىقى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق بۇ شەھەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى ئۈمىد قىلىندى.

رەبىئە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان قوشۇننى باشلاپ يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ كېسىپ ئۆتەلمەيدىغان مۇساپىسى 75 فەرسەخ كېلىدىغان بۇ بىپايان چۆلنى بېسىپ ئۆتۈپ سىجىستانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ بۇ يۈرۈشتە تۇنجى بولۇپ دۇچ كەلگىنى سىجىستانغا ئۆتەر يولدىكى روستوقۇزالىق شەھىرى بولدى. بۇ شەھەر ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان، كاتتا بىنالار سېلىنغان بايلىقى كۆپ، مېۋىلىرى مول بىر شەھەر ئىدى.

زىرەك قوماندان رەبىئە بۇ شەھەرگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن بۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى يىراقتىن كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ شەھەر ئەھلىنىڭ پات ئارىدا ناھايىتى چوڭ بىر بايرام ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى پەملىدى ۋە بايرام مەزگىلىدە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى. ئاخىرى بايرام



www.munber.org



ۋاقتىمۇ كەلدى، شەھەر خەلقى ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز بايرام تەنتەنىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان كېچىلەرنىڭ بىرىدە شەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ شەھەر خەلقىنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىشقا باشلىدى.

بۇ شەھەرنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئىشغال قىلىپ ئۇلاردىن 20 مىڭ كىشىنى ئەسىرگە ئالدى، بۇ شەھەرنىڭ باشلىقىمۇ ئەسىرگە چۈشتى. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە باشقا بىر كەنتتىن بۇ شەھەرنىڭ باشلىقىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن پۇل ئېلىپ كەلگەن بىر خادىم بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدىن 300 مىڭ تەڭگە چىقتى.

— بۇ پۇللارنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى رەبىئە.

— كەنتلەرنىڭ بىرىدىن،— دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار.

— ھەر بىر كەنتتىن ھەر يىلى مۇشۇنچىلىك پۇل يىغىلامدۇ؟

— شۇنداق.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا شەھەر باشلىقى ئۆزى ۋە بالىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تۆلەم پۇلى بىلەن كەلدى.

— سەن كۆپ بەدەل تۆلىسەڭ ئاندىن قويۇۋېتىمەن،— دېدى رەبىئە شەھەر باشلىقىغا. شەھەر باشلىقى:

— نېمە شەرت؟ — سورىدى شەھەر باشلىقى.

— مەن نەيزەمنى يەرگە سانجىيمەن، سەن نەيزەمنىڭ ئەتراپىغا تاكى نەيزەم كۆمۈلگىچە ئالتۇن ـ كۈمۈش تۆكىسەن.

شەھەر باشلىقى بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، كانلىرىغا بېرىپ نەيزە كۆمۈلگىچە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېلىپ كېلىپ تۆكتى.

رەبىئە ئۇزۇننىڭ غالىپ قوشۇنى بىلەن سىجىستان زېمىنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇۋاقلىرى دەسسىگەن ھەممە يەر ئۇلارنىڭ فەتھى قىلىنغان زېمىنىغا ئايلاندى. نۇرغۇن شەھەر ئەھلى ئۇلارنىڭ يۈزىگە تىغ قورال تەڭلەنمەستىنلا ئۆزلىكىدىنلا تەسلىم بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. سىجىستان شەھىرى بولسا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە

قارىماي قارشىلىق بىلدۈرۈپ شەھەرنى ساقلاپ قېلىش پىلانىنى قۇرۇشقان ئىدى.

ئىككى تەرەپ ئۇچۇرۇشۇپ جەڭ مەيدانىدا شۇنچىلىك قاتتىق ئۇرۇشتىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى مۇسۇلمانلار تەرەپكە يۈزلەنگەندە بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى بەرۋەيز كۈچىنىڭ تۈگەش ۋاقتىدىن بۇرۇن، سۈلھى ئارقىلىق ئۆزى ۋە خەلقىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە رەبىئەگە ئەلچى ئەۋەتتى، رەبىئە سۈلھى تۈزەشكە ماقۇل بولۇپ ۋاقىت بېكىتتى. رەبىئە قول ئاستىدىكىلەرگە كەلمەكچى بولغان بەرۋەيزنىڭ يولىغا ۋە سۈلھى تۈزۈلىدىغان ئورۇننىڭ ئەتراپىغا پارس ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى قالايمىقان تاشلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

رەبىئەنىڭ ئۆزىمۇ گەۋدىلىك ئېگىز بوي، سۈرلۈك ئادەم بولغاچقا ئۇنىڭغا قارىغان ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى. بەرۋەيز سۈلھىگە رەبىئەنىڭ قېشىغا كىرىش بىلەنلا تېنى شۈركۈنۈپ قورققىنىدىن بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىپ كەتتى. يۈرىكىنىڭ سېلىشى ئىتتىكلەپ ھەتتا ئۇنىڭغا يېقىنلىششقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

بەرۋەيز كېكەچلەپ تۇرۇپ سۈلھىنىڭ بەدىلى ئۇچۇن بېشىدا ئالتۇندىن جامى بولغان مىڭ نەپەر قۇل تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە بەردى. رەبىئە بۇ كېلىشىمگە ماقۇل بولدى.

ئەتىسى رەبىئە بېشىدا ئالتۇن جامى بار مىڭ نەپەر قۇل بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلارنىڭ تەكبىرلىرى ئارىسىدا شەھەرگە غالىبلارچە كىرىپ كەلدى. مانا بۇ كۈن ئاللاھنىڭ كۈنلىرىنىڭ ئىچىدىكى خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى.

رەبىئە ھاياتى بويىچە ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلار ئۇچۇن دۈشمەنگە ئۇرۇلغان قىلىچى بولۇپ ياشىدى. ئۇ مۇسۇلمانلار ئۇچۇن نۇرغۇن شەھەرلەرنى فەتھى قىلىپ ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇپ بەردى. خەلىپىلىك ھوقۇقى بەنى ئۇمەييەگە كەلگەندە مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سوفيان ئۇنى خۇراسانغا باشلىق قىلدى. لېكىن رەبىئە بۇنىڭغا قىزىقمىدى. بولۇپمۇ بەنى ئۇمەييە



www.munber.org



مۆتىۋەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان تۆۋەندىكى خېتى ئۇنىڭ ھوقۇققا بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: «مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سوفيان ئۇرۇشتا ئولجىغا چۈشكەن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ، قالغانلىرىنى مۇجاھىتلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ!»

رەبىئە بۇ خەتكە جاۋابەن: «مەن ئاللاھنىڭ كىتابىدىن مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ماڭا بۇيرىغان نەرسىنىڭ دەل ئەكسىنى تاپتىم» دەپ يېزىپ ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن كىشىلەرگە: «ئەتە ئەتىگەندە غەنىمەتلىرىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار!» دەپ جاكارلاتقۇزدى. ئاندىن غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى دەمەشقتىكى مۇسۇلمانلار خەلىپىسىگە ئەۋەتىپ بەردى.

بۇ خەت يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى جۈمە كۈنى رەبىئە ئاق كىيىم كىيىپ مەسجىدكە كېلىپ كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىدى. ئاندىن كىشىلەرگە:

ــ مەن ھاياتلىقتىن چارچىدىم، مەن دۇئا قىلىمەن، ماڭا ئامىن دېيىشىپ بېرىڭلار! ــ دېدى. ئاندىن، ــ ئى ئاللاھ، ئەگەر سەن مەندە بىرەر ياخشىلىق بار دەپ قارىساڭ مېنى كېچىكتۈرمەستىن ئۆز دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەتكىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. كىشىلەر:

ــ ئامىن! ــ دېيىشتى.

دەل شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كۈن تېخى پاتماي تۇرۇپلا رەبىئە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا كېتىپ قالدى. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن!)



www.munber.org

# سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتەللىب

سەفىيە ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش يولىدا
تۇنجى بولۇپ مۇشرىك ئۆلتۈرگەن ئايالدۇر.

ئەرلەر شۇنچە يۇقىرى ھۆرمەت - ئىكرام بىلەن تەرىپىنى قىلىدىغان بۇ تەمكىن، ئەقىللىق ۋە قەھرىمان ئايال كىم؟ ئىسلام تارىخىدا مۇشرىك ئۆلتۈرگەن ئاياللارنىڭ تۇنجىسى بولغان بۇ باتۇر ئايال كىم؟ مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئاللاھ يولىدا قىلىچ كۆتەرگەن تۇنجى ئاتلىق پەھلىۋاننى تەربىيىلەپ مۇسۇلمان قوشۇنى سېپىگە قاتقان كەسكىن تەدبىرلىك بۇ ئايال كىم؟

بۇنچىلىك كۆپ سورالغان بۇ ئايال، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هاممىسى، قۇرەيش قەبىلىسى هاشىم جەمەتىدىن بولغان ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى — سەفىيەدۇر.

بۇ ئايال نەسەب جەھەتتىن ھەر تەرەپلىمە ئېسىل نەسەب بىلەن نېمەتلەنگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇلمۇتەللىب بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دادىسى، يەنى قۇرەيشلەرنىڭ ئاقساقىلى ۋە ئۇلار ئىتائەت قىلىدىغان كاتتىۋېشى ئىدى؛ ئانىسى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ ھەمشىرىسى ھالە بىنتى ۋەھب ئىدى. بۇندىن باشقا يەنە نىكاھ جەھەتتىنمۇ ئېسىل مەرتىۋىلىك ئورۇنغا چىققان بولۇپ ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى بەنىي ئۇمەييە قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋېشى بولغان ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربىنىڭ قېرىندىشى ھارىس ئىبنى ھەرب؛ ئىككىنچى ئېرى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ قېرىندىشى ئەۋۋام ئىبنى خۇۋەيلىد ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ئوغلى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىسى قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى ئىسلام تەرەپتىن كىشىنىڭ دىللىرى سۆيۈنگىدەك بىر نېمەتكە ئىگە قىلغانىدى.

سەفىيەنىڭ ئىككىنچى ئېرى ئەۋۋام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە ئۇلارنىڭ



www.munber.org



يالغۇز ئوغلى زۇبەير تېخى كىچىك بولۇپ، سەفىيە بۇ بالىسىنى جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىدايدىغان يارالىق، باتۇر بىر جەڭچى قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنلىرىنىمۇ ئوقيا ئېتىش، قورال ياساش، خەتەرلىك ئورۇنلارغا كىرگۈزۈپ ۋە چىقىرىش، ھەرقانداق قىيىن بىر جايلاردىن چېكىنمەي ئىلگىرىلەشتەك پائالىيەتلەر بولىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. بالا بۇنداق ئويۇنلار ئارقىلىق ئويناشتىن باش تارتقاندا ياكى چېكىنگەندە ئانىسى ئۇنى قاتتىق ئۇراتتى، ھەتتا بۇ ھەقتە زۇبەيرنىڭ تاغىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىپ: كىچىككىنە بالىنى شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ؟ ئانا تۇرۇپ بالىنى شۇنداق ئۇرامسىز؟!... دېگەندە سەفىيە ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

كىشى چۈشىنەرمىدى كىش كۆڭلىنى؟
دېيىشتى بالىغا ئەمەس كۆيۈمچان.
ئارزۇيۇم ئوغلۇمنى ئۆستۈرمەك باتۇر،
جەڭلەردە شان قۇچار، غالىپ، قەھرىمان.

ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى توغرا ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەندە ۋە ئۇنى يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشلاپ ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇل مۇتەللىپ جەمەتىدىكى ئەر- ئايال، قېرى- ياش ھەممىسىنى يىغقان ۋە ئۇلارغا تەشۋىق قىلىپ:

— ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! ئى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى سەفىيە! ئى ئابدۇل مۇتەللىپنىڭ جەمەتى! ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەن سىلەر ئۈچۈن ھېچنېمىگە كاپالەتلىك قىلالمايمەن! — دېگەنىدى ۋە ئۇلارغا تەبلىغ قىلىپ ئۇلارنى ئاللاھقا ئىشىنىشكە ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاشقا چاقىرغانىدى.

ئۇلاردىن ئىلاھىي نۇرغا يۈزلەنگىنى يۈزلەندى، يۈزلەنمىگىنى يۈز ئۆرۈدى. سەفىيە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن، پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى تەستىقلىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلىرىدىن بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل



www.munber.org

بولغان بولۇپ، ئىسلام ئۇنى ھەقىقىي ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئىگە قىلدى.

سەفىيە، ئوغلى زۇبەير بىلەن مۇسۇلمانلار سېپىگە قەدەم قويىدى ھەم بۇرۇن ئىسلامغا كىرگەن بارلىق مۇسۇلمانلار بېشىدىن كەچۈرگەن ئازاب ئوقۇبەتنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئاللاھ پەيغەمبىرىنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغاندا ھاشىم جەمەتىدىن بولغان ئابرۇيلۇق بۇ ئېسىل خانىم ئۆتمۈشىگە دائىر بارلىق ئەسلىمىلەر، نام-ئابرۇي، شانۇ- شەۋكىتىنى مەككىدە قالدۇرۇپ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە يول ئالدى.

يېشى ئاتمىشقا يېقىنلاشقان بۇ خانىمنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز ئىش- ئىزلىرى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرارلىق بولۇپ، بىزنىڭ ئۇ ئىش- ئىزلاردىن تۆۋەندىكى ئىككى مىسالنى كەلتۈرۈشىمىزلا خۇددى تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭغا بەرگەن تەرىپىمىزگە دەلىل بولالايدۇ.

بىرى، ئوھۇد جېڭىدىكىسى بولۇپ، سەفىيە بۇ ئۇرۇشقا مۇسۇلمان قوشۇنىدىكى ئاياللار سېپىدە چىققان ئىدى، جەڭ مەيداندا ئۇ سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش، بۇزۇلغان ئوقيا ۋە ئوقلارنى ئوڭشاشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى جەڭ مەيدانىنىڭ ئەھۋالىنى كۈزىتىشكە مەركەزلەشكەن ئىدى. بۇنىڭ ھەيران قالارلىق نېمىسى بار؟ چۈنكى ئۇ جەڭ مەيداندا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە قېرىندىشىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، قېرىندىشى ھەمزە ئىبنى مۇتەللىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ياردەمچىسى بولغان زۇبەير، يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى جەڭ قىلىۋاتسا... تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنى تېخىمۇ ھاياجانغا سېلىۋاتقىنى، بۇ جەڭدە شېھىتلىككە ئېرىشىپ ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك نېمىتىگە ئېرىشىش ياكى تىرىك قالغان تەقدىردە داۋاملىق جىھاد قىلىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقانلىقنىڭ ئەجرىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بىر مۇقەددەس ساۋاب ئىدى.

جەڭ مەيدانىنى ئەستايىدىل كۆزەتكەچ ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتقان





سەفىيە، تۇيۇقسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا بىر قانچە كىشىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتلەنلىكىنى، مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا يېقىنلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى- دە، قولىدىكى سۇ قاچىسىنى چۆرۈۋېتىپ، خۇددى بالىلىرىنى ھۆججۇمدىن قوغدىماقچى بولغان چېشى يولۋاسقا ئوخشاش جەڭ مەيدانىغا ئېتىلىپ بارغىنىچە قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىن بىر تال نەيزىنى يۇلۇپ ئالدى - دە، سەپلەرنى بۆسۈپ كىرىپ ئۇچرىغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى نەيزىسى بىلەن ئۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

— ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغۇز تاشلاپ قاچامسىلەر؟ — دەپ ۋارقىراپ، بىر ياقتىن قاچقانلارغا خىتاب قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپلەرنى بۆسۈپ كېلىۋاتقان سەفىيەنى كۆرۈپ ئۇنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىتى پارچىلىۋېتىلگەن قېرىندىشى ھەمزىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ زۇبەيرگە:

— ئۇ ئايالغا دىققەت قىل! ئۇ ئايال!... — دېگىنىچە سەفىيەنىڭ ئالدىغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋېرىشىدىن توسۇپ قالماقچى بولدى. زۇبەير بولسا: — ئانا! ئارقىڭىزغا يېنىڭ، ئانا! ئارقىڭىزغا يېنىڭ، — دەپ تۈۋلايتتى جەڭ قىلغاچ. سەفىيە بولسا ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن:

— نېرى تۇر، بۇ يەردە سېنىڭ ئاناڭ يوق... — دەيتتى

— ئانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزنى قايتسۇن! دەيدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟ مەن قېرىندىشىم ھەمزىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئاللاھ يولىدا بوپتۇ!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا سەفىيەنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، زۇبەيرگە بولدى قىلىشنى بۇيرۇدى. زۇبەير ئانىسىنى قويۇۋەتتى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئۇ قېرىندىشى ھەمزىنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ يېرىلىپ يۈرىكىنىڭ

سۈغىرىۋېلىنغانلىقىنى، قولاق ۋە بۇرۇنلىرىنىڭ كېسىۋېلىنىپ، چىرايىنىڭ تونۇغۇسىز دەرىجىدە بۇزىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئاللاھ! ئۇ سېنىڭ يولۇڭدا شېھىت بولدى! مەن ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولدۇم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن سەۋرى قىلىمەن ۋە بۇ ئىشلارغا ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىد قىلىمەن! ــ دېدى.

مانا بۇ ئۇنىڭ ئوھۇد جېڭىدىكى مەيدانى.

ئۇنىڭ خەندەك ئۇرۇشى بولغان چاغدىكى كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى، ئۇنىڭ نەقەدەر زېرەك، ئەقىللىق ۋە باتۇر ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى.

بىرەر ئۇرۇشقا چىقماقچى بولسا ئالاھىدە قوغدىغۇچى قوشۇن ۋە مۇھاپىزەتچىلەر بولمىغان ئەھۋالدا ئاياللار ۋە بالىلارنى مەدىنىدىكى بىرەر مۇستەھكەم قورغان ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق ئادەتلىرىدىن ئىدى.

خەندەك ئۇرۇشىغا چىقىش ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھامملىرىنى، ئاياللىرىنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇششاق باللىرىنى ھەسسان ئىبنى سابىتقا دادىسىدىن مىراس قالغان قورغان ئىچىگە ئەكىرىپ قويدى، بۇ مەدىنىدىكى قورغانلار ئىچىدە ئەڭ مۇستەھكىمى ئىدى. بۇ قورغاننىڭ تاملىرى ناھايىتى ئېگىز ئىدى.

مۇسۇلمانلار خەندەك ئەتراپىغا يىغىلىپ دۈشمەن ۋە ئۇنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتەك ئۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش تۇرغان بىر پەيتتە سەفىيە تۇن قاراڭغۇسىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان بىر سايىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سايىدىن چىققان شەپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئەسلىدە بىر يەھۇدىي قورغان تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى بولسا قورغان ئىچىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ- تىڭلاش بولۇپ ئۇ بۇ مەقسەتتە قورغان ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

سەفىيە بۇ يەھۇدىينىڭ قورغان ئىچىدە تۇرغان كىشىلەر پەقەت ئاياللار ۋە بالىلاردىنلا ئىبارەتمۇ ياكى ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەتچىسىمۇ بارمۇ؟



www.munber.org



دەپ ئەھۋال ئۇقۇقىلى كەلگەن يەھۇدىي جاسۇسى ئىكەنلىكىنى بىلدى- دە، كۆڭلىدە «بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدىكى كېلىشىمنى بۇزۇپ، قۇرەيش ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ياردەم بەرگىلى كېلىۋېتىپتۇ، ناۋادا ئۇلار بۇ قورغانغا كېلىپ قالسا بۇ يەردە بىرمۇ ئەركىشى يوق، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭگە يارايدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ئەگەر ئاللاھنىڭ بۇ دۈشمەنلىرى بۇ يەردىكىلەرنىڭ قوغدىغۇچىسىز قالغان ئاياللار ۋە بالىلاردىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلسە ئاياللارنى ئەسىرئالىدۇ، بالىلارنى قۇل قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارغا بۇ بىر چوڭ مۇسىبەت بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى- دە ياغلىقىنى ئېلىپ بېشىنى يۆگىدى، كىيىمىنى چىڭ باغلاپ قولىغا كالتەكنى ئالدى، ئۇ قەلئەنىڭ ئىشىكىنىڭ قىشىغا كېلىپ ئىشىكنى ئاستا قىيا ئېچىپ ئۆزىنى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا دالدىغا ئالدى، سەفىيە ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىنىڭ دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا تامامەن قۇلايلىق ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن، كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۈشمەننىڭ بېشىغا زەرب بىلەن ئۇردى، ھەددىدىن قاتتىق ئۇرغاچقا كاكتەك ئۇنىڭ قولىدىن قاڭقىپ چۈشۈپ كەتتى، ئۇ كالتەكنى قولىغا ئېلىپ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم ئۇردى، يەھۇدىي يىقىلىپ شۇھامان جان بەردى.

سەفىيە جەسەتنىڭ يېنىغا بېرىپ يېنىدىكى پىچىقى بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئۇنى سېپىل تېمىدىن ئارتۇلدۇرۇپ تاشلىدى، باش دومىلاپ سېپىل سىرتىدا ئۇنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ئالدىغىلا چۈشتى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلار: «مۇھەممەد ئاياللار ۋە بالىلارنى مۇھاپىزەتسىز تاشلاپ قويماپتۇ» دېيىشىپ تىكىۋېتىشتى.

ئاللاھ ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى سەفىيەدىن رازى بولسۇن! ئۇ مۇسۇلمان ئاياللىرىغا تەڭداشسىز بىر قەھرىمانلىق نەمۇنىسىنى ياراتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر بالىسىنى ھەقىقىي يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتا بولسۇن، ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغان قېرىندىشىغا ماتەمدار بولغان ئەھۋالدا سەۋرى قىلىشتا بولسۇن ۋە ياكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا



www.munber.org

دۈچ كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئەقىل- ئىقتىدارىنى نامايەندە قىلىشتا بولسۇن ئۇ مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى بىر ياخشى ئۈلگە بولدى. تارىخ ئۆزىنىڭ نۇرلۇق بەتلىرىگە: «ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى سەفىيە ئىسلامدا مۇشرىك ئۆلتۈرگەن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تۇنجىسى» دەپ يازدى.

www.munber.org





## ئۇتبە ئىبنى غەزۋان

ئۇتبەنىڭ ئىسلامدا ئورنى بار.

ــئۆمەر ئىبنى خەتتاب

مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنىغا كېلىپ ياتتى. بىراق ئۇنىڭ ئۇيقىسى كەلمىدى، چۈنكى بۇرەيدە ئۇنىڭغا: «پارس قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ مۇسۇلمان قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولايلا دېگەندە ئۇلارغا ئۇ يەر- بۇ يەردىن ياردەم كېلىپ ئۇرۇشنى قايتىدىن باشلاۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئىدى. خەۋەردە يەنە «ئۇبەللە» شەھىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن پارسلىقلارنىڭ ئارقا سەپ بازىسى قاتارىدا تەمىنات بىلەن تەمىنلەۋاتقانلىقىدىنمۇ ئۇچۇر بېرىلگەن ئىدى. ئۆمەر ئۇبەللە شەھىرىنى پەتھى قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ پارس قوشۇنىغا ياردەم بېرىش يولىنى ئۈزۈش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتمەكچىمۇ بولدى، بىراق ئادەمنىڭ ئازلىقىنى ئويلاپ بۇ خىيالىدىن ياندى. چۈنكى ئۆمەرنىڭ قېشىدا ئاز ساندىكى ياشانغان كىشىلەردىن باشقا ھەممىسى ئۇرۇشقا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ بۇرۇنقى يولىنى، يەنى قوشۇننىڭ ئازلىقىدىن ئىبارەت بۇ بوشلۇقنى قوماندانىنىڭ پاراستى بىلەن تولدۇرۇشتەك تەدبىرىنى ئىشقا سالماقچى بولدى. ئۇ كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ خىيال ئىكرانىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ خىيالىغا تۇيۇقسىز كەلگەن بىرسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئۆزىمۇ تۇيمايلا: «تاپتىم! تاپتىم!» دەپ ۋاقىرىۋەتتى. ئاندىن بىرئاز پەسكويغا چۈشۈپ بېشىنى ياستۇققا قايتا قويغاندىن كېيىن: «ئۇ دېگەن بەدىر، ئوھۇد، خەندەك ۋە باشقا ئۇرۇشلارغا قاتناشقان مۇجاھىد، يەمامە ئۇرۇشىنىڭ مەيدانلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن شاھىت، ئۇنىڭغا بىرەر تال ئوق ياكى بىرەر قىلىچمۇ خاتا

www.munber.org

تېگىپ كېتىپ قالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ زېمىن يۈزىدە ئەڭ بالدۇر ئىمان ئېيتقان يەتتە كىشىنىڭ يەتتىنچىسى، شۇنداقلا ئىسلامدىكى ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

تاڭ ئاتقاندا ئۆمەر:

— ئۇتبە ئىبنى غەزۋاننى چاقىرىڭلار! — دېدى. ئۇ چاقىرىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۆمەر ئۇنى ئۈچ يۈز ئون نەچچە ئادەمگە باشلىق قىلىپ بۇ قوشۇننىڭ بايرىقىنى تۇتقۇزدى ۋە ئۇنىڭغا ئارقىسىدىن يەنە ئەسكەر تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

بۇ كىچىك قوشۇن يولغا چىقىشقا ھازىرلاندى، قوشۇننى ئۇزۇتۇش ئالدىدا ئۆمەر قوماندانغا:

— ئى ئۇتبە! مەن سېنى ئۇبەللە شەھىرىگە ئەۋەتمەكچى بولىۋاتىمەن، ئۇ دۈشمەن ئىستىھكامى، مەن ئاللاھتىن ساڭا ياردەم بېرىشىنى سورايمەن، سەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغىن، ئۇلاردىن دەۋىتىڭگە ئاۋاز قوشقانلارنى قوبۇل قىلغىن، ئۇنىمىغانلاردىن تۆلەم ئال، تۆلەمگىمۇ ئۇنىمىغانلارنىڭ گەدىنىگە قىلىچ ئۇر! مەيلى قانداقلا ئەھۋالدا بولسۇن مەسئۇل قىلىنغان ئىشىڭدا ئاللاھتىن قورق! كۆڭلۈڭنى كىبىر ۋە تەمادىن يىراق تۇت! بىلگىنكى سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغان، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبى بىلەن سېنى خارلىقتىن ئەزىزلىككە كۆتەرگەن زاتسەن، سەن ھەتتا كۈچىيىپ ھوقۇق تۇتقان قوماندانلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدۈڭ، سېنىڭ قوشۇندىكى ھەرقانداق بۇيرۇقۇڭ ئىجرا قىلىنىدۇ، دېگەن سۆزۈڭ كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئەگەر سەن ئېزىپ كېتىپ قالمىساڭلا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى نېمەت بولامدۇ؟! — دېدى.

ئۇتبە قوشۇن بىلەن ئۇبەللە شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قوشۇندا ئۇنىڭ ئايالى ۋە قوشۇندىكىلەرنىڭ ئاياللىرىدىن بولۇپ تۆت - بەشتەك ئايال بار ئىدى. ئۇلار يۈرۈش قىلىپ ئۇبەللە شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

قومۇشلۇققا چۈشتى. ئۇلاردا يېگۈدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. قورساقلىرى بەك ئېچىپ كەتكەچكە قوشۇندىكى بەزى كىشىلەرگە ئۇتبە:

— بۇ يەردىن يېگىدەك بىر نەرسە ئىزدەپ بېقىڭلار، — دېدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى ئاچلىقتا دال بولغۇدەك بىرنەرسە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

كەتكەنلەرنىڭ تېپىپ كەلگەن تامىقى توغرۇلۇق ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ۋەقەلىك بار بولۇپ بۇنى تاماق ئىزدەپ كەتكەنلەردىن بىرىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى:

«بىز يېمەكلىك ئىزدەپ بىر دەرەخزارلىققا كىرىپ قالدۇق، بۇ يەردە ئىككى سېۋەت بار بولۇپ بىرىنىڭ ئىچىدە خورما يەنە بىرىنىڭ ئىچىدە پوستى سېرىق بولغان ئاق دانچىلار بار ئىكەن، بىز ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ قوشۇن تەرەپكە قايتتۇق، ئىچىمىزدىن بىرى سېۋەتكە قاراپ: ‹بۇ دۈشمەنلەرنىڭ بىزگە تەييارلاپ قويغان زەھىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار!› دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە بىر سېۋەتتىكى خورمىلارنى يېيىشكە باشلىدۇق، دەل شۇ چاغدا نوختىسىنى ئۈزۈۋالغان بىر ئات كېلىپ سېۋەتتىكى داننى يېيىشكە باشلاپتۇ، بىز ئاتنىڭ تېزلا ئۆلۈپ ھارام بولۇپ قېلىشىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ گۆشىدىن پايدىلىنىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشىلىۋىدۇق ئاتنىڭ ئىگىسى قىشىمىزغا كېلىپ: ‹ئۇنى قويىۋېتىڭلار! مەن ئۇنى كېچىچە كۈزىتەي، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى سەزسەملا مەن ئۇنى بوغۇزلىۋالىمەن› دېدى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا بىز ئاتنىڭ ھېچقانداق بىر زىيان - زەخمەتسىز تۇرغانلىقىنى كۆردۇق، بۇ چاغدا سىڭلىم ماڭا: ‹ئاكا! مەن دادامدىن: زەھەر ئوتتا قىزدۇرۇلۇپ پىشىرۋېتىلسە زەرەر قىلمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم› دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ھېلىقى دانچىدىن ئازراق ئېلىپ قازانغا سېلىپ ئوت قالاپ قىزىتىشقا باشلىدۇق، بىردەمدىن كېيىن سىڭلىم: ‹كېرىڭلار، ئۇنىڭ قانداق قىزارغانلىقىغا قاراڭلار!› دېدى.

www.munber.org

قارىساق ئۇنىڭ رەڭگى قىزىرىپ پوستى ئېتىلىشقا، ئىچىدىن ئاق دانچىلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. بىز ئۇنى يېيىش ئۈچۈن تاۋاقلارغا ئالدۇق، ئۇتبە بىزگە: ‹ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ يەڭلار!› دېدى. بىز ئۇنى يېدۇق، ئۇ ئىنتايىن تەملىك يېمەكلىك ئىكەن، بىز كېيىنچە بۇ يېمەكلىكنىڭ گۈرۈچ ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.»

ئۇتبە قوشۇنىنىڭ مەنزىلگاھى بولغان ئۇبەللە شەھىرى بولسا، دىجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان سېپىللىق شەھەر بولۇپ، پارسلار بۇ شەھەرنى قورال ـ ياراغ ئىستىھكامى قىلغان ھەمدە دۈشمەنلەرنى كۆزىتىش ئۈچۈن سېپىل تاملىرىدىن روجەكلىك مۇنارلارنى سالغان ئىدى. لېكىن بۇلار ئۇتبەنىڭ كىچىك قوشۇنىنىڭ بۇ شەھەرگە كىرىشىنى توسۇپ قېلىشتا ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. بۇ چاغدا بۇ ھۇجۇمچى قوشۇندا ئاز ساندىكى ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە يۈزدىن سەل ئارتۇق كىشى بار ئىدى. ئۇتبەنىڭ يېنىدا قىلىچ ۋە نەيزىدىن باشقا قورال يوق ئىدى. ئۇتبە ئەقلىنى ئىشقا سالماقتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتى.

ئۇتبە ئاياللارغا ئۇچىغا بايراق چىگىلگەن نەيزىلەرنى تەييارلاپ بەردى ۋە ئۇلارنى بۇ بايراقلارنى كۆتۈرۈپ قوشۇننىڭ ئارقىدىن مېڭىشقا بۇيرۇپ:

— بىز شەھەرگە يېقىنلاشقىنىمىزدا سىلەر بىزنىڭ كەينىمىزدىن شۇنداق چاڭ ـ توزاڭ چىقىرىڭلاركى، بۇ توزاڭلار ھاۋانى بىر ئالسۇن! — دېدى.

ئۇلار يۈرۈپ ئۇبەللە شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا پارس قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كەينىدە لەپىلدەۋاتقان بايراقلارنى، ھاۋانى بىر ئالغان چاڭ ـ توزاڭنى كۆردى ـ دە، جىددىيلىشىپ: «بۇ كېلىۋاتقانلار قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپى ئىكەن، ئۇلارنىڭ كەينىدە چاڭ ـ توزاڭ چىقىرىپ كېلىۋاتقان زور بىر قوشۇن بار ئوخشايدۇ، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ سانىمىز ئاز» دېيىشكىنىچە كۆڭۈللىرىگە قورقۇنچ چۈشۈپ ئەنسىرىگەن ۋە ئالاقزادە بولغان ھالدا ئۆزى يەڭگىل، پۇلى



www.munber.org



قىممەت نەرسىلىرىنى ئېلىشىپ دەجلە دەرياسىغا توختىتىلغان كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ ئالدىراپ قېچىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتبە بۇ شەھەرگە بىرمۇ ئادىمىنى چىقىم قىلماستىن غەلىبە بىلەن كىردى ۋە بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىدى.

ئۇنىڭ قوشۇنى بۇ يەردىن ساناپ تۈگەتكۈسىز بايلىقلارنى ئولجا ئالدى. ھەتتاكى ئۇلاردىن مەدىنىگە قايتقانلاردىن بىرى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغۇچىلارغا:

— نېمىسىنى ئېيتىسىلەر؟! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ يەرگە ماڭغاندا ئۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى جىڭلاۋاتقان ھالدا قالدى، — دېگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇبەللە شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىشقا باشلىغان.

ئۇتبە بۇ شەھەردە تۇرغان قوشۇنىنىڭ بۇ باياشات مۇھىت ئىچىدە بۇ يەردىكىلەرنىڭ ناچار ئەخلاقلىرىنى يۇقتۇرۇۋېلىشىدىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا بەسرە شەھىرىنى قۇرۇش توغرۇلۇق خەت يازدى ۋە خېتىدە بەسرە شەھىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن تاللىغان ئورۇننىڭ لاھىيىسىنى سۈرەتلەپ بەردى، ئۆمەر ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى.

ئۇتبە يېڭى شەھەرنىڭ لاھىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە قۇرۇلۇش قىلىشنى ئالدى بىلەن مەسجىد سېلىشتىن باشلىدى. بۇنىڭ ئەجەپلەنگىدەك يېرى بارمۇ؟ ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىدىغان دىن ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلمىدىمۇ؟ مەسجىدلەرنىڭ پەزىلىتى بىلەن دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن نۇسرەت قازانمىدىمۇ؟ مەسجىد قۇرۇلۇشىدىن كېيىن ئورۇشقا چىققان بۇ جەڭچىلەر زېمىن بۆلۈشۈش ۋە ئۆي سېلىپ ئۇنى بېزەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇتبە ئۆزىگە ئۆي سالماي رەختتىن توقۇلغان چېدىردا ياشاۋەردى. چۈنكى ئۇنىڭ دىلىدا ئۆي سېلىشتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىر خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن بەسرە شەھىرىدىكى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ



www.munber.org

ئەقلــى كېتىــپ قالغــان ئــادەملەردەك مــال ـ دۇنياغــا بېرىلىــپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تېخى تونۇگۇنلا پوستى ئېتىلغان گۆرۈچ تامىقىنى ئاران تاپالىغان ۋە ئۇنىڭ نېمىلىكىنى دەسلەپتە بىلەلمىگەن ھەمراھلىرىنىڭ بۈگۈن «فالۇۋۇزەج»، «لەۋزىنەخ» ۋە ئۇلاردىن باشقا ئېسىل ۋە تاتلىق پارس تاماقلىرىنىــڭ تەمىنــى تېتىــپ قالغــانلىقىنى كــۆردى ـ دە، دىنىنىــڭ ئاقىۋىتىــدىن ناھــايىتى ئەنــسىرىدى. ئۆزىنىــڭ ۋە مۇســۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكىدىن تېخىمۇ بەكرەك ئەنسىرەپ كىشىلەرنى كۇفە مەسجىدىگە يىغىپ ئۇلارغا خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

ــ ئى خالايىق! دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر تۈگەپ كېتىدىغان نەرسىلەردۇر، ھەممىڭلار بۇ يەردىن مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان بىر ماكانغا كېتىسىلەر، سىلەر ئۇ يەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىلىرىنى ئېلىپ بېرىڭلار! مەن ئۆزۈمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغان دەسلەپكى يەتتە كىشىنىڭ يەتتىنچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايمەن، ئۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ يەيدىغان نەرسىلىرىمىز بولمىغاچقا دەرەخ غازاڭلىرىنى يەيتتۇق، شۇنداق نەرسىلەرنى يەپ كالپۇكلىرىمىز يېرىلىپ كېتەتتى. شۇ چاغلاردا بىر كۈنى مەن بىر پارچە يېپىنچا تېپىۋالدىم، مەن ئۇنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ يىرتتىم ۋە ئۇنىڭ بىر پارچىسىنى سەئد ئىبنى ۋەققاسقا بېرىپ، بىردىن ئىشتان قىلىپ كىيگەن ئىدۇق. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەر بىرىمىز بىرەردىن شەھەرگە باشلىق بولدۇق. مەن ئۆزۈمنىــڭ ئــۆز نەزىرىمــدە چوڭ، ئاللاھنىــڭ نەزىرىــدە كىچىــك بولــۇپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن... ــ دېدى.

كېيىن ئاردىن بىرىنى ئورنىغا باشلىق قىلىپ تاللاپ قويۇپ مەدىنىگە يول ئالدى ۋە ئۆمەرنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەمەلدىن ئىستېپا سورىدى. ئۆمەر بۇنىڭغا قوشۇلماي ۋە ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇشلىرىغا قوشۇلماي ئۇنى يەنىلا بەسرە شەھىرىگە باشلىق قىلىپ مەجبۇرىي يولغا سالدى.

ئۇتبە قىلچە خالىمىغان بولسىمۇ ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ يولغا



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

چىقتى. ئۇ تۆگىسىگە مىنىۋېتىپ:

ــ ئى ئاللاھ! مېنى بەسرە شەھىرىگە قايتۇرمىساڭ! ئى ئاللاھ! مېنى بەسرە شەھىرىگە قايتۇرمىساڭ! دەپ دۇئا قىلدى.

ئاللاھ ئۇتبىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۇ مەدىنىدىن ئايرىلىپ ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا تۆگىسى پۇتلىشىپ كېتىپ، ئۇ تۆگىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ جان ئۈزدى.

ئاللاھ بىزلەرنىمۇ ئۇتبىگە ئوخشاش دۇنيادىن كۆڭلى سوۋۇغان، ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان، پاك ئىمان، سەمىمىي، سادىق قەلبلىك مۆمىنلەردىن قىلسۇن! بىزگىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىمان ئاتا قىلىپ، ھەر بىر ئىشتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغانلاردىن قىلسۇن! ئامىن!!!

www.munber.org

## نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئۇرۇشنىڭ ھىيلە- نەيرەڭ بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدىغان كىشىدۇر.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئەزەلدىن ئەقىللىق، سەزگۈر، پىكرى ئۆتكۈر، قەيسەر ۋە چىداملىق كىشى ئىدى. ئۇ پەرىزىنىڭ توغرۇلۇقى، ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى ۋە ھوشيارلىقى قاتارلىق ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. ئۇنىڭدا سەھرادا ئۆسكەن ياشلارغا خاس شوخ، ئەركىن خاراكتېرمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى.

ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يەنە بىر خۇلقى بولۇپ ئۇ ئەيشى- ئىشرەتلىك، راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە كۆپىنچە بۇ خىل خاھىشنى يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا بېرىپ شۇلار بىلەن بۇ جەھەتتە ھەمنەپەس بولۇش ئارقىلىق قاندۇراتتى. قاچانكى ئۇنىڭ كۆڭلى ناخشا- مۇزىكىنى تارتسا يۇك تاقلىرىنى تېڭىپ نەجدىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقاتتى ۋە كۆڭلىنى ئاچىدىغان يەھۇدىيلارغا كۆپلەپ پۇل بېرەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ مەدىنىگە قىلىدىغان سەپىرى كۆپ ھەم بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق ئىدى.

ئاللاھ بەندىلىرىگە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى توغرا ۋە ھەق بولغان دىنغا ھىدايەت قىلىشنى خالىغان، مەككە زېمىنى بۇ مۇقەددەس نۇرنىڭ ھۆرمىتىدىن شەرەپلىنىشكە باشلىغان ئاشۇ مەزگىللەردە، نۇئەيم كۆڭۈل تىزگىنىنى ئۆز خاھىشىغا قويۇۋەتكەن ھالەتتە ياشاۋاتقان بولۇپ، ئۇ بۇ يېڭى دىنىنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشىشىغا توسالغۇ بولۇشىدىن ئەنسىرەپ بۇ دىندىن يۈز ئۆرىگەن ئىدى.





ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى قاتارىدىن سانىلىپ ئىسلامغا قارشىلىق بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىنىپ قېلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇ ئەھزاب ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۆزى ئۈچۈن ئىسلام تارىخىدا داستان بولغۇدەك بىر يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئۇنىڭ بۇ سەھىپىسىگە ئۇرۇشنىڭ ھىيلە- نەيرەڭلەر بىلەن بولىدىغانلىقىغا دەلىل بولغۇدەك ئاجايىپ بىر ۋەقەلىك يېزىلغان ئىدى.

نۇئەيم ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى ئەتراپلىقراق چۈشەنمەك ئۈچۈن، ئەھزاب ئۇرۇشىنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەھزاب[1] ئۇرۇشىدىن بىرئاز ۋاقىت ئىلگىرى مەدىنىدىكى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغاشنى قارار قىلىشتى. بۇ قارارلىرىغا ئاساسەن ئۇلاردىن بىر تۈركۈم ئەلچىلەر مەككىگە بېرىپ قۇرەيش كاتتىلىرىنى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا قىزىقتۇردى ۋە قۇرەيش قوشۇنى مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا ئۇلار بىلەن بىرلىشىدىغانلىقى ۋە ھەمكارلىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇلارغا ۋەدە بەردى.

بۇ ئەلچىلەر مەككىدىكى قۇرەيشلەرنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ نەجدىدىكى غەتفان قەبىلىسىگە باردى ۋە ئۇلارنىمۇ ئىسلامغا ۋە پەيغەمبەرگە قارشى چىقىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ بۇ يېڭى دىننى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ قومۇرۇۋېتىش ئۈچۈن بىرلىشىشكە چاقىردى ھەم ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇرەيشلەر بىلەن ئايرىلىرىدا بۇ

---

[1] ئەھزاب ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ 5- يىلى ئەتراپىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئوتتۇرسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش بولۇپ ئۇرۇشۇشقا كەلگەن مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنى كۆپ خىل گۇرۇھلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەركىپ تاپقاچقا ئەھزاب (گۇرۇھلار) ئۇرۇشى،دەپ ئاتالغان، بۇ ئۇرۇشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە شەھىرىنىڭ سىرتىغا خەندەك كولاپ مۇداپىئەدە تۇرغاچقا بۇ ئۇرۇش يەنە خەندەك ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتالغان.



www.munber.org

تۇغرۇلۇق كېلىشكەنلىكلىرىنى دەپ بۇلار بىلەنمۇ ئەھدە تۈزۈشۈپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىشتى.

قۇرەيشلەر ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قوماندانلىقىدىكى چوڭ- كىچىك ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور قوشۇن بىلەن مەدىنىگە ئۇلاغلىق ۋە پىيادە بولۇپ يولغا چىقىشتى. غەتفان قەبىلىسىمۇ ئۇيەينە ئىبنى ھىسىنى غەتفانىنىڭ قوماندانلىقىدا نەجدىدىن ھەممىسى قومۇرۇلۇپ چىقىشتى. غەتفان قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدمۇ بار ئىدى.

بۇ بىرلەشمە قوشۇننىڭ خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى چاقىرتىپ ئۇلارغا قانداق قىلىش تۇغرۇلۇق مەسلىھەت سالدى. مەسلىھەتنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار بۇ چوڭ قوشۇننىڭ مەدىنىگە كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، مەدىنە سىرتىغا ھۆجۈمدىن مۇداپىئەلىنىدىغان خەندەك كولاشقا بىرلىككە كەلدى.

بىرلەشمە قوشۇن مەدىنىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدە ئۇچراشقاندىن كېيىن بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى قوزغىلىپ مەككە ۋە نەجدىدىن كەلگەن بىرلەشمە قوشۇنغا ماسلىشىپ ئۇرۇشقا چىقىشقا قىزىقتۇردى.

بەنى قۇرەيزە كاتتىۋاشلىرى كەلگەنلەرگە:

— سىلەر دەل بىز ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئارزۇ قىلىۋاتقان بىر ئىشقا چاقىرىپ كېلىپسىلەر، لېكىن سىلەر بىز بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىزنىڭ مەدىنىدە خاتىرجەم ياشىشىمىز بەدىلىگە ئۇنىڭ بىلەن تىنچ ئۆتۈشكە كېلىشكەن كېلىشىم بارلىقىنى بىلىسىلەر، ناۋادا مۇھەممەد بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ قالسا ۋەدىمىزنى بۇزغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزنى جازالىشىدىن، ھەتتا مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشىدىن قورقىمىز، — دېيىشتى.

ئەمما بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۇلارنى بۇ



www.munber.org



كېلىشىمنى بۇزۇشقا قىزىقتۇرۇپ بۇ قېتىمقى جەڭدە مەغلۇبىيەت شەكسىز مۇسۇلمانلار تەرىپىدە بولىدىغانلىقىغا ئۇلارنى ئىشەندۈرۈشكە، ئىككى چوڭ گورۇھنىڭ ھەيۋىتى بىلەن ئۇلارنى روھلاندۇرۇشقا تىرىشىش ئارقىلىق ئۇلارنى قوزغاتتى. نەتىجىدە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئۇلارغا مايىل بولۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان كېلىشىمنى بۇزدى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىنى يىرتىپ تاشلاپ بۇ ئۇرۇشتا ئەھزاب قوشۇنى تەرەپتە تۇرىدىغانلىقلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر مۇسۇلمانلارغا بەكلا ئېغىر كەلدى.

ئەھزاب قوشۇنى مەدىنىنىڭ ئەتراپىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ مەدىنىگە سىرتتىن كېلىدىغان يېمەك- ئىچمەك ۋە ياردەم يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب قوشۇنلىرىنىڭ مەدىنە سىرتىدا مەدىنىنى قورشاۋغا ئالغان ھالەتتە تۇرغانلىقىنى، مەدىنە ئىچىدىكى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ دۈشمەنلەرگە قارىتا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىششقا تەييارلىنىپ ياتقانلىقىنى بىلدى. مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى قىياپەتلىرىنى ئاشكارىلايدىغان: «مۇھەممەد بىزگە كىسرا ۋە قەيسەرنىڭ مال- دۇنياسىغا ئىگە بولىدىغانلىقىمىزنى دېگەن ئىدى، ئەمدى بولسا ھېچ بىر كىشى تاھەرەتكىمۇ خاتىرجەم چىقالمايۋاتىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق كىشىلەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرىغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن بىر- بىرلەپ ئايرىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پەقەتلا مۆمىنلەردىن نەچچە يۈزدەكلا ئادەم قالغانىدى.

يىگىرمە نەچچە كۈنگىچە داۋاملاشقان مۇھاسىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ مەن سەندىن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭنى تىلەيمەن! ئى ئاللاھ مەن سەندىن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭنى تىلەيمەن!» دېدى.



www.munber.org

دەل مۇشۇ كېچىسى نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقان بولۇپ ئۇ ئۇيان- بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى، ئۇ كۆزلىرىنى سۈزۈك كېچە ئاسمىنىدا چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارغا تىككىنىچە ئويلىنىشقا باشلىدى ۋە ئۆز- ئۆزىگە: «ۋاي ساڭا ئى نۇئەيم! سەن نەجدىدىن ئىبارەت ئاشۇ يىراق جايدىن ئۇ ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن نېمە سەۋەبتىن ئۇرۇشقىلى كەلدىڭ؟ سەن ياكى دەپسەندە قىلىنغان ھوقۇق ۋە ياكى تۆكۈلگەن ئابرۇينى دەپ ئۇرۇش قىلغىلى كەلمىدىڭ، بەلكى ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۇرۇش قىلغىلى كەلدىڭ، سەنچىلىك ئەقلى بار بىر كىشىنىڭ باشقىلارنى سەۋەبسىز ئۆلتۈرۈشى ياكى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبكار بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ؟ ۋاي ئىسىت ساڭا! سەن نېمىگە ئاساسەن ئەگەشكۈچىلىرىنى ئادىللىققا، ئېھسان قىلىشقا، يېقىنلىرىغا ياردەم بېرىشكە چاقىرغان ئادەمگە قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولىسەن؟ ئۇ كىشى ئېلىپ كەلگەن ھەق ۋە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ قېنى بىلەن نەيزەڭنى بۇ ياشقا بۇيرىغان ئۇ سەۋەب زادى نېمە؟» دەيتتى. نۇئەيمنىڭ ئۆز- ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ سۆھبىتى ئاخىرى ئۇنىڭغا كەسكىن بىر قارارنى ئاتا قىلدى، نۇئەيم بۇ قارارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن شۇ ھامانلا ئاتلاندى.

نۇئەيم بىر يەردە ياتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاستىغىنە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار تەرەپكە كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇئەيمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— سەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدى نۇئەيم.

— بۇ كېچىدە سېنى بۇ يەرگە نېمە ئېلىپ كەلدى؟

— مەن بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە سېنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق ئېيتىشقا كەلدىم، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن مۇسۇلمان بولغىلى كەلدىم،



www.munber.org



قەۋمىم مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلمەيدۇ، مېنى سەن خالىغان ئىشىڭغا بۇيرىغىن. — دېدى.

— سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىزنىڭ بىردىن- بىر ئادىمىمىز بولۇسەن، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارنى بىزگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىمكانىيىتىڭنىڭ يېتىشىچە توسقىن، ئۇرۇش دېگەن نەيرەڭ.

— بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن مەندىن سېنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشنى كۆرىسەن، — دېدى- دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى.

نۇئەيم ئۇدۇل بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ قېشىغا باردى، ئۇنىڭ بۇرۇن ئۇلار بىلەن يېقىن دوستلۇقى بار ئىدى. ئۇ:

— ئى بەنى قۇرەيزە قوۋمى! سىلەر مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن سادىق ئىكەنلىكىمنى ۋە سىلەرگە بولغان دوستلۇقىمنى بىلىسىلەر،— دېدى. ئۇلار بىردەكلا:

— ھەئە! سەن بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىرەر ئىشتىمۇ ئەيىبلىك ئەمەسسەن، — دېيىشتى قۇرەيزە قوۋمى.

— قۇرەيش ۋە غەتان قوشۇنىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتىكى ئەھۋالى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار بىلەن ئوخشىمايدۇ.

— ئۇ قانداق ئەھۋال؟— دەپ سوراشتى.

— بۇ يۇرت بولسا سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار، بۇ يەردە سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار بار! سىلەر ئۇلارنى باشقىلارغا تاشلاپ قويۇپ كېتەلمەيسىلەر! قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن غەتفان قەبىلىسىنىڭ ماللىرى، بالىلىرى، ئاياللىرى باشقا يۇرتتا، ئۇلار ھازىر مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەلدى ۋە سىلەرنى مۇھەممەد بىلەن قىلىشقان ۋەدەڭلارنى بۇزۇشقا چاقىردى. سىلەر ھەم بۇنىڭغا ماقۇل بولدۇڭلار. ئەگەر ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا ھەممىڭلار غەنىمەتدار بولىسىلەر، ناۋادا مەغلۇپ بولسا ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا تىكىۋېتىدۇ، سىلەرنى بولسا مۇھەممەدكە تاشلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد سىلەردىن قاتتىق ئىنتىقام ئالىدۇ... سىلەر مۇھەممەدكە تەڭ



www.munber.org

كېلەلمەيدىغانلىقىڭلارنى ئوبدان بىلىسىلەر! ــ دېدى نۇئەيم. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار:

ــ ھەقىقەتەن راست گەپ قىلدىڭ، سېنىڭ قارىشىڭچە قانداق قىلساق توغرا بولىدۇ؟ ــ دېدى.

ــ مېنىڭچە، سىلەر ئۇلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى گۆرۈگە ئالمىغىچە ئۇلار بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلماڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئۇلارنى تاكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگۈچە ياكى ئۇلاردىن ئاخىرقى بىر ئادەم قالغۇچە ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقالايسىلەر! ــبۇنى ئاڭلاپ يەھۇدىيلار:

ــ سەن بىزگە يول كۆرسەتتىڭ، كۆيۈندۈڭ، ــ دېيىشىپ كەتتى.

نۇئەيم ئۇلارنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئەبۇ سوفياننىڭ قېشىغا كەلدى، يەنى قۇرەيشلەرنىڭ قوماندانلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇلارغا:

ــ ئى قۇرەيش خەلقى! سىلەر مېنىڭ سىلەرگە بولغان سەممىي دوستلۇقۇمنى ۋە مۇھەممەدكە بولغان ئۆچمەنلىكىمنى بىلىسىلەر... مەن بىر ئىشتىن خەۋەر تاپتىم، بۇ ئىشنى سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشۇمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە ئۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن سىلەرگە مەسلىھەت بەرمىسەم بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. بىراق سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى سىر تۇتۇڭلار، ــ دېدى. قۇرەيشلەر:

ــ بىز سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىمىز، ــ دېيىشتى ئۇلار نۇئەيمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ، ــ قېنى سۆزلە.

ــ بەنى قۇرەيزە مۇھەممەدكە قارشى چىققىنىغا پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە مۇھەممەدكە ئادەم ئەۋەتىپ: بىز قىلغان ئىشىمىزغا پۇشايمان قىلدۇق ۋە سەن بىلەن قايتا سۈلھى تۈزۈشۈپ يارىشىپ قىلىش نىيىتىگە كەلدۇق، قىلغان ئىشىمىزنىڭ بەدىلىگە قۇرەيش ۋە غەتفان قەبىلىسىدىن بىر قىسىم مۆتىۋەر كىشىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرسەك رازى بولامسەن؟ تاكى سەن ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلغانغا قەدەر بىز سەن بىلەن بىرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز دەپتۇ، مۇھەممەد بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ، ناۋادا ئۇلار سىلەردىن ئادەم سوراپ كەلسە ھەرگىز





بەرمەڭلار، ــ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ سوفيان:

ــ سەن نېمە دېگەن ياخشى ئىتتىپاقداش، ئاللاھ ساڭا كۆپلەپ ئەجىر بەرسۇن! ــ دېدى.

نۇئەيم بۇ يەردىن چىقىپ قوۋمى غەتفان قەبىلىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇلارغىمۇ ئەبۇ سوفيانغا دېگەن سۆزلەردەك سۆزلەرنى قىلدى ھەم ئەبۇ سوفياننى ئاگاھلاندۇرغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇردى.

ئەبۇ سوفيان بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشى ئۈچۈن ئوغلىنى ئەۋەتتى. ئوغلى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ دادام سىلەرگە سالام ئېيتتى، ۋە سىلەرگە: ‹بىزنىڭ مۇھەممەد بىلەن بولغان مۇھاسىرىمىز بەك ئۇزىراپ كەتتى، بىز ئاخىرى مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇش ئېچىش قارارىغا كەلدۇق...› دېگەن سۆزنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى، ھەمدە سىلەرنى دادام بىلەن ئۇچۇرۇشۇش ئۈچۈن چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى، ــ دېدى.

بەنى قۇرەيزە كاتتىلىرى ئەبۇ سوفياننىڭ ئوغلىغا:

ــ بۈگۈن شەنبە! بىز بۇ كۈندە ھېچ ئىش قىلمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر بىلەن غەتفان قەبىلىسىدىكى مۆتىۋەرلەردىن بىزگە يەتمىش كىشىنى گۆرۈگە بېرىشكە رازى بولمىساڭلار بىز سىلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا چىقمايمىز، ناۋادا ئۇرۇشۇش ئېغىر كەلسە سىلەر يۇرتۇڭلارغا بىزنى تاشلاپ كېتىۋېلىپ قۇتۇلىسىلەر، بىزنى بولسا مۇھەممەدكە تاشلاپ بېرىسىلەر، سىلەر بىلىسىلەر بىز ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيمىز، ــ دېيىشتى.

ئەبۇ سوفياننىڭ ئوغلى قايتىپ كېلىپ بەنى قۇرەيزە قەۋمىنىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ قۇرەيشلەر: «ھۇ مايمۇن، تۇڭگۇزلارنىڭ باللىرى! ئۇلار ئەمدى زىيان تارتتى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار بىزدىن بىر تال قويىنىمۇ گۆرۈگە ئالالمايدۇ» دېيىشتى.



www.munber.org

شۇنداق قىلىپ نۇئەيم ئەھزاب قوشۇنىنىڭ ئارىسىنى پارچىلاشتا تولۇق غەلىبە قىلدى، ئاللاھ قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە شۇنچىلىك قاتتىق شىۋىرغانلىق بىر سوغۇق بوران ئەۋەتتىكى، بۇ شامال ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى ئۆرۈپ قازانلىرىنى كۆمتۈرۈپ، ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى ھەم ئۇلارنىڭ ئېغىز- بۇرۇنلىرىغا قۇم توشقۇزىۋەتتى. ئۇلار قاچىدىغان جاي تاپالماي قالدى- دە ئامالسىز كېچىچە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ تىكىۋەتتى.

تاڭ يورىغاندا مۇسۇلمانلار دۈشمەن قوشۇنىنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقلىرىنى باسالمىغان ھالدا:

— بەندىسىگە ياردەم بەرگەن، ئۆز قوشۇنىنى ئەزىز قىلغان، ئۆزى يەككە تۇرۇپ نۇرغۇن گۇرۇھنى مەغلۇپ قىلغان ئاللاھقا مىڭلارچە شۈكرىلەر بولسۇن! — دەپ توۋلىشىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ نۇئەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچىلىك ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنىسى ئەبۇ سوفيان مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرىۋېتىپ غەتفان قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەمنى كۆردى ۋە يېنىدىكىلەردىن:

— ئاۋۇ كىشى كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— ئۇ نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد، — دەپ جاۋاب بەرگەندە ئەبۇ سوفيان:

— بىزگە ئۇنىڭ خەندەك كۈنى قىلغان ئىشى ناھايىتى بەك يامان بولغان ئىدى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇنىڭ بۇرۇن مۇھەممەدكە ئاداۋىتى ناھايىتى بەك كۈچلۈك ئىدى، مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىدا قوۋمىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ، ئۇ بىزگە ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن مۇھەممەدنىڭ بايرىقى ئاستىدا مېڭىپتۇ، — دېدى.

ئاللاھ نۇئەيمگە بارلىق مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن كاتتا ئەجىر ئاتا قىلسۇن! ھەممە ئازغۇنلۇق ئىچىدىن توغرا يول تېپىپ ماڭالايدىغان ئەقىل- پاراسەت ئاتا قىلسۇن! خاتالىقلىرىمىزنى تۆھپىلەر يارىتىش

www.munber.org





ئارقىلىق يۇيۇش پۇرسەتلىرىنى ئاتا قىلسۇن! ئامىن!!!

www.munber.org

# ئەبۇ ئاس ئىبنى رەبىئە

ئەبۇ ئاس ماڭا راست گەپ قىلدى، ھەمدە ۋەدە بېرىپ، ۋاپا قىلدى.

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئەبۇ ئاس ئىبنى رەبىئە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان، قارىغان كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك جەزىبدارلىقتا ئىگە نەۋقىران ياش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئامەت ئوڭ كۆزى بىلەن قارىغان، ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋەنىڭ زەربابلىرى ئورىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىدە يېتىلگەن پەخىرلەنگىدەك خىسلەتلىرى، ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكتەك ئالىيجانابلىقى، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالدۇرۇلغان يۈز ـ ئابرۇيلۇق مەرتىۋىسى ئۇنى ئەرەب چەۋەندازلىرى ئىچىدە ئالاھىدە بىر نەمۇنىلىك شەخسكە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئەبۇ ئاس قۇرەيشلەرنىڭ تىجارەت دەستۇرىدىكى قىشلىق ۋە يازلىق تىجارەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى تىجارەت يولىنى مىراس ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىجارەت كارۋانلىرى مەككە بىلەن شام ئارىلىقىدا قىش- ياز توختىماي قاتناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كارۋىنى يۈز تۆگە ۋە يۈز ئادەمدىن تەركىب تاپقان چوڭ تىپتىكى بىر كارۋان بولۇپ، ئەبۇ ئاسنىڭ راستچىللىقى، ۋاپادارلىقى ۋە ئەقىل- پاراسىتىنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن مەككە ئەھلى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۇنىڭ تىجارىتىگە ئۆز مەبلەغلىرىنى قوشقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ھاممىسى بولۇپ، خەدىچە ئانىمىز ئۇنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەكلا ياخشى كۆرەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ئاسقا بولغان مۇھەببىتى خەدىچە ئانىمىزدىن قېلىشمايتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ قىزى



www.munber.org



زەينەب بويىغا يېتىپ خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلدەك خۇش ـ پۇراق چېچىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا مەككە مۆتىۋەرلىرىنىڭ دىللىرى تەلپۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىمىسۇن؟! چۈنكى زەينەب، نەسەبى ۋە مەرتىۋىسى جەھەتتە قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى؛ ئاتا ـ ئانىسى بولسا مەككىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلىرى؛ ئۆزى بولسا ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى بىلەن خۇلۇقلانغان تۇرسا، ئۇلار ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە قانداقمۇ تەلپۈنمىسۇن؟ شۇنداقلا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟! ئۇلارنىڭ جۈرئەت قىلالماسلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى زەينەبنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى بولغان ئەبۇ ئاس ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان چوڭ بىر توسۇق ئىدى.

زەينەب بىلەن ئەبۇ ئاس توي قىلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەككە زېمىنى پارلاق ئىلاھىي نۇر بىلەن نۇرلاندى. ئاللاھ ئۆز رەھمىتىنىڭ نىشانى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارغا ھەقنى يەتكۈزۈشكە، ئۆز يېقىنلىرىدىن باشلاپ كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ تۇنجىسى خەدىچە ئانىمىز بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزلىرى زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ كۈلسۇم ۋە تېخى خېلىلا كىچىك بولغان فاتىمەلەر مۇ ئىمان كەلتۈردى.

ئەمما ئۇنىڭ كۈيئوغلى بولغان ئەبۇ ئاس ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆزى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن ۋە ئەڭ سادىق مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان ئايالى قوبۇل قىلغان دىنىنى قوبۇل قىلالمىدى.

قۇرەيشلەر بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەندە، قۇرەيشلەر ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشىپ: قويۇڭلار سىلەرنى! سىلەر مۇھەممەدنىڭ قىزلىرىنى ئوغۇللىرىڭلارغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتىڭلار، ناۋادا ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى قويدۇرۇۋەتسەڭلار ئۇنىڭ ھەيۋىسىمۇ سۇناتتى، دېيىشتى. ئۇلار بۇ پىكىرلىرىدىن سۆيۈنۈپ ئەبۇ ئاسنىڭ قېشىغا كېلىپ:



www.munber.org

— ئى ئەبۇ ئاس! ئايالىڭنى تالاق قىلىپ ئۇنى دادىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكۈزۋەتكىن، بىز سېنى قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ياخشى ئاياللىرى بىلەن ئۆيلەپ قويىمىز، دېدى.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن ئايالىمدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، دۇنيادىكى ھەر قانداق ئايالنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلمايمەن، —دەپ كېسىپ جاۋاب بەردى ئەبۇ ئاس.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەبتىن باشقا ئىككى قىزى رۇقىيە بىلەن ئۇممۇ كۇلسۇم تالاق قىلىنىپ قايتۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەكسىچە سۆيۈنۈپ كەتتى، ئۇ ئەبۇ ئاسنىڭمۇ زەينەبنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن بۇ چاغلاردا مۆمىن ئاياللارنىڭ مۇشرىك بىلەن نىكاھلىنىشى تېخى چەكلەنمىگەن بولغاچقا بۇنىڭغا ئۇنى مەجبۇرلىيالمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، ئىسلام دىنى كۈچەيگەن، قۇرەيشلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بەدرى ئۇرۇشى يۈز بەرگەن چاغدا ئەبۇ ئاسمۇ بۇ ئۇرۇشقا چىقىشقا مەجبۇرلانغان ئىدى. بەدرى ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا ناھايىتى ئېغىر بىر مەغلۇبىيەت ۋە خورلۇق ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بۇرنىنى تۈپىگە ملىدى. ھەددىدىن ئاشقان ئازغۇنلارنىڭ ھەيۋىسى قاتتىق يەرگە ئۇرۇلۇپ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلسە بەزىلىرى ئەسىرگە چۈشتى يەنە بەزىلىرى بولسا رەسۋالارچە قېچىپ قۇتۇلدى. ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ قاتارىدا ئەبۇ ئاسمۇ بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇرىشى ئۈچۈن تۆلەيدىغان تۆلەم پۇلىنىڭ چېكىنى توختىتىپ بەردى. بۇ توختام مىقدارى ئەسىرلەرنىڭ قوۋمى ئىچىدىكى مەرتىۋىسى ۋە بايلىقىغا قاراپ مىڭ دەرھەمدىن تۆت مىڭ دەرھەمگىچە قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى.

مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدا ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۆلەم پۇللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ - كېتىۋاتقان ئەلچىلەرنىڭ





ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. زەينەبمۇ ئەبۇ ئاسنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر ئەلچىنى تۆلەم پۇلى بىلەن بىرگە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن تۆلەم پۇلى ئىچىدە ئۇنىڭ توپى بولغان كۈنى ئانىسى خەدىچە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان بىر بولاپىكىمۇ بار ئىدى. بۇ بولاپىكىنى كۆرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك يۈزىنى قايغۇ - ئەلەم قاپلىدى. ئۇ قىزىغا ئىچى ئاغرىپ ساھابىلارغا:

— زەينەب بۇ ماللارنى ئەبۇ ئاسنىڭ تۆلەم پۇلى ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ ئېرى ئەبۇ ئاسنى قويۇپ بېرىشنى، بۇ ماللارنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى توغرا كۆرسەڭلار شۇنداق قىلىڭلار! — دېدى.

— بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سېنى رازى قىلىش ئۈچۈن بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلساڭ شۇنى قىلىشقا تەييارمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ساھابىلەر.

لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئاسنى قويۇپ بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ مەككىگە بارغان ھامان قىزى زەينەبنى مەدىنىگە يولغا سېلىپ قويۇشىنى شەرت قىلدى. ئۇ مەككىگە قايتىپلا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ئايالىنى دادىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىشقا بۇيرىدى ۋە ئايالىغا دادىسىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ مەككىدىن يىراق بولمىغان بىر جايدا ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئايالىنىڭ سەپەرگە لايىق ئوزۇق - تۈلۈكىنى ۋە ئۇلاغلىرىنى تەييارلاپ قېرىندىشى ئەمرى ئىبنى رەبىئەنى ئايالى زەينەبكە ھەمراھ بولۇپ ئۇنى ساقلاۋاتقان كىشىلەرگە ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى.

ئەمرى ئىبنى ئاس ئوقياسىنى دولىسىغا ئارتىپ، ئوقدانىنى ئېلىپ يەڭگىسى زەينەبنى كاجۇۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ كۈپ - كۈندۈزدىلا مەككىدىن يولغا چىقتى. ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئېلىپ ماڭغاچقا كىشىلەر تەۋرىنىپ كەتتى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەينەبكە تەھدىت سالدى. بۇ چاغدا ئەمرى ئوقياسىنى بەتلەپ ئۇلارغا:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! كىم زەينەبكە يېقىنلىشىدىكەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىمەن! — دەپ كىشىلەرنى چېكىندۈردى. چۈنكى ئۇ ئاتقان



www.munber.org

ئۇقى خاتا كەتمەيدىغان مەرگەن ئىدى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان ئەبۇ سوفيان ئالدىغا چىقىپ:

— ئى قېرىندىشىمىنىڭ ئوغلى! قورالىڭنى يىغىشتۇر، بىز سۆزلىشەيلى، — دېدى. ئەمرى قورالىنى يىغىشتۇرۇۋالدى. ئەبۇ سوفيان ئۇنىڭغا، — سەن ياخشى قىلمىدىڭ، سەن زەينەبنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىپ ماڭساڭ قانداق بولغىنى؟ ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بەدرىدىكى مەغلۇبىيىتىمىزنى ۋە مۇھەممەدنىڭ قولى ئارقىلىق بىزگە يەتكەن زىياننى بىلىدۇ. سەن مۇشۇنداق ئەھۋالدا زەينەبنى خەلقئالەم ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىپ ماڭساڭ، باشقا قەبىلىلەر بىزنى قورقۇنچاق، يارامسىزلار! دەپ زاڭلىق قىلمامدۇ؟ سەن ھازىرچە زەينەبنى قايتۇرۇپ كەتكىن، كىشىلەر زەينەبنى قايتۇرۇپ كەتتى، دەپ ئويلىغاندا ئاندىن ئۇنى يوشۇرۇن ئېلىپ چىقىپ، دادىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگىن، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىمىز يوق، — دېدى. ئەمرى بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ زەينەبنى مەككىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى ۋە ئۇنى ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە كېچىسى ئېلىپ چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەلدى.

ئەبۇ ئاس ئايالى زەينەبتىن ئايرىلغاندىن كېيىن مەككىدە بىر مەزگىل تۇردى ۋە مەككە فەتھى قىلىنىشتىن سەل ئىلگىرى شامغا تىجارەتكە باردى. ئۇ 200 تۆگە ۋە 175 ئادەمدىن تەركىب تاپقان كارۋىنى بىلەن مەككىگە قايتىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرىدىن بىرى مەدىنىگە يېقىن بىر جايدا ئۇنىڭ كارۋىنىنى توسۇپ، كارۋانلارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. لېكىن ئەبۇ ئاس قېچىپ كېتىپ قولغا چۈشمىدى. كېچە كېلىپ قاراڭغۇلۇق ئۆز پەردىسىنى تاشلىغاندا ئەبۇ ئاس قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇنغان ۋە ئېھتىيات قىلغان ھالدا مەدىنىگە كىرىپ زەينەبنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلىدى، زەينەب ئۇنىڭغا پاناھلىق بەردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزى ئوقۇش



www.munber.org



مەسجىدكە چىقىپ مېھرابتا تۇرۇپ ناماز ئۈچۈن تەكبىر ئوقۇۋاتقاندا زەينەب ئاياللار ئارىسىدا تۇرۇپ:

— ئى خالايىق! مەن مۇھەممەدنىڭ قىزى زەينەب، مەن ئەبۇ ئاسقا پاناھلىق بەردىم، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىڭلار! — دەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن سالام بېرىپ بولۇپ كىشىلەرگە قاراپ:

— مەن ئاڭلىغاننى سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى:

— ھەئە، ئاڭلىدۇق؟ — دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە قايتتى ۋە قىزى زەينەبكە:

— سىز ئەبۇ ئاسنى ھۆرمەتلەڭ، لېكىن شۇنى بىلىڭكى ئۇ سىزگە ھالال بولمايدۇ، — دېدى. ئاندىن ئۇ مال ۋە ئادەملەرنى ئولجا ئالغان ساھابىلارنى چاقىرىپ:

— سىلەر ئەبۇ ئاسنى بىلىسىلەر، سىلەر ئۇنىڭ ماللىرىنى غەنىمەت ئالدىڭلار، ئەگەر سىلەر ياخشىلىق قىلىپ ئۇنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار بىز ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشنى قىلغان بولىسىلەر، ناۋادا قايتۇرۇپ بەرمەيمەن، دېسەڭلارمۇ مەيلى، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئاللاھ بەرگەن غەنىمەت، سىلەر ئۇنىڭغا ھەقلىق، — دېدى.

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئۇماللارنى قايتۇرۇپ بېرەيلى! — دېيىشتى ساھابىلەر.

ئەبۇ ئاس ماللىرىنى قايتۇرۇۋالغىلى كەلگەندە ساھابىلەر ئۇنىڭغا:

— ئى ئەبۇ ئاس! سەن قۇرەيشلەر ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەرسەن، سەن ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلىسەن، سەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولساڭ، بىز ساڭا بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى بەرسەك، سەن قېشىڭدىكى مەككە ئەھلىنىڭ بۇ ماللىرىدىن پايدىلىنىپ بىز بىلەن بۇ يەردە قالساڭ بولمامدۇ؟ — دېيىشتى.

ئۇ:



www.munber.org

— سىلەرنىڭ مېنى بۇ يېڭى دىنغا ئۆز دىنىمدىن ئالدامچىلىق بىلەن چاقىرىشىڭلار نېمە دېگەن يامان! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇ ئاس ماللىرىنى ئېلىپ كارۋىنى بىلەن مەدىنىدىن يۈرۈپ كەتتى ۋە مەككىگە بېرىپلا ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— ئى قۇرەيش خەلقى! مەندە بىرەرسىڭلارنىڭ ھەققى قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوق، ساڭا ئاللاھ ياخشى مۇكاپات بەرسۇن! بىز سېنىڭ ئىنتايىن ۋاپادار ئىكەنلىكىنى بىلدۇق! — دېيىشتى، ئەبۇ ئاس ئۇلارغا قاراپ:

— مەن سىلەرنىڭ ھەقلىرىڭلارنى بېرىپ بولدۇم، ئەمدى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مېنىڭ مەدىنىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىمان كەلتۈرۈشۈمدىن پەقەتلا سىلەرنىڭ مېنى: «ماللىرىمىزنى يەۋالماقچى بولۇپ شۇ باھانىنى تاپقانىكەن...» دەپ گۇمان قىلىپ قېلىشىڭلارلا توسۇپ قالغان ئىدى، مانا ئەمدى ئاللاھ ئالدىدا سىلەرنىڭ ھەقلىرىڭلارنى ئادا قىلىپ بولغىنىمدا ۋە ئۈستۈمدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ بولغىنىمدا مۇسۇلمان بولدۇم...! — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەككىدىن چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئايالى زەينەبنى قايتۇرۇپ بەرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم: «ئەبۇ ئاس ماڭا قىلغان سۆزىدە راستچىل بولدى! ماڭا قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى!» دەيتتى.



www.munber.org



## ئاسىم ئىبنى سابىت

كىمكى ئۇرۇش قىلسا ئاسىم ئىبنى سابىتتەك ئۇرۇش قىلسۇن!

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

پۈتۈن قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئوھۇد تېغىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكىدە يانغان ئۆچمەنلىك ئوتلىرى ئۆرتەپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ ئۇرۇشقا ئەرلىرىنىلا ئېلىپ چىقىپ قالماي، بەلكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئەسكەرلەرگە مەدەت بېرىش، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش... ئۈچۈن قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىززەتلىك خانىم قىزلارنىمۇ بىرگە ئېلىپ چىقىشقانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ سوفيانىنىڭ ئايالى ھىند، ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ ئايالى رىيتە، ئېرى بىلەن بىرگە مۇساپە، جۇلاس ۋە كىلاب قاتارلىق ئۈچ بالىسى بىلەن بىرگە چىققان سۇلافە دېگەن ئايالمۇ بار ئىدى.

ئىككى قوشۇن ئوھۇد تېغى باغرىدا ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلدىغان پەيتتە، ئۆتبىنىڭ قىزى ھىند ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغان باشقا ئاياللار قوللىرىغا داپلىرىنى ئېلىشىپ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

سالغۇمىز يولغا پاياندار، قۇچسىڭىز شانۇ زەپەر،
سۆيگۈمىزنىڭ تەپتى ئۆچكەي، قاچسىڭىز دەرۋەبەدەر.

دەپ شېئىر ئوقۇشقىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن قۇرەيش تەرەپنىڭ ئاتلىقلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە مۇشرىكلار



www.munber.org

تەرەپتە بولدى. غەلىبە خۇشاللىقىدا مەستخۇش بولغان ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تەنتەنە قىلىشقان ھالدا ئۇرۇش مەيدانلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۆلۈكلەرنىڭ قورساقلىرىنى يېرىشقا، كۆزلىرىنى ئويۇشقا، قۇلاقلىرىنى، بۇرۇنلىرىنى كېسىشكە باشلىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇسۇلمان شېھىتلارنىڭ جەسەتلىرىدىن كېسىۋالغان بۇرۇن قۇلاقلارنى بەدىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئاتىلىرى، ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن، بۇلاپكا، ھالقا قىلىپ زىننەت ئورنىدا ئېسىۋېلىشتى.

لېكىن سۇلافىنىڭ ئەھۋالى بۇ ئاياللارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايتتى، ئۇ چەكسىز بىئاراملىق ۋە تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئېرى ۋە ئۈچ بالىسىنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى، ئۇلار بىلەن بىرگە غەلىبە خۇشاللىقىنى تەن ـ تەنە قىلىشنى كۈتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۈتۈشى بىكارغا كەتتى. قانچە كۈتسىمۇ ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن سۇلافە ئاخىرىدا ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىپ ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ئارىلاپ ھەر بىر جەسەتنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ تۇيۇقسىز قانغا مىلىنىپ ياتقان ئېرىنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تونۇپ قالدى. ئۇ خۇددى غالجىرلاشقان چىشى يولۋاسقا ئوخشاش چېپىپ، ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئوغۇللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرىدا ئۈچىلى بالىسىنىڭ ئوھۇد تېغى باغرىدا ياتقانلىقىنى، مۇساپە بىلەن كىلابنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى، جۇلاسنىڭ بولسا ئاخىرقى تىنىقىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

سۇلامە سەكرات ئازابىدا جان تالىشىۋاتقان ئوغلىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى قۇچىغىغا ئالدى. ئۇنىڭ پېشانىسى ۋە يۈز ـ كۆزلىرىدىكى قانلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. قاتتىق قايغۇرغانلىقىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ ئوغلىدىن:

ــ ئى ئوغلۇم! سېنى كىم يىقىتتى؟ ــ دەپ سورىدى، جۇلاس ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ لېكىن ئاغرىق ئازابىدىن ئۇ سۆزلىيەلمەيۋاتاتتى. ئانا سوئالىنى قايتىلىدى، جۇلاس ناھايىتى تەسلىكتە:





ــ مېنى ئاسىم ئىبنى سابىت يىقىتتى ۋە ... قېرىندىشىم مۇساپەنى... ــ دېگىنىچە جان ئۈزدى.

سۇلافە چاچلىرىنى يۇلۇپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ قۇرەيشلەر ئاسىم ئىبنى سابىتنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ باش سۆڭىكىدە ھاراق ئىچمىگىچە كۆز يېشىنىڭ قۇرۇمايدىغانلىقىغا لات ۋە ئۇززالار بىلەن قەسەم ئىچتى ۋە يەنە ئاسىمنى ئەسىرگە ئېلىپ ياكى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە ئېسىل ماللاردىن خالىغانچە بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

بۇ خەۋەر قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئىچىدە تېزلا تارقالدى، مەككە ياشلىرىنىڭ ھەر بىرى ئاسىمنى قولغا چۈشۈرۈپ ياكى ئۇنىڭ بېشىنى سۇلافەگە ئەكىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئېسىل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتى.

مۇسۇلمانلار ئوھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى، ئۇلار ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشتىكى ئىشلارنى ئەسلىشەتتى، ئۇرۇشتا شېھىت قىلىنغان شېھىتلەرنى ئەسلىشەتتى. ئۇلارغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلىشەتتى. ئۇرۇشتىكى ماھىر چەۋەندازلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ماختىشاتتى. ئۇلار تەرىپلىشىۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە ئاسىم ئىبنى سابىتمۇ بار بولۇپ، كىشىلەر ئاسىمنىڭ جەڭدىكى باتۇرلىقى، ئۇنىڭ بىر ئائىلىدىن بولغان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنى بىراقلا ئۆلتۈرگەنلىكىنى ماختاشتى. ئارىدىن بىرى:

ــ بۇنىڭ ئەجەپلەنگىدەك نېمىسى بار، ئېسىڭلاردىمۇ! دەسلەپ بەدىر ئۇرۇشىغا چىققۇچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن قانداق ئۇرۇشىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا سورىغاندا ئاسىم: ئوقياسىنى قولىدا تۇتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئەگەر قارشى تەرەپ يۈز گەز يېقىنلاشسا بۇ چاغدا جەڭ ئوقيا ئېتىش بىلەن، دۈشمەن نەيزە بويى يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن، نەيزە سۇنۇپ ياكى ئېگىلىپ كەتسە نەيزىنى تاشلاپ قىلىچ بىلەن بولىدۇ يەنى جەڭنى قىلىچ بىلەن قىلىمىز» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، كىمكى ئۇرۇشماقچى بولسا ئاسىم ئۇرۇش قىلغاندەك قىلسۇن!» دېگەن ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى.



www.munber.org

ئوھۇد ئۇرۇشى بولۇپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن ئاسىم ئىبنى سابىت قاتارلىق ئالتە كىشىنى تاللاپ، ئاسىمنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ مۇھىم ئىش ئۈچۈن بىر يەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى ۋە سەپەردە مەككىگە يېقىن بىر جايدا كېتىۋاتقاندا ھۇزەيفىلىكلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇلارنى سېزىپ قېلىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى. بۇ ئالتىسى ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولغاندا ھۇزەيفىلىكلەر ئۇلارغا:

— سىلەر بىزگە تەڭ كېلەلمەيسىلەر! تەسلىم بولساڭلار بىز سىلەرگە يامانلىق قىلمايمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە ۋەدە بېرىمىز، — دېيىشتى.

بۇ چاغدا ساھابىلەر قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاسىم بۇرادەرلىرىگە:

— مەن مۇشرىكلارنىڭ قولىغا چۈشمەيمەن، — دېگىنىچە سۇلابىنىڭ جاكارلىغان قەسىمىنى ئەسلىدىدە قىلىچىنى يالاڭاچلاپ تۇرۇپ ئاللاھقا، — ئى ئاللاھ، مەن دىنىڭنى قوغدايمەن! ئى ئاللاھ، مەن دىنىڭنى قوغدايمەن! سەن مېنىڭ گۆش - سۆڭەكلىرىمنى قوغدىغىن! ئۇنى دۈشمەنلىرىڭدىن بىرەرسىنىڭ قولىغا چۈشۈرمىسەڭ!... — دەپ دۇئا قىلدى - دە، ھۇزەيفىلىكلەرگە قاراپ ئېتىلدى. بۇرادەرلىرىدىن ئىككىسى ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە قاتتىق ئېلىشىپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى شېھىت قىلىندى. قالغان ئۈچىسى تەسلىم بولغان ئىدى، ئۇلارنىمۇ ئۇ مۇشرىكلار ئالداپ قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن قەبىھ يوللار بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشتى.

ھۇزەيفىلىكلەر دەسلەپتە ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيتتى. كېيىن بۇنى بىلگەندە ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى ۋە نۇرغۇن مۇكاپاتتىن ئۈمىدلىنىپ كېتىشتى. نېمىشقا خوش بولمىسۇن؟! چۈنكى ئۇلار ئەسلىدە ئۆلتۈرسە نۇرغۇن مۇكاپات بېرىلىشى شەرت قىلىنغان بىرىنى ئۆز قوللىرى



www.munber.org



بىلەن ئۆلتۈرگەن تۇرسا!

ئاسىم ئىبنى سابىت ئۆلتۈرۈلۈپ ئارىدىن بىر قانچە سائەت ئۆتە - ئۆتمەي قۇرەيشلىكلەر بۇنى ئاڭلىدى، چۈنكى ھۇزەيفىلىكلەرنىڭ ماكانى مەككىگە يېقىنلا بىر جايدا ئىدى. ئۇلار سۇلابىنىڭ ھەسرىتىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئاسىمنىڭ بېشىنى بېرىشنى ئۈمىد قىلىپ ھۇزەيفەلىكلەرگە نۇرغۇن سوغا - سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. ھۇزەيفەلىكلەر ئاسىمنىڭ كاللىسىنى كېسىش ئۈچۈن جەسەتنىڭ قېشىغا كېلىشتى، بىراق جەسەتنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان ھەرىلەر ئولاشقان بولۇپ بۇ ھەرىلەر ھەر بىر يېقىنلاشقۇچىنى چېقىپ ھېچكىمنى جەسەت قېشىغا يېقىن كەلتۈرمىدى، ئۇ كىشىلەر: كەچ بولسۇن، كەچتە ھەسەل ھەرىلىرى تارقايدۇ، شۇ چاغدا كېلەرمىز، دەپ يېقىن بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى. بىراق كۈندۈز كېتىپ كېچىنىڭ كېلىشى بىلەن ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ شۇنچىلىك قاتتىق يامغۇر ياغدىكى، گوياكى زېمىن يۈزىدىكى جانلىقلار بۇنداق قاتتىق يامغۇر كۆرمىگەن ئىدى. پۈتكۈل جىلغىلار شۇنداق تېزلىكتە سۇغا تولۇپ كەتتى. ھەممە يەر كەلكۈننىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا قالدى. تاڭ ئاتقاندا ئۇلار ئاسىمنىڭ جەسىتىنى ئىزدىشىپ ھەممە ياقلارغا بېرىپ باققان بولسىمۇ ھېچنەردىن تاپالمىدى. چۈنكى كەلكۈن ئۇنىڭ جەسىتىنى يىراق - يىراق جايلارغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئاللاھ ئاسىمنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ پارچىلىنىشتىن، مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭ بېشىدا ھاراق ئىچىشىدىن ساقلاپ قالغانىدى.

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئاللاھ ھەرگىزمۇ مۆمىنلەرگە قارشى ھالدا كاپىرلارغا ياردەم بەرمەيدۇ!



www.munber.org

www.munber.org

# ئەبباد ئىبنى بىشر

ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ كىشى بار، پەزىلەتتە ھېچكىم ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ، ئۇلار سەئد ئىبنى مۇئاز، ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير، ئەبباد ئىبنى بىشر قاتارلىقلاردۇر.

— مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى — ئائىشە

ئەبباد ئىبنى بىشر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان بىر نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. ناۋادا سىز ئۇنى ئىبادەتكارلار ئىچىدىن ئىزلىسىڭىز ئۇنىڭ تەقۋا، پاك، كېچىسى قۇرئان ئوقۇپ قىيامدا تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى؛ ناۋادا ئۇنى باتۇرلار ئارىسىدىن ئىزلىسىڭىز ئۇنىڭ باتۇر، قورقماس، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان جەسۇر مۇجاھىد ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ناۋادا ئۇنى مۇسۇلمان رەھبەرلىرى ئىچىدىن ئىزلىسىڭىز ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىگە ئىشەنچلىك، ئادىل، دىيانەتلىك بىر كاپالەتچى ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ھەتتا ھەزرىتى ئائىشە ئۇ ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى ئەنسارى ھەققىدە توختىلىپ: «ئەنسارىلاردىن ئۈچ كىشى بار، ھېچكىم پەزىلەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئابدۇل ئەشھەل قەبىلىسىدىن بولغان سەئد ئىبنى مۇئاز، ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير، ئەبباد ئىبنى بىشر قاتارلىقلاردۇر» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك نۇرلىرى مەدىنە زېمىنىدا پارلاشقا باشلىغاندا ئەبباد يېشى تېخى ئونبەشتىن ئاشمىغان ياش-ئۆسمۈر بولۇپ، گەرچە ئۇ تېخى ياشلىقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ ئۇنىڭدا دىيانەت، پاكلىق نۇرلىرى نۇرلىنىپ ھەر بىر ئىش ھەرىكەتلىرىدە چوڭلارچە تەمكىنلىك ۋە پاراسەت ئىپادىلىنىپ





www.munber.org

تۇراتتى.

ئەبباد مەككىلىك ياش تەشۋىقاتچى ئۆمەيرنىڭ يېنىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ناھايىتى تېزلا ئۇلار ئارىسىدا ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق رىشتىلىرى باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پاكلىق، ئەخلاقلىق بولۇشتەك خۇلۇقلىرى بىر-بىرلىرىدىن ئۆز ئۆرنەكلىرىنى تېپىشتى.

ئەبباد ھەمىشە مۇڭلۇق تەسىرلىك ئاۋازدا قۇرئان ئوقۇۋاتقان مۇسئەبكە قۇلاق سالاتتى، ئاڭلىغان قۇرئان سۆزلىرى ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە نەقىشتەك ئورنىشىپ قالاتتى. ئۇ قۇرئان ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان بولۇپ، كېچە كۈندۈز مېڭىش تۇرۇشلىرىدا قۇرئاننى تەكرارلايتتى. ھەتتا ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا ”يېتەكچى“ ۋە ”قۇرئاننىڭ دوستى“ دەپ نام ئالدى.

بىر كۈنى كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ مەسجىدكە يېقىن سېلىنغان ھۇجرىسىدا تۇرۇپ مەسجىدتىن ئاڭلىنىۋاتقان، قۇرئاننى خۇددى ئۆزىنىڭ دىلىغا چۈشۈرگەندەك ئۆز لەۋزى بويىچە ئوقۇۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئى ئائىشە بۇ ئەببادنىڭ ئاۋازىمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— شۇنداق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئائىشە.

— ئى ئاللاھ! سەن ئەببادقا مەغپىرەت ئاتا قىلغىن! — دەپ دۇئا قىلدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ئەبباد ئىبنى بىشر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان بولۇپ، شۇ ئۇرۇشلاردا ئۇنىڭ قۇرئاننى ياد ئالغان قارىيلارغا لايىق پەزىلەتلىرى نامايەندە بولغان ئىدى. ئۇنىڭ بىر مىسالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاتىرىقا ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر جىلغىغا چۈشكۈن قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن بىرى بىر مۇشرىك ئايالنى ئەسىرگە ئالغانىدى. ئۇنىڭ مۇشرىك ئېرى ئايالىنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ ئۇلارنىڭ قىنىنى تۆكمىگىچە

قايتمايدىغانلىقى توغرۇلۇق بۇتلىرى لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەم ئىچتى.

مۇسۇلمانلار چۈشكۈن قىلغان بۇ جىلغىغا ئات ـ ئۇلاغلىرىنى جايلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— بۇ كېچە كىم كۆزەتچىلىك قىلىدۇ؟— دەپ سورىدى. ئەبباد بىلەن ئەممار ئىبنى ياسىر تەڭلا:

— بىز! — دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىككىسىنى قېرىنداش قىلىپ قويغانىدى. بۇ ئىككىسى بىرلىكتە جىلغا ئېغىزىغا چىقتى. ئەبباد قېرىندىشى ئەمماردىن:

— كېچىنىڭ قايسى يېرىمىدا ئۇخلايسەن، ئەۋۋەلىدىمۇ ياكى ئاخىرىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇرۇن ئۇخلاي، — دەپ يېقىنلا يەردە ياتتى ئەممار.

كېچە تىنچ ئىدى. يۇلتۇزلار، دەل ـ دەرەخلەر، تاش ـ تۇپراقلار ئاللاھقا مەدھىيە ئوقۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئەببادنىڭ دىلى ئىبادەت قىلىشنى خالاپ، قۇرئان ئوقۇشقا قىزىقتى. ئۇ قۇرئاننىڭ نامازدا ئوقۇغان ۋاقتىدىكى شېرىنلىك تۇيغۇسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ نامازنىڭ مەنپەئەتى بىلەن نامازدا ئوقۇلغان قۇرئاننىڭ مەنپەئەتىنى تەڭ ئېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ قىبلىگە يۈزلىنىپ نامازغا تۇردى ۋە ناھايىتى مۇڭلۇق، شېرىن بىر ئاۋازدا سۈرە كەھفنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئەبباد بۇيۈك ئىلاھىي بىر تۇيغۇنىڭ باغرىغا شۇڭغۇپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى مۇشرىك ئايالنىڭ ئېرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ـ دە، جىلغا ئېغىزىدا تىك تۇرغان بىرىنى يىراقتىنلا كۆرۈپ: بۇ مۇھەممەدنىڭ كۆزەتچىسى، باشقىلار چوقۇم جىلغا ئىچىدە دەپ ئويلاپ ئوقياسىنى بەتلەپ ئوقنى دەل ئەببادقا قارىتىپ نىشانلاپ ئاتتى. ئوق ئۇنىڭغا تەگدى. ئەمما ئەبباد ئوقنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. يەنە بىر تال ئوق تەگدى. ئۇ ئۇنىمۇ ئېلىۋېتىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۈچىنچى تال ئوق تەككەندە ئەبباد بۇ ئوقنىمۇ ئېلىۋېتىپ ئۆمىلەپ بارغىنىچە ئەممارنى ئويغاتتى ۋە ئۇنىڭغا:



www.munber.org



— ئى ئەممار! ئورنۇڭدىن تۇرغىن، مېنى جاراھەت ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى، — دېدى. ھېلىقى ئەر بۇلارنى كۆرۈپ قېچىپ كەتتى.

ئەممار ئەببادنىڭ ئۈچ يېرىدىن ئېقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ:

— يا سۇبھان ئاللاھ! بىرىنچى تال ئوق تەككەندىلا مېنى چاقارساڭ بولماسمىدى؟— دېدى.

— مەن شۇنداق بىر سۈرىنى نامازدا ئوقۇۋاتقان ئىدىمكى، ئۇنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپ نامازنى تاماملاشنى خالىمىدىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنى ساقلاشقا بۇيرۇغان بۇ جىلغا ئېغىزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى دېمىگەن بولسام ماڭا قانچىلىغان ئوقلارنىڭ تېگىپ، ھەتتا جېنىمنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر مەن بۇ سۈرىنى ئۈزۈپ قويۇشنى خالىمايتتىم.

ئابابەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار دىندىن يېنىپ مۇسەيلىمە كەززابنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەندە، يالغانچى مۇسەيلىمەنى يوقىتىش، دىندىن يانغانلارنى ئىسلام دىنىغا قايتا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئابا بەكرى زور بىر قوشۇن تەييارلاپ يولغا سالدى، ئەبباد بۇ قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىدى.

ئەبباد ئۇرۇش داۋامىدا ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە يۆلۈنۈۋېلىشى سەۋەبىدىن كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغۇدەك ۋە غەزەپلەندۇرگۇدەك بىر ھالەتنىڭ شەكىللىنىپ، ئۇرۇشتا ھېچبىر نەتىجە قولغا كەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان بىر ـ بىرىنى ئورۇنسىز ئەيىبلەشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋەتكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەر كىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشى، ھەقىقىي سەۋرلىك مۇجاھىدلارنى بايقاپ ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئىككى گۇرۇھنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئالدىدا بولغۇسى كەسكىن ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى كېچىسى ئەبباد ئىبنى بىشىر چۈشىدە ئاسماننىڭ ئېچىلغانلىقىنى، ئاسمانغا كىرگەندە



www.munber.org

ئاسماننىڭ ئۇنى ئورۇۋېلىپ، ئىشىكنى ئېتىۋالغانلىقىنى كۆردى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۇ چۈشىنى ئەبۇ سەئىد خۇدرىغا سۆزلەپ بېرىپ: «ئى ئەبا سەئىد! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! بۇ شېھىتلىكنىڭ بېشارىتى» دېدى.

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ئۇرۇش باشلانغاندا ئەبباد ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ كۆپچىلىككە:

ــ ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! سىلەر كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ بىر تەرەپكە چىقىڭلار، سىلەر قىلىچىڭلارنىڭ غىلاپلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاڭلار!... ئىسلام سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قالمىسۇن!... ــ دېدى. ئۇ سۆزىنى تەكرارلىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا سابىت ئىبنى قەيس، بەرا ئىبنى مالىك ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قىلىچ ئىگىسى» دەپ نام بەرگەن ئەبۇ دۇجانە باشچىلىقىدىكى 400 گە يېقىن كىشى توپلاندى.

ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بىرگە سەپلەرنى قىلىچلار بىلەن يېرىپ، ئۆلۈكلەرنى كۆكسىلىرى بىلەن ئىتتىرىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. يالغانچى مۇسەيلىمەنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئورۇلۇپ ئاخىرى ئۇ ئادەملىرى بىلەن « ھەدىقەتۇل مەۋتە» دەپ ئاتالغان باغنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئەبباد ئىبنى بىشىر بۇ باغنىڭ تېمى تۈۋىدە قانغا مىلەنگەن ھالدا شېھىتلىك ھالىتىدە يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ جەسىتىدە ئوق تەگكەن، قىلىچ ئورۇلغان ۋە نەيزە سانچىلغان بىر قانچە يارا ئىزى بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى بۇرۇن ئۇنىڭ بەدىنىدە بار بولغان بەزى بىر ئالامەتلىرى ئارقىلىقلا ناھايىتى تەستە تونۇدى.

ئاللاھ ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇغان دىلىغا نۇر ئاتا قىلسۇن! ئۇنىڭ ئورنىنى جەننەتتە قىلسۇن! شۈنىڭدەك، ئاللاھ بىزگىمۇ ساغلام ئىمان، پاك قەلب، ھەقىقىي، گۈزەل ئىسلامىي ئەخلاق ئاتا قىلسۇن! ھەم بىزنىڭ ھەر بىر ئەمەلىمىزنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشىغا نېسىپ قىلسۇن! ئامىن!!!

www.munber.org





## رەبىئە ئىبنى كەئب

رەبىئە ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ:

«دىلىم ئىماننىڭ نۇرى بىلەن يورىغان، دىلىم ئىسلام چۈشەنچىلىرى بىلەن روشەنلەشكەن ۋاقىتلىرىم دەل مېنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىم ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈمدىلا ئۇنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈم شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، مەن ئۇنىڭغا بولغان ياخشى كۆرۈشۈم ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە ھازىر ئىدىم. شۇڭا بىر كۈنى ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ‹ۋاي ساڭا! ئى رەبىئە ئىبنى كەئب، سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن پىدا قىلمايسەن؟! سەن بېرىپ ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بەر! ناۋادا سەن ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلىسەڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق بۇ دۇنيادا چەكسىز بەختكە، ئاخىرەتتە بولسا چەكسىز ياخشىلىققا ئېرىشىسەن› دېدىم ـ دە، بالىلىق دەۋرىمدىن باشلاپلا ئۆزۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە ئاتىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن ئىبارەت ئارزۇيۇم بىكارغا كەتمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى خىزمىتىگە قوبۇل قىلدى.

«مەن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا قوبۇل قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ سايىسىگە ئوخشاش ئۇنىڭدىن بىرقەدەممۇ ئايرىلمىدىم. نەگىلا بارسا بىرگە باردىم، قايسى تەرەپكە قارىسا مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ تۇردۇم، بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى بارلىقىنى ھېس قىلسام دەرھال شۇ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئالدىرىدىم، پۈتۈن بىر كۈن ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولۇپ خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ بولغاندا

www.munber.org

قايتماقچى بولاتتىم - دە، يەنە ئۆز - ئۆزۈمگە: ‹ئى رەببىئە! سەن نېمە بىلىسەن، بەلكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە بىرەر ئىشى چىقىپ قالار› دېگىنىمچە ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇراتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە كېچىلەرنى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ھالدا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ نامازلىرىدا سۈرە فاتىھەنى تەكرارلايدىغانلىقىنى، ئۇنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنلەردە ئوقۇيدىغانلىقىنى، بەزىدە: ‹ئاللاھ ئاللاھنى ماختىغان ئادەمنىڭ ھەمدىسىنى قوبۇل قىلدى!› دەيدىغانلىقىنى ۋە بۇ سۆزنى سۈرە فاتىھەدىنمۇ كۆپرەك تەكرارلىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. مەن چارچاپ بەزىدە ئۇخلاپ قالسام بەزىدە ئۆيگە قايتاتتىم. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر ياخشىلىق قىلسا ئۇ ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىنمۇ بەكرەك ياخشىلىق قايتۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادەتلىرىدىن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مېنى مۇكاپاتلىماقچى بولۇپ يېنىمغا كېلىپ:

— ئى رەبىئە! — دەپ چاقىردى.

— خوش؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مەندىن سورىغىن، مەن سېنىڭ سورىغىنىڭنى بېرەي! — دېدى. مەن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن سەندىن نېمە سورۇشۇم كېرەكلىكىنى ھازىرچە بىلەلمىدىم، ماڭا ئويلىنىشقا بىرئاز ۋاقىت بەرگەن بولساڭ، — دېدىم.

— بولىدۇ، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە مەن ھېچنىمىسى يوق بويتاق ئىدىم. مېنىڭ ياتقۇدەك ئۆيۈممۇ يوق بولغاچقا باشقا پېقىر مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مەسجىد سوپۇسىدا يېتىپ قوپاتتىم. بىزنى كىشىلەر ”مۇسۇلمانلارنىڭ مېھمانلىرى“ دەپ چاقىرىشاتتى، مۇسۇلمانلاردىن بىرەر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەدىقە ئېلىپ كەلسە ئۇ بۇ سەدىقىنىڭ ھەممىسىنى



www.munber.org



بىزگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئەگەر بىرەرسى سوۋغا تەقدىم قىلسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئازراق بىر قىسمىنى ئېلىپ قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئەۋەتىپ بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سورۇشۇمنى ئېيتقاندىن كېيىن كۆڭلۈم ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مال- دۇنيا سوراشنى؛ باشقا باي، پېقىر كىشىلەردەك ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىشنى ۋەس - ۋەسە قىلدى. كۆڭلۈمنىڭ بىر تەرىپى بولسا: ‹ياق! ياق! ئى رەبىئە! ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى باقاسى يوق تۈگەپ كېتىدىغان نەرسىلەردۇر، ئاللاھ ساڭا بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان نەرسىلەر بار، ئاللاھ ساڭا ئۇنى چوقۇم بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك بەندىسى، ئۇنىڭ ئاللاھتىن تىلىگەنلىرى بېرىلىدۇ، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزۈڭنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشىلىق سوراپ بېرىشىنى تىلىگىن› دېدى. بۇ ئويۇم بىلەن دىلىم چەكسىز خۇرسەنلىككە تولدى.

مەن بۇ تەلەپنى سوراشنى قارار قىلغان ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى رەبىئە! نېمە دېمەكچىسەن؟— دەپ سورىدى.

—ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن سېنىڭ ئاللاھتىن مېنىڭ ساڭا جەننەتتىمۇ ھەمراھ بولۇشۇمنى سوراپ بېرىشىڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن، — دېدىم.

— بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟— دەپ سورىدى ئۇ.

—ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! بۇنى ماڭا ھېچكىم ئۆگەتمىدى، لېكىن سەن ماڭا: سەن سورىغىن! دېگەندە كۆڭلۈم دەسلەپتە دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى سوراشنى ۋەس - ۋەسە قىلدى؛ ئارقىدىنلا دىلىمدا باقىي دۇنيانى پانىي دۇنيادىن ئەلا بىلىش تۇيغۇسى باش كۆتەردى - دە، سەندىن يۇقىرىقى تەلەپنى سوراشنى قارار قىلدىم، — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن يەنە:

— مەندىن سورايدىغان باشقا ھاجەتلىرىڭ بارمۇ؟— دەپ سورىدى.

— سەندىن سورىغان نەرسىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايمەن، شۇ يېتىدۇ، — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنداق بولسا سەن سەجدىنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ماڭا ياردەم بەرگىن! —دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇش نېسىۋىسىگە ئېرىشكەندەك جەننەتتىمۇ ھەمراھ بولۇش نېسىۋىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىبادەتتە تېخىمۇ تىرىشچان بولۇپ كەتتىم.

يۇقىرىقى سۆھبەتنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىرىپ:

— ئى رەبىئە توي قىلمامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىرەر ئىشنىڭ مېنى سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىشتىن يۇز ئۆرۈشۈمگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەندە ئايالىمغا تويلۇق بەرگىدەك ھەم ئۇنىڭ جېنىنى بېقىپ كەتكۈدەك مالمۇ يوق، — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئوخشاش سوئالنى سورىۋىدى مەنمۇ ئوخشاش جاۋابنى بەردىم. كېيىن مەن يالغۇز قالغاندا ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ‹ئى رەبىئە ئىست ساڭا! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە سېنىڭ ئەھۋالىڭنى، سېنىڭ دىنىڭ ۋە دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن ياخشى بولغان قانداق نەرسىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭنى، ھەم سېنىڭ قېشىڭدا بار ـ يوق نەرسىنى ئوبدان بىلىدىغان تۇرسا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمدى بۇنداق سوئال سورىسا مەن چوقۇم ماقۇل دەيمەن› دېدىم.

«ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا يەنە:

— ئى رەبىئە توي قىلمامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— توي قىلاي، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىراق كىممۇ ماڭا قىزىنى





بېرەر، سەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئوبدان بىلىسەن، — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سەن پالانىنىڭ ئۆيىگە بارغىن ۋە ئۇلارغا: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ پالانى قىزىڭلارنى ماڭا نىكاھلاپ قويۇشۇڭلارنى بۇيرۇدى› دېگىن، — دېدى.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى بويىچە ئۇ ئائىلىگە ناھايىتى خىجىل بولغان ھالەتتە باردىم ۋە ئۇلارغا:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ پالانى قىزىڭلارنى ماڭا نىكاھلاپ قويۇشۇڭلارنى بۇيرىدى، — دېدىم.

— قىزىمىز پالانىنىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلار.

— ھەئە، شۇنى، — دېدىم مەن.

— ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ۋە ئۇ ئەۋەتكەن ئەلچىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەلچىسى ھاجىتى راۋا قىلىنغان ھالدا قايتۇرۇلىدۇ، — دەپ، ئۇلار قىزىنى ماڭا بەرمەكچى بولدى.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ناھايىتى ياخشى بىر ئائىلىدىن كەلدىم، ئۇلار ماڭا ئىشىنىپ قىزىنى بەرمەكچى بولدى، بىراق مەن ئۇ تويلۇقنى نەدىن تاپىمەن، — دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرەيد ئىبنى خەسىبنى چاقىرتتى (بۇرەيد بەنى ئەسلەم قەبىلىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئىدى) ۋە ئۇنىڭغا:

— ئى بۇرەيد! سەن رەبىئەگە نۆكچە مىقدارى ئالتۇن جۇغلاپ بەرگىن، — دېۋىدى، ئۇ بۇ ئالتۇنلارنى جۇغلاپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا،
— سەن بۇ ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ‹بۇ قىزىڭلارنىڭ تويلۇقى، دېگىن› دېدى.

مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇلارغا ئالتۇنلارنى بەرسەم ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە رازى بولۇشۇپ: ‹ئىنتايىن كۆپكەن، ئىنتايىن ياخشىكەن!›



www.munber.org

دېيىشىپ كېتىشتى. مەن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ:

— مەن ئۇلاردەك ياخشى ئادەملەرنى كۆرمىگەن ئىدىم، ئۇلار تويلۇقنى ئاز كۆرمەي رازى بولۇشۇپ: ‹ئىنتايىن كۆپكەن، ئىنتايىن ياخشىكەن› دېيىشىپ كەتتى، — دېدىم ۋە ئەمدى نېمە بىلەن توي قىلىمەن؟ دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇرەيدەگە:

— ئى بۇرەيدە! ئۇنىڭغا بىر قوچقارنىڭ پۇلىنى يىغىپ بېرىڭلار — دېدى. ئۇلار ناھايىتى چوڭ بىر قوچقارنى ئېلىپ بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا، — سەن ئائىشەنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ساڭا قېشىدىكى ئارپىلارنىڭ ھەممىسىنى بەرسۇن، — دېدى.

مەن ئائىشەنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئائىشە ماڭا:

— ئاۋۇ سېۋەتنى ئالغىن، ئۇنىڭدا يەتتە سا ئارپا بار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ قېشىمىزدا بۇنىڭدىن باشقا ئاشلىق يوق، — دېدى.

مەن قوچقار بىلەن ئارپىنى ئېلىپ قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە باردىم، ئۇلار:

— ئارپىنى بىز تەييارلايلى، قوچقارنى تەييارلاشقا سېنىڭ دوستلىرىڭ مەسئۇل بولسۇن، — دېدى، مەن ۋە ئەسلەم قەبىلىسىدىكى كىشىلەر قوچقارنى سويۇپ ئۇنى پىشۇردۇق، گۆش ۋە نان تەييار بولدى. شۇنداق قىلىپ مەن توي زىياپىتى بەردىم ۋە تويغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تويغا كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ماڭا ئابا بەكرىنىڭ زېمىنىنىڭ قېشىدىن بىر پارچە زېمىن بەردى، مەنمۇ دۇنيالىق بولۇپ قالدىم. ھەتتا بىر كۈنى مەن ئابا بەكرى بىلەن بىر تۈپ خورمىنى تالىشىپ قالدۇق، مەن ئۇنىڭغا: ‹بۇ خورما دەرىخى مېنىڭ زېمىنىمدا، شۇڭا بۇ دەرەخ مېنىڭ› دەيتتىم. ئابا بەكرى بولسا: ‹ياق بۇ خورما دەرىخى مېنىڭ زېمىنىمدا!› دەيتتى. مەن تالىشىۋرگەچكە ئابا بەكرى ماڭا يامان سۆزدىن بىرنى دەپ سالدى ۋە ئارقىدىنلا پۇشايمان قىلىپ: ‹ئى رەبىئە! سەنمۇ مېنى تىللاپ ئۆچۈڭنى



www.munber.org



ئالغىن› دېدى. مەن: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن› دېدىم. ئابا بەكرى: ‹ئۇنداق بولسا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ سېنىڭ مېنىڭدىن قىساس ئېلىشقا ئۇنىمانلىقىڭنى شىكايەت قىلىمەن› دېدى.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ماڭدى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم، ماڭا قەۋمىمدىكى بىرقانچە كىشى ئەگەشتى ۋە:

— ئۇ ئادەم سېنى ئاۋۋال تىللىغان تۇرۇقلۇق يەنە تېخى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېنى چېقىشتۇرغىلى ماڭدىمۇ؟! — دېيىشتى. مەن:

— ۋاي سىلەرگە! بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلمەمسىلەر؟ ئۇ كىشى ئەڭ راستچىل ئابا بەكرىغۇ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پېشقەدىمى، مەن ئابا بەكرىنىڭ سىلەرنىڭ مەن بىلەن بىرگە كەلگەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ قېلىپ، سىلەرنى ماڭا ياردەم بەرگىلى كەپتۇ دەپ قاراپ سىلەرگە غەزەپلىنىپ قېلىشىدىن، بۇ گۇمان بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزەپلىنىپ مېنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىمگە سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، — دېدىم. ئۇلار قايتتى.

ئابا بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن:

— ئى رەبىئە سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— خۇددى ئابا بەكرى ساڭا دېگەندەك، بىز تالىشىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ قىلىپ سالغان يامان سۆزى ئۈچۈن مېنىڭمۇ شۇنداق سۆزنى قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى، مەن ئۇنىمىدىم.

— بولۇپتۇ، سەن ئۇنداق سۆزنى قىلما، بىراق سەن: ‹ئاللاھ ئابا بەكرىنى كەچۈرسۇن!› دېگىن، — دېدى.

— ئاللاھ ئابا بەكرىنى كەچۈرسۇن! — دېدىم مەن دەرھاللا.



www.munber.org

ئابا بەكرى قايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بولسا تارام‌لاپ ياشلار قۇيۇلاتتى، ئۇ:

— ئى رەببىئە، ئاللاھ ساڭا مەن تەرەپتىن ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، ئى رەببىئە، ئاللاھ ساڭا مەن تەرەپتىن ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! — دەيتتى.»

رەببىئەنىڭ بايانى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى، ئاللاھ ھەممىمىزنى رەببىئە ۋە ئابا بەكرىدەك بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، يېقىن قېرىنداشلاردىن قىلسۇن! ئىمانىمىزنى كۈچەيتىپ، ئىسلامىمىزنى يېڭىلاپ تۇرسۇن! ئاللاھ بىزنى ھەر ۋاقىت گۇناھسىز ھالەتتە تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن! دىللىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىخمۇ نۇرلۇق قىلسۇن، ئامىن!!!

www.munber.org





## زەيد ئىبنى سابىت

شىئىردا ھەسسان ۋە ئوغلىدىن باشقا كىم بار؟
مەنىلەر ئۈچۈن زەيد ئىبنى سابىتتىن باشقا كىم بار؟
— ھەسسان ئىبنى سابىت

ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇرلانغان مەدىنە شەھىرى بەدىر ئۇرۇشىغا ھازىرلىنىش قىزغىنلىقىغا چۆمگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دىنىنى يەر يۈزىدە ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆز قوماندانلىقى ئاستىغا يىغىلغان ئىسلامدىكى بۇ تۇنجى قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا يېشى تېخى ئون ئۈچكىمۇ يەتمىگەن، تۇرقىدىن چىچەن ۋە زىرەكلىكى، پاراسەتلىك، جاسارەتلىكلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر كىچىك بالا قوشۇن تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق كەلگىدەك بىر قىلىچ بار ئىدى. ئۇ ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆزۈمنى ساڭا پىدا قىلماقچىمەن، مېنىڭ سېنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشۇمغا، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىمغا رۇخسەت قىلساڭ، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ۋە سۆيۈنۈش بىلەن نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇنىڭغا بولغان مېھرىبانلىق، ئامراقلىق بىلەن ئۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، يېشىنىڭ تېخى كىچىك ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ ئۇنى قايتۇرىۋەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبلىپ بارغان تۇنجى ئۇرۇشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى

www.munber.org

قايغۇرغان ھالدا قىلىچىنى سۆرىگەن ھالدا قايتتى. ئۇنىڭ ئانىسى نەۋۋار بىنتى مالىكمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قايتتى، ئانىنىڭ قايغۇسىمۇ ئوغلىنىڭكىدىن قىلىشمايتتى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايرىقى ئاستىغا يىغىلغان ئەرلەر بىلەن بىرگە ئۆز ئوغلىنىڭمۇ بۇ ئۇرۇشقا ماڭغانلىقىنى كۆرۈشنى خالايتتى ھەم ئوغلىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىبرىنىڭ ئورنىدا ئۇ ئارزۇ قىلغان ئورۇنغا ئېگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ئىدى. بىراق ئەنسارىلاردىن بولغان بۇ ئۆسمۈر يېشىنىڭ كىچىكلىكى سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا چىقىش نېمىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ زىرەكلىكى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولىدىغان باشقا بىر يولدىكى پۇرسەتكە ئېرىشتۈردى. بۇ پۇرسەت قۇرئاننى يادلاش ۋە بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئويۇنى ئانىسىغا دېۋېدى ئانىسى بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشاللىنىپ كەتتى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تۇتۇش قىلدى.

ئانىسى نەۋۋار قەۋمىدىكى بىر قانچە كىشىگە ئوغلىنىڭ بۇ پىكرىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زەيدنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ بۇ بالىمىز زەيد ئىبنى سابىت ئاللاھنىڭ كىتابىدىن 17 سۈرىنى يادقا بىلىدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ سېنىڭ دىلىڭغا سالغاندىكىدەكلا ئوقۇيالايدۇ، ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلىدۇ، ئۇ مۇشۇ ئەمەللىرى بىلەن ساڭا يېقىنلىششنى ۋە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىشنى خالايدۇ، خالىساڭ ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلاپ باققىن! — دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ يادقا ئالغان سۈرىلىرىدىن بىر قانچىنى ئاڭلاپ باقتى، ئۇنىڭ ئوقۇش قائىدىلىرى ناھايىتى ياخشى، تەلەپپۇزلىرى ئوچۇق ئىدى، قۇرئاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن خۇددى دۇردانىلەردەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىلغان تىلاۋىتىدىن ئۇنىڭ قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ناھايىتى ياخشى قوبۇل قىلغانلىقى، پۈتكۈل ۋۇجۇدىغىچە تەسىر قىلغانلىقى





بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇلارنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيددىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، زەيدنىڭ ئۇنىڭ قەۋمى تەرىپىلىگەنندىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدى. زەيدنىڭ يېزىشقا ماھىرلىقى ئۇنىڭ سۆيۈنۈشىنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدقا قاراپ:

— ئى زەيد سەن مېنىڭ ئورنۇمدا يەھۇدىي تىلىنى ئۆگەنگىن! مەن ئۇلارغا تازا ئىشەنچ قىلالمايدىكەنمەن، — دېدى.

— بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدى زەيد.

مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زەيد ئىبران تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى ۋە قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدىلا ئۇ تىلنى پۇختا ئېگىلەپ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا مەكتۇپ يوللىماقچى بولسا ئۇ بۇ مەكتۇپلارنى يازاتتى ھەم يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يازغان مەكتۇپلىرىنىمۇ ئوقۇپ بېرەتتى. كېيىن ئۇ يەنە سۈريانى تىلىنىمۇ ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياش يىگىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمانى بولۇپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ سالماقلىقى، ئەستايىدىللىقى ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاللاھتىن ئۆزىگە چۈشىدىغان ۋەھيىنى خاتىرىلەيدىغان كاتىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىغا بىرەر ۋەھيي نازىل قىلىنسىلا ئۇ زەيدكە: «ئى زەيد، ياز!» دەيتتى، ئۇ يازاتتى. زەيد قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى خاتىرىلەش بىلەن بىرگە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرى بىلەن قوشۇپ ئەڭ يېڭى ھالەتتە ئالاتتى ـ دە، دىلى قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن بارغانچە كۈچلۈك ھىدايەتكە ئىگە بولاتتى. قۇرئاننىڭ شەرئىي ھۆكۈملىرىنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئۇنىڭ دىلى تېخىمۇ نۇرلىناتتى. بۇنداق ئۇلۇغ مۇقەددەس ئىلىم بىلەن نېمەتلەنگەن بۇ ياش يىگىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىدى ئۈچۈن قۇرئان ئىلمى تەرىپىدىن ئەڭ ئىشەنچلىك بولغان تۈنجى مەنبە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ خەلىپە ئابابەكرىنىڭ زامانىسىدا قۇرئاننى توپلىغان كىشىلەرنىڭ باشلامچىسى، خەلىپە ئۆمەرنىڭ زامانىسىدا قۇرئاننىڭ ھەممە نۇسخىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوسمانىيە نۇسخىسىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلىرىدىن ئىدى. بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق مەرتىۋە ۋە بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىسىل نېمەت بارمۇ؟! دىللار بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ يۈكسەكلىك تەلەپ قىلامدۇ؟

قۇرئاننىڭ پەزىلىتى زەيد ئىبنى سابىتقا كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى قايمۇقتۇرۇۋېتىدىغان مۇشكۈل شارائىتتا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرەلىگىدەك ئەقىل نۇرى ئاتا قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار كىمنىڭ خەلىپە بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا كېلىشەلمىدى. مۇھاجىرلار: خەلىپە بىزدىن سايلىنىشى كېرەك، بىز بۇنىڭغا ئەڭ لايىق، دېسە ئەنسارىلار: خەلىپە بىزدىن بولۇشى كېرەك، بىز بۇنىڭغا ئەڭ لايىق، دېيىشتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر: خەلىپە ھەم بىزدىن ھەم سىلەردىن بولسۇن، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بىر تەرەپتىن بىر ئادەمنى ئىشلەتسە سىلەر تەرەپتىنمۇ بىر ئادەمنى ئىشلىتەتتى، دېيىشتى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تېخى دەپنە قىلىنماي تۇرۇپلا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ پىتنە ئەگەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنداقلا بۇنى قۇرئاننىڭ ھەقىقىتى بىلەن نۇرلانغان بىرىنىڭ، توغرا بىر سۆز بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشى ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە بۇ سۆز زەيد ئىبنى سابىت ئەنسارىنىڭ ئاغزىدىن چىقتى، ئۇ ئەنسارىلارغا قاراپ:

— ئى ئەنسارىلار جامائەسى! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھاجىرلاردىن ئىدى، خەلىپىسىمۇ مۇھاجىرلاردىن بولىدۇ، بىز پەيغەمبەرنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ئىدۇق، ئەمدى خەلىپىنىڭمۇ ياردەمچىلىرى ۋە ھەققانىيەتتە ھەمكارلاشقۇچىلىرى بولىمىز! دېگىنىچە ئەبۇ بەكرى





سىددىققا قولىنى بېرىپ بەيئەت قىلدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ: بۇ سىلەرنىڭ خەلىپەڭلەر! ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار! — دېدى.

زەيد قۇرئاننىڭ پەزىلىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغانلىقىنىڭ پەزىلىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەشئىلىگە ئايلاندى. خەلىپىلەر قىيىن مەسىلىلەردە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالاتتى. كۆپچىلىكمۇ بىرەر قىيىن مەسىلىگە يۇلۇقسىلا ئۇنىڭدىن پەتىۋا سورىشاتتى. بولۇپمۇ مىراس ئىشلىرىدىكى ھۆكۈملەردە ئۇنىڭدىن ئالىم كىشى يوق ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب جابىيە كۈنىسى كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىگەندە مۇنداق دېگەنىدى:

— ئى خالايىق! سىلەردىن كىمكى قۇرئان توغرىسىدا سوئال سورىماقچى بولسا زەيد ئىبنى سابىتنىڭ قېشىغا كەلسۇن، دىنىي ھۆكۈملەر توغرىسىدا سوئال سورىماقچى بولسا مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ قېشىغا، مال-دۇنيا سورايدىغانلار مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن! ئۇلۇغ ۋە كەرەملىك ئاللاھ مېنى ئۇنىڭ تەقسىملىگۈچىسى قىلدى.

ساھابىلەر ۋە تابىئىلاردىن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار زەيد ئىبنى سابىتنىڭ قەدرىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئۇنى ئۇلۇغلىغان ۋە قاتتىق ھۆرمەتلىگەن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستەك بىلىمدار زاتمۇ بىر كۈنى زەيدنىڭ ئۇلۇغىغا مىنمەكچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ زەيدنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇزەڭگىنى تۇتۇپ ئۇلاقنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ھالدا زەيدنىڭ ئۇلاغقا مىنىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بۇنى كۆرگەن زەيد:

— ئى ئاللاھ رەسۇلۇنىڭ جىيەنى، ئۇنداق قىلما! — دېدى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا:

— بىز بىلىملىك ئالىملىرىمىزغا مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ زەيد:

— قولۇڭنى چىقار، — دېۋېدى، ئابدۇللاھ قولىنى چىقىرىپ بەردى، زەيد ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ، — بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسىگە



www.munber.org

مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز، ــ دېدى.

زەيد ئىبنى سابىت ۋاپات بولغاندا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەتكەن مول بىلىمگە قاتتىق يىغلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە:

ــ بۈگۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆلىماسى ۋاپات بولدى، ئاللاھ ئىبنى ئابباسنى ئۇنىڭ ئىز باسارى قىلىپ بەرگەي! دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىت:

كىم بولاتتى ئۆزگە سابىتتىن ئاھاڭدار سۆز دېسەڭ،

قارچۇغىدى ئىبنى سابىت، مەنىلەرنى كۆز دېسەڭ.

دەپ مەرسىيە ئوقۇغان ئىدى.

www.munber.org





# ھەكىم ئىبنى ھىزام

مەككىدە تۆت ئادەم بار، مەن ئۇلارنىڭ شېرىكلىكتە قىلىشىغا چىدىمايمەن، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە قىزىقىمەن، ھەكىم ئىبنى ھەزام ئۇ تۆت ئادەمنىڭ بىرىدۇر.

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

سىز بۇ ساھابە ھەققىدە ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ تارىختا خاتىرىلىنىشىچە ئۇ بۈيۈك كەبە شەرىفنىڭ ئىچىدە تۇغۇلغان بىردىن بىر بوۋاق ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇغۇلۇپ قېلىش سەۋەبى مۇنداق بولغان: بىر كۈنى ئۇنىڭ ئانىسى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوچۇق قالغان كەبە شەرىفنىڭ ئىچىگە بىر تۈركۈم ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كىرگەن ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان بۇ ئانىنىڭ تولغۇقى تۇتىدۇ. تولغاق ئازابىدىن ئۇ كەبىدىن قايتىپ چىقىشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاستىغا بىر پارچە تېرە سېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ بوۋاقنى ئاشۇ تېرە ئۈستىگىلا تۇغىدۇ. مانا بۇ بوۋاق خۇۋەيلىدنىڭ ئوغلى ھەكىم ئىدى.

ئۇ خۇۋەيلىدنىڭ قىزى بولغان خەدىچە ئانىمىزنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئاللاھ خەدىچە ئانىمىزدىن رازى بولسۇن ھەم ئۇنى رازى قىلسۇن! ھەكىم ئىبنى ھىزام نەسەبى ئېسىل، يۈز - ئابرۇيلۇق، بايلىقى كۆپ ئېسىل ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ ئەقىللىق، پەزىلەتلىك، ئېسىل كىشى بولۇپ يېتىلگەچكە قوۋمى ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ ھاجىلارنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىدى. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا قۇربى يەتمىگەنلەرگە ئۆز مېلىدىن سەرپ قىلىپ بېرەتتى.

www.munber.org

ھەكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ دوستى ئىدى. گەرچە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەش ياش چوڭ بولسىمۇ بۇ ئىككىسى ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدىن ھۇزۇر ئالاتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە دوستلۇقلىرىنى يەتكۈزۈشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەكىمنىڭ ھاممىسى بولغان خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دوستلۇقى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانىدى. ئەمما سىز بۇلارنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۇنىڭ ئىسلام كېلىپ ئاردىن يىگىرمە يىلدىن كېيىن، ھەتتا مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىسىڭىز بەلكىم ھەيران قالارسىز. بەلكىم سىزدىمۇ ھەر بىر كىشىنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولۇشى ئېھتىمالى بولغان: «ھەكىم ئىبنى ھىزامغا ئوخشاش ئاللاھ تەرىپىدىن ئەقىل - پاراسەتلىك قىلىپ يارىتىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش سەۋەبىگە ئىگە قىلىنغان بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئەڭ ئاۋۋال ئاۋاز قوشمىغىنى قانداق گەپ؟» دېگەننى ئويلىغان بولۇشىڭىز ئېھتىمال، لېكىن ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشى شۇكەمگىچە كېچىكتۈرۈلدى. ئاللاھ ھەر ئىشتا ھېكمەتلىك زاتتۇر.

خۇددى ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭ شۇنچىلىك كېچىكىپ ئىمان كەلتۈرگىنىگە ھەيران قالغىنىدەك ئۇمۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغاندىن، يەنى شېرىك ئەقىدىدىن يېنىپ تەۋھىد ئەقىدىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىماننىڭ تەمىنى تېتىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانغا چىقىرىپ ئۆتكەن ھەر بىر مىنۇتلىرىغا نىسبەتەن قاتتىق ھەيران قالغان ھالدا پۇشايمان قىلدى.

ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئى ئاتا سىزنى يىغلاتقان نەرسە زادى نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى ئۇ:



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

— ئى بالام! مېنى يىغلاتقان ئىشلار ناھايىتىمۇ كۆپ! ئۇنىڭ بىرى، مېنىڭ بارلىق ياخشى ئىشلارغا باشلايدىغان ئىسلامغا كېچىكىپ كىرگەنلىكىم، مەن ھازىر پۈتۈن زېمىن توشقۇدەك ئالتۇننى تۆلىسەممۇ بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايمەن، مەن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بەدىر ۋە ئوھۇد كۈنلىرىدىكى جەڭلەردە ئامان قالدىم، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: ‹ئەمدى مەن مۇھەممەدكە قارشى قۇرەيشلەرگە ھەرگىز ياردەم بەرمەيمەن ھەم مەككىدىنمۇ چىقمايمەن› دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم، لېكىن ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا مەن يەنە مۇھەممەدكە قارشى قۇرەيشلەرگە ياردەم بېرىشكە مەجبۇرلاندىم. مەن ھەر بىر قېتىم ئىسلامغا كىرىشنى ئويلىغىنىمدا قۇرەيشلەرنىڭ ياشتا چوڭ، ئابرۇيلۇق كىشىلىرى ئۆز ئەقىدىلىرىدە مەھكەم تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى توغرا دېگەن ئوي باش كۆتۈرەتتى - دە، يەنە ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىۋېرەتتىم. ھەي ئىسىت، شۇنداق قىلمىغان بولسامچۇ! بىزنى پەقەت ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا ۋە چوڭلارغا ئەگىشىشلا ھالاك قىلىۋەتتى، ئى ئوغلۇم، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن قانداقمۇ يىغلىماي تۇرالايمەن، — دەپلا جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دائىم «ھەكىمدەك ئەقىللىق بىر ئىنسانغا ئىسلام قانداق قىلىپ شۇنچە مەخپىي ۋە چۈشىنىكسىز بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ھەيران بولاتتى ۋە ئۇنىڭ شۇنداقلا ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشكە تولىمۇ ھېرىسمەن بولاتتى. شۇڭا مەككىنى فەتھى قىلىشتىن ئىلگىرىكى بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «مەككىدە تۆت ئادەم بار، مەن ئۇلارنىڭ شېرىكلىكتە قېلىشىغا چىدىمايمەن، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە قىزىقىمەن» دېگەندە ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار، ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيد، جۇبەير ئىبنى مۇتئىم، ھەكىم ئىبنى ھىزام ۋە سۇھەيل ئىبنى ئەمرى» دېگەنىدى. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغىلى كىرگەندە



www.munber.org

ھەكىم ئىبنى ھىزامنى ھۆرمەتلەشنى مەقسەت قىلىپ ئۆزىنىڭ جاكارچىسىغا: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق! ئۇنىڭ شېرىكى يوق! ئۇ يەككە يېگانىدۇر! مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ھەم ئەلچىسى! دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەم ئەمىنىدۇر، كەبىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ قورالىنى قويۇپ قويغان ئادەم ئەمىنىدۇر!... ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋالغان ئادەم ئەمىنىدۇر! ئەبۇ سوفياننىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالغانلار ئەمىنىدۇر! ھەكىم ئىبنى ھەزامنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالغانلار ئەمىنىدۇر! ... دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇدى. ئەبۇ سوفياننىڭ ھويلىسى مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە، ھەكىم ئىبنى ھەزامنىڭ ھويلىسى مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئىدى.

ھەكىم ئىمان ئېيتقاندىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىمان ئېيتتى، شۇنداقلا بۇندىن بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ھەر بىر يامانلىقىنى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشىلىق بىلەن يۇيۇشقا ۋەدە قىلدى.

ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق توغرىسىدىكى ئىشلاردىن بىرى: ئۇ ئەسلىدە «دارۇننەدۋە» دەپ ئاتىلىدىغان مەجلىسخانىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ھاياتىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىلىرى يىغىلىپ ئىسلام ئۈچۈن سۇيىقەستلەرنى پىلانلايدىغان بۇ جاينى يۇزمىڭ دىرھەمگە سېتىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىدىن ھەيران قالغان قۇرەيش ياشلىرىدىن بىرى: «ئى تاغا! سەن قۇرەيشلەر ئەڭ پەخىرلىنىدىغان بىر جاينى سېتىۋەتتىڭ» دېيىدى ھەكىم ئۇنىڭغا: «ئى ئوغلۇم! پەخىرلىنىدىغان ئۇ ئىشلار تۈگىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا پەخىرلىك ئىشلارلا قالدى، مەن ئۇنى جەننەتتىن ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن سېتىۋەتتىم، مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلايكى! مەن ئۇنى ساتقان پۇللارنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋەتتىم» دېدى.

ھەكىم ئىبنى ھەزام ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ھەج قىلدى، ئۇ ھەجدە چىرايلىق بېزەلگەن يۈز تۇياق تۆگىنى ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق

www.munber.org





قىلدى. ئىككىنچى يىلى ھەجدە ئۇ ئەرەفاتتا تۇردى. ئۇنىڭ يېنىدا يۈز نەپەر قۇلى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بوينىغا ھەكىم ئىبنى ھىزامنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇللىرى، دېگەن خەت يېزىلغان ئالتۇن تاختىلار ئېسىلغان بولۇپ ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئازات قىلىۋەتتى.

ئۈچىنچى ھەجدە ئاللاھ يولىدا 1000 دانە قوينى قۇربانلىق قىلدى. بۇ قويلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قېنىنى مىنادا ئاققۇزدى. قويلارنىڭ گۆشلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىپ بەردى.

ھۇنەين غازىتىدىن كېيىن ھەكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غەنىمەتلەردىن سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا غەنىمەتلەرنى بەردى، ئۇ سوراۋەرگەچكە ھەتتا ئۇنىڭغا بېرىلگەن تۆگىنىڭ سانى يۈزگە يەتتى، بۇ تېخى ھەكىمنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىغا ئۇزۇن بولمىغان، ئىمان ئۇنىڭ دىلىغا تېخى تازا ئورنىشىپ كەتمىگەن بىر چاغ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئى ھەكىم! مال ھەقىقەتەن ناھايىتى شېرىن نەرسە، ئۇنى كىمكى قانائەتچانلىق بىلەن ئالسا ئۇنىڭ بەرىكەتى بولىدۇ، ناۋادا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالسا ئالغۇچىغا ھېچبىر مەنپەئەت بەرمەيدۇ، ئۇ خۇددى يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، بەرگەن قول ئەلۋەتتە ئالغان قولدىن ياخشى» دېيىدى ھەكىم شۇئان: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! سېنىڭدىن كېيىن ھېچكىمدىن بىرنەرسە سورىمايمەن، دېدى. ھەكىم بۇ قەسىمىگىمۇ ناھايىتى ياخشى ئەمەل قىلدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئابابەكرى ئۇنىڭ دۆلەت خەزىنىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھەققىنى ئېلىۋېلىشقا شۇنچە دەۋەت قىلسىمۇ ئۇ ئېلىشقا پەقەتلا ئۇنىمىدى.

خەلىپە ئۆمەرنىڭ دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئۇ نېسىۋىسىنى ئېلىۋېلىشقا چاقىرىلغان چاقىرىققا پەقەتلا ئۇنىمىدى. بۇ چاغدا ئۆمەر كىشىلەرگە: «ئى خالايىق! سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن ھەكىمنى نېسىۋىسىنى ئېلىۋېلىشقا چاقىرغان ئىدىم، ئۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى» دېدى.

www.munber.org

ھەكىم تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچكىمدىن بىر نەرسە ئالماي ئۆتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن!

www.munber.org





## رەملە بىنتى ئەبۇ سوفيان

ئۇممۇھەبىبە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن، كۇفرىغا قايتىشنى بولسا خۇددى ئىنسان ئوتقا كىرىشنى يامان كۆرگىنىدەك يامان كۆرگەن ئايال ساھابىدۇر.

— تارىخچىلار

ئەبۇ سوفيان قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىگە قارشى چىقالايدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ مۇھىم قارارلىرىغا قارشىلىق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. چۈنكى، ئۇ مەككىدىكى ھەممىگە گېپى ئۆتىدىغان، ھەر - ھەر كاتتىۋاشلارمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدىن چىقمايدىغان كاتتىۋاش ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئۇممۇ ھەبىبە دەپ ئاتىلىدىغان قىزى رەملە ئېرى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشى بىلەن بىرگە بىر ئاللاھقا ئىشىنىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاش ئارقىلىق، ئەبۇ سوفياننىڭ يۇقىرىقىدەك ھەيۋىسىگە قارشى ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرەڭلىكىنى يەرگە ئۇردى.

ئەبۇ سوفيان بارلىق ئامال - چارىلەرنى، تەھدىت - تەقىبلەرنى قوللىنىپ قىزى بىلەن كۈيئوغلىنى بۇ يېڭى دىندىن چىقىرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ دىنىغا قايتۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرىدىن ھېچ بىر نەتىجە چىقمىدى. رەملەنىڭ دىلىغا ئورۇنلاشقان ئىماننىڭ يىلتىزى شۇ قەدەر مۇستەھكەم ئىدىكى، ئاتىسىنىڭ بارلىق قاتتىق - يۇمشاق تەھدىت، تەقىپلىرى سالغان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئۇنى ئۆز ئىرادىسىدىن ھېچ تەۋرىتەلمىدى.

رەملەنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئەبۇ سوفياننى ناھايىتى بەك پاراكەندە قىلىۋەتتى. قىزىنىڭ ئۇنىڭ رايىغا باقمىغانلىقى، مۇھەممەدكە

www.munber.org

ئەگىشىشتىن قەتئىي يانمىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ ھەقتە قىزىغا ئىشلەتكەن بىسمىلىرىنىڭ قىلچە كارغا كەلمىگەنلىكى ئۇنى قۇرەيشلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس قىلىپ قويغانىدى.

قۇرەيشلەر ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزىغا ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يۈركى توملاپ رەملە بىلەن ئېرى ئىككىسىنى قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ۋە ئازابلاپ ئۇلارنى مەككىدە تۇرالمىغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇسۇلمانلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغان چاغدا رەملە بىلەن ئېرى كىچىك بالىسى ھەبىبەنى ئېلىپ ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشىنىڭ ھىمايىسىگە ئۈمىدلىنىپ ماڭغان مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ئاللاھقا خاتىرجەملىك بىلەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بىراق ھەبەشىستانغا قېچىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ يەردە خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ ياخشى ياشاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇ سۇفيان باشلىق قۇرەيش كاتتىلىرى بۇ ئىش ئۈچۈن ناھايىتى ئازابلاندى. چۈنكى ئۇلارغا بۇ ھار كەلگەن ئىدى.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ نەجاشىغا ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆچ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز دىيارىدا تۇرغۇزماستىن قايتۇرۇۋېتىش، «مۇسۇلمانلار مەريەم ئوغلى ئىسا ھەققىدە بوھتان چاپلايدۇ» دېيىش ئارقىلىق نەجاشىنىڭ زىتىغا تېگىپ مۇسۇلمانلارنى كەلگەن ئەلچىلەرگە قايتۇرۇپ بەرگۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن سوغا - سالاملار بىلەن ئىككى ئەلچىنى ھەبەشىستانغا ئەۋەتتى. ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغان نەجاشى ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى ۋە ئۇلاردىن سوئال سورىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىلى ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ قانداق دىن ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۇلارنى نېمىلەرگە بۇيرۇغانلىقىنى، مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھسسالام توغرىسىدا ئاللاھنىڭ قانداق ئايەتلەرنى نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇلارنى ئاڭلىغان نەجاشى تەسىرلەنگەنلىكىدىن يىغلاپ ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن

www.munber.org





ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسا ئەلەيھسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن بىلەن بىر مەنبەدىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئېپىسكوپلىرى ئىمان ئېيتمىغان ھالەتتىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئەلچىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمەستىن ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ھەقىقىي بىر ھىمايىگە ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۈنگەن رەملە (ئۇممى ھەبىبە): ئەمدى كۆڭۈللەر ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتىدىغۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى، ئەپسۇس ھېكمەت ئىگىسى ئاللاھ ئۇنى خېلى - خېلى كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى گاڭگىرىتىدىغان، ئويلىمىغان بىر ئېغىر سىناق بىلەن سىناشنى خالىدى ۋە ئۇنىڭ بۇ سىناقتىن ئەجىرگە ئېرىشكەن ھالدا ئۆتۈشىنى بەلگىلىدى. بىر كۈنى ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە ئېرى ئۇبەيدۇللاھنىڭ قاتمۇقات قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇنى قات - قات زۇلمەتنىڭ تېخىمۇ بەك قورشاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ناچار بىر ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئۇيقۇسىدىن ناھايىتى قورققان ھالدا چۆچۈپ ئويغاندى، لېكىن ئۇ بۇ چۈشىنى نە ئېرى نە باشقا بىرىگە دېيىشنى پەقەتلا خالىمىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ چۈشى رېئاللىققا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئېرى ئۇبەيدۇللاھ ئىسلام دىنىدىن يېنىپ خرىستىئان دىنىغا كىرىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ھاراقتىن ئىبارەت بۇ نىجىسكە بېشىچىلا دۈم چۈشۈپ قاۋاقخانىلاردىن بېرى كەلمەس، تاشلاش ئۇياقتا تۇرسۇن بارغانچە ئىچىپ قانماس بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبەنى بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئىككى خىل تاللاشتىن بىرىنى تاللاشقا قىستىدى. ئۇ ئىككى خىل تاللاشنىڭ بىرى ئېرى بىلەن ئاجرىشىش يەنە بىرى خرىستىئان دىنىغا كىرىش ئىدى.

ئۇممۇ ھەبىبە بۇ ئېغىر تاللاشلارغا ئۈچىنچى بىر خىل تاللاشنىڭ قوشۇلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدىن يېنىپ خرىستىئان دىنىغا كىرمىگەن ئەھۋالدا (ئۇنداق ئىشنى ئۇممۇ ھەبىبە

www.munber.org

بەدىنىنى تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تاراپ تىتىۋەتكەن تەقدىردىمۇ قىلمايتتى) ئېرىدىن ئاجرىشىپ ياكى مەككىگە دادىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ دىنى خارلانغان ھالدا مەھكۇم بولۇپ ياشاش ۋە ياكى ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقانسىز، يۆلەنچۈكسىز ھالدا بۇ يات ئەلدە تەنھا ياشاش. ئۇ ئاخىرى دىنى ئۈچۈن ئۈچىنچى يولنى تاللاپ تاكى ئاللاھ بىر چىقىش يولى بەرگىچە ھەبەشىستاندا ياشاپ قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ كۆتۈشى ئۇزاققا بارمىدى. ئۇنىڭ خىرىستىئان دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ياشىمايلا ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىگە تۇتقان ئىددىتى توشۇش بىلەنلا ئۇنىڭغا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خۇشاللىق قۇچاق ئاچتى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز غەم - قايغۇ تۇمانى قاپلىۋالغان ئۆيىنىڭ ئۈستىگە بەخت قۇشى قانات قېقىپ كەلدى.

قۇياش نۇرى كۈلۈپ باققان بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئىشىكى يەڭگىللىگىنە چېكىلدى. ئىجازەتتىن كېيىن پادىشاھ نەجاشىنىڭ خاس خىزمەتچىسى ئەبرەھە ئەدەپ بىلەن كىرىپ ئۇممۇ ھەبىبەگە ئېھتىرام بىلەن:

— پادىشاھ نەجاشى سىزگە سالام يوللىدى. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ سىزگە تويى تەكلىپىنى قوبۇل قىلىنىشنى سىزگە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ئالدىڭىزغا مېنى ئەۋەتتى، مۇھەممەد سىزنى ئۆزىگە نىكاھلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ خەت ئەۋەتىپتۇ. سىزمۇ خالىغان بىرىنى ئۆزىڭىزگە ۋەكىل قىلىڭ، — دېدى.

ئۇممۇ ھەبىبە خۇشاللىقىدىن:

— ئاللاھ ساڭا خۇش خەۋەر بەرسۇن! ئاللاھ ساڭا خۇش خەۋەر بەرسۇن!

— دەپ تۈۋلاپ كەتتى ۋە شۇ ھامانلا تاقىۋالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى چىقىرىپ، قولىدىكى بىلەيزۈككە قوشۇپ ئەبرەھەگە سۆيۈنچە قىلىپ بېرىۋەتتى. ئاندىن يەنە ھالقىسى بىلەن خال - خالىنى، ئۈزۈكىنى چىقىرىپ ئۇنىمۇ قوشۇپ بەردى. ناۋادا ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ئالتۇن كانلىرىغا ئىگە بولغىنىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەبرەھەگە سۆيۈنچە قىلىپ بەرگەن

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

بولاتتى. ئاندىن ئۇ ئەبرەھەگە، — مەن ئۆزۈمگە خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسنى ۋەكىل قىلدىم. ئۇ كىشىلەردىن ماڭا ئەڭ يېقىن بولغىنى، — دېدى.

نەجاشىنىڭ ھەبەشىستاندىكى قويۇق دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەك بىلەن بېزەلگەن گۈزەل باغچىلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان، چىرايلىق زىننەتلىنىپ تۈچ چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان ھەشەمەتلىك بىر زالدا ئۇممۇ ھەبىبەنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاش سورۇنى تۈزۈلدى، بۇ سورۇنغا ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىر ساھابىلەردىن جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ، خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇللاھ ئىبنى ھوزافەتەسسەھمىدەك ئابرۇيلۇق ۋە مەرتىۋىلىك رەھبەرلىرى قاتناشقان بولۇپ، سورۇن ئەھلىنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندا نەجاشى ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇدى ئاندىن:

— ھەممىدىن ئۇلۇغ، مۆمىنلەرگە خاتىرجەملىك بەرگۈچى، كافىرلارغا قاتتىق قول بولغۇچى ئاللاھنى مەدھىيىلەيمەن! بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ھەمدە ئىسا ئىبنى مەريەم بېشارەت بەرگەن كىشى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن! مەقسەت: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن ئەبۇ سوفيانىنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبەنى ئۆزىگە نىكاھلاپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلىپتۇ. مەن ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم. مەن ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتى بويىچە ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن مۇھەممەدكە ۋاكالىتەن 400 دىنار ئالتۇن بەردىم! — دەپ دىنارلارنى ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ ۋەكىلى خالىد ئىبنى ئاسنىڭ ئالدىغا تۆكتى...

ئاندىن خالىد ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاللاھقا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، مەن ئاللاھنى مەدھىيىلەيمەن! ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمەن، كەچۈرۈم سورايمەن، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن، مۇھەممەدنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن! گەرچە كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۆز

www.munber.org

دىنىنى بارلىق دىنلاردىن يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن توغرا ۋە ھەق بولغان دىن بىلەن پەيغەمبىرىنى بىزگە ئەۋەتتى! مەقسەت: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ مېنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلغۇچى ئۇممۇ ھەبىبەنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردىم. ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا بەرىكەت بەرسۇن! ئۇممۇ ھەبىبەگە ئاللاھ تەقدىر قىلغان ياخشىلىقلار بىلەن مۇبارەك بولسۇن!... ـــ دېدى ۋە تويلۇق دىنارلارنى ئېلىپ باشقىلار بىلەن بىرگە قايتىشقا تەمشەلدى. بۇ چاغدا نەجاشى:

ـــ ئولتۇرۇڭلار! توي قىلغاندا تاماق بېرىش پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى، ـــ دېدى ۋە داستىخان راسلاپ تويلۇق تاماق بەردى. كىشىلەر تويلۇق تاماقنى يەپ ئاندىن تارقاشتى.

ئۇممۇ ھەبىبە مۇنداق دەيدۇ:

ماڭا بېرىلگەن تويلۇق مال ماڭا يېتىپ كەلگەندە مەن ئەبرەھەگە ئۇنىڭدىن 50 مىسقال ئەۋەتىپ بەردىم ۋە: ‹سەن ماڭا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگىنىڭدە مېنىڭدە مال يوق ئىدى› دېدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئەبرەھە كېلىپ مەن ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن ئالتۇن بىلەن ئالدىنقى قېتىمدا مەن ئۇنىڭغا سۆيۈنچە ئورنىدا بەرگەن زىبۇزىنەتلىرىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى ۋە:

ـــ پادىشاھ مېنىڭ سىزدىن بىر نەرسە ئالماسلىقىمنى تاپىلىدى ۋە ئاياللىرىدا بار بولغان خوش پۇراق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىمنى تاپىلىدى، ـــ دېدى. ئەتىسى ئۇ ماڭا ۋەرەس، ئۇد ۋە ئەنبەر ئېلىپ كەپتۇ. ئاندىن ئۇ ماڭا، ـــ مېنىڭ سىزگە بىر ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ـــ دېدى. مەن ئۇنىڭدىن:

ـــ قېنى دەڭ ئۇ نېمە ئىشتى؟ ـــ دەپ سورىدىم. ئۇ مەن مۇھەممەدنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، پەيغەمبەرگە مەندىن سالام دەڭ ھەم ئۇنىڭغا مېنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ! ـــ دەپ جېكىلىدى، ئاندىن مېنى جابدۇدى.

مەن مەدىنىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندىم، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندە نىكاھ



www.munber.org



ئىشلىرىمىزنىڭ جەريانىنى، ئەبرەھەگە مۇناسىۋەتلىك گەپ ـ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم ۋە ئەبرەھەنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىدىن خەۋەر بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبرەھەدىن سۆيۈنۈپ: « ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى، بەرىكىتى ۋە رەھمەتلىرى بولسۇن!» دېدى...



www.munber.org

www.munber.org

# ۋەھشى ئىبنى ھەرپ

ۋەھشى ـ كىشىلەر ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا ئەڭ ياخشى بولغان ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، شۇنداقلا كىشىلەردىن ئەڭ ئەسكى ئادەمنى ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر.

ـــ تارىخچىلار

ئوھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئەبۇ مۇتەللىپنى ئۆلتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىنى خۇن قىلغان بولسا، ياماما ئۇرۇشىدا مۇسەيلىمە كاززاپنى ئۆلتۈرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا مەلھەم بولغان بۇ كىشى كىم؟ بۇ كىشى دەل ئەبۇ دەسمە دەپ ئاتالغان ۋەھشى ئىبنى ھەربىلھەبشى دېگەن كىشىدۇر. ئۇنىڭ ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ئاجايىپ ئېچىنارلىق بىر كەچۈرمىشى بار. ئۇ ئاچچىق كەچمىش ھېكايىسىنى ئۆز تىلىدىن شۇنداق بايان قىلىدۇ:

مەن قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ بىرى بولغان جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ قۇلى ئىدىم. خوجايىنىمنىڭ تاغىسى تۇئەيمە بەدرى كۈنى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، خوجايىنىم بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى بەك قايغۇردى. ھەم تاغىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتىلنى ئۆلتۈرۈشكە بۇتلىرى لات، ئۇززا بىلەن قەسەم قىلدى. ئۇ ھەمزىنى ئۆلتۈرۈشكە پۇرسەت كۈتۈشكە باشلىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قۇرەيشلىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىش، بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن توپلاپ، پۇختا تەييارلىنىپ قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ئەبۇ سوفيانغا تاپشۇردى، ئەبۇ سوفيان قوشۇندىكىلەرنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ جەڭدە چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەدىردە دادىلىرى ۋە



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

www.munber.org

باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلتۈرۈلگەن نەسەبى ئېسىل ئاياللاردىن بىر قانچىنى ئۇرۇشقا بىللە ئېلىۋېلىشنى قارار قىلدى. ئەبۇ سوفياننىڭ ئايالى ھىنىد بىرگە چىققان ئاشۇ ئاياللار بىلەن بىرگە ماڭدى. بەدىر كۈنى ھىنىدنىڭ دادىسى ۋە بىر تۇغقان ئەر قېرىندىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

قوشۇن سەپەرگە ئاتلىنىشنىڭ ئالدىدا خوجايىنىم جۇبەير ماڭا:

ـــ ئى ئەبۇدەسمە! سەن قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنى خالامسەن؟ ـــ دەپ سورىدى

ـــ مېنى كىم ئازات قىلىدۇ؟ ـــ دەپ سورىدىم.

ـــ مەن.

ـــ قانداق شەرت بىلەن؟

ـــ تاغامنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇھەممەدنىڭ تاغىسى ھەمزىنى ئۆلتۈرسەڭ.

ـــ بۇنىڭغا كىم كېپىل بولىدۇ؟

ـــ كىمنى كېپىللىككە تاللىساڭ تاللا، مەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن گۇۋاھ قىلىمەن.

ـــ ماقۇل! ـــ دېدىم مەن.

مەن ئەسلى ھەبەشىستانلىق بولۇپ نەيزە ئېتىشقا ئۇستا ئىدىم. ئاتقان ھەر بىر نەيزەم نىشاندىن ھەرگىز خاتا كەتمەيتتى. مەن نەيزەمنى ئېلىپ قوشۇن بىلەن بىرگە يولغا چىقتىم. مەن قوشۇننىڭ ئارقىسىدا ئاياللارغا يېقىن ئارىلىقتا ماڭدىم، مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشتا ئازات بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق غەرىزىم يوق ئىدى.

سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا مەن ھەر قېتىم ھىنىد بىلەن ياندىشىپ مېڭىپ ياكى ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزدا ئۇ، قولۇمدىكى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان نەيزەمگە قاراپ ماڭا:

ـــ ئى ئەبۇ دەسمە! ئۆزەڭگىمۇ ۋە بىزگىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن!... ـــ دەيتتى.

بىز ئوھۇدقا يېتىپ بېرىپ ئىككى تەرەپ ئۇچراشقاندا جەڭ مەيدانىدا ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنى تاپتىم. مەن ئۇنى بۇرۇنلا تونۇيتتىم. مەنلا ئەمەس ئۇنى ھەممە كىشى تونۇيتتى. چۈنكى ئۇ ئەرەب باتۇرلىرىنىڭ نوچىلىرى قىلىدىغاندەك ھەمىشە بېشىغا تۆگە قۇشىنىڭ پېيىنى قىستۇرۇۋالاتتى. ئۇ سەپ ئوتتۇرىسىدا كۈلرەڭ ئاتقا مىنگەن ھالدا پەيدا بولدى. ئۇ ئۇچرىغاننى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىلگىرىلاۋاتاتتى، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. مەن تاش ۋە دەرەخلىك بىر يەردە ئۇزۇمنى دالدىغا ئالغاچ ئۇنىڭ يېقىنلىشىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. دەل مەن ئۇنى نىشانغا ئالغان ۋاقىتتا قۇرەيشلەر ئىچىدىن سىبا ئىبنى ئابدۇل ئۇززا دەپ ئاتىلىدىغان بىرىمۇ ئات ئۈستىدە ۋاقىرىغان پېتى يېتىپ كېلىپ:

— ئى ھەمزە! مەن بىلەن ئېلىش، مەن بىلەن ئېلىش! — دەپ ئۇنىڭغا مەيدان ئوقۇدى.

— ئى مۇشرىكنىڭ كۈچىكى! كەلمەمسەن! قېنى ئالدىمغا كەل! دەپلا، ھەمزە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى بىر قىلىچ بىلەنلا چېپىپ تاشلىدى.

«مەن بۇ چاغدا ھەمزىنى نىشانغا ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈم تاللىغان مۇۋاپىق بىر يەردە تۇردۇم - دە نىشانىمغا ئىشەنچ قىلغان ھامان نەيزىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتىم. ئاتقان نەيزەم ھەمزىنىڭ قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كىرىپ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن چىقتى. ئۇ ئالدىغا قاراپ ئىككى - ئۈچ قەدەم چامدىدىيۇ يىقىلدى. مەن تاكى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئېنىق جەزم قىلغانغا قەدەر نەيزەمنى ئۇنىڭ جەستىدىن چىقارماي ساقلاپ تۇرۇپ ئاندىن چىقاردىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن چېدىرغا قايتىپ ئولتۇردۇم. مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان ھېچ بىر ئىشىممۇ يوق ئىدى. مەن ئۇنى پەقەت ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئۆلتۈرگەن ئىدىم.

«ئۇرۇش تازا قىزىپ بارا - بارا ئۆلگەنلەر ۋە قاچقانلار كۆپەيدى. مەغلۇبىيەت بولسا مۇھەممەدنىڭ قوشۇنىغا يۈزلەندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆلگەنلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئۇتبەنىڭ قىزى ھىند ئۆلگەنلەرنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر مۇنچە ئاياللارمۇ بولۇپ





ئۇلار ئۆلۈكلەرنىڭ جەسەتلىرىنى يېرىشقا، كۆزلىرىنى ئويۇشقا، بۇرۇنلىرىنى، قورساقلىرىنى كېسىشكە ... باشلىدى. ئۇلار ئۆلۈكلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى بولاپكا ۋە ھالقا قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشتى. ھىند ئۆزى كېسىۋالغان" قىممەتلىك "ھالقىلارنى ماڭا سۇنۇپ:

— ئى ئەبۇ دەسمە! بۇنى ئال! بۇ ئىككىسى سېنىڭ، بۇ ئىككىسى سېنىڭ! بۇنى ساقلاپ قوي! بۇلار قىممەتلىكتۇر، — دېدى.

«ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا مەن قوشۇن بىلەن بىرلىكتە مەككىگە قايتتىم. جۇبەير ماڭا قىلغان ۋەدىسىدە تۇرۇپ مېنى ئازات قىلىۋەتتى، مەن ھۆر بولدۇم.

«لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئىشى بارغانسېرى راۋاج تېپىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرى راۋاجلانغانسېرى مېنىڭ غەم - ئەندىشەممۇ ئېشىپ باردى. مېنىڭدە بىر خىل قورقۇنچ تۇيغۇسى باش كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەن تاكى مۇھەممەدنىڭ قوشۇنى مەككىنى فەتھى قىلغانغا قەدەر شۇ ھالەتتە ياشىدىم. مەككە فەتھى قىلىنغاندا مەن بىخەتەرلىك ئىزدەپ تائىفقا باردىم. لېكىن بۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ ئىسلامغا مايىل بولۇپ مۇھەممەد بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئەلچىلەر قوشۇنى تەييارلىدى. بۇ كەڭرى زېمىن ماڭا تار تۇيۇلۇپ، غېمىم ئارتىپ بارارغا يەر تاپالماي قالدىم. نەگە باراي؟ يەمەنگىمۇ ياكى شامغا؟ ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەرگە بېرىشنىمۇ ئويلىدىم. بېشىم تازا قېتىپ تۇرغاندا ياخشى نىيەتلىك بىر كىشى ماڭا ئىچى ئاغرىپ:

— ئى ۋەھشى! ۋاي ساڭا! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دىنىغا كىرگەن، ھەق سۆزنى ئېيتقان كىشىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، — دېدى.

«مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ مۇھەممەدنى ئىزدەپ مەدىنىگە باردىم. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ مەسجىدتە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىپ مەسجىدكە كىرىپ تا ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە كېلىپ:

— بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە



www.munber.org

ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شاھادەتنى ئاڭلاپ كۆزىنى ماڭا يۆتكىدى ۋە مېنى تونۇغاندىن كېيىن كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ:

ــ سەن ۋەھشىمۇ؟ــ دېدى.

ــ شۇنداق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!- دېدىم.

ــ قېنى ئولتۇر! سەن ماڭا ھەمزىنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى سۆزلەپ بەر!

«مەن ئولتۇرۇپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. سۆزۈم ئاخىرلاشقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن يۈزىنى ئۆرۈپ:

ــ سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! سەن بۇندىن كېيىن ماڭا كۆرۈنمە! ــ دېدى.

«شۇ كۈندىن بېرى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچىدىغان، ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرسا مەن ئۇنىڭ ئارقىدا ئولتۇردىغان بولدۇم. مەن تا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ ھالەتتە ياشاپ كەلدىم.

«مەن ئىسلامغا كىرگۈچىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن مېنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان زىيىنىم، مۇسىبىتىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن، قىلغان گۇناھىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆكۈنۈپ بۇ گۇناھىمنى يۇغىدەك بىرەر پۇرسەت ئىزدەپ يۈردۈم.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپىلىك ئاپابەكرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى، بۇ چاغدا كەززاب مۇسەيلىمەنىڭ ئادەملىرى يەنى بەنى ھەنىفە دىندىن يانغانلار قاتارىدا مۇرتەدلەردىن بولۇپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى مۇسەيلىمەگە قارشى تۇرۇش، دىندىن يانغانلارنى، يەنى بەنى ھەنىفە قوۋمىنى دىنغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قوشۇن تەييارلىدى. بۇ چاغدا مەن ئۆز- ئۆزۈمگە: ‹ئى ۋەھشى بۇ بىر تېپىلماس

www.munber.org





پۇرسەت، سەن ئۇنى غەنىمەت بىل، ئۇنى ھەرگىز قولۇڭدىن قاچۇرۇۋەتمە!...› دېدىم- دە، قوشۇن بىلەن بىرگە بۇ ئۇرۇشقا ئاتلاندىم.

«مەن بۇ ئۇرۇشقا مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارى، شېھىت ھەمزىنى ئۆلتۈرگەن نەيزەمنىمۇ ئېلىۋالدىم ۋە ئۆزۈمگە مۇشۇ نەيزە بىلەن يا مۇسەيلىمەنى ئۆلتۈرۈشنى ياكى شېھىت قىلىنىشىمنى ۋەدە قىلدىم.

بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا مۇسۇلمانلار مۇسەيلىمە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى جايلاشقان ھەدىيقەتۇل مەۋتكە باستۇرۇپ كىرىپ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ۋاقىتتا مەن مۇسەيلىمەنى ئىزدەشكە باشلىدىم. مەن ئۇنىڭ قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا تىك تۇرغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىنمۇ بىرىنىڭ خۇددى مەندەك ئۇنى پايلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىنىقكى ھەر ئىككىلىمىز بۇ كەززابنى ئۆلتۈرۈشنى خالايتتۇق.

«مەن مۇۋاپىق بىر ئورۇننى تاللىۋالغاندىن كېيىن نەيزەمنى ئۇنىڭغا نىشانلاپ ئاتتىم. نەيزەم دەل تەگدى. مەن نەيزەمنى ئاتقان ۋاقتىمنىڭ ئۆزىدە ھېلىقى ئەنسارىمۇ ئۇنىڭغا قىلىچ چاپقان ئىكەن. ئۇنى زادى قايسىمىزنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىمىزنى ئاللاھ بىلىدۇ. ناۋادا ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى مەن بولسام مۇھەممەدتىن قالسىلا يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى ئادەمنى, شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى، ئەڭ يامىنىنى ئۆلتۈرگۈچى مەن بولغان بولىمەن.»

www.munber.org

## ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنى

ئۇ ھاياتىنى ئىلىم ئېلىش ۋە جىھاد قىلىشتىن
ئىبارەت ئىككى ئىشقا سەرپ قىلىپ ياشىغۇچى.

ئۇزاق تەلمۈرۈش ۋە كۈتۈشلەردىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرى مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يېتىپ كەلدى. مەدىنىلىك كىشىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بۇ رەھمەت ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن خۇشاللىنىپ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە، يوللاردا، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىلىرىدە قىستىلىشىپ تەكبىر، تەھلىل ئېيتىشقان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈۋېلىشتى. مەدىنىنىڭ كىچىك قىزلىرى قوللىرىدا داپ چالغىنىچە كۆزلىرىدە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان چەكسىز ھۆرمەت ئىشتىياقى بىلەن قوشاقلار ئېيتقىنىچە كېلىشتى.

رەسۇلۇللاھ مىسلى بولۇپ تولۇنئاي
سەينە ۋادىسى نۇرلۇنۇپ بولدى ناھار.
شۇكرىلىللاھ، قىلدى ئاللاھ ئىنايەت،
دۇئايىمىزدىن ياخشىلىق چاچتى ئىپار.

...............

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن قورشالغان قوشۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا قارشى ئېلىشقا چىققان، كۆزلىرى خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن نەمدەلگەن، چىرايلىرى خۇشاللىقتىن نۇرلانغان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.





ئەمما، شۇنچە كۆپ ئادەم مۇيەسسەر بولغان بۇ خۇشاللىق مەنزىرىسىنى ئۇقبە كۆرەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر قانچە قويى بار بولۇپ ئۇ بىردىن بىر مۈلكى بولغان بۇ جانىۋارلارنىڭ ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى يېقىشقا مەدىنە شەھىرىدىن يىراقراقتىكى بىر سەھراغا ھەيدەپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

مەدىنە مۇنەۋۋەرنى زىل - زىلىگە سالغان خۇشاللىقنىڭ خەۋىرى ئۇزۇن ئۆتمەي يىراق سەھرالارغىمۇ ئاڭلاندى. مەدىنىدىكى بۇ نۇر يىراق سەھرالارغىمۇ شولىسىنى چۈشۈردى. مال يېقىۋاتقان ئۇقبەمۇ بۇ خۇشاللىق خەۋەرنى ئاڭلىدى. بۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئۇقبە مۇنداق سۆزلەيدۇ:

«مەن قويلىرىمنى يېقىۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا قويلارنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تاشلاپ قويۇپ، ھېچنەرسىگە قارىماستىن مەدىنە تەرەپكە قاراپ چاپتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىمدا:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنى بەيئەت قىلدۇرغىن! — دەپ تىلىدىم.

—ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟— دەپ سورىدى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى.

— مەن ئۇقبە بولىمەن.

—سېنى سەھرالىق ئەرەبلەرنى بەيئەت قىلدۇرغاندەك قىلدۇرايمۇ ياكى ھىجرەت قىلغانلارنى بەيئەت قىلدۇرغاندەك قىلدۇرايمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بەلكى ھىجرەت بەيئىتىدەك بەيئەت قىلىشنى خالايمەن، — دېدىم. ئۇ مېنى ھىجرەت قىلغۇچىلارغا قىلغۇزىدىغاندەك بەيئەت قىلدۇردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر كېچە بىرگە تۇرۇپ ئەتىسى قويلىرىم بار سەھراغا قايتتىم.

بىزدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئون ئىككى كىشى قويلىرىمىزنى يېقىش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى چەت بىر سەھرادا تۇراتتۇق. بىز ئۆز ئارا: ‹دىنىمىزنى چۈشىنىش، ئاللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

چۈشكەن ۋەھىيلەرنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ھەر كۈنى بىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارمىساق بىزگە ياخشىلىق يوق. ھەر كۈنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىرىمىز قويلىرىمىزنى قالغانلارغا تاشلاپ قويۇپ، مەدىنىگە بېرىپ كەلسۇن، قالغانلىرىمىز قوي باققاچ بېرىپ كەلگۈچى ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلايلى› دېگەن مەسلىھەتكە كەلدۇق.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا سىلەر بىر - بىرلەپ بېرىپ كېلىڭلار، بارغانلار ماڭا قويلىرىنى قالدۇرسۇن، — دېدىم. چۈنكى، مەن قويلىرىمنى بىرەرسىگە تاشلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتىم.

مېنىڭ ھەمراھلىرىم دېيىشكىنىمىز بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بىر - بىرلەپ بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى. مەن بولسام كەتكەنلەرنىڭ قويۇنى باققاچ قالاتتىم - دە، ئۇلار قايتىپ كەلگەندە دېگەنلىرىگە قۇلاق سالاتتىم ۋە ئۆگىنەتتىم. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز - ئۆزۈمگە: ‹ئىست ساڭا، سەمىرمەيدىغان ھەم سېنى بايمۇ قىلالمايدىغان مۇشۇ بىر قانچە قوينى دەپ ئۆزۈڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىۋاسىتە ئۇچرىشىدىغان، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئالىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرەمسەن؟!...› دېدىم - دە، قويلىرىمدىن ۋاز كېچىپ مەسجىدتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتىم.»

ئۇقبە ئاخىرقى شۇ قارارغا كېلىپ مەدىنىگە يولغا چىققاندا يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ساھابىلەرنىڭ كاتتا ئالىمى، پېشقەدەم قارىيسى، فەتىھ قىلغۇچى قوشۇننىڭ قوماندانى ۋە ئىسلام دىيارلىرىغا تەيىنلەنگەن بىر قانچە مۇسۇلمان ۋالىيلارنىڭ بىرسى بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

ئۇ دەسلەپتە ئەتىۋارلاپ چوڭ بىلىپ كەتكەن قويلىرىنى تاشلاپ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە ماڭغاندا، ئۆزىنىڭ دۇنيا شەھەرلىرىدىكى ئانا شەھەرلەردىن بولغان دەمەشىقنى ئىشغال قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئالدىدا





بولۇشىنى ۋە تۇما دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى گۈزەل باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ماكانلىشىپ قېلىشىنى قىلچىمۇ خىيال قىلىپ باقمىغان ئىدى. شۇنداقلا، دۇنيانىڭ يېشىل زۇمرەتى بولغان مىسىرنى پەتىھ قىلغان قوماندانىنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشىنى، بۇ دىيارغا ۋالىي بولۇپ «مۇقەتتەم» تېغىنىڭ باغرىغا ئۆزى ئۈچۈن قورۇ - جاي سېلىشىنى، قىلچىمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى غەيب ئىشلاردىن بولۇپ، پەقەت ئاللاھقىلا مەلۇم ئىشلاردۇر. ئۇقبە مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا داۋاملىق ھەمراھ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەرگە بارسا ئۇ خېچىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ئالدىدا ماڭاتتى. كۆپىنچە ھاللاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خېچىرىنىڭ ئارقىغا مىنگۈزۋالاتتى. ئۇ ھەتتا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىنگەشكۈچىسى» دەپ ئاتالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئۇقبەنىڭ مىنىشى ئۈچۈن ئۇلىغىنى بېرىپ ئۆزى پىيادە ماڭاتتى.

ئۇقبە بۇ كۈنلەردىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى مەن مەدىنىدىكى مەلۇم بىر ئورمانلىقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېچىرىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

— ئى ئۇقبە، مىنىمەمسەن؟ — دېدى.

— ياق! — دېمەكچى بولدۇم - يۇ، بۇنداق دېسەم ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىك بولۇپ قالمىسۇن، دەپ، — ماقۇل ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! — دېدىم.

ئۇ دەرھال قېچىرىدىن چۈشتى. مەن مىندىم. ئۇ پىيادە ماڭدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەن چۈشتۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىندى ۋە ماڭا:

— ئى ئۇقبە! ساڭا ھېچ ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن ئىككى سۈرە ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن. ئۇ ماڭا «سۈرە ناس» بىلەن «سۈرە فەلەق»نى ئۆگىتىپ قويدى.



www.munber.org

شۇ چاغدا نامازغا تەكبىر ئوقۇلغاندا ئۇ مۇشۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ ناماز ئوقۇدى ۋە ماڭا:

— سەن ئۇخلىغاندا ۋە ئويغانغاندا بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇغىن، — دېدى.

مەن ئۆمۈر بويى بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ كەلدىم.»

ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا زېھنىنى ئىلىم بىلەن جىھادتىن ئىبارەت ئىككى ئىشقا سەرپ قىلدى ۋە شۇ ئىككىسى ئۈچۈن ساناقسىز قۇربانلارنى بەردى.

ئىلىم ساھەسىدە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مول ۋە شېرىن بىلىم بۇلىقىدىن ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ، قارى، ھەدىسشۇناس، فەقىھ، مىراس ئىلمى، ئەدىب، ناتىق ۋە شائىر بولۇپ قالدى.

ئۇ قۇرئاننى ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق ئوقۇيدىغىنى ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كېچە كەلگەندە ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تىلاۋىتى ساھابىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى لەرزىگە سېلىپ، ۋۇجۇدلىرىنى ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىك ۋە ئاللاھتىن قورقۇشتىن بولغان ھېسسىيات چۇلغىۋالاتتى. كۆزلىرىدىن ياشلار قويۇلۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنى چاقىرىپ:

— ئى ئوقبە ماڭا ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىرەر ئايەت ئوقۇپ بەر! — دېدى. ئوقبە ئۆمەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر نەچچىنى ئوقۇپ بېرىشكە باشلىۋىدى، ئۆمەر يىغلاپ، ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى.

ئوقبە ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر قۇرئاننى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قول يازمىسى مىسىردىكى «ئوقبە ئىبنى ئامىر ئالىي مەكتىپى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئالىي مەكتەپتە ساقلانغان بولۇپ، بۇ قۇرئاننىڭ ئاخىرىسىغا «ئوقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنى يازغان» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قۇرئانى يەر يۈزىدە تېپىلغان ئەڭ قەدەمىي قۇرئانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇمۇ بىزنىڭ يوقالغان قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىمىز قاتارىدا





يوقىلىپ كەتكەن.

جىھاد ساھەسىگە كەلسەك، ئوقبەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئوھۇد ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق غازاتلارغا قاتناشقانلىقى، دەمەشقنى فەتىھ قىلىدىغان كۈنى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقى، قورقماس شىجائىتى ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەرىپىنى بىلىشىمىزگە يېتەرلىكتۇر.

ئەبۇ ئۇبەيدە دەمەشقنىڭ ئوڭۇشلۇق فەتىھ قىلىنغانلىقىنى خەلىپە ئۆمەرگە ئۆز ئاغزى بىلەن يەتكۈزسۇن ئۈچۈن ئۇنى مەدىنىگە ئەۋەتىشنى ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا بولغان مۇكاپات قىلدى. ئوقبە بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمە كۈنىگىچە توختىماي يول يۈرۈپ ئۆمەرگە بۇ چوڭ غەلىبىنىڭ خوش خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ئىدى.

ئۇ يەنە مىسىرنى فەتىھ قىلغان چوڭ قوشۇننىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سوفيان ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنى مىسىرغا ئۈچ يىل ۋالىي قىلىش ئارقىلىق مۇكاپاتلىغان ئىدى. ئاندىن ئۇنى ئوتتۇرا دېڭىزدىكى رودوس ئارىلىغا ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇشقا بولغان ئىشتىياقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇ جىھاد قىلىشقا دائىر بارلىق ھەدىسلەرنى پۈتۈنلەي يادا بىلىدىغان بىردىن - بىر كىشى ئىدى.

ئۇ يەنە ناھايىتى ئۇستا مەرگەن بولۇپ، ئىچ پۇشقىنى چىقارماقچى بولسا ئوق ئېتىش بىلەن چىقىراتتى.

ئۇ مىسىردىكى ۋاقتىدا سەكراتتا يېتىپ بالىلىرىغا:

— ئى بالىلىرىم! مەن سىلەرنى ئۈچ ئىشتىن توسۇيمەن، بۇلارنى ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئىشەنچلىك بولغانلىرىنىلا قوبۇل قىلىڭلار، گەرچە يەكتەك كىيىدىغان ھالەتتە قالساڭلارمۇ قەرز سورىماڭلار. شېئىر يازماڭلار! ئۇ سىلەرنى قۇرئان ئوقۇشتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويمىسۇن، — دېگەنىدى. ئۇ ۋاپات قىلغاندا ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇنى «مۇقەتتەم» تېغىنىڭ باغرىغا دەپنە قىلىپ ئاندىن



www.munber.org

ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ يەتمىش نەچچە ياچاق قالدۇرغان بولۇپ ھەر بىر ياچاق بىلەن ئوقدان ۋە ئوقلار بولۇپ ئۇ بۇلارنى ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىشكە ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن.

ئاللاھ قارى، ئالىم، غازات قىلغۇچى، ئوقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنىنىڭ يۈزىنى نۇرلۇق قىلسۇن! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قوشقان تۆھپىلىرىگە ئەجىر ئاتا قىلسۇن! ئامىن!!!



www.munber.org



## ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش

(تۆنجى بولۇپ مۆمىنلەرنىڭ قوماندانلىقىغا سايلانغان كىشى)

بىزنىڭ تونۇشتۇرماقچى بولغان ساھابىمىز - پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتى قويۇق بولغان ۋە ئىسلامغا دەسلەپكى قەدەمدە كىرگەن كىشىلەرنىڭ بىرسى.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ ئۇنىڭ ئانىسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قىزى ئومەييە يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاممىسى ئىدى.

ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىن ئاكىسى، چۈنكى ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بولغان جەھشنىڭ قىزى زەينەب — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۇ ئىسلامىيەت بايرىقى تۇتقۇزۇلغان كىشىلەرنىڭ تۇنجىسى، شۇنداقلا كېيىن مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلانغانلارنىڭ تۇنجىسى.

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دارۇلئەرقەمگە كىرىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ئىسلامىيەتكە بۇرۇن كىرگەن مۇسۇلمانلاردىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى، دىنىنى قۇرەيشلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قوغدىشى ئۈچۈن، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغاندا، ئابدۇللاھ مۇھاجىرلارنىڭ ئىككىنچىسى بولغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئەبۇسەلەمە مۇشۇ پەزىلەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغان ئىدى.

ئاللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلىش، ئاللاھ يولىدا ۋەتىنىدىن ئايرىلىش، ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلىش، ئابدۇللاھ ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. يېڭى ئىش بولمىدى، ئابدۇللاھ ۋە بەزى يېقىن تۇغقانلىرى، بۇندىن بۇرۇنمۇ



www.munber.org

ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ئىدى.

لېكىن ئابدۇللاھنىڭ بۇ قېتىمقى ھىجرىتى ئاۋۋالقى قېتىمقىسىغا قارىغاندا كۆپ سانلىق بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يېقىن تۇغقانلىرى، ئاتىسىنىڭ قەبىلىسىدىن چوڭ - كىچىك قىرى - ياش، ئەر - ئايال، بالا - چاقىلىرى بولۇپ ناھايىتى نۇرغۇن كىشى بىرلىكتە ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىسلامىي ئائىلە، قەبىلىسى ئىسلامىي قەبىلە بولغان ئىدى.

ئۇلار مەككىدىن ئايرىلىش بىلەنلا، ئۇلارنىڭ دىيارىنى غېرىبلىق باستى: خۇددى بۇندىن بۇرۇن بۇ ھويلىلاردا ھېچكىم ئولتۇرمىغاندەك، بوش قېلىپ، توپا - چاڭ ئۇچۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭغان كىشىلەر ھىجرەت قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن كىملەرنىڭ قېلىپ كىملەرنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، مەككە كوچىلىرىنى چارلىغىلى چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇجەھل، ئۇتبە ئىبنى رەبىيئەمۇ بار ئىدى.

ئۇتبە ئىشىكلىرى غىچىرلاپ، بوران ئۇچۇپ تۇرغان بەنى جەھشنىڭ ئۆي - ماكانلىرىغا قاراپ:

— بەنى جەھشنىڭ يۇرتى ئۆز ئەھلىگە يىغلاۋاتقاندەك بوش قاپتۇ، — دېۋىدى، ئەبۇجەھل:

— ماكانلىرى ئۇلار ئۈچۈن يىغلاپ قالغۇدەك قانچىلىك نېمىلەر ئىدى ئۇ! — دېدى - دە، ئابدۇللاھنىڭ ھويلىسىغا چىقتى. ئابدۇللاھنىڭ ھويلىسى، ھەممە ھويلىلارنىڭ چىرايلىقى ئىدى، ھەممىدە ئەڭ باي كىشىلەرنىڭ ھويلىسى ئىدى. ئەبۇجەھل بۇ ھويلىنىڭ مال-مۈلكىنى خۇددى پادىشاھ ئۆز مۈلكىگە ئىشلەتكەندەك ھويلا بىلەن قوشۇپ ئىشلەتكىلى تۇردى.

ئابدۇللاھ ئەبۇجەھلنىڭ ئۆز ھويلىسىدا قىلغان ئىشلىرىنى ئاڭلاپ كەلگەندە، بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى، پەيغەمبەر





ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھقا:

— ئى ئابدۇللاھ! ئاللاھ سېنىڭ ئۇ ھويلاڭنىڭ ئورنىغا جەننەتتىن ھويلا بەرسە رازى بولمامسەن؟ — دېۋىدى. ئابدۇللاھ جاۋابەن:

— رازى بولىمەن! ئى رەسۇلۇللاھ! — دېدى ۋە ئابدۇللاھنىڭ ۋۇجۇدى خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى، كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

ئابدۇللاھ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتتە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مەدىنىگە ئورۇنلاشماي تۇرۇپ، قۇرەيشلەردىن يەتكەن ئەزىيەتتىن كېيىن ئەنسارىلارنىڭ ھىمايىسىدە كۆرگەننىڭ تەمىنى تېتىماي تۇرۇپلا، ئاللاھ ئابدۇللاھنىڭ ئۆز ھاياتىدا ھېس قىلغان ئىمتىھانلارنىڭ ئەڭ قاتتىقىنى ۋە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇچرىغان ئەڭ قاتتىق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشنى خالىدى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامىيەتتىكى تۇنجى قېتىملىق ئەسكىرى ئىشقا قوماندان قىلىش ئۈچۈن ساھابىلەردىن سەككىز كىشىنى تاللىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ ۋە سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاسمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

— مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا چىدىيالايدىغانلىرىڭلارنى باشلىق قىلىمەن! — دېگىنىچە بايراقتىن بىرنى ئابدۇللاھقا تۇتقۇزدى. ئابدۇللاھ بىر بۆلۈك مۆمىنلەردىن تەركىب تاپقان كىشىلەرگە باشلىق بولغانلارنىڭ تۇنجىسى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنىڭ ماڭىدىغان يولىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بەردى ۋە بۇ خەتنى ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قوشۇن ئىككى كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ خەتكە قارىدى، خەتتە: «سەن خېتىمنى ئوقۇغاندىن كېيىن تائىپە بىلەن مەككە ئوتتۇرىسىدىكى نەخلە دېگەن جايغا بېرىپ ئۇ يەردە قۇرەيشلىكلەرنى پايلاپ، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى بىزگە ئېلىپ كەل!» دېيىلگەن ئىدى.

ئابدۇللاھ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆڭلىدە «ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ

بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن (بېشىم بىلەن) تەييار تۇرىمەن!» دېگەننى ئويلىدى ـ دە، قوشۇندىكىلەرگە قاراپ:

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى قورەيشلىكلەرنى پايلاپ ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئېلىپ كېلىشىم ئۈچۈن نەخلە دېگەن جايغىچە بېرىشىمنى بۇيرۇدى ۋە مېنى سىلەردىن بىرەرسىڭلارنى مەن بىلەن بىللە بېرىشقا مەجبۇرلىشىمدىن توستى! كىمكى شېھىتلىكنى خالىسا ۋە ئۇنىڭغا قىزىقسا، مەن بىلەن ماڭسۇن، كىمكى بۇنى خالىمىسا ئۇنىڭغا مالامەت قىلىنمايدۇ، قايتىپ كەتسۇن! ـــ دېدى. كۆپچىلىك ھەممىسى بىردەك:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىز تەييار! ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قەيەرگە بۇيرىغان بولسا، بىز سەن بىلەن شۇ يەرگە بېرىشقا تەييارمىز! ـــ دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار نەخلە دېگەن جايغىچە بېرىپ، قورەيشلىكلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن تاغ يوللىرىنى چارلاشقا باشلىدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇلار يىراق بىر جايدىن قورەيشلىكلەرنىڭ كارۋىنىنى كۆرۈپ قالدى، بۇ كارۋاندا تۆت ئەر كىشى بولۇپ، ئۇلار: ئەمرى ئىبنى ھەزرەمى، ھەكەم ئىبنى كەيسان، ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى مۇغىرە ئىدى. ئۇلار بىلەن بىرگە تېرە، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە باشقا نەرسىلەردىن ئىبارەت تىجارەت ماللار بار ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا ساھابىلەر نېمە قىلىشنى مەسلىھەت قىلىشقىلى تۇردى. بۇ كۈنلەر بولسا، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئۇلار ئاخىرى:

ـ ئەگەر بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشساق، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇشقان بولىمىز! بۇنىڭ بىلەن بۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان بولىمىز! نەتىجىدە بارلىق ئەرەبلەرنىڭ غەزىپىگە قالىمىز!... ئەگەر بىز بۇ كۈننىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتسەك، ئۇلار خاتىرجەم ئۆتۈپ كېتىشىدۇ، ـــ دېيىشتى.

www.munber.org





ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋېرىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قوللىرىدىكى ماللىرىنى غەنىمەت ئېلىشقا بىرلىككە كەلدى. ئۇلار بىر قانچە سىكونتتىلا، ئۇلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئىككىنى ئەسىرگە ئالدى، يەنە بىرىنى قاچۇرۇپ قويدى.

ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئەسىر ۋە كارۋان ماللارنى مەدىنە تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەر بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھقا مۇنداق دېدى:

ـــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى ئۇرۇشۇشقا ئەمەس بەلكى، قورەيشلىكلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئوقۇپ كېلىشكە ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە... بۇيرىغان، ـــ دېدى ۋە ئىككى ئەسىرنى ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىشقا قويۇپ، كارۋاندىكى نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭدىن ھېچنېمە ئالمىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۈگىشىدىغانلىقلىرىغا ئىشەنچ قىلىشتى.

ئۇلارنىڭ ئەھۋالى يامانلاشتى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى، ئۇلارغا مالامەت قىلىشقا ۋە ئۇچرىغان ھامانلا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار...» دەپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى تارتىشقا باشلىدى.

ھەمدە يەنە قورەيشلىكلەرنىڭ مۇشۇ ھادىسە سەۋەبى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشقا ۋە ئورۇنۇپ تۇتۇۋېلىنغان ئەسىر ۋە ئولجىلارنى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئاشكارىلاپ:

ـ ھەقىقەتەن مۇھەممەد، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلارنى ھالال قىلدى ۋە بۇ ئايدا قان تۆكتى! ئولجا ئالدى، ئەرلەرنى ئەسىر ئالدى، دېگەن ۋاقىتلىرىدا، ئۇلارنىڭ روھى ئازابى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

سىز ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلىپ

www.munber.org

سالغان ئىشلىرىغا قانچىلىك دەرىجىدە پۇشايمان قىلغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان خاپىلىق سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، قانچىلىك دەرىجىدە خىجىل بولغانلىقىنى سورىمايلا قويۇڭ!

ئۇلارغا يەتكەن خاپىلىق، قاتتىق مۇسىبەت ئېغىرلاشقان ۋاقىتدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە بۇ ئىش توغرىسىدا ۋەھيي چۈشۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خۇش بېشارەت بېرىلدى.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى سورىماڭ. كىشىلەر قۇچاق ئاچقان، خۇش ـ بېشارەت بەرگەن، تەبرىكلەپ، قۇرئان كەرىمدىن ئۇلارنىڭ ئىشى توغرىلىق چۈشكەن ئايەتنى ئوقۇغان ھالەتتە، ئۇلارغا يۈزلەندى. پەيغەمبىرىمىزگە ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتى چۈشكەن ئىدى.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: ‹ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ› دەپ سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، ‹بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھ، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ۋە ئاللاھقا كۇپرىلىق قىلىش، مەسجىد ھەرەمدە (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش، مەسجىد ھەرەمدىن ئاھالىسىنى ھەيدەش، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر›.﴾

بۇ ئايەتلەر چۈشكەن ۋاقىتدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى يورۇپ كەتتى ۋە كارۋاندىكى ماللارنى ئالدى، ئەسىرلەرنى تۆلەم ئېلىپ قويۇۋەتتى، ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرىنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرگىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆككەن تۇنجى مۇشرىك؛ ئۇلارنىڭ بايرىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن چەككەن تۇنجى بايراق؛ قوماندان ئابدۇللاھ «مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى» دەپ چاقىرىلغان تۇنجى كىشى ئىدى.

بەدرى ئۇرۇشى بولغاندا ئابدۇللاھ ئىمانىغا لايىق ھالدا باتۇرلارچە ئېلىشتى ئاندىن ئوھۇد ئۇرۇشى بولدى، بۇ ئۇرۇشتا ئابدۇللاھ بىلەن ئۇنىڭ



www.munber.org



سۆھبەتدىشى سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاسنىڭ ئۇنتۇلمايدىغان بىر ۋەقەلىكى بولۇپ ئۆتكەن بولۇپ، سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاس مۇنداق دەيدۇ:

«ئوھۇد ئۇرۇشى بولغاندا، ماڭا ئابدۇللاھ ئۇچراپ قېلىپ:

ـــ سەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلمامسەن؟ ـــ دەپ سورىدى. مەن:

ـ دۇئا قىلىمەن! ـــ دېدىم ـ دە، بىز بىرلىكتە بىر چەتكە چىقتۇق. مەن دۇئا قىلىپ: ‹ئى ئاللاھ! مەن دۈشمەنگە ئۇچراشسام، قاتتىق ئۇرۇشالايدىغان، مېنى ئاچچىقى يامان دۈشمەنگە ئۇچراشتۇرغىن! مەن شۇنداقلار بىلەن ئۇرۇشىمەن. ئاندىن مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ ئۇنىڭ قىلىچىنى ئېلىۋېلىشىم ئۈچۈن ماڭا ئۇتۇقلۇق بەرگىن!› دېدىم. ئابدۇللاھ مېنىڭ دۇئايىمغا، ‹ئامىن!› دەپ بەردى. ئاندىن ئابدۇللاھ دۇئا قىلىپ: ‹ئى ئاللاھ! ماڭا ئاچچىقى يامان، ئۆزى كۈچلۈك دۈشمەننى رىزىق قىلىپ بەرگىن! مەن ئۇنىڭ بىلەن سەن ئۈچۈن ئۇرۇشىمەن. ئۇ مەن بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ئاندىن ئۇ مېنى تۇتۇۋېلىپ، مېنىڭ بۇرنۇمنى، قۇلىقىمنى كېسىۋالىدۇ! مەن ساڭا ئۇچراشسام، سەن مەندىن:

ـــ سېنىڭ بۇرنۇڭ نېمە بولۇپ كېسىلگەن؟ قولىقىڭچۇ؟ دەپ سورىساڭ. مەن دەرھال:

ـ سېنى ۋە پەيغەمبىرىڭنى دەپ كېسىلگەن! ـــ دەيمەن، ئاندىن سەن يەنە:

ـ راست گەپ قىلدىڭ! ـــ دەيسەن› دېدى.

سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاس يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئابدۇللاھنىڭ دۇئاسى، مېنىڭ دۇئايىمدىن ياخشى بولدى! مەن چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، بۇرۇن ۋە قۇلىقىنىڭ دەرەختكە يىپ بىلەن ئېسىلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم!» دەيدۇ.

ئاللاھ ئابدۇللاھنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ تاغىسى، يەنى شېھىتلەرنىڭ سەركەردىسى ـــ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنى



www.munber.org

هۆرمەتلىگەندەك، ئۇنىمۇ شېھىتلىك بىلەن ھۆرمەتلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك كۆز ياشلىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ شېھىتلىكىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن پۇركەلگەن قەبرە توپىسىنى نەمدۇۋەتتى...



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

# ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى

ھۇزەيفەنىڭ سۆزىگە ئىشىنىڭلار، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ سىلەرگە ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە ئوقۇڭلار.

— ھەدىس شەرىف

— خالىساڭ مۇھاجىر بول، خالىساڭ ئەنسارى بول، بۇ ئىككىسىدىن خالىغىنىڭنى تاللا، — بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ھۇزەيفە بىلەن تۇنجى ئۇچراشقاندا دېگەن ئىدى. ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ئىككى خىل تاللاشنىڭ قايسىسىنى تاللاش ئىختىيارلىقىنىڭ بېرىلىشىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار.

ئۇنىڭ دادىسى مەككىلىك ئەبۇسى قەبىلىسىدىن بولغان يەمان ئىسىملىك كىشى ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر قان قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ مەككىدىن مەدىنىگە كېتىشكە مەجبۇرلانغان ئىدى. ئۇ مەدىنىگە بېرىپ ئابدۇل ئەشئەل جەمەتى بىلەن چىقىشىپ قېلىپ، كېيىن ئۇلارغا كۈيئوغۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۇزەيفە ئىسىملىك بىر ئوغلى تۇغۇلىدۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەماننىڭ مەككىگە كىرىشكە بولغان توسالغۇ تۈگەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدا بېرىپ - كېلىپ يۈرىدىغان بولىدۇ. لېكىن، ئۇ مەدىنىدە كۆپرەك تۇراتتى.

ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئۆز نۇرى بىلەن يورۇتۇشقا باشلىغاندا مەدىنىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئەبۇسى قەبىلىسىدىكى ئونبىر ئادەمنىڭ ئىچىدە يەمانمۇ بار ئىدى. بۇ ئۇچۇرۇشۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن بولغان ئىدى. بۇ سەۋەبلەردىن ھۇزەيفە ئەسلى



www.munber.org

مەككىلىك، ئۆسۈپ يېتىلىشى مەدىنىيلىك سانىلاتتى.

ئۇ بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئاللاھنىڭ دىنىغا خېلى بۇرۇن كىرگەن مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىنىڭ ھىمايىسىدە تەربىيىلەندى. ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئىشتىياقى چۇلغىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىسلامغا كىرگەن كۈندىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا توختىماي سوئال سورايتتى. ئۇ ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن مەككىگە سەپەر قىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭدىن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن مۇھاجىرمۇ ياكى ئەنسارىمۇ؟— دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— خالىساڭ مۇھاجىر بول، خالىساڭ ئەنسارى بول، بۇ ئىككىسىدىن خالىغىنىڭنى تاللا، — دېدى. ئۇ دەرھاللا:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بەلكى مەن ئەنسارى، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېشى بىلەن يۈرۈپ دېگۈدەك خىزمەت قىلدى. ئۇ بەدرىدىن باشقا بارلىق جەڭگە قاتناشتى. ئۇنىڭ بەدرگە قاتنىشالماسلىقىدا مۇنداق بىر سەۋەب بار ئىدى. ئۇنى ئۆزى مۇنداق بايان قىلىدۇ: مەن دادام بىلەن مەدىنە سىرتىدا ئىدۇق. قۇرەيشلىكلەر بىزنى تۇتۇۋېلىپ بىزنىڭ نەگە ماڭغانلىقىمىزنى سورىدى. بىز:

— مەدىنىگە، — دەپ جاۋاب بەردۇق.

—سىلەر مۇھەممەدنىڭ يېنىغا ماڭدىڭلارمۇ؟

— بىز پەقەت مەدىنىنى كۆزلەپلا كېتىپ بارىمىز.

— ئۇنداقتا سىلەر مۇھەممەدكە ياردەملەشمەسلىككە، ئۇنىڭ بايرىقى





ئاستىدا جەڭ قىلماسلىققا ۋەدە بېرىڭلار، — دېدى. بىز ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلار بىزنى قويۇۋەتتى. بىز مەدىنىگە كېلىپ بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بىز قىلغان ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز. ئاللاھتىن ئۇلارغا قارشى ياردەم تىلەيمىز، — دېدى.

ئوھۇد جېڭى كۈنى ئۇ دادىسى يەمانى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇشتىن ئۇ ساق ـ سالامەت قايتتى. بىراق، دادىسى شېھىت بولدى. لېكىن، ئۇ مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بولغان ئىدى. ئەسلى ۋەقەلىك مۇنداق بولغان ئىدى.

ئوھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمانى بىلەن سابىت ئىبنى قەيسنى ئاياللار ۋە باللار بىلەن بىرگە قەلئەدە قالدۇرغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ياشىنىپ قالغان كىشىلەر ئىدى. ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققاندا يەمانى سەبدىشىغا:

— ھەي! بىز يەنە نېمىنى ساقلاپ ئولتۇرىمىز. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۆمرىمىز ئاز قالدى. قىلىچلىرىمىزنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوشۇلمامدۇق، بەلكىم ئاللاھ بىزگە شېھىتلىك ئاتا قىلار!— دېدى.

ئۇلار قىلىچلىرىنى يالاڭاچلاپ ئۇرۇش سېپىگە قېتىلدى. سابىتنى ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ قىلىچى بىلەن شېھىت بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلدى. لېكىن، يەمانى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرغان قىلىچى ئاستىدا يىقىلدى. مۇسۇلمانلار يەماننى تونىمىغان ئىدى. بۇ چاغدا ھۇزەيفە:

— دادام! دادام! — دېگىنىچە توۋلاپلا قالدى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىغان ئىدى. دادىسى يىقىلغاندا ھۇزەيفە ئۇلارغا، ئاللاھ سىلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن! ئۇ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى!... — دېگەندىن ئارتۇق سۆز قىلمىدى.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ تۆلەم پۇلىنى بەرمەكچى بولغاندا ئۇ:

— دادام شېھىتلىكنى تەلەپ قىلغان ئىدى، ئارزۇسىغا يەتتى. ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن! مەن دادامنىڭ تۆلەم پۇلىنى مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىۋەتتىم، — دېدى. بۇ سەۋەب بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئۆستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ خاراكتېرىدە مۇشكۈل ئىشلارنى ھەل قىلىشتا تەدبىرلىك، ھەرقانداق ئىشقا قارىتا ئىنكاسى تېز ۋە ئىنتائەتچان، ھېچكىم بىلەلمەيدىغان دەرىجىدە سىر ساقلىيالايدىغان ئۈچ خىل خىسلەتنىڭ بارلىقىنى بايقىدى.

ساھابىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى دەل جايىدا جارى قىلدۇرۇش، ئۇلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىداردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياسىتى ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى ئىقتىدارىغا قارىتا ۋەزىپىگە قوياتتى.

مەدىنىدە مۇسۇلمانلار دۈچ كەلگەن ئەڭ چوڭ توسالغۇ يەھۇدىي مۇناپىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفەگە مۇناپىقلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ساھابىلەرنىڭ ھېچبىرى بىلمەيدىغان مەخپىيەتلىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى مۇناپىقلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇش، ئۇلارنى كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيەتلىرىنى بىلىدىغان كىشى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەتىرى چوڭ، ناھايىتى بەك ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئىشتا ئەقىللىق ھۇزەيفەنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن



www.munber.org



پايدىلانغان ئىدى. خەندەك ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقەلىك بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ. خەندەك ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا قىيىنچىلىق كۆپەيدى. ھېرىپ - چارچاش چېكىگە يەتتى. كۆزلەر تالدى، كىشىلەر ناھايىتى بەك تىت - تىتچىلىق ئىچىدە قالدى. ئىمانى سۇسراق بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ھەتتا ئاللاھ توغرىسىدا غەيرىي گۇمانلاردا بولۇشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا مۇشرىكلار ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ ئەھۋالىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن ياخشى ئەمەس ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئىرادىلىرىنى تەۋرىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا قاتتىق بوران ئەۋەتىش ئارقىلىق ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان غەزىپىنى ئىپادىلىدى. بوران ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى ئۆرۈپ، قازانلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈپ، ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى تاش - توپىغا توشقۇزدى. ئۇرۇش پىرىنسىپىدا ئاۋۋال بەل قويۇۋەتكەن تەرەپ، مەغلۇپ بولغان ھېسابلىناتتى.

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بەلگىلىنىدىغان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزەيفەنىڭ ئىقتىدارىغا ھاجىتى چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى قارار چىقىرىلىشتىن ئىلگىرى ھۇزەيفەنى قاراڭغۇدا دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇ قورقۇنچلۇق ۋە خەتەرلىك سەپەرنىڭ ئەمەلىي جەريانىنى ئۇ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«ئاشۇ بورانلىق سوغۇق كېچىدە بىز مۇسۇلمانلار قوشۇنى سەپ تۈزۈشۈپ ئولتۇرۇشقان ئىدۇق. مەككىدىن كەلگەن مۇشرىك قوشۇن بىزنىڭ ئۈستى تەرىپىمىزدە، بەنىي قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىزنىڭ تۆۋەن تەرىپىمىزدە ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىزغا زىيان سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇگۈنكى كېچىدىكىدەك قاتتىق بوران ھەم بۇ كېچىدىكىدەك زۇلۇمەتلىك قاراڭغۇ بولۇپ باقمىغان



www.munber.org

ئىدى. بوران خۇددى گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق ئاۋازدا گۈكىرىسە، قاراڭغۇلۇقنىڭ زۇلمىتىدە بەش بارمىقىمىزنى سوزساق كۆرەلمەيتتۇق. مۇناپىقلار: ‹ئۆيلىرىمىز ئوچۇق قالغان ئىدى، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ قالمىسۇن› دەپ رۇخسەت سوراشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇق ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رۇخسەت بېرىۋەردى. ھەتتا بىز 300 دەك ئادەم قالدۇق. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. (مېنىڭ ئۈستۈمدە ئايالىمنىڭ تىزىمدىن ئاشمايدىغان پەرەنجىسىدىن باشقا سوغۇقتىن دال بولغۇدەك يېپىنچام يوق ئىدى.) ئۇ مەندىن:

— سەن كىم؟› دەپ سورىدى.

— ھۇزەيفە، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— ھۇزەيفەمۇ سەن؟

— شۇنداق. مەن (ئاچلىق ۋە سوغۇقنىڭ ئازابىدىن) ئورنۇمدىن تۇرمايلا جاۋاب بەردىم.

— دۈشمەن تەرەپتە بىر خەۋەر باركەن. سەن بېرىپ ئېنىق ئۇقۇپ كەلگىن.

مەن مېڭىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئاللاھ، ئۇنىڭ ئالدى — كەينى، ئوڭ — ۋە سول تەرىپىنى ساقلىغىن! — دەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئاخىرلاشمايلا مەندىكى قورقۇنچ ۋە توڭلاش ئالامەتلىرى غايىپ بولدى. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ توڭلىغاقى ۋە قورقۇنچاقى مەن ئىدىم. مەن كەينىمگە بۇرۇلغىنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سەن تاكى قايتىپ كەلگىنىڭگە قەدەر دۈشمەن ئارىسىدا بىرەر چاتاق تېرىپ قويما! — دەپ تاپىلىدى. مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قاراڭغۇدا يولۇمغا راۋان بولدۇم.

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

مەن دۈشمەن سېپىگە بېرىپ خۇددى ئۇلارنىڭ ئادىمىدەك بولىۋالدىم. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەبۇ سوفيان كۆپچىلىككە:

— ئى قۇرەيش گۇرۇھى مەن سىلەرگە بىر سۆزنى قىلماقچى، لېكىن، مەن بۇ سۆزنىڭ مۇھەممەدكە يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر بىرىڭلار يېنىڭلاردىكىلەرگە قاراڭلار! — دېدى. ھەر بىر كىشى يېنىدىكى كىشىنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. مەنمۇ شۇ ھامان يېنىمدا ئولتۇرغان مۇشرىكنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— سەن كىم؟— دېدىم. ئۇ:

— مەن پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، — دەپ جاۋاب بەردى.

سۈرۈشتۈرۈش ئاخىرلاشقاندا ئەبۇ سوفيان گېپىنى باشلاپ مۇنداق دېدى.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! سىلەر جاپا چەكتىڭلار، ئات ئۇلاغلىرىمىز ھالاك بولدى. بەنۇ قۇرەيزە بولسا بىزدىن يۈز ئۆرۈدى. بىز يەنە بۇ بورانغا ئۇچرىدۇق. سىلەر يولغا چىقىڭلار، مەنمۇ چىقىمەن، — دېدى - دە تۆگىسى ئۈستىگە مىنىپ ئۇنى بىرنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ناۋادا مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئىش تېرىماسلىققا ئاگاھلاندۇرمىغان بولسا، مەن ئۇنى بىرتال ئوق بىلەنلا تۆگىسىدىن موللاق ئاتقۇزغان بولاتتىم.

مەن قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئايالىنىڭ پەرەنجىسى ئۈستىدە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئۆزىگە يېقىن كېلىشكە چاقىرىپ، مېنى پەرەنجىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرغۇزدى. مەن بولغان ئەھۋالاردىن خەۋەر بەرگىنىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشاللىقىدىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇدى.»

ھۇزەيفە مۇناپىقلارنىڭ سىرىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ئاشكارىلىماستىن ئۆتۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرى ئۆز ئىشلىرىدا ھۇزەيفەگە تايىناتتى. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى ئۆلسە:

www.munber.org

— ھــۇزەيفە جىنــازا نامىزىغــا كەلــدىمۇ؟— دەپ ســورايتتى — دە، كەلگەنلىكــىدىن خەۋەر تاپــسا كىلــىپ ئــۇ مۇســۇلماننىڭ نــامىزىنى چۈشۈرەتتى. ئەگەر كەلمىگەنلىكىنى ئاڭلىسا ئۆلگۈچىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنــىڭ جىنــازا نــامىزىنى چۈشــۈرمەيتتى. بىــر قېــتىم خەلــىپە ئــۆمەر ھۇزەيفەدىن، مېنىڭ قول ئاستىمدا بىرەر مۇناپىق بارمۇ؟— دەپ سورىدى. ھۇزەيفە:

— بىرى بار، — دېدى.

— ئۇنداقتا ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ قوي!

— ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن.

ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ:

— ئارىــدىن ئــۇزاق ئــۆتمەي ئــۆمەر خــۇددى ئۇنىڭغــا بىــرى خەۋەر بەرگەندەكلا دەل ھېلىقى ئادەمنى ئىشتىن بوشاتتى.

ھۇزەيفەنــىڭ مۇســۇلمانلارئۈچۈن «ناھاۋەنــدە»، «دەيــنۇرە»، «ھەمــزانە»، «رەيىيە» شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئاللاھنىــڭ كىــتابى ئۈســتىدە بۆلۈنــۈپ كېتىــشكە ئــاز قالغانــدا ئــۇلارنى بىــر قۇرئانغــا يىغىشقا سەۋەب بولغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ ھاياتى شۇنچىلىك كۆپ ياخشىلىقلار بىلەن ئۆتكىنىگە قارىماي ھۇزەيفە ئــاللاھتىن بەك قورقــىدىغانلاردىن ئىــدى. ئــۇ ھاياتىنىــڭ ئــاخىرقى دەقىقىلىرىدە سەكراتتا ياتقانــدا ســاھابىلەر ئۇنــىڭ قېــشىغا كىرىــشتى. ئــۇ ئۇلاردىن:

— ھازىر قايسى ۋاقىت؟ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

— تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى، — دېگەندە ئۇ:

— مېنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان سۈبھىدىن پاناھ تىلەيمەن، مېنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان سۈبھىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!... — دېدى، ئاندىن، — ماڭا كېپەنلىك ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئەكەلدۇق.



www.munber.org



— كېپەنلىكىمنــى ئىــسىل نەرســىلەردىن قىلمــاڭلار، ئەگەر ماڭــا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشىلىق بولسا، ئاللاھ ماڭا بۇنىڭدىن ياخشىــسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇ مەندىن تارتىۋېلىنىدۇ... — دېــدى. ئانــدىن ئــۇ، — ئــى ئــاللاھ! ســەن مېنىــڭ بــايلىقنى ئەمەس كەمبەغەللىكنى، ئەزىزلىنىشتىن بەكــرەك خارلىقنى، ياشاشــتىن بەكــرەك ئۆلــۈمنى خالايدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىــسەن! — دېــدى. ئــۇ ئــاخىرقى تىنىقلىرىــدا، — ئۆلــۈم گويــا ئــۆزۈم ئىــستىگەن دوســت، شــۇڭا بۇنىڭغــا قايغۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېگىنىچە كۆز يۇمدى.

ئــاللاھ ھــۇزەيفەگە رەھــمەت قىلــسۇنكى، ئــۇ كىــشىلەر ئارىــسىدىكى مىــسلى يــوق ئىــسىل ئــۇلگە ئىــدى. ئــاللاھ بىــزنىمۇ ھــۇزەيفەگە ئوخــشاش مۇســۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتــى ئۈچــۈن خىــزمەت قىلىــدىغان تەدبىرلىــك، ئۈلگىلىك مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن! ئامىن!



www.munber.org

www.munber.org

# سەئد ئىبنى ۋەققاس

ئى سەئد! ئاتقىن، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولۇپ كەتسۇن!

ــ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوھۇد كۈنىدە سەئدنى ئوق ئېتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ قىلغان سۆزىدىن)

ئاللاھتىن ئاللاھ دەرگاھىدىن قوغلانغان شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن! ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)!

﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.﴾

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار. بۇنىڭ نەتىجىسى مەغلۇبىيەتكە ئەمەس، غەلىبىگە، شېرىكلىككە ئەمەس، بەلكى تەۋھىدكە دالالەت قىلىدۇ.

ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى، سەئد ئىبنى ۋەققاس مەككىدىكى ئېسىل نەسەبلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ياشلاردىن بىرىدۇر.





www.munber.org

مەككىدە پەيغەمبەرلىك نۇرى چاقناشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا سەئد تېخى كىچىك بولۇپ، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈمچان، بولۇپمۇ ئانىسىغا بەكمۇ ئامراق بىر ئۆسمۈر ئىدى. گەرچە ئۇ ئەمدىلا 17 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ ئەقلى ئۆتكۈرلىكىدە، ھېكمەتلىكلىكىدە چوڭلاردىن قېلىشمايتتى. ئۇ ئۆز تەڭتۇشلىرىدەك ئورۇنسىز ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەي، ۋاقتىنى ئوق ياساش، ياچاقنى ياخشىلاش، ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىشتەك ئاقىلانە ئىشلارغا سەرپ قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنى چوڭ ئىشلارغا تەييارلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

ئۇ يەنە كۆڭلىدە ئۆز قەۋملىرى ياشاۋاتقان ناتوغرا ئەقىدىدىكى ھاياتىدىن قوتۇلدۇرىدىغان بىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈتىۋاتقاندەك بىر تەقەززالىق تۇيغۇسىدا بىئارام ياشايتتى.

مانا مۇشۇ مەزگىلدە ئاللاھ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى توغرا ياشاش يولىغا باشلايدىغان رەھمىتى بولغان، ئازغۇن، خاتا ئەقىدىدىكى ئىنسانلارنى قۇتۇلدۇرىدىغان، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. بۇ خاسىيەت ئىگىسى پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزەتتى.

سەئد ھېچ كېچىكمەستىن بۇ ئىلاھى چاقىرىققا ئاۋاز قوشتى. ئۇ ئىسلام كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئاۋالقىلىرىدىن بولدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ: «پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋتىنى باشلىنىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئىمان كەلتۈردۈم. دېمەك، مەن ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئاۋالقىلىرىدىن بولدۇم» دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. چۈنكى، سەئدتە يېڭى چىققان ئاينىڭ تولۇن ئاي بولۇشى مۇقەررەر بولغاندەك، پات ئارىدا ھەقىقىي ئەركەكلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغان ئالامەتلەر بار ئىدى. شۇنداقلا، يەنە مەككە ياشلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئەگەشتۈرىدىغان، سۆزىگە كىرگۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان، ئېسىل نەسەب،

يۇقىرى مەرتىۋە بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرگە يېقىن تۇرىدىغانلىق تەرىپىدىنمۇ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا تەرەپ جەمەتى بولغان بەنى زوھرا جەمەتىدىن بولغان تاغىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تاغىسى بىلەن پەخىرلىنەتتى.

بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغاندا سەئدنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ: «بۇ مېنىڭ تاغام، قېنى كىمنىڭ مۇشۇنداق تاغىسى بولسا كۆرسىتىپ باقسۇن!» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

سەئدنىڭ ئىسلامدا تۇرۇشى ئاسانغا چۈشمىدى. ئىسلام بۇ ياشنى قاتتىق سىناقلارغا دۇچار قىلدى. سىناقنىڭ بۇ قاتتىقلىقىدىن ھەتتا ئايەت نازىل بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ ئاجايىپ كەچۈرمىشنى سۆزلەپ بېرىشكە سەئدنىڭ ئۆزىنى تەكلىپ قىلايلى.

«مەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇنداق بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە قاتمۇقات قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرگىنىمدە بىر ئاينىڭ نۇر چاچقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇ ئايغا ئەگەشتىم ۋە ئالدىمدا بىر قانچە كىشىنىڭ شۇ ئايغا مەندىن ئىلگىرى ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار زەيد ئىبنى ھارىس، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئەبۇ بەكرى سىددىق ئىكەن. مەن ئۇلاردىن: ‹سىلەر قاچاندىن بېرى بۇ يەردە تۇرۇۋاتىسىلەر؟› دەپ سورىسام. ئۇلار: ‹بىر ئاز ئىلگىرى› دەپ جاۋاب بېرىشتى.

«تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوشۇرۇنچە ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن ئاللاھنىڭ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ، بۇ سەۋەب بىلەن مېنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىشنى خالىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە چاپتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن جىياد جىلغىسىدا ئۇچراشتىم. بۇ چاغدا



www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزى ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا مەن ئىمان ئېيتتىم. چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى بىر نەچچەيلەن مەندىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان ئىكەن.

ئانام مېنىڭ ئىسلامغا كىرگىنىمنى ئاڭلاپ تەتۈرلىكى تۇتتى. ئەمەلىيەتتە مەن ئانامنىڭ ناھايىتىمۇ بەك كۆيۈنىدىغان ۋە ئۇنى ئىنتايىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بالىسى ئىدىم. ئۇ:

ــ ئى سەئد! ئەسلى دىنىڭدىن يېنىپ قوبۇل قىلغان ئۇ زادى قانداق دىن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! سەن بۇ يېڭى دىنىنى تاشلا. بولمىسا مەن يېمەي، ئىچمەي ئۆلۈپ كېتىمەن... ئۇ چاغدا سەن مەن ئۈچۈن ئېچىنىپ يۈرىكىڭ پارە ـ پارە بولىدۇ. بۇ ئىش سەۋەبىدىن كىشىلەر سېنى ئۆمرۈڭ بويى ئەيىبلەيدۇ، ــ دېدى ۋە يېمەسلىك ـ ئىچمەسلىك ھەققىدە قەسەم ئىچتى. مەن ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئانا! ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ! ھەر قانچە قىلسىڭىزمۇ مەن بۇ دىنىمدىن يانمايمەن، ــ دېدىم.

لېكىن ئانام يېمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك قەسىمىدە چىڭ تۇرۇپ بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئورۇقلاپ، تېنى ئاجىزلىشىپ ماغدۇرۇدىن كېتىپ قالدى. بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مەن ئۇنىڭ ئازراق بولسىمۇ يەپ ـ ئىچىشىنى تەۋسىيە قىلىپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىۋەردىم. لېكىن، ئۇ قەتئىي ھېچنېمە يېمىدى. ھەم ماڭا يا مېنىڭ دىنىمدىن يېنىشىمنى يا بولمىسا ئۆزىنىڭ شۇ پېتىچە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ تۇرىۋالدى.

ــ ئى ئانا! مەن ھەقىقەتەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن. لېكىن، مەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سىزدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! سىزنىڭ مىڭ جېنىڭىز بولۇپ ھەر بىر جېنىڭىز ئاچلىقتىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مەن بۇ دىنىمدىن ھەرگىز يانمايمەن، ــ دېدىم مەن ئاخىرى.

«ئانام مېنىڭ بۇ قەتئىيلىكىمنى كۆرۈپ ئاخىرى تەن بەردى ۋە



www.munber.org

مەجبۇرىي ھالدا يەپ ـ ئىچتى. ئاللاھ بۇ ئەھۋالغا قارىتا: ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن) دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.»

ئەمەلىيەتتە سەئدنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كۈنى، مۇسۇلمانلار كۆپ ياخشىلىقلارغا ئېرىشكەن، ئىسلامغا خەيرلىك بىر زات قوشۇلغان بىر كۈن بولغان ئىدى.

بەدىر كۈنى سەئد بىلەن قېرىندىشى ئۇمەيرنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرى مەيدانغا كەلگەن بىر كۈن بولدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇمەير تېخى تولۇق بالاغەتكە يەتمىگەن بىر ئۆسمۈر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا چىقىدىغان قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىغاندا ئۇمەير ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكى سەۋەبىدىن قالدۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قوشۇننىڭ ئارقا تەرىپىگە مۆكىنىۋالغان ئىدى. بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەنىلا كۆرۈپ قېلىپ قايتۇرۇۋەتكەندە ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، رۇخسەت قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئاكىسى سەئدنىڭ قېشىغا كەلدى. سەئد ئۇنىڭ قىلىچىنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى. چۈنكى، ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا ئۇنىڭ قىلىچى يەرگە تېگىپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا سەئد جەڭ مەيدانىدا شېھىت قىلىنغان ئىنىسى ئۇمەيرنى قويۇپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا مەغلۇبىيەت يۈزلەنگەندە قورققىنىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. پەقەت سەئدلا ئۇنىڭغا يېقىن كىشى بىلەن قېلىپ ياچىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداپ تۇردى. ئۇنىڭ ئاتقان ھەر بىر ئوقى بىر مۇشرىكنى يەر چىشلىتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ



www.munber.org



ماھارىتىنى كۆرۈپ ۋە ئۇنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ: «سەئد ئاتقىن! ئاتقىن!... ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېدى. سەئد ئۆمۈر بويى بۇ سۆز بىلەن پەخىرلەندى. ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچبىر ئادەمگە ئاتا ـ ئانىسىنى تەڭ پىدا قىلمىغان ئىدى» دەيتتى.

ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەلىپە ۋاقتىدا پارسلارنى گۇمران قىلىپ، يەر يۈزىدە بۇددىزىمنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتماق ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىماقچى بولغاندا سەئد ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتتى.

ئۇرۇشتىن بۇرۇن ھەرقايسى جايلاردىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىغا: «ماڭا قورالى، ئېتى، ھەر قايسى جەھەتتىكى تەييارلىقى بار، شېئىر، نۇتۇقتىن جەڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئارتۇقچىلىقى بار بارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىڭلار!» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتكەندە ھەرقايسى جايلاردىن مۇجاھىد قوشۇنلار بەس ـ بەس بىلەن كېلىشكە باشلىدى. قوشۇن تولۇقلانغاندا، ئۆمەر بۇ دەرىجىدىكى زور قوشۇنغا كىمنى قوماندان قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك: «باتۇر يولۋاس سەئدنى!» دېيىشتى.

ئۆمەر ئۇنىڭغا قوشۇننىڭ بايرىقىنى تۇتقۇزدى. قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا ئۆمەر سەئدكە نەسىھەت قىلىپ:

ــ ئى سەئد! سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ۋە دوستى دېيىشلەر مەغرۇرلاندۇرۇپ قالمىسۇن، ئاللاھ يامانلىقنى يامانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق بىلەن ئۆچۈرىدۇ. ئى سەئد ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بويسۇنۇشتىن باشقا ھېچقانداق باغلىنىشلىق يوق. كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىلىكى بىلەن مەرتىۋىسىزنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى پەرقى تەقۋالىق بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. كىشىلەر پەقەت تەقۋالىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئاللاھقا بويسۇنۇشى بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن ئىشلارغا قارىغىن ھەم ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتمە، بۇ بولسا بۇيرۇق، ــ دېدى.

قوشۇن ئاتلاندى. قوشۇندا بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن 99 كىشى،



www.munber.org

رىزۋان ۋە باشقا بەيئەتلەردە بار كىشىلەردىن 310 نەچچە كىشى بىرگە ئىدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىنى ئىشغال قىلىشقا قاتناشقانلاردىن 300 كىشى، يېزا پەرزەنتلىرىدىن 700 كىشى بار ئىدى.

سەئد قادىسىيەگە يېتىپ بارغاندا قوشۇننى توختاتتى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنى مۇسۇلمانلار قادىسىيەنى تۆپتۆن گۇمران قىلىۋېتىش نىيىتىدە دۈشمەنلەرنى خۇددى كىشەن ئۇشۇقنى قىسقاندەك قاتتىق ئىسكەنجە قورشاۋىغا ئالدى. ئۇلار تەكبىر، تەھلىل ئېيتقان ھالدا دۈشمەن سېپىگە تۇشمۇ - تۇشتىن بۆسۈپ كىردى. پارسلىقلارنىڭ باش قوماندانى رۇستەمنىڭ بېشى مۇسۇلمانلارنىڭ نەيزىسى ئۈستىدە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ئالاقىزادىلىككە چۈشتى. ھەتتا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى چاقىرىپ، ئاندىن ئۆلتۈرەتتى. بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سانىنىڭ 30 مىڭ ئىكەنلىكىلا بۇ جەڭنىڭ كاتتا غەلىبە ۋە غەنىمەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىغا كۇپايىدۇر.

سەئد ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆپ مال - مۈلۈك ئاتا قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئەجەل يېقىنلاشقاندا ئۇ ئۆزىنىڭ كونىراپ تىتىلىپ كەتكەن تونىنى تەلەپ قىلىپ: «مېنى بۇنىڭ بىلەن كېپەنلەڭلار، چۈنكى، مەن بەدىر كۈنى مۇشۇ تونىنى كىيگەن ھالدا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشقان ئىدىم. مەن يەنە مۇشۇ تون بىلەن ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايمەن...» دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى نۇرلۇق قىلسۇن!

www.munber.org





## ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھارىس

ئەبۇ سوفيان جەننەت يىگىتلىرىنىڭ كاتتىسى.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ سوفيان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باشقىلاردا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ سوفيان تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، ئۇلار بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھارىسنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھارىس بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھنىڭ ئاتا - ئانا بىر قېرىندىشى ئىدى. ھەمدە يەنە ئەبۇ سوفيان بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېمىلداش بولۇپ بەختلىك ئىنىكئانا بولغان ھەلىمە ئۇ ئىككىسىنى تەڭ ئېمىتكەن ئىدى. ئەبۇ سوفيان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇنقى بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى ئىدى. ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇستەھكەم ھەم كەم ئۇچرايدىغان يېقىنلىق مۇناسىۋەتنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ئادەم چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلگەندە ئەبۇ سوفيان ئۇنى تەستىقلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلىدىن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىسا كېرەك. بىراق، ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك دەۋىتىنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن باشلاشقا بۇيرۇلغاندا، ھەم شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ئەبۇ سوفياننىڭ قەلبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ھەسەت ئوتلىرى لاۋۇلداپ، ئۇلار ئارىسىدىكى دوستلۇق، دۈشمەنلىككە، ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش ۋە قېرىنداشلىق يەتكۈزۈش بولسا قارشىلىشىشقا، يۈز ئۆرۈشكە ئۆزگەردى.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈشكە باشلىغان مەزگىللەر دەل ئەبۇ سوفيانىنىڭ قۇرەيشلەر ئىچىدە يۈز ئابرۇيى بار بولغان، چەۋاندازى ھەم شائىرلىرىدىن بولۇپ قالغان مەزگىللىرى ئىدى. ئۇ قورالىنى ۋە تىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىغا قارشى تۇرۇشقا، چاقىرقلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئىشلىتىشكە باشلىدى. قىسقىسى ئۇ پۈتۈن قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىنى مۇسۇلمانلارغا، ئىسلام دىنىغا زىيان سېلىشقا قاراتقان ئىدى. قۇرەيش قەبىلىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا پىلانلانغان ھەر قانداق بىر سۇيىقەستتە، مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈلگەن ھەر بىر ئەزىيەتتە ئۇنىڭ چوڭ تۆھپىسى، قوشقان ھەسسىسى بار ئىدى. ئۇ شېئىردىن ئىبارەت ئىقتىدارىنىڭ شەيتان تىلىدىن پايدىلىنىپ، تىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىشقا، ئۇنىڭ ھەققىدە لاۋزا، تېتىقسىز سۆزلەرنى قىلىشقا قويۇۋەتكەن ئىدى.

ئەبۇ سوفيانىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ساقلىغان ئاداۋىتى ھەتتا يىگىرمە يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن زىيان سالىدىغان، دۈشمەنلىك قىلىدىغان ھەر قانداق بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمىدى. ئۇ بۇ قىلمىشلىرى بىلەن چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزدى.

مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئازراقلا ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئىسلامغا كىرىشتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك نېمەت پۈتۈلدى. ئۇنىڭ ئىسلام كەلتۈرۈشىدە تارىخ كىتابلىرىدا داستان بولغۇدەك بىر تەسىرلىك جەريان بولغان ئىدى. بۇنى ئەبۇ سوفيان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئىسلام كۆچىيىپ ھەتتا مەككىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەدنىڭ مەككىگە كېلىدىغانلىق خەۋىرى ماڭا يەتكەندە بېشىمغا غەم تېغى يىقىلدى. زېمىن ماڭا تار تۇيۇلۇپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمىدىم. شۇ ھالدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ‹قەيەرلەرگىمۇ بارارمەن، كىملەر بىلەن دوستلىشىپ، كىملەر بىلەن ياشارمەن؟› دەپ كەتتىم. مەن ئايالىم ۋە



www.munber.org



باللىرىمغا: ‹سىلەر مەككىدىن چىقىش تەييارلىقىنى قىلىڭلار، مۇھەممەد كېلىشكە ئاز قالدى، ناۋادا ئۇلار مېنى تۇتۇۋالسا شەكسىز ئۆلتۈرىلىمەن› دېدىم.

ئۇلار ماڭا: ‹ئەرەب مىللىتى ۋە باشقىلارنىڭ مۇھەممەدكە بويسۇنغانلىقىنى، ئۇنى ھىمايە قىلغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟! سەن تېخىچە ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ يۈرۈۋېرەمسەن؟ سەن ئەسلىدە ئۇنىڭ دىنىنى كۈچەيتىدىغان، ياردەم بېرىدىغانلارنىڭ ئاۋۋىلى بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى› دېيىشتى. قىسقىسى ئۇلار مېنى مۇھەممەدنىڭ دىنىغا قىزىقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھەتتاكى ئاللاھ مېنىڭ دىلىمنى ئىسلام ئۈچۈن ئېچىۋەتتى. مەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا خىزمەتچىم مەزكۇرغا بىر ئات ۋە بىر تۆگە تەييارلاشقا بۇيرۇدۇم ۋە ئوغلۇم جەئفەرنى ئېلىپ مۇھەممەد بار يەرنى نىشانلاپ يولغا چىقتىم. مەن ئۇنىڭ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى ئەبۋا دېگەن يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە بىرەرسىنىڭ مېنى تونۇپ قېلىپ مەن مۇھەممەد بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن مېنى ئۆلتۈرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ يۈزۈمنى يۆگىۋالدىم. ئۇنىڭ قوشۇنى بولسا مەككە تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولغاچقا مەن ئۆزۈمنى ئۇلار بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قېلىشتىن قاچۇرۇپ ماڭدىم.

دەل شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپ ئىچىدە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈزۈمنى ئاچتىم. ئۇ مېنى تونۇپلا باشقا ياققا قارىۋالدى. مەن شۇ ياققا ئۆتتۇم. ئۇ يەنە باشقا ياققا قارىۋالدى. بۇنداق قىلىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى.

«مەن بۇ يەرگە كەلگۈچە ‹مېنىڭ ئىسلام كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىمدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى چوقۇم سۆيىنىدۇ› دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسى



www.munber.org

مەندىن يۈز ئۆرۈدى. ئەبۇبەكرى ماڭا ئۇچرىغان ئىدى، ئۇمۇ قاتتىق يۈز ئۆرۈپ قارىمىدى. مەن ئامالسىز، بويىنۇمنى قىسقان ھالدا ئۆمەرگە قارىدىم. ئۇ ماڭا ئەبۇبەكرىدىن ئۆتە قاتتىق يۈز ئۆرۈدى. ھەتتا ئۇنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بىر ئەنسارى:

— ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا زىيان سالغان ئىدىڭ. سېنىڭ ئەسكىلىكىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ... — دېگىنىچە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ماڭا تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇۋەتتى. باشقىلار بولسا ماڭا غەزەپلىك ھۈمۈيىشاتتى. ماڭا قىلىنغان بۇ ھاقارەتلەردىن خۇشاللىنىۋاتاتتى.

مەن تاغام ئابباسنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— ئى تاغا! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇغقان، ھەم قەۋمىم ئىچىدىكى مەرتىۋىلىك كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنىڭ ئىسلام كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىم چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇشال قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنى سەنمۇ كۆرۈۋاتىسەن، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەن توغرۇلۇق گەپ قىلغان بولساڭ، — دېدىم. تاغام ماڭا:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەندىن يۈز ئۆرىگەن ھازىرقىدەك ئەھۋالدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەن توغرۇلۇق ھېچنېمە دېيەلمەيمەن، لېكىن، كېيىن پۇرسەت تېپىپ دەپ باقارمەن، مەن ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىمەن ھەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنىمەن، — دېدى.

— ئۇنداقتا مېنى كىمگە ھاۋالە قىلىسەن؟

— ئەھۋال يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، بۇندىن باشقا بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

مەن قاتتىق غەمگە پاتتىم. بىر ئازدىن كېيىن تاغامنىڭ ئوغلى ئەلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالىمنى ئېيتتىم. ئۇمۇ تاغامدەكلا سۆزنى قىلدى. مەن تاغام ئاببىسنىڭ يېنىغا قايتا بېرىپ:

— سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى مەن ئۈچۈن



www.munber.org



يۇمشىتىشقا قادىر بولالمىساڭمۇ، مېنى تىللاۋاتقان كىشىنى تىللاشتىن توختاتساڭ، — دېدىم. تاغام مەندىن ئۇ كىشىنىڭ سۈپىتىنى سورىدى. مەن مۇنداق ـ مۇنداق شەكىلدىكى ئادەمكەن، دەپ سۈپەتلەپ بەردىم. تاغام:

— بۇ ئەنسارى نوئمان ئىكەن، — دېدى ـ دە، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا، — ئى نوئمان! ئەبۇ سوفيان بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۈگۈن ئۇنىڭدىن ئاچچىقلىغان بولسىمۇ، يەنە بىر كۈنلەر كېلىپ ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ قالار، ئۇنى تىللىمىساڭ، — دېدى. ئۇ شۇندىلا مېنى تىللاشتىن توختىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۆئفە دېگەن جايغا چۈشكۈن قىلغاندا مەن ئۇنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇردۇم، ئوغلۇم جەئفەر يېنىمدا ئۆرە تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئىشىكىدىن چىقىپ مېنى كۆرگەن ھامانلا يۈزىنى مەندىن ئۆرىۋالاتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشتىن ئۈمىدسىزلەنمىدىم. ئۇ قانداقلا بىر جايغا چۈشكۈن قىلسا مەن ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلۇمنى يېنىمدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇرۇنقىدەك مەندىن يۈز ئۆرۈۋەردى. بۇ ئىشلار بىر مەزگىلگىچە داۋام قىلىپ بۇ ئىشلار ماڭا ھار كەلگەندە ئايالىمغا:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھامان بىر كۈنى مەندىن رازى بولىدۇ. ناۋادا رازى بولماي قالسا ئوغلۇمنى ئېلىپ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر بېشىم قايغان تەرەپلەرگە كېتىمەن، — دېدىم. بۇ گېپىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپتۇ. ئۇ ماڭا ئىچى ئاغرىتىپتۇ. ئۇ چېدىرىدىن چىققاندا مەندىن يۈزىنى ئۆرىمەي، ئىللىقىنە قاراپ قويدى. ھەتتا مەن ئۇنى كۈلۈمسىرەمدىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەندە مەنمۇ بىرگە كەلدىم. ئۇ مەسجىدكە كىرمەكچى بولسا مەن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا كىرەتتىم. مەيلى قانداقلا ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىققا تىرىشتىم.



www.munber.org

ھۆنەين كۈنىدە ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى بۈندىن بۇرۇن بولۇپ باقمىغان دەرىجىدە توپلاندى. ئۇلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىشنى مەقسەت قىلىشقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقتى. مەنمۇ چىقتىم. مەن مۇشرىكلارنىڭ زور قوشۇننى كۆرگىنىمدە:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن بۇ قېتىمقى جەڭدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇپ قىلغان پۈتۈن گۇناھلىرىمنى يۇيىدىغان ئىشنى قىلىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قىلغانلىرىمدىن، ئۆزىمۇ رازى بولىدىغان ھەم ئاللاھنىمۇ رازى قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرىدۇ، — دېدىم.

ئۇرۇش بولۇپ قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى كۈچەيگىلى تۇرغاندا مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەننى كۆرگەن مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ كېتىپ بىزگە ھەقىقىي مەغلۇبىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە سەۋەبچى بولۇشقا تاسلا قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ كۈلرەڭ خېچىرىنىڭ ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى قوغدىغان ھالداخۇددى تاغدەك ھەيۋەتلىك قامەت بىلەن قىلىچى ئارقىلىق قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتى.

مەن بۇ چاغدا ئېتىمدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قىلىچىمنىڭ غىلاپىنى سۇندۇرۇۋەتتىم، ئاللاھ مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئۆلۈشكە ئاتلانغانلىقىمغا گۇۋاھ ئىدى. بۇ چاغدا تاغام ئاباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېچىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ھالدا ئىدى. مەن كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېچىرىنىڭ سول تەرەپتىكى ئۈزەڭگىسىنى تۇتقان، ئوڭ قولۇم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداپ قاتتىق جەڭ قىلىشقا چۈشۈپ كەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام



www.munber.org



يېنىدا قاتتىق ئۇرۇش قىلىۋاتقان مېنى تونىيالماي تاغام ئاباستىن:

— بۇ كىم، — دەپ سورىدى. تاغام:

— ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ، يەنى تاغاڭنىڭ ئوغلى ئەبۇ سوفيان، سەن ئۇنىڭدىن رازى بولساڭ، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— رازى بولدۇم، ئاللاھ ئۇنىڭ ماڭا قىلغان پۈتۈن گۇناھلىرىنى كەچۈرسۇن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن بېشىم ئاسمانغا يەتتى. مەن سۆيۈنگىنىمدىن ئۇنىڭ ئۈزەڭگىدىكى پۇتلىرىنى سۆيۈپ كەتتىم. ئۇ مېنى ئۇرۇشنى داۋام قىلىشقا ئۈندىدى. شۇئان مېنىڭ جەڭ قىلىشقا بولغان ئىشتىياقىم تېخىمۇ ئارتتى. مەن مۇشرىكلار تەرەپكە يولۋاس كەبى ئېتىلدىم، باشقا مۇسۇلمانلارمۇ ماڭا ئەگەشتى. ھەتتا بىز ئۇلارنى بىر پەرسەخ مىقدارى يىراقلىقىقچە قوغلاپ، تىرە - پىرەڭ قىلىۋەتتۇق...

ئەبۇ سوفيان ھۆنەين كۈنىدىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي رازىلىقىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت نېمەتتىن خۇرسەن بولۇپ ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشتەك شەرەپتىن بەختكە ئېرىشىپ ياشاشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن قىلغانلىرىدىن خىجالەت بولغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى.

ئۇ ئىسلام كەلتۈرمەي ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈنلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ، كېچىلىرىنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە، قۇرئان ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشكە ئاتىدى. ۋەز - نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلدى. دۇنيانىڭ ھوزۇر ھالاۋەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بارلىقىنى بېغىشلىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئۇنىڭ مەسجىدكە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئائىشەگە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!):

— سىز ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز، — دەپ سورايدۇ. ئائىشە:

— بىلمەيمەن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دېگەندە پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام:

— ئۇ كىشى مېنىڭ تاغامنىڭ ئوغلى ئەبۇ سوفيان، قاراڭ! ئۇ مەسجىدكە كىرىدىغانلارنىڭ ئەۋۋىلى، شۇنداقلا مەسجىدتىن چىقىدىغانلارنىڭ ئاخىرقىسى، ئۇ يەردىن ئۇستۇن قارىمايدۇ، — دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندا ئەبۇ سوفيان خۇددى ئانا پەرزەنتىگە قايغۇرغاندىنمۇ بەك قايغۇردى، مەشۇقىدىن ئايرىلغان ئاشىقتىن بەكرەك ئېچىنىپ يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان قاتتىق سېغىنىش، قىيالماسلىق ھەسرەتلىرىنى مەرسىيە قىلىپ ئوقۇدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەلىپىلىك قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇ ئۆزىگە ئۆلۈم ئەلچىسىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك ئۆز قولى بىلەن ئۆز يەرلىكىنى كولىدى. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپلا ئەجەل ئەلچىسى ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىلى كەلدى. ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ ئايالى ۋە بالىلىرىغا:

— ماڭا قايغۇرماڭلار، مەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن بېرى پەقەت گۇناھ ئىش قىلىپ باقمىدىم، — دېدى. ئۇنىڭ روھى پاك ھالەتتە كەتتى.

ئۇنىڭ ۋاپاتى مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۆمەر ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئىسلام ئۈچۈن بىر يوقىتىش ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!





## ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف

ئاللاھ يولىدا بەرگەن نەرسەڭگىمۇ، ئائىلەڭ ئۈچۈن ئىبلىپ قالغان نەرسەڭگىمۇ ئاللاھ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئىسلامغا دەسلەپتە كىرگەن سەككىز كىشىنىڭ ۋە جەننەت بىلەن خوش خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ، ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپە تاللاش سايلىمىدا نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەن ئالتە كىشىنىڭ، مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرگە دىنىي ئىشلاردىن پەتىۋا بېرىدىغان بىر قانچە كىشىنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىسمى ئابدۇ ئەمرى بولۇپ، ئۇ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئابدۇراھمان دەپ چاقىرغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دارۇل ئەرقەمگە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئىمان كەلتۈرگەن بولۇپ، ئابابەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىمان كەلتۈرۈپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئىمان كەلتۈرگەن ئىدى.

ئۇ ئاۋۋال مۇسۇلمان بولغانلار ئۇچرىغان بارلىق كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە يولۇقتى، مۇسۇلمانلار دەسلەپكى ھىجرىتى بولغان ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندا ئۇمۇ بىرگە ماڭدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنى دوستلاشتۇرۇپ قويغاندا ئابدۇراھماننى سەئد ئىبنى رەبىئە بىلەن دوستلاشتۇرۇپ قويدى.



www.munber.org

سەئد قېرىنىدىشى ئابدۇراھمانغا:

— ئى قېرىندىشىم! مەن مەدىنىدىكى ماللىرى كۆپ كىشىلەرنىڭ بىرى، مېنىڭ ئىككى بېغىم ۋە ئىككى ئايالىم بار، قايسى بېغىم كۆڭلۈڭگە ياقسا شۇ باغنى ساڭا بېرىمەن، قايسى ئايالىمنى ياقتۇرساڭ شۇنى نىكاھىمدىن چىقىرىپ ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ قوياي، — دېدى.

ئابدۇراھمان سەئدكە:

— ئاللاھ ماللىرىڭ ۋە ئائىلەڭگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! سەن ماڭا بازارنى كۆرسىتىپ قوي! — دېدى. سەئد ئۇنىڭغا بازارنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ تىجارەت قىلىپ مالغا ئىگە بولدى ۋە تويلۇق ئالالىغۇدەك مالغا ئىگە بولۇپ ئۆيلەندى.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇنىڭدا يېڭى توي قىلغان يىگىتلەرنىڭ خۇشخۇيلۇقى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئوھۇي ئابدۇراھمان! — دېدى. ئابدۇراھمان ئۆزىنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، — ئايالىڭغا قانچىلىك تويلۇق بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر مىقدار ئالتۇن بەردىم. دېدى.

— بىرەر قوي سويۇپ بولسىمۇ توي زىياپىتى بەرگىن، — دېدى. ئارقىدىن يەنە، —ئاللاھ ماللىرىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! — دېدى.

ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: «مال ـ دۇنيا ماڭا شۇنچىلىك يۈزلەندىكى، ھەتتا بىرەر تاشنى كۆتەرسەملا ئۇنىڭ ئاستىدىن ئالتۇن چىقىپ قالىدىغاندەكلا ئىدى.»

بەدىر كۈنى ئۇ قولىغا قورال ئېلىپ ھەقىقىي جىھادقا ئاتلاندى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۇمەر ئىبنى ئۇسماننى ئۆلتۈردى. ئوھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى جەڭ ھەيۋىسىدە كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ كىرىشكە باشلىغاندىمۇ، ئۇ قىلچە تەۋرەنمەي باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدىن قايتقاندا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يىگىرمە نەچچە يېرى



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

يارىلانغان بولۇپ، بەزى يارا ئورۇنلىرى ھەتتا بارماق كىرىپ كەتكۈدەك چوڭقۇرلۇقتا ئىدى.

ئابدۇراھماننىڭ جېنى بىلەن قىلغان جىھادىغا قارىغاندا مېلى بىلەن قىلغان جىھادى كۆپ ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەرگە ئەۋەتمەك ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىماقچى بولۇپ:

— مەن مەلۇم بىر جايغا ئەۋەتمەك ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىماقچى ئىدىم، ئىئانە قىلىڭلار، — دېدى. ئابدۇراھمان ئۆيىگە ئالدىراش بېرىپ كەلدى ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھازىر مەندە تۆت مىڭ دىرھەم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى مىڭىنى ئاللاھقا قەرز بېرىپ تۇردۇم، ئىككى مىڭىنى ئائىلەمگە قالدۇردۇم، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئاللاھ يولىدا بەرگەن نەرسەڭگىمۇ، ئائىلەڭ ئۈچۈن قالدۇرغان نەرسەڭگىمۇ ئاللاھ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! — دەپ دۇئا قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا چىقىشنى ئىرادە قىلغاندا مالغا بولغان ئېھتىياجى ئادەمگە بولغان ئېھتىياجىدىن كەم ئەمەس ئىدى. رۇم قوشۇنىنىڭ تەييارلىقى پۇختا، سان جەھەتتە كۆپ ئىدى. مۇسۇلمانلار تۇرۇۋاتقان مەدىنىدە بولسا شۇ يىلى قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن ئىدى. ھەتتا، يوقسۇل مۆمىنلەردىن بىرقانچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنى جىھادقا ئېلىۋېلىشنى ئۆتۈنۈپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاغ كەمچىل بولۇش سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولمىغان ئىدى. ئۇلار يىغلىغان ھالدا قايتىشقان ئىدى.

بۇ كىشىلەر «يىغلىغۇچىلار»، ئۇرۇشقا تەييارلانغان قوشۇن بولسا «جاپاكەش قوشۇن» دەپ ئاتالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە قىلىشقا چاقىردى. ساھابىلەر بۇ چاقىرىقنى ئىجرا قىلىشقا ئاتلاندى. ئابدۇراھمان بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، سەدىقە قىلغۇچىلارنىڭ ئاۋۋىلى بولدى. ئۇ ئىككى يۈز ئۇقىيە ئالتۇن سەدىقە قىلغان ئىدى. بۇ چاغدا ئۇمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:



www.munber.org

www.munber.org

— مەن ئابدۇراھمان ئائىلىسىگە ھېچنېمە قالدۇرماستىن سەدىقە قىلىۋېتىپ گۇناھكار بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن،— دېگەنىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئابدۇراھمان! ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردىڭمۇ؟— دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئۇلار ئۈچۈن نەپىقە قىلغان بۇ نەرسىدىنمۇ كۆپرەك ھەم ياخشىراقىنى قالدۇردۇم.

— قانچىلىك نەرسە قالدۇردۇڭ؟

— ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ۋەدە قىلغان رىزقنى، ياخشىلىق ۋە ئەجىرنى قالدۇرۇپ قويدۇم، — دېدى.

قوشۇن تەبۇكقا قاراپ يولغا چىقتى، بۇ سەپەردە ئاللاھ ئابدۇراھمانغا ھېچكىمگە ئاتا قىلمىغان ھۆرمەتلىنىش پۇرسىتى بىلەن ھۆرمەتلىدى. ناماز ۋاقتى كىرىپ قالغان بىر ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمىدى. ئابدۇراھمان قوشۇنغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى. نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتى ئاخىرلىشاي دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلۇپ ئابدۇراھماننىڭ كەينىدە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇدى. بۇ دۇنيادا پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىرەرسىنىڭ ئىمام بولۇشىدىنمۇ ئارتۇق ھۆرمەت ۋە پەزىلەت بارمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىققاتتى، ئۇلار بىرەر جايغا چىقسا ئۇلار بىلەن بىرگە چىققاتتى. ھەج قىلسا بىرگە ھەج قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كاجىۋىلىرىغا يېشىل يوپۇقلارنى يېپىپ قوياتتى. مانا بۇ ئابدۇراھماننىڭ ئارتۇقچىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئابدۇراھمانغا ئىشەنگەنلىكى بولۇپ، ئابدۇراھمان بولار بىلەن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى.

ئابدۇراھماننىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا بولغان



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

www.munber.org

ياخشىلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇ بىر پارچە زېمىننى 40 مىڭ دىنارغا سېتىپ ئۇنىڭ ھەممىسىنى بەنى زۆھرە[①] مۇسۇلمانلىرى، مۇجاھىدلارنىڭ يوقسۇللىرىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئاشۇ مالدىن ئائىشەگە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئېلىپ كېلىنگەندە ئائىشە:

— بۇ ماللار كىمدىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئابدۇراھماندىن، — دېيىلگەندە ئۇ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن كېيىن سىلەرگە پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارلا غەمخورلۇق قىلىدۇ» دېگەن ئىدى، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن بەرىكەت تىلەپ قىلغان دۇئاسى ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى بەرىكەت ئېلىپ كەلدى. ھەتتاكى، ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە مال دۇنياسى ئەڭ كۆپ كىشىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ تىجارەت دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، تاپاۋىتى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كارۋانلىرى مەدىنە خەلقى ئېھتىياجلىق بولغان، بۇغداي، ئۇن، ماي، كىيىم ـ كېچەك، قاچا ـ قۇچا ۋە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى توشۇپ كېلىپ، مەدىنە خەلقىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقان مەدىنە ماللىرىنى باشقا جايلارغا توشۇپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئابدۇراھماننىڭ كارۋانلىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. بۇ كارۋان يەتتە يۈز ئۇلاغدىن تەركىپ تاپقان زور بىر كارۋان ئىدى. كارۋانلار مەدىنە خەلقى ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ كارۋاننىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن مەدىنە ئىچى تەۋرەپ كەتتى. كارۋانلارنىڭ سۈرەن ـ چوقانلىرى مەدىنە ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. بۇ تەۋرىنىشتىن خەۋەر تاپقان ئائىشە:

— نېمە ئىش بولدى؟— دەپ سورىدى.

— ئابدۇراھماننىڭ يەتتە يۈز تۆگىلىك كارۋىنى يېتىپ كەپتۇ، —

[①] بەنى زۆھرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ جەمەتى، — تەر.

دېيىلگەنندە، ئائىشە:

— ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ماللىرىغا بەرىكەت بەرسۇن، ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان ساۋابى تېخىمۇ كاتتا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئابدۇراھمان جەننەتكە ئۆمۈلەپ كىرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم،— دەيدۇ.

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى كارۋاننىڭ تۆگىلىرى چۆكتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئابدۇراھماننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇشال بولغانلىقىدىن ئائىشەنىڭ قېشىغا دەرھال يېتىپ كېلىپ:

— ئى ئانا، سىز بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانمىدىڭىز؟— دەپ سورىدى.

— شۇنداق.

— ئەگەر مەن جەننەتكە ئۆرە مېڭىپ كىرەلىسەم، مەن سىزنى گۇۋاھ قىلايكى، مۇشۇ كارۋىنىمنى يۈك - تاقلىرى بىلەن قوشۇپ ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋېتىمەن، — دېدى ئابدۇراھمان قاتتىق خۇشاللىنىپ.

شۇ كۈندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ كۆپ مال سەدىقە قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئىلكىدىكى نەرسىلەرنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن رەۋىشتە سەدىقە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ 40 مىڭ دىرھەم كۈمۈش سەدىقە قىلىپ ئارقىدىن يەنە 40مىڭ دىنار ئالتۇن سەدىقە قىلدى. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارغا 500 ئات، 1500 تۆياق ئۇلاغ تەقدىم قىلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە نۇرغۇن قۇللىرىنى ئازات قىلىۋەتتى.

ئۇ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەر بىر كىشىگە تۆت يۈز دىنار ئالتۇن سەدىقە قىلدى. بۇلارنىڭ سانى يۈز كىشى ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە نۇرغۇن مال ۋەسىيەت قىلدى. ئائىشە ئۇنىڭغا كۆپ ۋاقىتلىرىدا:

— ئاللاھ ئۇنى سەلسەبىل بۇلاقلىرى بىلەن سۇغارسۇن، — دەپ دۇئا قىلاتتى.



www.munber.org



ئۇنىڭدىن كېيىن مىراسخورلىرىغا ساناقسىز مال، مىڭ تۆگە، يۈز ئات، ئۈچ مىڭ قوي قالدۇردى. تۆت ئايالىنىڭ ھەر بىرىگە شەرىئەتتىكى بەلگىلەنگەن ئۆلچىمى بويىچە مېلىنىڭ سەككىزدىن بىرىنى قالدۇردى، قالدۇرۇلغان مال سەكسەن مىڭ ئىدى. ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا قالدۇرۇلغان ئالتۇنلارنى كەكە - پالتا بىلەن پارچىلىغاندىمۇ قوللىرى تالغىدەك ئالتۇن - كۈمۈش قالدۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ مېلىغا قىلغان بەرىكەت تىلەش دۇئاسىنىڭ پەزىلىتىدىن ئىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ ھاياتلىقىدا ئېرىشكەن بۇ مال- دۇنيالىرى ئۇنى قىلچە مەغرۇرلاندۇرمىدى. ئۇ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندا كىشىلەر ئۇنى پەرقلەندۈرەلمەي قالاتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ خىزمەتكارىدىن بىرى ئۇنىڭغا تائام ئېلىپ كەلدى. ئۇ روزا تۇتۇۋالغان ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى تائامغا قاراپ:

— مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ مەندىن ياخشى بەندە ئىدى. بىز ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوراش ئۈچۈن تاپقان كېپەنلىكىمىز بىلەن بېشىنى يۆگىسەك پۇتى، پۇتىنى يۆگىسەك بېشى ئوچۇق قالغان ئىدى، ئاللاھ بىزگە دۇنيانى كەڭرى قىلىپ بىزنى مالغا ئىگە قىلدى. مەن ساۋابىمىزنىڭ پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن،

— ئۇ بۇلارنى دەپ ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇنىڭغا تۈمەنمىڭ خۇش مۇبارەك بولسۇنكى! ئۇ راستچىل، ئىشەنچىلىك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خوش خەۋەر بەرگەن بەندە ئىدى.

ئۇنىڭ جىنازىسىنى باشتىن ئاخىرغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس كۆتۈردى. ئىككى نۇرنىڭ ئىگىسى ئوسمان ئىبنى ئەففان ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. مۆمىنلەرنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن تەزىيە سۆزى سۆزلەپ، مۇنداق دېدى:

— سەن دۇنيانىڭ پاك ۋاقتىنى تېپىۋالدىڭ، ئۇنىڭ قالايماقان



www.munber.org

بولۇشىدىن بۇرۇنلا كېتىپ قالدىڭ... ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن!





## جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ

مەن جەئفەرنى جەننەتتە كۆردۈم، ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن ئىككى قانىتى باركەن، پۇتلىرىمۇ قانغا مىلىنىپ كېتىپتۇ.

— ھەدىس شەرىپ

ئابدۇمەناف جەمەتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدىغان بەش كىشى بار بولۇپ، كۆزى ئاجىز كىشىلەر ئالدىراپ پەرقلەندۈرەلمەيتتى. ئەلۋەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىزمۇ بۇ بەش كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلگۈسى كېلىدىغاندۇ. بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۇ بەش كىشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى.

ئۇلارنىڭ بىرى، ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەم ئېمىلدەش قېرىندىشى. ئىككىنچىسى، قۇسەم ئىبنى ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بولۇپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى. ئۈچىنچىسى، سائىب ئىبنى ئۇبەيدە ئىبنى ئابدۇ يەزىد ئىبنى ھاشىم، ئۇ ئىمام شافىيىنىڭ چوڭ دادىسى، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! تۆتىنچىسى، ھەسەن ئىبنى ئەلى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى، ئۇ بەش كىشىنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن بەك ئوخشايدىغىنى. بەشىنچىسى، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ بولۇپ، ئۇ مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئەلى ئىبنى تالىپنىڭ قېرىندىشى.

ئەمدى ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى بولغان جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇشنى باشلايلى.

ئەبۇ تالىپ قۇرەيشلىكلەر ئىچىدە يۈز ئابرۇيلۇق، يۇقىرى مەرتىۋىلىك

كىشى بولغىنىغا قارىماي، تۇرمۇشى ناچار، بالا-چاقىسى كۆپ كىشى ئىدى. قۇرەيشكە چۈشكەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ بەك ناچارلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇ مەزگىللەردە ھاشىم جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە تاغىسى ئابباسلارنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ ياخشى تۇرمۇش ھېسابلىناتتى. بىر كۈنى مۇھەممەد تاغىسى ئابباسقا: ئى تاغا! قېرىندىشىڭ ئەبۇ تالىپنىڭ جان سانى كۆپ، ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇنىڭ ئائىلىسىگىمۇ باشقىلارغا يەتكەن قەھەتچىلىك يەتتى. بىز بېرىپ بالىلىرىدىن بىرەرنى بولسىمۇ ئۆز ئۈستىمىزگە ئالايلى، مەن بىر ئوغلىنى ئالاي، سەن بىرىنى ئال! بىز ئۇلارغا ۋاقتىنچە ئاتىدارچىلىق قىلايلى، دېدى.

ئابباس: سەن ھەقىقەتەن بىر ياخشى ئىشقا چاقىردىڭ، دېگىنىچە ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئەبۇ تالىپنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتلىرىنى بايان قىلدى. ئەبۇ تالىپ ئۇلارغا:

— سىلەر ماڭا ئەقىلنى قالدۇرۇپ قالغانلىرىدىن خالىغىنىنى ئېلىڭلار، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەلىنى مۇھەممەد، جەئفەرنى ئابباس ئېلىپ كەتتى.

ئەلى تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەھىيسى كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇردى. پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن ئىمان كەلتۈرگەن تۇنجى ياش ئەلى بولدى. جەئفەرمۇ تاغىسى بىلەن بىرگە تۇرغان ئىدى. ئۇمۇ دەسلەپ ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئايالى ئەسما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دارۇل ئەرقەمگە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئابابەكرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىمان ئېيتقان ئىدى.

ئىمان ئېيتقانلىق سەۋەبى بىلەن ھاشىمىيلىك بۇ يىگىت ۋە ئۇنىڭ ياش ئايالى باشقا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار ئۇچرىغان ئەزىيەت، كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇچرىدى. ئۇلار باشلىرىغا كەلگەن بۇ قاتتىق ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى. چۈنكى، ئۇلار جەننەتكە بارىدىغان يولنىڭ تىكەن،





چاتقاللار بىلەن قورشالغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەن بەندىلەردىن ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بويىچە ئىش كۆرۈشىگە، ئىسلامنىڭ تەلىپى بويىچە ياشىشىغا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ياشىشىغا، ئىمانىنىڭ لەززىتىنى تېتىشىغا دىن دۈشمەنلىرى بولغان قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇ بولۇپ، ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن تەقىب قىلىپ تۇرىدىغان كۆزەتچىلەرنى بېكىتىشكەن ئىدى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئەر-ئايال ئىككىسى باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە دىنلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پاك نىيەتلىك ياخشى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەندىن باشقا گۇناھى يوق تۇرۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى ھار كەلدى. لېكىن، ئۇ چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئۇلارنى قوغداپ قالغۇدەك كۈچ يوق ئىدى.

تۇنجى ھىجرەت قىلغۇچى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى ھەبەشىستانغا قاراپ يولغا چىققاندا جەئفەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ پادىشاھنىڭ ھىمايىسىدە ئۇ يەرگە ماكانلاشتى. ئۇلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن تۇنجى خاتىرجەملىكنى بۇ يەردىن تاپتى ۋە خاتىرجەم ئىبادەت قىلىشنىڭ ھۇزۇرىدىن بەھرىلەندى.

لېكىن، قۇرەيشلەر ئۇلارنىڭ ھەبەشىستان پادىشاھىنىڭ ھىمايىسىدە ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ياكى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ياكى ئۇلارنى مەككىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېلىش سۇيىقەستىنى پىلانلاشقا باشلىدى. بۇنىڭغا دائىر ۋەقەلىكلەرنى بۇنىڭ شاھىتى بولغان ئايال ساھابە ھەم مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۆممۇ سەلەمەنىڭ بايانىدىن ئاڭلايلى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىز ھەبەشىستانغا چۈشكىنىمىزدە ياخشى خوشنىلارغا ئۇچرىدۇق، دىنىمىزدىن خاتىرجەم بولدۇق. ھېچقانداق بىر ئەزىيەتكە ئۇچرىمىغان



www.munber.org
www.munber.org

ھالدا رەببىمىزگە ئىبادەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىزنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز ئەلچىلىرىدىكى پاراسەتلىك ۋە كۈچلۈك سانالغان ئىككى كىشىنى نۇرغۇن سوۋغا سالاملار بىلەن ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ يېنىغا يولغا سالپتۇ. بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئەمىر ئىبنى ئاس يەنە بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى رەبىئە ئىدى. قۇرەيشلەر ئۇلارنى نەجاشى بىلەن ئۇچرۇشىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ، ئۇلارغا بىر بۆلۈك سوۋغات بېرىپ، ئۇلارنىڭ نەجاشىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىگە يانتاياق بولىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

ئۇلار ھەبەشىستانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالدىن پىلانلىغان پىلان بويىچە پادىشاھنىڭ ئېپىسكوپلىرى بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ، ئۇلارغا سوۋغىلارنى بېرىپتۇ. ئۇلاردىن سوۋغا قوبۇل قىلمىغان بىرەرىمۇ قالماپتۇ. بۇ ئىككىسى ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ زېمىنىڭلارغا بىزنىڭ ئەقىلسىز ياشلىرىمىزدىن بىر ئۈچۈم كىشىلەر ئورۇنلىشىپتۇ، ئۇلار ئاتا - بوۋىسىنىڭ دىنىدىن چىقىپ، خەلقنى پارچىلىغان كىشىلەردۇر. ئەتە بىز سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلار توغرىسىدا پادىشاھىڭلارغا گەپ قىلساق، سىلەر پادىشاھىڭلارنىڭ ئۇ كىشىلەردىن دىن ھەققىدە بىر نەرسە سورىماستىنلا ئۇلارنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن بىزگە پايدىلىق گەپ قىلىپ قويساڭلار، ئۇلارنىڭ خەلقىنىڭ كاتتىلىرى ئۇلار ئېتىقاد قىلغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، — دېگەن ئىكەن، ئېپىسكوپلار ماقۇل، دېيىشىپتۇ. بۇ چاغدا بۇ ئىككىسىگە نىسبەتەن پادىشاھنىڭ بىزنى چاقىرتىپ، سۆزىمىزنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن يامان تۇيۇلىدىغان ئىش يوق ئىدى.

ئەتىسى ئۇ ئىككىسى نەجاشىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلىرىنى تەقدىم قىلدى، ئاندىن نەجاشىغا:

— ئى پادىشاھ! سىزنىڭ مەملىكىتىڭىزگە بىزنىڭ بىر ئۈچۈم



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

ئەقىلسىز ياشلىرىمىز كەپتۇ. ئۇلار سىلەرمۇ، بىزمۇ بىلمەيدىغان بىر دىننى ئېلىپ كەلدى. بىزنىڭ دىنىمىزنى تاشلىدى، ھەم سىلەرنىڭ دىنىڭلارغىمۇ كىرمىدى. ئۇلارنىڭ دادىسى، تاغىلىرى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولغان كىشىلەر بىزنى ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزغا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزۇق ئىشلىرىنى بۇ مۆتىۋەرلەر ئوبدان بىلىدۇ، — دېگەن ئىكەن، نەجاشى ئېپىسكوپلىرىغا قاراپتۇ. ئېپىسكوپلار بىردەك:

— ئۇ ئىككىسى راست ئېيتىدۇ، ئى پادىشاھ! ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى بۇلارغا ئايدىڭ، شۇڭا ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتەيلى، — دېيىشىپتۇ. پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ياق! مەن ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىمىغىچە ھەرگىز ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتمەيمەن، — دەپتۇ.

نەجاشى بىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىزگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن ئىلگىرى بىر يەرگە يىغىلىپ: ‹پادىشاھ چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزدىن سورايدۇ. بىز ئىمان كەلتۈرگەن ئىشلاردىن ئۇلارنى ئاشكارا خەۋەردار قىلايلى، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىزگە ۋاكالىتەن سۆز قىلسۇن، قالغانلىرىمىز سۆز قىلمايلى› دەپ كېلىشىۋالدۇق.

بىز نەجاشىنىڭ ئالدىغا باردۇق، ئۇ ئوردىغا ئېپىسكوپلىرىنىمۇ چاقىرغان ئىكەن. ئۇلار ئۈچلىرىغا يېشىل تونلىرىنى، باشلىرىغا قالپاقلىرىنى كىيىشىپ، پادىشاھنىڭ تەختىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالدىدا كىتابلىرىنى ئېچىپ قويغان ھالدا ئولتۇرۇشقان ئىدى. بىز يەنە ھېلىقى ئىككەيلەننىمۇ بۇ يەردە كۆردۇق. بىز جايلىرىمىزغا جايلىشىپ بولغاندا پادىشاھ بىزدىن:

— سىلەر ئۆزەڭلەرنى ئاتىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىڭلارنىڭ دىنىدىن ئايرىلغان، بىزنىڭ ياكى باشقا بىر مىللەتنىڭمۇ دىنىغا تەۋە بولمىغان بۇ قانداق دىن؟ — دېدى. جەئفەر ئالدىغا چىقىپ:



www.munber.org

— ئى پادىشاھ! بىز بۇرۇن جاھىلىيەت ئىلكىدە ياشايتتۇق، بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتۇق، ئۆلۈك ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيتتۇق، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قوياتتۇق، قوشنىلارغا يامانلىق قىلاتتۇق، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلاتتى. بىز مۇشۇنداق بۇزۇق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋەردۇق. ئاللاھ بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ نەسەبىنى، ئۆزىنىڭ راستچىل ۋە ۋاپادار ئىكەنلىكىنى، پاك دىل ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

ئۇ بىزنى ئاللاھقا ئىشىنىشكە، ئۇنى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلماسلىققا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان بۇت، تاشلارغا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتنى ئادا قىلىشقا، سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ھارام ئىشلاردىن قول ئۈزۈشكە، قان تۆكمەسلىككە، بۇزۇق ئىشلاردىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتىن يىراق بولۇشقا چاقىردۇ.

شۇنداقلا يەنە، يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، شېرىك ئەمەللەردىن يىراق بولۇشقا، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى. بىز ئۇنى قوبۇل قىلدۇق. ھەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىزگە ھالال قىلغاننى قىلدۇق، ھارام قىلغاندىن چەكلەندۇق.

ئى پادىشاھ! بىزنىڭ كىشىلىرىمىز بىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ، بىزنى دىنىمىزدىن قايتۇرۇپ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا مەجبۇرلاپ بىزگە قاتتىق ئەزىيەتلەرنى سالدى. بىز بۇنداق زۇلۇم ۋە دىنىمىزغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ۋاقىتدا سىنىڭ مەملىكىتىڭگە كەلدۇق. سىنى باشقىلاردىن ئەلا بىلىپ بۇ يەرنى تاللاپ، سىنىڭ ھامىيلىقىڭنى پاناھ تارتىپ، دىيارىڭغا كېلىشنى خالىدۇق. بىز ئەمدى سەن تەرەپتىن زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى.

پادىشاھ:





— سەندە ئاللاھتىن پەيغەمبەرگە كەلگەن بىرەر نەرسىنىڭ دەلىلى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. جەئفەر:

— بار، — دېدى ـ دە، نەجاشىغا ئاللاھنىڭ يەھيا ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بەرگەن: ﴿كاف، ھا، يا، عين، صاد، بۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ باياندۇر، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى. ئۇ ئېيتتى: ’پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق...﴾[1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان نەجاشى يىغلاپ، ئاققان ياشلىرى ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئاللاھنىڭ ئايىتىنى ئاڭلىغان ئېپىسكوپلارمۇ يىغلاپ، ئاققان ياشلىرى ئالدىلىرىدىكى كىتابلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. نەجاشى:

— سىلەرنىڭ پەيغەمبەرىڭلار ئېلىپ كەلگەن نەرسە بىلەن ئىسا ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ نۇر مەنبەسى بىر، — دېدى. ئاندىن ھېلىقى ئىككىيلەنگە، — سىلەر قايتىڭلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى! مەن بۇلارنى ھەرگىز قايتۇرۇپ بەرمەيمەن، — دېدى.

بىز سورۇندىن قايتتۇق، بىز ئوردىدىن چىقىۋاتقاندا ئەمرى بىزگە تەھدىت سېلىپ، ھەمراھىغا: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەتە مەن پادىشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، تاكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇلارغا قارىتا غەزەپ ۋە يامانلىق بىلەن تولدۇرۇۋەتكىدەك دەرىجىدە بۇلارنى يامانلاپ بېرىمەن، پادىشاھنى بۇلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشقا كۈشكۈرتىمەن› دېدى. ھەمراھى ئۇنىڭغا: ‹ئى ئەمرى! ئۇنداق قىلما، گەرچە ئۇلار بىز بىلەن قارشىلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا بىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز ئەمەسمۇ؟› دېدى. ئەمرى ئاچچىقلىنىپ: ‹قويە بۇ سۆزۈڭنى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! مەن پادىشاھقا: ئۇلار ئىسا ئىبنى مەريەمنى بەندە دەپ قارايدۇ... دەيمەن› دېدى.

ئەتىسى ئەمرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى پادىشاھقا: ‹ئى پادىشاھ! سەن ھىمايە قىلىۋاتقان ئۇ كىشىلەر ئىسا ھەققىدە قەبىھ بىر سۆزنى دەيدۇ،

[1] سۈرە مەريەم 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر

ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ ئىسا ھەققىدە نېمە دەيدىغانلىقىنى سورىغىن!› دەپتۇ. بىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندا بۇندىن بۇرۇن پاتمىغان بىر غەمگە پاتتۇق. بىز بىر بىرىمىزگە: ‹پادىشاھ ئىسا توغرىسىدا سوراپ قالسا نېمە دېسەك بولار؟› دېيىشتۇق، ئاخىردا: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە دەيلى، ھەرقانداق ئىشتا پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىپ كەتمەيلى، شۇ سەۋەبلىك نېمە بولساق مەيلى› دېگەن پىكىرگە كەلدۇق - دە، يەنە جەئفەرنى بىزگە ۋاكالىتەن سۆزلەشكە بىرلىككە كېلىشتۇق.

بىز نەجاشىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرتىلغاندا ئېپىسكوپلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردۇق، سورۇندا يەنە ئۇ ئىككىيلەنمۇ بار ئىكەن. نەجاشى بىزدىن:

— سىلەر ئىسا توغرىسىدا نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەننى دەيمىز.

— پەيغەمبەرىڭلار نېمە دەيدۇ؟

— ئۇ، ئىسانى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ روھى، شۇنداقلا، توي قىلمىغان قىز مەريەمگە تاشلىغان سۆزى، — دەيدۇ.

بۇ چاغدا نەجاشى قولىنى يەرگە ئۇرۇپ:

— توغرا! ئىسامۇ سىلەرنىڭ پەيغەمبەرىڭلار دېگەندەك دېگەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئېپىسكوپلار دىماقلىرىنى قېقىشىپ كېتىشتى. نەجاشى ئۇلارنىڭ دىماق قېقىشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن بىزگە، — سىلەر قايتىڭلار، سىلەر ئەمىنلىككە ئېرىشكۈچىلەرسىلەر، سىلەرنى بوزەك قىلغانلار زىيان تارتىدۇ. سىلەرگە قارشى چىققان ئادەملەر جازالىنىدۇ. مەن سىلەرنىڭ بىرەرىڭلارنىڭ زىيان تارتىشى بەدىلىگە ماڭا ئالتۇندىن بىر تاغ بولۇشىنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى. ئاندىن خىزمەتكارلىرىغا، — بۇ ئىككى ئادەمنىڭ سوۋغاتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، مېنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق، — دېدى.»

ئۇممۇ سەلەمە يەنە مۇنداق دېدى: «بىز ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوردىدىن





ھەيۋەتتى يەرگە ئۇرۇلغان، خارلانغانلىقتىن سالپايغان ھالدا چىققانلىقىنى كۆردۇق. بىز شۇنىڭدىن كېيىن نەجاشىنىڭ ھىمايىسىدە ئېسىل خوشنىلار بىلەن بىلەن بىرگە تۇردۇق.»

جەئفەر نەجاشىنىڭ ھىمايىسىدە ھەبەشىستاندا خاتىرجەم ھالدا 10 يىل تۇردى. ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى يىلى ئۇلار باشقا بىر قانچە مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى فەتھى قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەئفەر بىلەن كۆرۈشكەندە قاتتىق خۇشال بولدى ۋە:

— مەن ھازىر خەيبەرنىڭ فەتھى قىلىنغانلىقىغىمۇ ياكى جەئفەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگىمۇ قايسىسىغا بەكرەك خوش بولغانلىقىمنى بىلەلمىدىم، — دەپ كەتكەن ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنىڭ خۇشاللىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇشاللىقىدىن قېلىشمايتتى.

جەئفەر ئاجىزلارغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىپ، ئۇلاردىن ھەر قانداق ياخشىلىقنى ئايىمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا مىسكىنلەرنىڭ ئاتىسى دېگەن ئات سىڭىپ قالغان ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە بولۇپمۇ مىسكىنلەرگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ياخشىسى جەئفەر ئىدى. ئۇ بىزنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ تاماق بېرەتتى. ئەگەر ئوزۇقى تۈگەپ قالغان بولسا بىزگە ماي قاچىلايدىغان كىچىك تۇلۇمنى بېرەتتى. بىز ئۇنى يېرىپ ئىچىگە چاپلىشىپ قالغانلىرىنى يالايتتۇق.»

جەئفەر مەدىنىدە ئۇزاق ياشىمىدى. ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلىنىڭ بېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام دىيارىدىكى رۇملۇقلارغا قارشى قوشۇن تويلىدى ۋە قوشۇنغا زەيد ئىبنى ھارىسنى باشلىق قىلىپ: «ئەگەر جەڭدە زەيد شېھىت بولسا جەئفەر باشلىق بولسۇن! جەئفەرمۇ شېھىت بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە باشلىق بولسۇن، ئۇمۇ شېھىت بولسا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرىنى باشلىق قىلىپ سايلىسۇن » دېدى.



www.munber.org

مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئاتلىنىپ مۇئتەگە يېتىپ كەلگەندە رۇملۇقلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىغانلىقىنى، ئۇلارغا يەنە لەخمى، جۇزام، جۇزائە ۋە باشقا قەبىلىلەردىن تەركىپ تاپقان 100 مىڭ ئەرەب خرىستىئانلىرىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىق خەۋىرى كەلدى. مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ سانى بولسا ئارانلا 3000 ئىدى.

ئىككى تەرەپ ئۇچراشقاندا زەيد شېھىت بولدى. بۇنى كۆرگەن جەئفەر دەرھال ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ زەيدنىڭ ئېتىنىڭ تۆت پۇتىنى چېپىپ تاشلىدى. چۈنكى، بۇنىڭ ئېتى نەسىللىك، ئېسىل ئاتلاردىن بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئاندىن بايراقنى كۆتۈرۈپ شېئىر ئوقۇغان ھالدا دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتتى.

نەقەدەر شېرىن جەننەت لەززىتى؟
بىلىنەر كىشىگە، شېھىتلىك يېقىن.
جەڭ تەپتىنى قوغلار جىسمىڭدىن
مۇزدەك شەربەت، كەۋسەردىن ئېقىن!
رۇملۇقلار كىم؟ رۇملۇقلار كاپىر،
دېمەك ئاڭا ماكان مەھشەرگاھ.
بىزدىن يۆلەك نەسەب ۋە دىنى،
قىنىن تۆكسەك ساۋاب، بىز، ناگاھ.

ئۇ شۇ تەرزدە چېپىش بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئوڭ قولى كېسىلدى. ئۇ دەرھال بايراقنى سول قولىغا ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سول قولى كېسىلدى. ئۇ بايراقنى كۆكرىكى بىلەن تىرەپ ئىككى بىلىكى بىلەن قامالىۋالدى. بىرئازدىن كېيىن يەنە بىر زەربە بىلەن ئۇنىڭ بەدىنى ئىككى پارچە قىلىندى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئۇنىڭ قولىدىن بايراقنى



www.munber.org



ئېلىپ باتۇرلارچە ئۇرۇشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ ئاۋۋال كەتكەن ئىككى دوستىغا قوشۇلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈچ قوماندانىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قايغۇردى. ئۇ جەئفەرنىڭ ئائىلىسىگە باردى. جەئفەرنىڭ ئايالى ئەسما بۇ چاغدا بالىلىرىنى يۇيۇندۇرۇپ، پاكىزە كىيىندۇرۇپ خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ ئۇلارنى ياساپ قويغان، ئۆزىمۇ تەييارلىنىپ، تاماققا خېمىر يۇغۇرۇپ قويغان ئىدى.

ئەسما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىمىزگە كەلگەندە ئۇنىڭ چىرايىدىن غەم قايغۇ ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى. كۆڭلۈمدە بىر ئەنسىزچىلىك پەيدا بولدى. لېكىن، بىرەر كۆڭۈلسىز خەۋەر ئاڭلاپ قالماي دەپ ئېرىم توغرىسىدا گەپ سوراشنى خالىمىدىم. ئۇ ماڭا سالام قىلغاندىن كېيىن:

ــ سىز ماڭا جەئفەرنىڭ بالىلىرىنى چاقىرىپ بېرىڭ! ــ دېدى. مەن بالىلىرىمنى چاقىردىم. بالىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىشتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇرۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن سىغداشقىلى تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ پۇراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار سىرغىپ چۈشىۋاتتى. مەن دەرھال ناھايىتى جىددىي تەلەپپۇزدا:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، زادى نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ جەئفەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا بىرەر مۇسىبەت يېتىپتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ شۇنداق ئۇلار بۈگۈن شېھىت قىلىنىپتۇ، ــ دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ئانىسىنىڭ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بالىلارنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقلار ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولدى ۋە تۇرغان ئورۇنلىرىدا تۇرۇپلا قېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئارقىغا يېنىپ كېتىۋېتىپ:



www.munber.org

— ئى ئاللاھ سەن جەئفەرنىڭ بالىلىرىنى ياخشى ئىزباسار قىلىپ بەرگىن، ئى ئاللاھ جەئفەرنىڭ بالىلىرىنى ياخشى ئىزباسار قىلىپ بەرگىن! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى، — مەن جەئفەرنى جەننەتتە كۆردۈم، ئۇنىڭ قانغا مىلىنىپ كەتكەن ئىككى قانىتى بار ئىكەن، ئۇنىڭ پۇتلىرىمۇ قان بىلەن بويۇلۇپ كېتىپتۇ.



www.munber.org



## ئۆمەير ئىبنى سەئد

ياش يىگىت ئۆمەير ئىبنى سەئد ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا، يېتىملىك ۋە كەمبەغەللىك قاچىسىدىن سۇ ئىچتى. دادىسى ئۇنىڭغا ھېچقانداق مال- دۇنيا ياكى ھامىي بولغۇچى قالدۇرماستىنلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئىدى. ئانىسى ئۇزۇن ئۆتمەي جۇلاس ئىبنى سۇۋەيد ئىسىملىك ئەۋس قەبىلىسىلىك بىر باي بىلەن توي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇلاس ئۆمەيرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالدى.

ئۆمەير جۇلاستىن، ئۆزىنىڭ يېتىملىكىنى ئۇنتىغىدەك دەرىجىدە ياخشىلىق، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە چەكسىز مېھرىبانلىقلا ئېرىشتى. جۇلاس ئۆمەيرگە ئۆز بالىسىدەك كۆيۈنەتتى. ئۆمەيرمۇ ئۇنى ئۆز دادىسىدەك ياخشى كۆرەتتى.

ئۆمەير چوڭايغانسىرى جۇلاس ئۆمەيرنىڭ ھەر بىر ئىش- پائالىيىتىدىن كۆرۈلۈپ تۇرغان چىچەنلىك، ئەقىل-پاراسەت ئالامەتلىرىنى، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى سەممىيەت ۋە ئىشەنچلىك خىسلەتلەرنى كۆرگەندە ئۆمەيرگە بولغان مۇھەببىتى ۋە قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى.

ياش يىگىت ئۆمەير ئىبنى سەئد ئىسلام كەلتۈردى. بۇ چاغدا ئۇ تېخى يېشى ئەمدىلا ئوندىن ئازراقلا ئاشقان بالا ئىدى. ئىمان ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە ئورۇنلاشتى، ئىسلام ئۇنىڭ پاك سۈزۈك قەلبىدە مۇنبەت تۇپراقنى تېپىپ ئۇنىڭ بۇلۇڭ- پۇشقاقلىرىغىچە سىڭىپ كىردى. ئۇ گەرچە يېشى كىچىك بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشتىن كېچىكىپ قالمايتتى.

ئانىسى ئۇنىڭ بەزىدە دادىسى بىلەن بەزىدە ئۆزى يالغۇز ھالدا مەسجىدكە بېرىپ- كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە چەكسىز سۆيۈنەتتى.



www.munber.org

ياش يىگىت ئۆمەيرنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇ تەرىقىدە تىنچ- خاتىرجەم ئۆتۈۋاتاتتى، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەيتتى. ئاللاھ، بالاغەتكە يېقىنلىشىپ قالغان بۇ يىگىتنى ئەڭ قاتتىق، رەھىمسىز بىر سىناققا ئۇچرىتىشنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دىمەتلىك ياشلارغا كەمدىن- كەم ئۇچرايدىغان بىر سىناق بىلەن سىناشنى خالىدى.

ھىجرىيەنىڭ 9-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتا رۇملۇقلار بىلەن جەڭ قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇ ئىشقا تەييارلىنىشقا بۇيرۇدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر جەڭ قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاشكارىلىمايتتى. لېكىن، تەبۇكتا ئۇنداق قىلمىدى. سەپەر يىراق، جاپا ئېغىر، دۈشمەن كۈچلۈك بولغاچقا كىشىلەر ئۆز ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ، تولۇق تەييارلىنىشى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئورۇشنى كىشىلەرگە ئاشكارىلىدى.

گەرچە ياز كىرىپ، تومۇز تازا كۈچەيگەن، مېۋىلەر مەي باغلىغان، قەلبلەر راھەت ئېلىش ۋە سۇسلۇق قىلىشقا مايىل بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ تەييارلىققا كىرىشىپ كېتىشتى.

لېكىن بىر ئۈچۈم مۇناپىقلار كىشىلەرنىڭ ئىرادىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، رىغبەتلىرىنى سۇسلاشتۇرۇشقا، قەلبلەردە گۇمان قوزغاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا سۆز چۆچەك تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇلار خۇسۇسىي سورۇنلاردا كۇفۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىشاتتى.

قوشۇن سەپەرگە ئاتلىنىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى ياش يىگىت ئۆمەير نامازدىن ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بۇيۇملىرى تەقدىم قىلىۋاتقان بىر سورۇننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىلىرىغا قويۇشقانلىقىنى، ئوسمان ئىبنى



www.munber.org



ئەففاننىڭ مىڭ دىنار ئالتۇن بار بىر ھەميانىنى ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەنلىكىنى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەفنىڭ ئىككى ئۇقىيە يۇز ئالتۇننى يۈدۈپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا تۆككەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۇرۇشقا قىلىچ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىدىكى يوتقان - كۆرپىلىرىنى بازارغا سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۆمەير بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەردىن تەسىرلەندى. ئۇ ئۆگەي دادىسى جۇلاسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەڭگە ھازىرلىنىشقا ئالدىرمايۋاتقانلىقىنى، باي تۇرۇقلۇقمۇ مال تەقدىم قىلمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ بۇنىڭغا ھەيران بولدى. ئۇ جۇلاسنىڭ كۆڭلىدە بۇ ياخشىلىققا قارىتا ئىلھام ۋە قىزغىنلىق قوزغىتىش ئۈچۈن كۆرگەنلىرىنى ۋە ئۆزىگە تېخىمۇ بەك تەسىر قىلغان تۆۋەندىكى ۋەقەلىكنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ۋەقە مۇنداق ئىدى.

بىرقانچە مۆمىنلەر ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇرۇشقا بېرىش ئۈمىدى بارلىقىنى ئېيتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئۇلىغى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلار جىھاد قىلىپ شېھىتلىككە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكلىرىدىن قايغۇرۇپ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلگەن ھالدا قايتىشقان ئىدى.

ئۆمەير ئاجايىپ تەسىرلىك بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئاز- تولا بايان قىلا- قىلمايلا جۇلاسنىڭ ئاغزىدىن ئۆمەير ئاڭلاشنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان:

— ئەگەر مۇھەممەد پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ داۋاسىدا راستچىل بولسىلا، بىز ئېشەكتىنمۇ بەتتەر كۈنگە قالغىدەكمىز،— دېگەن سۆز چىقتى.

ئۆمەير ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزگە ناھايىتى ھەيران قالدى. چۈنكى، ئۇ جۇلاستەك ياشتىكى ئەقلى ھوشى جايىدا بىر ئادەمنىڭ ئىماندىن چىقىرىپ كۇفرى دەرۋازىسىغا كىرگۈزىۋېتىدىغان بىر سۆزنى



www.munber.org

قىلىپ قىلىشنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىدى.

ياش يىگىت ئۆمەير ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ سۈكۈت قىلسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى يوشۇرسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى، مۇناپىقلار ھالاك بولۇشىنى قەستلەۋاتقان ئىسلام دىنىغا زىيان يېتىدىغانلىقىنى، ناۋادا جۇلاسنىڭ بۇ سۆزىنى يوشۇرماي ئاشكارىلىۋەتسە ئۆزىنى كۆز قارچۇغىسىدەك بېقىپ چوڭ قىلىۋاتقان بۇ ئادەمگە نانكورلۇق قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. جۇلاس ئۆمەيرنى يېتىملىك ھالىتىدە قوينىغا ئېلىپ، يوقسۇللۇق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان ئىدى. ئۇ قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن بىر قارارغا كەلدى-دە، ئاخىردا جۇلاسقا قاراپ:

— ئى جۇلاس! سەن مەن ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا ئەڭ سۆيۈملۈكىسەن. سەن ماڭا ئەڭ كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، سەن مېنىڭ يېقىن كىشىم، سەن شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىڭكى، ناۋادا مەن بۇ سۆزنى ئاشكارىلىۋەتسەم، سېنى رەسۋا قىلغان بولىمەن. ئەگەر ئۇنى يوشۇرسام ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولۇپ، ئۆزۈمنى ۋە دىنىمنى تۈگەشتۈرىمەن، شۇڭا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۆزۈڭنى ئۇنىڭغا دېيىش نىيىتىگە كەلدىم. سەن بۇنىڭدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ قالغىن، — دېدى-دە، مەسجىدكە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جۇلاسنىڭ دېگەن سۆزىنى دەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەيرنى يېنىدا ئېلىپ قېلىپ جۇلاسنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

جۇلاس كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— ئى جۇلاس، مەن سېنىڭ دېگەنلىكىڭنى ئۆمەيردىن ئاڭلىغان بۇ سۆزگە نېمە دەيسەن؟— دەپ ئۆمەير خەۋەر بەرگەن ھېلىقى سۆزنى ئۇنىڭغا قايتا ئەسكەرتىپ قويدى.

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ماڭا بوھتان چاپلاپتۇ، تۆھمەت





قىلىپتۇ، مەن بۇ سۆزلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئېغىزىمدىن چىقارمىدىم، — دېدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر كۆزلىرىنى بىردەم ئۆمەيرگە بىردەم جۇلاسقا تىكىشكە باشلىدى. ئۇلار زادى كىمنىڭ راست گەپ قىلغانلىقىنى ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن بىلمەكچى بولغاندەك قىلىشاتتى. ئۇلار پىچىرلىششقا باشلىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە دىلىدا مۇناپىقلىقلىرى بار كىشىلەردىن بىرى: ‹ئۇ بالا ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان تۇزكور بالا ئىكەن› دېسە باشقا مۇسۇلمانلار ‹بۇ بالا ئاللاھقا بويسۇنۇش ئەقىدىسىدە چوڭ بولغان بالا ئىكەن، ئۇنىڭ چىرايىدىن راستچىللىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ› دېيىشەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەيرگە قارىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ مەيدىسىگە چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ:

— ئى ئاللاھ، مەن خەۋەر قىلغان بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا بىر پاكىت چۈشۈرسەڭ!... ئى ئاللاھ، مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن خەۋىرىمنىڭ راستلىقىغا پاكىت چۈشۈرسەڭ... — دەپ تەكرار - تەكرار ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا جۇلاس ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆز سۆزۈمنىڭ راستلىقى ھەققىدە ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي! ئۆمەيرنىڭ ساڭا دېگەن سۆزىنى دېمىگەنلىكىمگە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن! — دېدى.

ئۇ قەسەم قىلىپ بولۇشىغىلا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى، ئۆمەيرگە تىكىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جىمجىتلىق باستى. ساھابىلەر ۋەھيي چۈشىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى ۋە سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇلارنىڭ نەزىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باغلىنىپ قالغان ئىدى.

جۇلاسنى قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك باستى، ئۆمەيرنىڭ چىرايىدا ئۈمىدۋارلىق ۋە تەلپۈنۈش ئالامەتلىرى جىلۋە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا ئاللاھ بىلەن قەسەم



www.munber.org

قىلدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزنى ئېيتتى﴿[1]

جۇلاس بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى، قورقۇنچتىن ئۇنىڭ تىللىرى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن تەۋبە قىلاي! مەن تەۋبە قىلاي! مەن تەۋبە قىلاي! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆمەير راست ئېيتتى، مەن يالغانچى بولدۇم، ئاللاھتىن مېنىڭ تەۋبەمنىڭ قوبۇل بولۇشىنى تىلەپ بەرسەڭ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ساڭا جېنىم پىدا بولسۇن! — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەيرگە قارىدى. خۇشاللىق ياشلىرى ئۇنىڭ ئىمان نۇرىدا نۇرلانغان يۈز- كۆزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا سوزۇپ تۇرۇپ:

— ئى بالا! بۇ قۇلىقىڭ ئاڭلىغان نەرسىگە ۋاپا قىلدى، سەن پەرۋەردىگارىڭغا سەممىي بولدۇڭ،— دەپ قۇلىقىنى تۇتۇپ قويدى.

جۇلاس ئىسلامغا يەنە بىر قېتىم قايتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامى بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇپ كەتتى. ساھابىلەر جۇلاسنىڭ ئۆمەيرگە قىلغان ياخشىلىقىدىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تۈزەلگەنلىكىنى بىلىشتى. ھەر قېتىم ئۆمەير تىلغا ئېلىنسا جۇلاس:

— ئاللاھ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۆمەيرگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن. ئۇ مېنى كۇپۇرلۇقتىن قۇتقۇزدى. دوزاختىن ئازاد قىلدى، — دەيتتى.

بۇ تېخى ئۆمەيرنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئەڭ جۇلالىق كۆرۈنۈشلەر ئەمەس. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەردىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئۈچرىشايلى.

[1] سۈرە تەۋبە 74 ـ ئايەت



www.munber.org



## مەجزە ئىبنى سەۋرۇس سەدۇسى

مەجزە، قەيسەر ئادەم، ئۇ يەككمۇيەك ئۇرۇشۇپ يۈز مۇشرىكنى ئۆلتۈردى. ئۇنداقتا ئۇنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلتۈرگەنلىرىنىڭ سانىنى قانداق بىلەلەيسىز؟

— تارىخشۇناسلاردىن

ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ ـ ئۇستى بېشىدا قادىسيە جېڭىنىڭ توپا چاڭلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلار ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نۇسرەتتىن خۇرسەن بولغان، جەڭدە شېھىت بولغان مۇجاھىد قېرىنداشلىرىغا بېرىلىدىغان ئەجىرگە ئىشتىياق باغلىغان ھالدا، چوڭ ۋە قاتتىقلىقىدا قادىسىيە جېڭىدىن قېلىشمايدىغان بولغۇسى جەڭ، يەنى كىسرانىڭ تەختىنى كۆككە سورۇيدىغان جەڭگە ھازىرلىنىپ خەلىپە ئۆمەرنىڭ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

ياخشىلارنىڭ كۈتۈشى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خەلىپە ئۆمەرنىڭ ئەلچىسى مەدىنىدىن كۇفىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدا خەلىپە ئۆمەرنىڭ كۇفىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋالىيسى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىگە يازغان، «ھورمۇزان» نى قوغلاپ تۇتۇش ۋە ئۇنى يوقىتىش، كىسرا تاجىسىنىڭ گۆھىرى، پارس دىيارىنىڭ مەرۋايىتى بولغان «تۇستەر» شەھىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمان قوشۇنىنى تەشكىللەپ، بۇسرادىن كېلىدىغان مۇسۇلمان قوشۇنى بىلەن ئۇچۇرۇشۇش، ھەممە ئۇلار بىلەن بىرگە ئەھۋازغا مېڭىش توغرىسىدا يوللىغان بۇيرۇق خېتى بار ئىدى. بۇ خەتتە يەنە ئەبۇ مۇسانىڭ بەكرى قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى، ھەم بويسۇنغان باشلىقى باتۇر چەۋەنداز مەجزەتۇ ئىبنى سەۋرس سەدۇسىنى بىرگە ئېلىۋېلىشنى تاپىلىغان مەزمۇن بار ئىدى.



www.munber.org

ئەبۇ مۇسا بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇن تەييارلاپ مەجزە سول تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بوسىرادىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، بىرلىكتە نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

ئۇلار شەھەرلەرنى فەتھى قىلىپ، ئىستىھكاملارنى ئىگىلەشكە باشلىدى. ھورمىزان ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قېچىپ توستەر شەھىرىگە كىرىۋېلىپ ئۇ يەردە ئۆزىنى مۇداپىئە ئاستىغا ئالدى.

بۇ يەر، يەنى توستەر پارس شەھەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ گۈزەل، ھاۋاسى ئەڭ ئىللىق، مۇداپىئە ئىستىھكامى ئەڭ كۈچلۈك شەھەر ئىدى. بۇ شەھەر تارىختىكى مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئېگىز بىر تۆپىلىككە ئات شەكلىدە سېلىنغان ئىدى. بۇ شەھەر دىجلە دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تەمىنلىنەتتى. شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە دەريا سۈيىنى يەر ئاستى يولى بىلەن شەھەرگە ئېقىتىپ كىرگۈزىدىغان تونىللىرىنىڭ ئېغىزى بار ئىدى. بۇ تونىللار ناھايىتى پۇختا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، پولات تۈۋرۈكلىرى قۇيۇلغان قوغۇشۇن بىلەن قاتۇرۇلغان ئىدى. شەھەرنىڭ ئەتراپىنى بولسا مۇستەھكەم سېپىللار قورشاپ تۇراتتى. تارىخشۇناسلار ئۇنى يەر يۈزىدىكى ئەڭ بۇرۇن بىنا قىلىنغان، شۇنداقلا ئەڭ زور سېپىل، دەپ قارايدۇ.

ھورمۇزۇن بۇ يەردىن ئۆتكۈچىلەرنى توسۇش ئۈچۈن سېپىل ئەتراپىغا چوڭ خەندەك كولاتتى. سېپىل ئارقىسىغا بولسا پارس قوشۇنىدىن خىللانغان ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزدى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى خەندەكتىن بۆسۈپ ئۆتەلمەي 18 ئاي تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇلار بىلەن سەككىز قېتىم جەڭ قىلدى. ھەر بىر قېتىملىق جەڭ ئاۋۋال ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى يەكمۇ- يەك تۇتۇشۇش بىلەن باشلىنىپ، ئاخىر ئومۇمىي بولغان شىددەتلىك جەڭگە ئايلىناتتى.

مەجزەئە يەكمۇ- يەك ئېلىشىشلاردا ئەقىللەرنى لال قىلغۇدەك، دۈشمەننى ساراسىمىگە سېلىۋەتكىدەك دەرىجىدە قەھرىمانلارچە ئېلىشتى. ھەم بۇ يەكمۇ -يەك ئېلىشىشتىلا دۈشمەن ئاتلىق قوشۇنىدىن يۈز باتۇرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ نامى پارس قوشۇنى ئىچىدە قورقۇنچ، مۇسۇلمان



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

قوشۇنلىرى ئىچىدە پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ئىسىمغا ئايلاندى. مانا مۇشۇ چاغدا مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئۆمەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئېلىۋېلىشقا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ئەينى ۋاقىتتا چۈشەنمىگەنلەر چۈشەندى.

سەككىزىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار قوشۇنى پارس قوشۇنى ئۈستىگە شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پارس قوشۇنى تەڭ كېلەلمەي خەندەك ئۈستىدىكى كۆۋرۈكنى تاشلاپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ بېكىنىۋالدى.

زور چىدامچانلىقلاردىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى يامانلاشقىلى تۇردى. پارس قوشۇنلىرى ئۇلارغا سېپىل ئۈستىدىن يامغۇردەك ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ھەر بىر زەنجىرنىڭ ئۇچىدا، قاتتىق قىزىتىلغانلىقتىن ئوت يالقۇنجاپ تۇرغان قارماقلار بار ئىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن بىرەرسى سېپىلغا چىقماقچى ياكى يېقىنلاشماقچى بولسا، دۈشمەنلەر ئۇلارنى قارماقلىرىغا ئىلىپ تارتاتتى، نەتىجىدە ئۇ كىشىنىڭ جەستى كۆيۈپ، گۆشلىرى كاۋاپ بولۇپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇراتتى.

مۇسۇلمانلارغا قىيىنچىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىشنى ئاللاھتىن تىلەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

ئەبۇ مۇسا توستەر سېپىلى ئىچىگە كىرىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، سېپىل توغرىسىدا خىيال قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا سېپىل ئۈستىدىن ئېتىلغان بىر تال ئوق ئۇچۇپ چۈشتى. ئوق ئۇچىدا بىر پارچە خەت بار بولۇپ ئۇنىڭدا: «ئى مۇسۇلمانلار! مەن سىلەرگە ئىشەندىم. مەن جېنىم، مېلىم، ئائىلەم ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە سىلەردىن ئەمىنلىك سورايمەن، مەن سىلەرگە شەھەرگە كىرگىلى بولىدىغان ئېغىزنى كۆرسىتەي» دەپ يېزىلغانكەن.

ئەبۇ مۇسا خەت ئىگىسىگە دەرھال ئامانلىق بېرىپ جاۋاب خەت يازدى.

(ئوق بىلەن ئاتتى)



www.munber.org

ھېلىقى ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاپادارلىقى، سەممىيىتىنى بىلگەچكە، مۇسۇلمانلارغا ئىشەندى ۋە كېچىدە يوشۇرۇن چىقىپ، ئەبۇ مۇساغا ئۆز ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى سۆزلەپ:

— بىز رەھبەرلەردىن ئىدۇق، ھۇرمۇزان ئاكامنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى، ئائىلىسىنى بۇلاپ كەتتى. ماڭا ئۆچمەنلىك ساقلاۋاتىدۇ، مەن ئۆزۈم ئائىلەمدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان بولۇپ قالدىم، مەن ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا، سىلەرنىڭ ۋاپادارلىقىڭلارنى تاللىدىم. ھەم سىلەرگە شەھەرگە كىرگىلى بولىدىغان يوشۇرۇن ئېغىزنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم، — دېدى.

ماڭا قەيسەر، ئەقىللىق بىر كىشىنى بەرگىن، مېنىڭ يول باشلىشىم ئۈچۈن، ئۇ سۇ ئۈزەلەيدىغان بولسۇن.

ئەبۇ مۇسا، مەجزەئەنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇنىڭغا:

— ماڭا ئەقىللىق، ئىرادىلىك، سۇ ئۈزەلەيدىغان بىر ئادىمىڭ بىلەن ياردەم قىل، — دېدى.

— ئى باشلىق! مانا مەن بار، مېنى ئىشلەتكىن، — دېدى مەجزەئە.

— ئەگەر خالىساڭلا ئاللاھ بەرىكەت بەرسۇن، — دېدى ئەبۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭغا بارغان يولنى ئېسىدە چىڭ ساقلاش، بىرەر ۋەقە پەيدا قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. مەجزەئە پارسلىق يول باشلىغۇچى بىلەن قاراڭغۇدا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كىشى ئۇنى دەريا بىلەن شەھەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يەر ئاستى تونىلىغا ئەكىردى.

تونىل بەزىدە كېڭىيىپ، چوڭقۇرلىشىپ، ئادەم ئۆرە تۇرسىمۇ چۆكۈپ تۇرسىمۇ بولىدىغاندەك قىلغان بىلەن يەنە بەزىدە تارىيىپ كىشىنى سۇ ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلاتتى، بەزىدە ئەگىپ ماڭسا، يەنە بەزىدە تۈز ماڭاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەھەرگە چىقىدىغان ئېغىزغا يەتتى، ئۇ كىشى مەجزەئەگە ھۇرمۇزاننىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قويدى.

مەجزەئە ھۇرمۇزاننى كۆرۈپ، بىر ئوق بىلەن ئۆجۇقتۇرۇش نىيىتىگە



www.munber.org



كەلدى ـ يۇ، لېكىن ئەبۇ موسانىڭ نەسىھىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۇ تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى كەلگەن يېرىگە قايتىپ كەتتى.

ئەبۇ مۇسا مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن، باتۇر، چىداملىق، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئادەملەردىن 300 نى تاللاپ، مەجزەئەنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ كۆپلىگەن نەسىھەتلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويدى ۋە تەكبىرنى مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرگە بېسىپ كىرىشىنىڭ بەلگىسى قىلدى.

مەجزەئە قول ئاستىدىكى بۇ ئادەملەرنى سۇ ئۈزۈشتە يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگىل كىيىشكە، قىلىچتىن باشقا قورال ئالماسلىققا بۇيرۇپ ئەل ياتقۇ بىلەن يولغا چىقتى.

مەجزەئە ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى خەتەرلىك تونىلدا ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئېلىشىش بىلەن يول يۈردى. بەزىدە تونىل ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ كەلسە بەزىدە ئۇلار تونىل ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. ئۇلار شەھەر ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە مەجزەئە ئۆز ئادەملىرىدىن 220 ئادەمنى تونىلدا يوقىتىپ كېتىپ، ئارانلا 80 ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى بىلدى.

مەجزەئە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئايىغى شەھەر زېمىنىغا تېگىشى ھامانلا ئۇلار قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، سېپىل دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن دەرۋازىنى تەكبىر ئېيتقان ھالدا ئاچتى. ئۇلارنىڭ تەكبىرى سىرتتىكىلەرنىڭ تەكبىرى بىلەن بىرلەشتى. مۇسۇلمانلار بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى بىلەن شەھەرگە بۆسۈپ كىردى.

ئۇلار بىلەن دۈشمەنلەر ئارىسىدا شۇنچىلىك قاتتىق جەڭ بولدىكى، جەڭ تارىخشۇناسلىرى: شىددىتى ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى جەھەتتىن تارىختا بۇنداق جەڭ بولمىغان دەپ باھا بېرىشكەن. شىددەتلىك جەڭ بولۇۋاتقاندا مەجزەئە ھورمۇزاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. بىراق تۇيۇقسىزلا جەڭ قاينىمى ھورمۇزاننى يۇتۇپ كەتتى ـ دە، بىرئاز ئۆتۈپ يەنە پەيدا بولدى. ئىككىيلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۇلار بىر بىرىگە قارىتىپ قىلىچ ئۇرغان ئىدى، مەجزەئەنىڭ قىلىچى قېيىپ كېتىپ ھورمۇزاننىڭ



www.munber.org

قىلىچى مەجزەئەنىڭ ئۇستىگە چۈشتى.

باتۇر، قەيسەر مەجزەئە جەڭ مەيدانىدا يىقىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دىلى ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان بۇ غەلىبىسى بىلەن خۇرسەن ھالدا كۆز يۇمدى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى باتۇرلۇق بىلەن جەڭنى داۋام قىلىپ، ئاخىرى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ھورمۇزاننى ئەسىرگە ئالدى.

مەدىنىدىكى خەلىپە ئۆمەرگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئادەملەر ماڭدى. ئۇلار خەلىپىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ھورمۇزاننىڭ بېشىغا ئۈنچە مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن تاجى، ئۇچىسىغا ئالتۇن يىپلار بىلەن توقۇلغان ئىپەك تون كىيىلگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا سېلىنىپ ئېلىپ مېڭىلدى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن مەجزەئەگە بىلدۈرۈلگەن چوڭقۇر تەزىيە خەۋىرىنىمۇ ئېلىپ ماڭغان ئىدى.





## ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھل

ئىكرىمە سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا مۆمىن مۇھاجىر ھالىتىدە كېلىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىللىماڭلار، ئۆلۈكنى تىللاش ھايات ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۆلۈككە يەتمەيدۇ.

ـــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ـــ مۇھاجىر يولۇچىنى قارشى ئالىمىز!

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىكرىمەگە قىلغان سالىمى. ئۇ قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى، ئەڭ باي، نەسەبى ئېسىل كىشىسى ئىدى.

ئەگەر ئاتىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولمىغان بولسا مەككىدىكى مەرتىۋىلىك ئائىلە پەرزەنتلىرىدىن سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاس، مۇسئەب ئىبنى ئۆمەير ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ تەڭتۇشلىرى ئىسلام كەلتۈرگىنىدەك، ئۇنىڭمۇ ياش چاغلىرىدا ئىسلام كەلتۈرۈشى ئېنىق ئىدى.

ئۇنداقتا، بۇ ئاتا زادى كىم؟!

ئۇ مەككىنىڭ چوڭ زومىگىرى، مۇشرىكلارنىڭ بىرىنچى قول كاتتىۋېشى، ئاللاھ ئۇنىڭ جازالىشى بىلەن، مۆمىنلەرنىڭ راستچىللىقىنى سىنىغان، ئازاب ئىگىسى ئىدى. مۆمىنلەر ئازاب ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئىمانىدا راستچىل بولغان ئىدى.

مانا بۇ ئاتا ئەبۇجەھل، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك...

بۇ ئۇنىڭ ئاتىسى، ئەمما مەخزۇم قەبىلىسىدىن بولغان ئىكرىمە ئىبنى



www.munber.org

ئەبۇجەھل قۇرەيشلەرنىڭ ساناقلىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر باتۇر، چەۋەندازلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئىكرىمە ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ باشلىقلىق سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن دۈشمەنلىشىشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قاتتىق دۈشمەنلەشتى. ساھابىلارغا چەكسىز ئەزىيەت يەتكۈزدى، مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلامغا، ئاتىسىنى خۇرسەن قىلغۇدەك ئازابلارنى سالدى.

بەدىر كۈنىسى ئاتىسى مۇشرىكلارغا قوماندانلىق قىلغاندا مۇھەممەدنى قورقاتمىغۇچە مەككىگە قايتماسلىققا، لات، ئۇززا بىلەن قەسەم قىلدى، بەدىردە تۆگىلەرنى بوغۇزلاش، ھاراق ئىچىش، چالغۇ ـ ئەسۋابلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت، ئۈچ ئىشنى ئورۇنلاشتۇردى...

ئەبۇجەھل جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقاندا ئىكرىمە ئاتىسىنىڭ تايىنىدىغان يان تايىقى، ئۇ ئارقىلىق باشقىلارنى جازالايدىغان قولى بولدى.

لېكىن لات، ئۇززا ئەبۇجەھلنىڭ نىداسىنى ئاڭلىمىدى. چۈنكى، ئۇلار گاس ئىدى. ئۇنىڭغا جەڭدىمۇ ياردەم قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ياردەم بېرىشتىن ئاجىز ئىدى...

ئەبۇجەھل بەدىر جېڭى قىلماستىن يىقىلدى. ئوغلى ئىكرىمە ئۆز كۆزى بىلەن ئۇنىڭ قېنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچى ئارقىلىق ئاققىنىنى كۆردى. ئاتىسىنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن چىققان ئاخىرقى خىقىراشلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى.

ئىكرىمە ئاتىسىنى بەدىردە قالدۇرۇپ قايتتى، مەغلۇبىيەت ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشتىن ئاجىز قىلغان، قېچىش ھەلەكچىلىكى ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى مۇسۇلمانلارغا قالدۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئەبۇ جەھلنىڭ جەسىتىنى نەچچە ئون قۇرەيشلىكلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن بىرگە قەلىب قۇدۇقىغا تاشلاپ، قۇم بىلەن تىندۇرۇۋەتتى.



www.munber.org



شۇ كۈندىن باشلاپ ئىكرىمە ئىسلام بىلەن باشقىچە قارشىلىشىشقا ئۆتتى، ئۇ بۇرۇن ئاتىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئىسلام بىلەن دۈشمەنلەشكەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلىشىدىغان بولدى.

مۇشۇ سەۋەبتىن ئىكرىمە ۋە بەدىردە ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئۆلتۈرۈلگەن بىر قانچە كىشىنىڭ ( مۇشرىكلارنىڭ) قەلبىدە مۇھەممەدكە نىسبەتەن ئاداۋەت قوزغاشقا، قۇرەيشلەرنىڭ قىساسكارلىرىنىڭ قەلبىگە قىساس ئوتىنى يېقىشقا باشلىدى. ئاخىرى ئوھۇد جېڭى بولدى.

ئىكرىمە ئوھۇدقا چىقتى. شۇنداقلا جەڭگە قىزىقتۇرۇش، ئاتلىقلار قاچماقچى بولسا، مۇستەھكەم قىلىشقا ئايالى ئۇمۇمۇھەكىمنى بىر قانچە قىساسكار ئايالالار بىلەن سەپ ئارقىسىدا تۇرۇپ داپلارنى چېلىشقا ئېلىپ چىقتى.

قۇرەيشلەر ئاتلىقلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خالىد ئىبنى ۋەلىدنى سول تەرىپىدە ئىكرىمەنى تۇرغۇزدى، بۇ ئىككى مۇشرىك چەۋەنداز بۇ كۈندە قاتتىق قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، قۇرەيشلىكلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىغا بولغان ھۇجۇمىنى كۈچەيتىپ، مۇشرىكلار ئۈچۈن زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەردى، ھەتتا ئەبۇسۇفيان: «بۇ بەدىر كۈنىنىڭ ئورنىغا!...» دەپ كەتتى.

خەندەك كۈنى مۇشرىكلار مەدىنىنى ئۇزۇن ۋاقىت مۇھاسىرىگە ئالدى، ئىكرىمەنىڭ سەۋرى- تاقىتى تۈگەپ مۇھاسىر قىلىۋېرىشكە چىدىيالمىدى. ئۇ خەندەكنىڭ تار يېرىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر قانچە تەۋەككۈلچىلارمۇ ئۆتتى، بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەمرى ئىبنى ئابدىلۇۋۇد ئامرى باردى... ئىكرىمە شۇنداق قىلىپ قېچىپ قۇتۇلدى.

فەتھى كۈنى قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مەككە يولىنى بىكارلاپ بېرىش قارارىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قارار چىقىرىشىغا پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىرىنى مەككىلىكلەردىن ئۆزلىرىگە قارشى چىقمىغانلار بىلەن ئۇرۇشماسلىققا بۇيرۇغانلىقىنى بىلگەنلىكى سەۋەب بولغان ئىدى.

لېكىن ئىكرىمە ۋە بىر قانچە كىشى بىرلىشىپ، چوڭ قوشۇننىڭ ئالدىنى توستى، خالىد ئىبنى ۋەلىد كىچىك جەڭدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، ئۇلاردىن قارشىلاشقىنى ئۆلدى، قاچقانلىرى قېچىپ قۇتۇلدى، قاچقۇنلار قاتارىدا ئىكرىمەمۇ بار ئىدى.

ئىكرىمەنىڭ بېشى قاتتىق ۋە پۇشايمان قىلدى...

مەككە مۇسۇلمانلارغا بويسۇنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تار كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بورۇن ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى ئەپۇ قىلدى...

لېكىن بىر قانچە كىشى بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ، گەرچە كەئبىنىڭ پەردىسى ئاستىدىن تېپىلسىمۇ، ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى، بۇ بىر قانچە كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ بېشىدا ئىكرىمەمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ يوشۇرۇن ھالدا مەككىدىن چىقىپ يەمەنگە يول ئالدى. چۈنكى، ئۇ يەردىن باشقا ئۇنىڭ پاناھلىنىدىغان يېرى قالمىغان ئىدى.

بۇ چاغدا ئىكرىمەنىڭ ئايالى ئۇممۇھەكىم، ئۇتبەنىڭ قىزى ھىندى ۋە ئون ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىككى ئايالى ۋە قىزى پاتىمە، ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىدىن بىر قانچە ئايال بار ئىدى، ھىندى يۈزىنى يۆگىگەن ھالدا سۆزلىدى:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۆزى ئۈچۈن تاللىغان دىننى ئاشكارا قىلغان ئاللاھ تائالاغا مەدھىيىلەر بولسۇن! مەن سەندىن ماڭا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشۇڭنى سورايمەن، مەن ئىمان ئېيتقۇچى، راستچىل ئايال، — دەپ يۈزىنى ئېچىپ، — مەن ئۇتبەنىڭ قىزى ھىندى، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سىزنى قارشى ئالىمىز، — دېدى.





— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! يەر يۈزىدە مەن خار بولۇشىنى سېنىڭ ئۆيۈڭدەك ئارزۇ قىلىدىغان ئۆي يوق ئىدى، ئەمدىلىكتە زېمىندا سېنىڭ ئۆيۈڭدەك ئۇلۇغ بولۇشىنى تىلەيدىغان ئۆي يوق بولۇپ قالدى!

— تېخىمۇ زىيادە بولسۇن، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ئاندىن ئىكرىمەنىڭ ئايالى ئۇممۇھەكىم ئىسلام كەلتۈردى ۋە:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىكرىمە سېنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭدىن ئەنسىرەپ، يەمەنگە قاچتى، سەن ئۇنىڭغا ئەمىنلىك بەرسەڭ، ئاللاھ سېنىمۇ ئەمىن قىلسۇن! — دېدى.

— ئۇ ئەمىنلىككە ئېرىشكۈچىدۇر.

— ئۇممۇھەكىم شۇ چاغدىلا ئېرى ئىكرىمەنى ئىزدەپ ماڭدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە رۇملۇق بىر خىزمەتكارى بار ئىدى، ئۇ ئىككىيلەن يولدا كېتىۋاتقاندا، خىزمەتكار ئۇنى ئۆزىگە تەلەپ قىلدى، ئۇممۇھەكىم ئۇنى ئۇمىدلەندۈرۈپ ۋاقىتنى ئۇزارتىشقا باشلىدى، تاكى ئەرەبلەرنىڭ بىر كەنتىگە كېلىپ، ئۇ ئەرەبلەردىن ياردەم سورىدى، كىشىلەر بۇ نىيىتى بۇزۇق خىزمەتكارنى باغلاپ، ئۆز يانلىرىدا ئېلىپ قالدى.

ئۇممۇھەكىم يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىكرىمەنى تىھامەدىكى دېڭىز بويىدىن تاپتى، ئۇ بىر مۇسۇلمان كېمىچى بىلەن ئۆزىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان ئىكەن:

— سېنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشۇم ئۈچۈن پاكلان! — دېدى ئۇ كېمىچى.

— قانداق پاكلىنىمەن؟ — سورىدى ئۇ.

— بىر ئىلاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، — دەپ گۇۋاھلىق بېرىسەن.

— مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا قاچقان ئىدىم.

— بۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇممۇھەكىم ئىكرىمەنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى تاغامنىڭ ئوغلى! مەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى،



www.munber.org

ياخشىسى، ئىبنىنىڭ يەنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ قېشىدىن كەلدىم... ۋە ئۇنىڭدىن ساڭا ئەمىنلىك تەلەپ قىلدىم، ئەمىنلىك بەردى، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلما، — دېدى.

— سەن ئۇنىڭغا گەپ قىلدىڭمۇ؟

— شۇنداق، ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم، ئۇ ساڭا ئەمىنلىك بەردى، — دەپ ئىكرىمەنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قايتتى.

ئۇممۇھەكىم ئۇنىڭغا رۇملۇق خىزمەتكارنىڭ ئەسكىلىكىنى ئېيتتى، ئىكرىمە خىزمەتكارى بار جايدىن ئۆتكەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۇلار كېتىۋېتىپ، بىر جايغا كەلگەندە، ئىكرىمە ئايالىغا خالىي بولۇش تەلىپىنى قويدى. لېكىن ئۇممۇھەكىم قاتتىق قارشىلىق تەلەپپۇزىدا:

— ياق، مەن مۇسۇلمان، سەن مۇشرىك، — دېدى

— سەن بىلەن مېنىڭ خالىي بولۇشۇمغا توسالغۇ بولىدىغان نەرسە نېمىدېگەن چوڭ؟! — دېدى ئىكرىمە.

ئىكرىمە مەككىگە يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا:

— ئىكرىمە سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا مۆمىن مۇھاجىر بولۇپ كېلىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىللىماڭلار، ئۆلۈكنى تىللاش، ھايات ئادەمگە ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. ئۆلۈككە يېتىپ بارالمايدۇ، — دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىكرىمە ئايالى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان جايغا يېتىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپلا، رىداسىنىمۇ كىيمەستىنلا خۇشاللىقىدا ئۇنىڭ قېشىغا باردى... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغاندا، ئىكرىمە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ:

— ئى مۇھەممەد! ئۇممۇھەكىم سېنىڭ ماڭا ئەمىنلىك بەرگىنىڭنى خەۋەر قىلدى، — دېدى.

— راست ئېيتىپتۇ، سەن ئەمىنلىككە ئېرىشتىڭ، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

— مېنى نېمىگە چاقىرىسەن؟

— بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىشكە، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، چاقىرىمەن، — دەپ، ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگەتتى، ئىكرىمە:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن پەقەتلا ھەققە چاقىرىدىكەنسەن، ياخشىلىققا بۇيرۇيدىكەنسەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن دەۋەتكە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەڭ راستچىل، ياخشى ئادەم ئىدىڭ، — دەپ قولىنى ئاچتى ۋە:

— ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، سېنىڭ شۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەن ماڭا مەن دەيدىغان ياخشى سۆزنى ئۆگىتىپ قويساڭ، — دېدى.

— بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى، دېگىن، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئاللاھ ۋە بۇ يەردىكى بارلىق كىشىلەرنى مېنىڭ ئىسلام كەلتۈرگۈچى، مۇجاھىد، مۇھاجىر ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق قىلىمەن، دېگىن، — دېدى. ئىكرىمە شۇنداق دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— مەن بۈگۈن ساڭا بەرگىلى بولىدىغان قانداقلا نەرسە سورىساڭ بېرىمەن، — دېدى.

— مەن سېنىڭدىن، ئىلگىرى ساڭا قىلغان بارلىق دۈشمەنلىكلىرىمنى، سەن بىلەن ئۇرۇشقان ئورۇنلارنى ۋە سەن بار ياكى يوق يېرىڭدە سەن توغرىلىق ئېيتقان بارلىق يامان سۆزلىرىمنى كەچۈرۈشىڭنى سورايمەن.

— ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بارلىق ئاداۋىتىنى، سېنىڭ نۇرۇڭنى

www.munber.org

ئۆچۈرمەكچى بولۇپ، ماڭغان ھەر بىر ئورۇننى، مېنىڭ بار ياكى يوق يەرلىرىمدە، قىلغان مېنىڭ ئابرۇيۇمغا مۇخالىپ سۆزلىرىنى كەچۈرۈم قىلغىن،...— دېدى.

ئىكرىمەنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ يولىدىن توساش ئۈچۈن قىلغان، نەپىقە قىلغان نەرسىلەرنى ئەمدى ھەسسىلەپ ئاللاھنىڭ يولىغا چىقىم قىلىمەن، ئاللاھ يولىدىن توسۇشقا قىلغان جەڭلىرىمنى، ئەمدى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەسسىلەپ قىلىمەن، — دېدى.

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، دەۋەت سېپىغا جەڭ قىلغۇچى باتۇر بىر چەۋەنداز، مەسجىدتە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، كېچىسى تۇرىدىغان نامازخانلارغا قوشۇلدى، ئۇ قۇرئاننى پېشانىسىدە قويۇپ تۇرۇپ:

— پەرۋەردىگارىمنىڭ كىتابى... پەردىگارىمنىڭ سۆزى... — دەپ ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ يىغلاپ كېتەتتى.

— ئىكرىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەدىسىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىدى، ئىسلام كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار قىلغان ھەر قانداق جەڭلەرگە قاتناشتى، ھەر ئىشتا ئالدىدا ماڭدى.

يەرمۇك ئۇرۇشىدا ئىكرىمە خۇددى قىزىق كۈندە، ئۇسسۇز ئادەم سوغۇق سۇغا تەشنا بولغاندەك تەشنالىقتا جەڭگە كىردى.

بەزى جايلاردا مۇسۇلمانلارغا قىيىنچىلىق كۆچەيگەندە ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، قىلىچىنىڭ غىلاپىنى سۇندۇرۇۋەتتى، رۇملۇقلار سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئالدىراپ كېلىپ:

— ئى ئىكرىمە! ئۇنداق قىلما، سېنىڭ ۋاپات بولۇشۇڭ مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كېلىدۇ، — دېدى.

— ئى خالىد! مېنى قويىۋەت، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن



www.munber.org



خېلى ئىلگىرىدىنلا بىرگە، ئەمما دادام بىلەن ئىككىمىز بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق قارشىلارشىقانلار، مېنى قويىۋەت، مەن ئىلگىرى قىلغانلىرىمنى يۇيىمەن، مەن پەيغەمبەرگە قارشى نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلدىم، ئەمدىلىكتە رۇملۇقلاردىن قاچىمەنمۇ؟! مەڭگۈ بۇنداق بولمايدۇ، — دېدى. ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ، — كىم ئۆلۈمگە بەيئەت قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

400 مۇسۇلمان ئىچىدە ئۇنىڭ تاغىسى ھارىس ئىبنى ھىشام، زىرار ئىبنى ئەزۋەر قاتارلىقلار ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. خالىدنىڭ قارارگاھىنىڭ يېنىدا قاتتىق جەڭ قىلدى.

يەرمۇك ئۇرۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقاندا، ئۇلاردىن ئۈچ جەڭچى، يەرمۇك زېمىنىدا قاتتىق يارىلانغان ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇلار ھارىس ئىبنى ھىشام، ئەيياش ئىبنى ئەبۇرەبىئە ۋە ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھل ئىدى. ھارىس ئىچىشكە سۇ تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭغا سۇ كەلتۈرۈلگەندە، ئىكرىمە سۇغا قارىدى، ھارىس:

— ئىكرىمەنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار، — دېدى.

سۇنى ئۇنىڭغا ئەكەلگەندە ئەيياش قارىدى، ئىكرىمە ئىچمەستىن:

— ئۇنىڭغا ئاپىرىڭلار! — دېدى.

ئۇلار ئەيياشنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇ نەپەستىن توختىغان ئىكەن...

ئۇلار ئۇنىڭ ئىككى دوستىنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇلارمۇ ۋاپات بولغان ئىكەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!...

ئۇلارنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇسسىمايدىغان ھەۋزى كەۋسەر بىلەن سۇغارسۇن!...

ئۇلارغا مەڭگۈ يايرايدىغان پىردەۋس باغچىسىنى تەقدىم قىلسۇن!...

ئامىن!!!



www.munber.org

## ئەدىي ئىبنى ھاتەم ئەتتائىي

ئۇلار كاپىر بولسا سەن ئىمان ئېيتتىڭ، باشقىلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلسا، سەن ئېتىراپ قىلدىڭ، ئۇلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىسا سەن ۋاپا قىلدىڭ، ئۇلار ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ كەينىنى قىلسا سەن ئۇنىڭغا يۈزلەندىڭ.

— ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

بىر مەزگىل ھەقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقىلارنىڭمۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشىنى توسقان ۋە ھەق بىلەن قارشىلاشقان بىر ئەرەب رەھبىرى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى ئىسلام دىنىغا بويسۇنۇپ، قەلبى ئىمانغا يۇمشاپ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلدى.

ئۇ ئاتىسىنىڭ سېخىيلىقى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولغان ئەدىي ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەتتائىي ئىدى.

ئەدىي ئاتىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مىراسخور بولدى، كىشىلەر ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى تاپشۇردى ۋە قوماندانلىقنى بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىدايەت ۋە ھەق يولىدىكى چاقىرىقىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، ئەرەب قەبىلىلىرى بىر ـ بىرلەپ بويسۇنۇشقا باشلىدى. ئەدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى يىقىتىپ، ھوقۇقىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر رەھبەرلىكنى كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇنلا ئۇنى قاتتىق يامان كۆرەتتى.

ئۇنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكى تاكى ئۇنىڭ قەلبىنى ئاللاھ



www.munber.org



ھىدايەت ۋە ھەق چاقىرىقىغا ئېچىۋەتكەنگە قەدەر 20 يىلغا يېقىن داۋاملاشتى.

ئەدىي ئۆزىنىڭ ئىسلام كەلتۈرگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق سۆز ئاڭلىغان ۋاقتىمدا، ئەرەبلەر ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەندىن بەك بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. مەن ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدىم، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتىم، قەۋمىم ئىچىدە بايلىقنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئېلىپ تۇراتتىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئاڭلىغىنىمدا ئۇنى يامان كۆردۈم. ئۇنىڭ ئىشلىرى زورىيىپ، شان ـ شۆھرىتى كۆتۈرۈلۈپ، نامى قوشنا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ غەرب ۋە شەرقىغىچە تارىلىشقا باشلىغاندا، مەن تۆگەمگە قارايدىغان خىزمەتچىمگە:

— باشقۇرماق ئاسان بولغان سېمىز تۆگىلەرنى تەييارلاپ، ئۇنى يېقىن بىر جايغا باغلاپ قوي، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىساڭ ماڭا خەۋەر قىل! — دېدىم.

بىر ئەتىگىنى خىزمەتچىم كىرىپ:

— مۇھەممەدنىڭ ئەسكەرلىرى زېمىنىڭغا قەدەم قويغاندا قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى قىل! — دېدى.

— نېمە ئىشكەن؟ ھۆ، ئۆلگۈر...

— يۇرت ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان، نۇرغۇن بايراقلارنى كۆردۈم، سۈرۈشتۈرسەم، بۇ مۇھەممەدنىڭ قوشۇنى ئىكەن.

— تېز بېرىپ مەن ساڭا تەييارلاپ قويۇشقا بۇيرۇغان تۆگىلەرنى ئېلىپ كەل!

مەن شۇ ۋاقىتتىلا ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىمنى ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان بۇ زېمىندىن كۆچۈشكە چاقىردىم ۋە خىرىستىئانلار ئىچىدىكى دىنداشلىرىمغا قوشۇلۇش مەقسىتىدە شام دىيارىغا ئالدىراپلا يولغا



www.munber.org

چىقتىم.

ئىشلارنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ئائىلەمدىكىلەرنىمۇ تولۇق يىغماستىن مېڭىپ، خەتەرلىك جايلاردىن ئۆتۈپ بولغاندا، ئائىلەمدىكىلەرنى كۆزىتىپ چىقسام، نەجدىدە بىر سىڭلىم قاپتۇ. ماڭا ئامال يوق ئىدى. مەن ئائىلەمدىكىلەرنى ئېلىپ شامغا باردىم ۋە دىنداشلىرىمىنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن بىرگە تۇردۇم.

لېكىن سىڭلىمغا مەن ئويلىغان ۋە ئەنسىرىگەن ئىشلار بوپتۇ.

مەن شام دىيارىدىكى چاغلىرىمدا مۇنداق بىر خەۋەر ئاڭلىدىم، مۇھەممەدنىڭ ئەسكەرلىرى يۇرتىمىزغا بېسىپ كىرىپ، ئەسىر ئالغانلار قاتارىدا سىڭلىمنىمۇ بىرگە ئەسىر ئېلىپ مەدىنىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ئەسىرلەر بىلەن بىرگە مەسجىد قېشىدىكى چېدىردا تۇرغۇزۇلۇپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ئۇ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئاتا ـ ئانىلار كەتتى، كۆچىدىغانلار كۆچتى، ماڭا ياخشىلىق قىلغىن، ئاللاھ ساڭىمۇ ياخشىلىق قىلسۇن! — دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سېنىڭ كۆچمەنلىرىڭ كىم؟

— ئەدي ئىبنى ئەبۇھاتەم.

— ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرىدىن قاچقۇچىمۇ؟! — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسىمۇ يېنىدىن ئۆتكەندە سىڭلىم يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئوخشاش جاۋاب بېرىپتۇ. ئۆگۈنىسى ئۇنىڭ قېشىدىن يەنە ئۆتكەندە، سىڭلىم ئۈمىدسىزلىنىپ ھېچنەرسە دېمەپتۇ، كەينىدىكى بىر ئادەم ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا ئىشارەت قىلىپتۇ، سىڭلىم تۇرۇپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانىلار كەتتى، كۆچمەنلەر كۆچتى، ماڭا ياخشىلىق قىل، ئاللاھ ساڭىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، — دەپتۇ





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ياخشىلىق قىلدىم، — دەپتۇ.

— مەن شام دىيارىدىكى ئائىلەمگە قوشۇلۇشنى خالايمەن.

— سەن تاكى سېنى شامغا ساق سالامەت ئاپىرىپ قويىدىغان بىر ئىشەنچلىك ئادەمنى تاپقۇچە يولغا چىقىشقا ئالدىرىما، ئەگەر ئىشەنچلىك بىرىنى تاپساڭ، ماڭا خەۋەر قىل، — دەپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتقاندىن كېيىن، سىڭلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىشقا ئىشارەت قىلغان كىشىنىڭ كىملىكىنى سورۇشتۇرسە، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئىكەن.

ئىشەنچلىك كارۋان كەلگۈچە ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ قەۋمىمدىن مېنى ئاپىرىپ قويالايدىغان ئىشەنچلىك ئادەملەر كەلدى، — دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىڭلىمغا كىيىم بېرىپ، تۆگىگە مىندۈرۈپ، يول خىراجىتى بېرىپتۇ، سىڭلىم يولغا چىقىپتۇ.

بىز شۇ خەۋەردىن كېيىن ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتۇق. مەن مۇھەممەد بىلەن قارشىلاشقان بولغاچقا. ئۇنىڭ سىڭلىمغا مۇنداق ياخشىلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرگە ئىشىنەلمەي قالدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز بىر تەرەپكە كېلىۋاتقان كاجۇ ئۈستىدىكى بىر ئايالنى كۆردۈم، ‹ھاتەمنىڭ قىزى! — دېدىم ۋە: — شۇ، شۇ!› دەپ كەتتىم. لېكىن ئۇ كېلىپلا:

— رەھىمسىز، زالىم! سەن ئائىلە، بالىلىرىڭنى ئېلىپ، ئاتا ـ ئاناڭدىن قالغان بىر ئادەمنى تاشلاپ كەتتىڭ، — دەپ مېنى تىللاپ كەتتى. مەن:

— ئى سىڭلىم! ماڭا ياخشىراق گەپ قىلىڭ، — دەپ بولغان ئىشلارنى تاكى ئۇ رازى بولغۇچە چۈشەندۈردۈم. ئۇ بولغان ئىشلارنى سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن ئۇنىڭدىن:

— سىز ئۇ ئادەم توغرىسىدا قانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىدۇم.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنى تېزرەك ئۇنىڭغا قوشۇلىسكەن، دەيمەن، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر بولسا، سەن ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا بۇرۇن ئېرىشىسەن ئەگەر ئۇ پادىشاھ بولسا سەن بۇ ھالىتىڭ بىلەن ھەرگىز ئۇنىڭ قېشىدا خار بولمايسەن، — دېدى سىڭلىم.

مەن سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، مەدىنىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھېچقانداق يول خېتىسىز باردىم، مەن ئۇنىڭ:

— ئاللاھ تائالادىن، ئەدىينىڭ قولىنى مېنىڭ قولۇمدا قىلىشىنى تىلەيمەن، — دېگەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. ئۇ:

— ئۆزۈڭ كىم؟— دەپ سورىدى.

— مەن ئەدىي، — دېدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ ئۆيىگە ماڭدى. يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، كىچىك بالىسى بار بىر ياشانغان ئايال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۆز ھاجىتىنى ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلدى، مەن ساقلاپ تۇردۇم، ئىچىمدە: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ھەرگىزمۇ پادىشاھنىڭ ئىشى ئەمەس› دېدىم.

ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ ئۆيىگە ماڭدى. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ ماڭا بىر تېرە ياستۇقنى تاشلاپ بەردى ۋە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن ھايا قىلىپ:

— سەن ئولتۇرغىن، — دېدىم. ئۇ ئۇنىمىدى، ئاخىرى مەن ئولتۇردۇم. ئۇ يەردىلا ئولتۇردى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۆيدە ئولتۇرۇشقا باشقا نەرسە يوق ئىدى.

مەن ئىچىمدە يەنە: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ پادىشاھلارنىڭ ئىشى ئەمەس، دېدىم ئىچىمدە› ئۇ ماڭا:

— ئى ئەدىي، سەن خرىستىئانلار بىلەن يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار





ئارىسىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمىدىڭ؟! — دەپ سورىدى.

— ھەئە، شۇنداق، — دېدىم.

— سەن پۇقرالىرىڭدىن غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى — ھالال بولمىغان نەرسىلەرنى ئالاتتىڭ ئەمەسمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق.

ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەندىم، ئۇ:

— ئى ئەدىي! بەلكىم سېنىڭ بۇ دىنغا كىرىشىڭگە، سەن كۆرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجەتمەن، كەمبەغەللىكى توسالغۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلاردا مال كۆپىيىپ، ئۇنى ئالىدىغان كىشى تېپىلمايدىغان ۋاقتىنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى. بەلكىم سېنىڭ بۇ دىنغا كىرىشىڭگە، سەن كۆرۈۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز، سانى ئاز؛ دۈشمەنىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى توسالغۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇزاققا قالماي، بىر ئايالنىڭ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقماي، تۆگىسىگە مىنىپ، قادىسىيە (باغداتتىكى شەھەر) دىن چىققانلىقىنى ئاڭلايسەن (يەنى: ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن ھەممە يەر تىنچ بولۇپ، ھېچكىم - ھېچكىمگە چېقىلمايدىغان زامان كېلىدۇ. بۇ چاغدا بىر ئايال كىشىمۇ خاتىرجەم بىر يەرگە بېرىپ كېلەلەيدۇ). بەلكىم سېنى بۇ دىنغا كىرىشىڭگە، سەن كۆرۈۋاتقاندەك، پادىشاھ، سۇلتانلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەمەسلىكى، توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇزاققا بارماي، سەن بابىل (ئىراقتىكى بىر جاي) دىكى ئاق ئۆيىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېچىلىپ، كىسرانىڭ بايلىقىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئۆتكىنىنى ئاڭلايسەن.

— كىسرا ئىبنى ھورمۇزنىڭ بايلىقىمۇ؟!

— ھەئە، كىسرا ئىبنى ھورمۇزنىڭ بايلىقى.

شۇ ۋاقىتتا مەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم.»

www.munber.org

ئەدىي ئۇزاق ياشىدى، ئۇ مۇنداق دەيتتى:

«ئىككى ئىش ئەمەلگە ئاشتى، ئۈچىنچىسى قالدى، ئاللاھ خالىسا ئۇمۇ چوقۇم بولىدۇ. مەن بىر ئايالنىڭ ھېچنەرسىدىن ئەنسىرىمەي، تۆگىسىگە مىنىپ قادىسىيەدىن چىقىپ بەيتۇللاھقا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. مەن كىسرانىڭ بايلىقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئالغان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنقى سېپىدا بار ئىدىم. ئۈچىنچىسىنىڭمۇ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن.»

ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالىدى. تەقۋا ئابىد خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدە ئۈچىنچى ئىش ئەمەلگە ئاشتى. مۇسۇلمانلاردا مال شۇنداق كۆپەيدىكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاكاچىلار:

ــ كەمبەغەل مۇسۇلمانلار ئىچىدىن زاكات مال ئالىدىغانلار بارمۇ؟ دەپ توۋلىسىمۇ، ئالىدىغانلارنى تاپالمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن راست ئېيتىدۇ، ئەدىي ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۆز قەسىمىنى ياخشى ئورۇندىدى.



www.munber.org



# ئۇسامە ئىبنى زەيد

ئۇسامەنىڭ دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېنىڭ داداڭدىن سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەندىن بەك سۆيۈملۈك.

ــ ئۆمەرنىڭ ئوغلىغا قىلغان سۆزىدىن

بىز ئۇسامە ھەققىدىكى بايانىمىزنى ھىجرەتتىن يەتتە يىل ئىلگىرىكى، مەككىدە ئازاب چېكىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھاياتىدىن باشلايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى غەم ئەندىشىلىك كەيپىيات بىلەن مۇسىبەت ۋە دىننى تەشۋىق قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھايات ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇمۇ ئەيمەن بىر ئوغۇل تۇغدى، دېگەن بىر خوش خەۋەر يەتكۈزۈلدى. بۇ خەۋەردىن ئۇ ناھايىتى سۆيۈندى. ئۇنداقتا بۇ ئۇلۇغ زاتنى خوش قىلغان بۇ بالا كىم؟

بۇ بەختلىك بالا زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئىدى. ساھابىلەر بۇ بوۋاقنىڭ دادىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ بۇ بوۋاق ئۈچۈن بۇنچىلىك خوش بولغىنىغا ھەيران قالمىدى.

بۇ بالىنىڭ ئانىسى ئۇمۇ ئەيمەن «بەركەتۇل ھەبەشىيە» دەپ ئاتالغان ئايال ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ، ئامىنە ھايات ۋاقتىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باققان، ئامىنە ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ تەربىيىلىگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقلىگە كەلگەندە ئۇزى ئۈچۈن ئۇمۇ



www.munber.org

ئەيمەندىن باشقا بىر ئانىسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۇممۇ ئەيمەننى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرەتتى ۋە: «ئۇممۇ ئەيمەن مېنىڭ ئانامدىن كېيىنكى ئانام، ئائىلەمدىن ماڭا قالغان بىردىن بىر ئادىمىم» دەيتتى.

دېمەك، بۇ بالىنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى بولغىنىغا ئوخشاش، دادىسى زەيدمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن بېقىۋالغان بالىسى، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ساقلىغۇچى دوستى، ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، ئىسلامدىن كېيىنمۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچۇن ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىدى. ئۇسامەنىڭ تۇغۇلۇشى مۇسۇلمانلارنىمۇ خوش قىلدى. ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى خوش قىلغان نەرسە ئۇلارنى نېمە ئۇچۇن خوش قىلمىسۇن؟! ئۇلار بۇ بالىغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ۋە دوستىنىڭ بالىسى» دەپ نام بەردى.

مۇسۇلمانلار ئۇسامەگە بۇ نامlarنى قويۇشتا ئاشۇرۇۋەتمىگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەنى پۈتۈن دۇنيا قىزغانغۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرەتتى. ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن بىلەن ياش جەھەتتە پەرقلەنمەيتتى. ھەسەن ئاق، نۇرلۇق، چىرايلىق بولۇپ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايتتى.

ئۇسامە بولسا ئۆڭى قارا، بۇرنى پاناق بولۇپ ھەبەشىستانلىق ئانىسىغا ئوخشايتتى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرۈشتە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىمايتتى. ھەسەننى بىر يوتۇسىغا، ئۇسامەنى يەنە بىر يوتۇسىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ: «ئى ئاللاھ! مەن بۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. سەنمۇ ياخشى كۆرسەڭ» دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسامەگە بولغان ياخشى كۆرۈشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، بىر قېتىم ئۇسامە ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا يىقىلىپ، چېكىسى يېرىلىپ قان ئېقىپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە قاننى ئېرتىۋېتىشكە ئىشارەت قىلىدۇ. ئائىشەنىڭ رايى بارمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر



www.munber.org



ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، ناھايىتى تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئۇسامەنى ئەركىلىتىپ، جاراھەت ئېغىزىنى ئېرتىپ، قانلىرىنى تازىلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەنى كىچىككىدە ياخشى كۆرگىنىدەك چوڭ بولغاندىمۇ ياخشى كۆردى. مەككە مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان ھەكىم ئىبنى ھىزام يەمەندىن ئەللىك دىنارغا سېتىۋالغان زىيەرەن دىيارىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ قىممەت پۇللۇق تونىدىن بىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوۋغا قىلدى. ھەكىم تېخى مۇشرىكلىك ھالىتىدە بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي، ئۇنى پۇل بېرىپ سېتىۋالدى. ئاندىن بۇ تونىنى جۈمە كۈنلۈكتە بىر قېتىم كىيە- كىيمەيلا ئۇسامەگە بېرىۋەتتى. ئۇسامە بۇ تونىنى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن بولغان تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ئەتىسى ئاخشاملىرى كىيىپ يۈرەتتى.

ئۇسامەنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە لايىق گۈزەل خۇلق، ئېسىل ئەخلاقلار نامايەندە بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ناھايىتى زېرەك، قەيسەر، تەدبىرلىك، دىيانەتلىك، چىققىشقاق، تەقۋا ۋە پەرھىزكار ئىدى.

ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئۇسامە بىرمۇنچە ساھابىلەرنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بەزىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بەزىلىرىنى بەك كىچىك دەپ قايتۇرۇۋەتتى. قايتۇرۇلغانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇسامەمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇ جىھادقا قاتنىشالمىغانلىقىغا بولغان ھەسرىتىلىنىپ ياش تۆككەن ھالدا قايتقان ئىدى.

خەندەك ئۇرۇشى بولغان چاغدا ئۇ يەنە ساھابىلەرنىڭ بالىلىرىدىن بىرقانچىسى بىلەن بىرگە كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلىپ قېلىشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئامال بار ئېگىز كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 15 ياشتا ئىدى. دېمەك ئۇ 15 يېشىدا



www.munber.org

ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ قىلىچ كۆتۈردى.

ھۇنەين جېڭىدە مۇسۇلمانلار چېكىنگەن ۋاقىتىدا ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھارىس ۋە باشقا بىر قانچە ھۆرمەتلىك ساھابىلەر بىلەن بىرگە جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئازغىنە باتۇر مۇسۇلمان گۇرۇھى بىلەن ساھابىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئۆزگەرتىشكە ۋە قاچقان مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلارنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قىلىشقا قادىر بولدى.

مۇئتە ئۇرۇشىدا ئۇسامە دادىسى زەيدنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى ئون سەككىزگىمۇ يەتمىگەن ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. لېكىن، ئىرادىسى ئاجىزلاپ تەۋرەپ قالمىدى، بەلكى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭمۇ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى. ئۇمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يىقىلدى. ئاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى.

ئۇمۇ ئىككى ھەمراھىغا قوشۇلدى، ئۇندىن كېيىن خالىدنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى، ئاخىرى خالىد كىچىك قوشۇننى رۇملۇقلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇسامە دادىسىنى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ پاك جەسىتىنى شام چېگرىسىدا قالدۇرۇپ، دادىسى شېھىت قىلىنغان ئاتقا مىنىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

ھىجرىيەنىڭ 11 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇملۇقلارغا قارشى قوشۇن تەييارلاشقا بۇيرۇپ، ئۇسامەنى قوماندان قىلدى. بۇ قوشۇندا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ۋە ئۇلاردىن باشقا پېشقەدەم ساھابىلەر بار ئىدى، بۇ چاغدا ئۇسامە يىگىرمە ياشتىن ئاشمىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوشۇننى رۇم



www.munber.org



دىيارىدىكى غەززىگە يېقىن جايدىكى بەلقائى چېگرىسىغا ۋە داروم[1] قەلئەسىگە چۇشۇرۇشكە بۇيرىدى.

قوشۇن مېڭىشقا باشلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالدى. قوشۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتۈپ مېڭىشتىن توختىدى. بۇ ھەقتە ئۇسامە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىردىم. باشقىلارمۇ كىردى. مەن ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبلىك سۆزدىن قالغىنىنى ھېس قىلدىم. ئۇ قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئاندىن مېنىڭ ئۇستۇمگە چۇشۇردى. مەن ئۇنىڭ ماڭا دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىش ئىشىمۇ تامام بولۇپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەبۇ بەكرى ئۇسامەنى ماڭدۇرۇش ئىشىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

لېكىن بىر بۆلۈك ئەنسارىلار، قوشۇننى كېچىكتۈرۈشنى ئويلاپ بۇ توغرىسىدا ئۆمەردىن، ئەبۇ بەكرىگە گەپ قىلىشنى ئۆتۈندى ۋە: «ئەگەر ئەبۇ بەكرى ئۇنىمىسا بىزگە ياش جەھەتتە ئۇسامەدىن چوڭراق بىرسىنى قوماندان قىلىپ بەرسۇن، دېگىن» دېدى. ئەبۇ بەكرى ئۆمەردىن ئەنسارىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆمەرنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ، ئاچچىقلىنىپ:

ــ ئاناڭ، سېنى تاپالماي يىغلاپ قالسۇن![2] ــ دېدى، ــ ئۇسامەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلەتكەن تۇرسا سەن مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قويغان ئورۇندىن ئېلىۋېتىشكە ئۇندەمسەن؟! بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! ــ دېدى.

ئۆمەر كىشىلەرنىڭ يېنىغا قايتىپ چىققاندا كىشىلەر قانداق بولغانلىقىنى سورىدى. ئۆمەر:

[1] بەلقەئى ۋە داروم يەر ئىسىملىرى ــ ت.

[2] ئەرەبلەرنىڭ بىرسىگە ئاچچىقى كەلسە ئىشلىتىدىغان سۆزى.



www.munber.org

— مېڭىڭلار! ئاناڭلار يىغلاپ قالسۇن! مەن سىلەرنى دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدىم، — دېدى.

قوشۇن ياش قوماندانىنىڭ رەھبەرلىكىدە يولغا چىقتى. ئۇنى خەلىپە پىيادە مېڭىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇسامە ئۇلاغلىق ئىدى. ئۇ خەلىپەگە:

— ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇلىغىڭغا مىنگىن ياكى مەنمۇ پىيادە ماڭاي، — دېدى.

— ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنىمەن، سەنمۇ چۈشمە، مەنمۇ مىنمەي... مېنىڭ پۇتلىرىم ئاللاھ يولىدا بىرئاز چاڭ- توزاڭ بولسا نېمە بوپتۇ؟! — دېدى ئاندىن ئۇسامەگە، — مەن سېنىڭ دىنىڭ، يوكۇڭ ۋە خىزمىتىڭنىڭ خاتىمىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. مەن سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاپشۇرغان ئىشنى ئىجرا قىلىپ تاماملىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن، — دېدى ۋە شۇنداق بىر تەلەپنى قوشۇپ قويدى، —ئەگەر ئۆمەر بىلەن بىرگە ماڭا ياردەم بېرىشنى خالىساڭلار ئۇنىڭ مەن بىلەن بىرگە قېلىشىغا رۇخسەت قىلغىن.

ئۇسامە ئۆمەرنىڭ قېلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

قوشۇن ئىلگىرىلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلدى. قوشۇننى پەلەستىنىدىكى بەلقائى چېگرىسى ۋە داروم قەلئەسىگە چۈشۈردى. ئۇسامە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن رۇملۇقلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارغا ئالدى بىلەن شام دىيارى، مىسىر ۋە پۈتۈن ئافرىقىنى قارا دېڭىزغا قەدەر ئىشغال قىلىش يولىنى ئېچىپ بەردى.

ئۇسامە، دادىسى شېھىت قىلىنغان ئېتىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ سان - ساناقسىز غەنىمەت بىلەن قايتتى، ھەتتا «ئۇسامەنىڭ قوشۇنىدەك ساق قايتقان ۋە كۆپ غەنىمەت ئالغان قوشۇن يوق» دەپ تەرىپلەنگەن ئىدى.

ئۇسامە پۈتۈن ھاياتىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغلاش، ياخشى كۆرۈش ئوبيېكتى بولۇپ ياشىدى. ئۆمەر ئۇسامەگە، ئۆز ئوغلى ئابدۇللاھتىن كۆپرەك نېسىۋە بەردى. ئابدۇللاھ دادىسى ئۆمەرگە:





— ئى دادا! سەن ئۇسامەگە تۆت مىڭنى، ماڭا ئۈچ مىڭنى بەردىڭ. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سېنىڭدىن ئانچە كۆپ ئارتۇقچىلىقى يوق ئىدى، ئۇنىڭمۇ مېنىڭدىن كۆپ ئارتۇقچىلىقى يوق، — دېگەنىدى. ئۆمەر:

— بەك يىراقلاپ كەتتىڭ ... ئۇنىڭ دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېنىڭ داداڭدىن سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەندىن بەك سۆيۈملۈك، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرگىنىنى ئۆزۈمنىڭ ياخشى كۆرىشىدىن ئۈستۈن قويدۇم، — دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئۆزىگە بېرىلگەن نېسىۋىسگە رازى بولدى.

ئۆمەر ئۇسامەنى ئۇچراتسا:

— رەھبىرىمنى قارشى ئالىمەن، — دەيتتى. ئەگەر بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ئادەمنى كۆرسە، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ماڭا قوماندان قىلغان، شۇڭا ئۇنى «رەھبىرىم» دەيمەن، — دەيتتى.

ئاللاھ بۇ ئېسىل روھلارغا رەھمەت قىلسۇنكى، تارىخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن كاتتا، ئۇلۇغ، ئالىيجاناب، مۇكەممەل كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىدى.



www.munber.org

## ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس

ئۇ نەۋقىران يىگىت بولۇپ ئۇنىڭ سوئاللىق
تىلى، ئەقىللىق كاللىسى بار.

ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

گەرچە ئۇ كېيىنرەك تۇغۇلغان بولسىمۇ ئۇلۇغ ساھابە بولۇپ يېتىشىپ چىققىنى شۇقا پايدىلىق بولغان ئەتراپىتىكى ياخشى پۇرسەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولغانلاردىن، يەنى ساھابىلىق، تۇغقاندارچىلىق، ئىلىم ئېلىش، تەقۋادار بولۇشقا پايدىلىق بولغان پۇرسەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەنلەردىن ئىدى. ئۇ يەنە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىتىدا ئۆسۈپ، ئۇممەتنىڭ ئۆلىماسى، مول بىلىم ئىگىسى، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرىنى قىيامدا تۇرۇپ ئۆتكۈزگۈچى، ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغۇچى، مەغپىرەت تىلەپ تۆكۈلگەن ياشلىرى بىلەن مەڭزىلىرى نەملەنگۈچى كىشى ئىدى.

مانا بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىنىڭ ئۆلىماسى، تەربىيىچىسى، تەتقىقاتچىسى، پەيلاسوپى، ئىجتىھاتچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستۇر.

ئۇ ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئۇ ئەمدىلا 13 ياشتا ئىدى. گەرچە ئۇ كىچىك بولسىمۇ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ كىتابلىرىدا توغرىلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ھەدىستىن 1660 نى يادلاپ بولغان ئىدى.

ئانىسى ئۇنى يىڭى تۇغقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا

www.munber.org





ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈكرىكى بىلەن ئۇنى ئېغىزلاندۇردى، دېمەك ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن تۇنجى نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تۈكرىكى بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا تەقۋالىق، ئىلىم ـ ھېكمەتلەرنىڭ نۇرىمۇ كىرگەن بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلىم ـ ھېكمەت ـ كىمگە بېرىلسە، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق بېرىلگەن بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

ھاشىمىيلىق بۇ سەبى بالا ئانچە مۇنچە ئەقىل تاپقاندىن باشلاپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خۇددى سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىغان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالماقچى بولسا ئۇنىڭ تاھارەت سۈيىنى تەييارلاپ بېرەتتى. نامازدا تۇرغاندا ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇيتتى، سەپەرگە چىقسا ئۇلۇغىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالاتتى. ئۇ ھەر بىر ھەرىكىتىدە چىچەن ئەقىل، زېرەك قەلب، ھازىرقى زاماندىكى ئىلغار خاتىرە قالدۇرۇش ئەسۋابلىرىدىنمۇ ئۆتكۈر بولغان ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى بىللە ئېلىپ يۈرەتتى.

ئۇ ئۆزى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالماقچى بولدى، مەن ناھايىتى تېزلىك بىلەن سۇ تەييارلاپ بەردىم، ئۇ بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى. نامىز ئوقۇماقچى بولغىنىدا ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى، مەن ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇدۇم. ناماز ئاخىرلاشقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئابدۇللاھ! نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمدا تۇرمايسەن؟ــ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن مېنىڭ نەزىرىمدە مەن بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشتىن كۆپ يۇقىرى مەرتىۋىدىسەن، ــ دېدىم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئاللاھ بۇ بالىغا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلساڭ! ــ دەپ دۇئا قىلدى.»

www.munber.org

ئاللاھقا ھەمدۇلار بولسۇنكى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھ ھاشىملىق بۇ بالىغا ئۆلىمالارنىڭ پېشۋالىرىدىن ھالقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلدى.

بۇنچىۋالا تەرىپلەردىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئاقىللىقى ھەققىدە بىرەر مىسال بولسىمۇ بىلگىڭىز كېلەر، قېنى تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر سېلىڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى خەلىپىلەر زامانىغا كەلگەندە ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ بىر قىسىم دوستلىرى ئەلىدىن ئايرىلىپ مۇئاۋىيە بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىزادا ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىغاندا ئابدۇللاھ ئەلىغا:

ـــ ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! مېنىڭ ئۇ كىشىلەرگە گەپ قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغىن! ـــ دېدى.

ـــ ساڭا بىرەر ئىش يېتىپ قالامىسكەن دەپ ئەنسىرەيمەن، ـــ دېدى ئەلى كۆيۈنگەن ھالدا.

ـــ ئاللاھ خالىسا ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ـــ دېدى ۋە ئۇ كىشىلەرنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ئىبادەتتە بۇلاردەك تىرىشچان كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇلار:

ـــ كەل ئى ئابباسنىڭ ئوغلى، مەرھابا، سەن بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ـــ دەپ سوراشتى.

ـــ سىلەر بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم، ـــ دېدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەسلىك تەرەپدارى بولدى. بىر قىسمى:

ـــ قېنى سۆزلە، بىز سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلايمىز، ـــ دېيىشتى.

ـــ ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەم ئۇنىڭ كۈيئوغلى، ئەڭ دەسلەپتە ئىمان ئېيتقۇچى بولغان كىشىگە قارشى چىقىسىلەر؟ ـــ دېدى ئابدۇللاھ.

ـــ ئۈچ ئىشتا ئۇنىڭغا ئېتىرازىمىز بار، ـــ دېيىشتى ئۇ كىشىلەر.





ـــ ئۇ قايسى ئۈچ ئىش؟

ـــ بىرىنچىسى، ئاللاھنىڭ دىنىدا كىشىلەرنى ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلدى[1]. ئىككىنچىسى، ئائىشە ۋە مۇئاۋىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ، غەنىمەت ۋە ئەسىر ئالمىدى. ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلىغان تۇرۇقلۇق ئۇ مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى دېگەن نامنى قوللانمىدى.

ـــ ماڭا قاراڭلار دېدى، ـــ ئابدۇللاھ، ـــ ئەگەر سىلەر دېگەن بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ كىتابىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىن بىر نەرسە دەپ بەرسەم بۇ قىلمىشىڭلاردىن يانامسىلەر؟

ـــ شۇنداق، ئەلۋەتتە يانىمىز، ـــ دېيىشتى ئۇلار.

ـــ سىلەرنىڭ «ئەلى ئاللاھنىڭ دىنىدا كىشىلەرنى ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلدى» دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، ئاللاھ: ﴿ئى مۆمىنلەر سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى، ئېھراملىق ھالىتىڭلاردا ياكى ھەرەمدە ئۆلتۈرمەڭلار، سىلەردىن كىمكى ئۇنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر ياكى كەففارەت يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر بىر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئۆتكەنكى گۇناھىڭلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى. كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكۈزسە ئاللاھ ئۇنى جازالايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، جازالىغۇچىدۇر﴾ دېگەن. مەن سىلەرگە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلايكى، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى، ساقلاپ ئۆز

[1] ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ مەلۇم يېرىگە يەتكەندە ئىككى تەرەپ قۇرئان كەرىم ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا كېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇمۇسا ئەشئەرىنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھۆكۈم قىلىشقا چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خاۋارىجلار ئادەملەرنىڭ ھۆكمىنى قۇرئاننىڭ ھۆكمى ئۈستىگە ئالدى دېگەن باھانە بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ...



www.munber.org

ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشى ھەقلىقمىكەن ياكى قىممىتى تۆت دىرھەم بولغان توشقان توغرىسىدا ھۆكۈم قىلغىنى ھەقلىقمىكەن؟

— بەلكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى ساقلاپ، ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە ھۆكۈم قىلىشى ھەقلىق، — دېدى.

— سىلەر مۇشۇ ھەقتە بۆلۈنگەن ئىكەنسىلەر - دە؟

— شۇنداق، بولۇپتۇ، ئەمما سىلەرنىڭ «ئەلى جەڭ قىلىپ، ئاياللارنى ئەسىرگە ئالمىدى» دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، سىلەر ئۆز ئاناڭلار ئورنىدا بولغان مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇنى باشقا ئەسىرلەرگە ئوخشاش ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلماقچىمۇ؟ سىلەر بۇ سوئالغا «ھەئە!» دەپ جاۋاب بەرسەڭلەرمۇ كاپىر بولىسىلەر، ئەگەر ئائىشە بىزنىڭ ئانىمىز ئەمەس، دېسەڭلەرمۇ يەنىلا كاپىر بولىسىلەر، چۈنكى ئاللاھ: ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چاردۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾ دېگەن. سىلەر بۇ ھەقتە خالىغىنىڭلارنى تاللاڭلار، بىز مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بۆلۈندۇقمۇ؟

— شۇنداق قىپتۇق، — دېيىشتى.

— ئەمدى «ئەلى ئۆزىگە ‹مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى› دېگەن نامنى قوللانمىدى» دېگەن سۆزۈڭلارغا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە كۈنى مۇشرىكلار بىلەن قىلغان كېلىشىمدە كېلىشىمدىكى «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ھۆكۈم قىلغان ئىش» دېگەن سۆزگە مۇشرىكلار: «بىز سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىشەنگەن بولساق، سېنى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن توسمايتتۇق ۋە سەن بىلەن جەڭ قىلمايتتۇق، سەن بۇ سۆزنىڭ ئورنىغا ‹مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ› دەپ ياز!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە يېزىشقا قوشۇلدى. ئەمما ئۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر مېنى ئىنكار قىلمىغىنىڭلار بىلەن مەن ھەقىقىي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن ئىدى. ئويلاپ بېقىڭلار بىز مۇشۇ سەۋەبتىن بۆلۈنىمىزمۇ؟

— بىز شۇنداق قىپتۇق.



www.munber.org



بۇ سۆھبەتنىڭ يەنى ئابدۇللاھنىڭ قۇرئان ھەدىستىن ئېلىپ كەلگەن دەلىل، مىساللىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى پەقەت 4000 ئادەمنىڭ ئەلگە قەرشى مەيداندا قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا 20 مىڭ ئادەم ئەلىنىڭ سېپىگە قېتىلدى.

بۇ ئوت يۈرەك ياش ئابدۇللاھ ئىلىم ئېلىش يولىدا بارلىقىنى سەرپ قىلدى. بارلىق ئىمكانىيەتنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلاندى، ئۇ ئاشۇ تىرىشچانلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىم بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىلىم - ھېكمەت ئىگىسى بولغان ساھابىلەر، ئالىملار ئۇنىڭ قوغلىشىپ يۈرۈپ ئىلىم ئۆگىنىدىغان ئۇستازىغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ئىگىلەش يولى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئەگەر بىرەر ساھابىدە بىرەر ھەدىسنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىسام چۈشلۈك ئۇخلاش ۋاقتىدا شۇ ساھابىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ چاپىنىمنى يەرگە سېلىپ ياتاتتىم، شامال توپا چاڭلارنى باش - كۆزۈمگە ئۇراتتى، مەن خالىسام كىرىشكە رۇخسەت سورايتتىم. ئۇلار مېنىڭ كىرىشىمگە ئىزىن بېرەتتى. مەن بۇنى پەقەت ئاشۇ ساھابىنىڭ روھىنى پاكلاش ئۈچۈنلا قىلاتتىم. بەزىدە ئۇلار ئۆيىدىن چىققاندا مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ:

— ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ئەگەر مەندە بىرەر ئىشىڭ بولسا ئادەم ئەۋەتسەڭ باراتتىم ئەمەسمۇ، — دەيتتى.

— مېنىڭ كېلىشىم ھەقلىق، چۈنكى، ئىلىم دېگەن ئاپىرىپ بېرىلمەيدۇ، بەلكى ئەكېتىلىدۇ، — دەيتتىم - دە، ئاندىن ئۆزۈم سورىماقچى بولغان ھەدىسنى سورايتتىم.»

ئابدۇللاھ ئىلىم ئېلىش يولىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش بىلەن بىرگە يەنە ئالىم ئۆلىمالارنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋەھيىنى يازغۇچى، شەرىئەت بىلىملىرىدە، قىرائەتتە، مىراس ئىشلىرىدا، مەدىنە كىشىلىرىنىڭ كاتىتىسى، زەيد ئىبنى سابىت ئۆلگىنىگە مىنمەكچى بولغاندا ئابدۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك تۇرۇپ، ئۇلاغنىڭ ئۈزەڭگىسىنى پەسكە بېسىپ، ئۇلىغىنى تۇتۇپ تۇردۇ. زەيد ئۇنىڭغا:

— ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! ئۇنداق قىلمىغىن، — دەيدۇ.

— بىز ئالىم كىشىلىرىمىزگە مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان، — دەيدۇ ئابدۇللاھ. زەيد ئۇنىڭغا:

— ماڭا قولۇڭنى كۆرسەت، — دەيدۇ. ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا قولىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. زەيد ئابدۇللاھنىڭ قولىغا سۆيۈپ:

— بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان، — دەيدۇ.

ئابدۇللاھنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بىلىمى ئالىملارنىمۇ ھەيران قىلغۇدەك دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، تابىئىنلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللاھنى كۆرگۈنىمدە ‹ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى› دەيتتىم. ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا ‹ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ناتىقى› دەيتتىم. ھەدىس سۆزلىسە ‹كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالىمى› دەيتتىم.»

ئۇ ئىلىمدا كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇ بىلىملەرنى باشقىلارغا ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىغا، ئۆيى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى.

بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇچرايدىغان نەچچە ئون ياكى نەچچە يۈز نەپەر ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار بولماستىن پەقەت ئاشۇ ئابدۇللاھ ئۆزى يالغۇز ئىدى.

ساھابىلەرنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللاھنىڭ بىر سورۇنىنى





كۆردۈم. بۇ پۈتۈن قۇرەيشلىكلەرگە ئىپتىخار بولىدىغان ئەھۋال بولۇپ، ئابدۇللاھنىڭ ئۆيى تەرەپكە بارىدىغان يولغا كىشىلەر سىغماي قالغانىكەن. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان يولغا سىغماي قالغانلىقىدىن خەۋەر بەردىم، ئۇ: ‹ماڭا تاھارەت سۈيى ھازىرلاپ بەرگىن› دېدى. مەن سۇ راسلاپ بەردىم. ئۇ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ ئولتۇرۇپ: ‹سەن چىقىپ،'قۇرئان ۋە ئۇنىڭ ھەرپلىرى توغرىسىدا سورىغۇچىلار كىرسۇن'، دېگىن› دەپ بۇيرىدى. مەن چىقىپ شۇنداق دېدىم. كىشىلەر شۇنچىلىك كۆپ كىردىكى ھەتتا پۈتۈن ئۆيلەرنىڭ ھەممە ھۇجرىلىرى لىق تولدى. ئۇلاردىن كېيىن قۇرئاننىڭ تەپسىرى توغرىسىدا سورايدىغانلارنى؛ ئۇلاردىن كېيىن ھالال- ھارام، دىنىي مەلۇماتلار توغرىسىدا سورايدىغانلارنى؛ ئۇلاردىن كېيىن مىراس ئىلمى؛ ئۇلاردىن كېيىن ئەرەب تىلى، شېئىرىيەت، كىلاسسىك ئەرەب تىلىدىن سورىغۇچىلارنى چاقىرتقۇزدى. ھەر بىر تۈركۈمدىكى ئىلىم ئالغۇچىلار دەسلەپتە كىرگەن كىشىلەردەكلا كۆپ بولۇپ ئۆيلەرنىڭ ھەممە ھۇجرىلىرى لىق تولغان ئىدى. ئۇ ھەر بىر تۈركۈمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەر بىر سوئال سورىغۇچىسىغا ناھايىتى مۇكەممەل، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەتتى ھەم ئۇلارغا: ‹باشقا قېرىنداشلىرىڭلارغىمۇ يول بېرىڭلار!› دەيتتى.»

ئابدۇللاھ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىشىكى ئالدىدىكى بۇ قىستاڭچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دەرس تۈرلىرىنى كۈنلەرگە بۆلۈپ، ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر دەرس ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭغا ۋە سورالغان سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابقا قايىل بولماي تۇرالمايتتى.

ئابدۇللاھنىڭ بىلىملىك بولۇشتەك پەزىلىتى ئۇنى خەلىپىلىك ئىشلىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشتەك شەرەپكە ئىگە قىلدى. ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىشلىرىدا بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىنى چاقىرغاندا يېشى كىچىك بولسىمۇ ئابدۇللاھنى چاقىرتاتتى ۋە ئۇنى ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزۇپ: «بىزگە مۇنداق بىر قىيىنچىلىق بولدى، بۇنى سەن ۋە ساڭا ئوخشاشلارلا ھەل قىلالايدۇ»

www.munber.org

دەيتتى.

بىر قېتىم ئۆمەر كىشىلەر تەرىپىدىن: «كىچىككىنە بالىنى چوڭلارنىڭ مەرتىۋىسىگە تەڭلەشتۈردىڭ» دەپ تەنقىدلەنگەندە، ئۆمەر: «ئۇ گەرچە نەۋقىران يىگىت بولسىمۇ ئۇنىڭ سوئاللىق تىلى، ئەقىللىق كاللىسى بار» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئابدۇللاھ يالغۇز دەرس ئاڭلىغۇچىلارغىلا دەرس بېرىش بىلەن توختاپ قالماي، ئومۇمىي خەلققە ۋەز نەسىھەت قىلىشنىمۇ بىرگە ئېلىپ باراتتى. ئۇلارغا ۋەز نەسىھەت قىلىش سورۇنلىرىنى ھازىرلايتتى. تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ ئومۇمغا قىلغان ۋەز نەسىھەتلىرىدىندۇر.

ـــ ئى گۇناھكار بەندە! سەن قىلغان گۇناھلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقماي يۈرگۈچىلەردىن بولما، بىلگىنكى، بىر گۇناھقا ئەگىشىپ قىلىنغان گۇناھ ئەسلىدىكى گۇناھتىنمۇ ئېغىردۇر.

ـ گۇناھ سادىر قىلىۋاتقىنىڭدا ئىككى تەرىپىڭدىكى پەرىشتىلەردىن ھايا قىلمىغىنىڭنىڭ ئۆزى، قىلغان گۇناھ بىلەن ئوخشاشلا ئېغىردۇر.

ـ گۇناھ قىلغان تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ سەندىن قانداق ھېساب ئېلىشىنى بىلمەي كۈلۈپ يۈرۈشىڭنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھتۇر.

ـ گۇناھ ئۆتكەزگەنلىكىڭگە مەغرۇرلىنىپ يۈرۈشىڭمۇ گۇناھتۇر.

ـ گۇناھ ئىش قىلىۋاتقىنىڭدا ئاللاھنىڭ سېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىدىن قورقماي، بەلكى، كېيىمىڭنى شامال ئۇچۇرسا ئۇنىڭدىن ئەنسىرىشىڭ تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر.

ـ ئى گۇناھ سادىر قىلغۇچى! بەدىنىنى قۇرۇتلىتىپ، مال دۇنياسىنى ۋە بارلىقىنى ئۇنىڭ ئىلكىدىن ئېلىپ كېتىشكە ئەييۇبنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇنىڭ گۇناھى پەقەت بىر ئاجىز مىسكىن ئۆزىگە كەلگەن زۇلۇمنى توسۇشقا ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغاندا ئۇ ياردەم قىلمىغان. دېمەك سەن ھەرقانداق بىر كىچىك گۇناھنى كىچىك سانىما.

ئابدۇللاھ ئۆزى گۇناھ قىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنى توسىدىغان ياكى ئۆزى



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

www.munber.org

قىلمىغاننى باشقىلارغا بۇيرۇيدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەممىشە كۈندۈزلىرى روزا بىلەن، كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇش بىلەن ياشايدىغان بەندە ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇلەيكە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئۇنىڭغا مەككىدىن مەدىنىگە بارغىچىلىك ھەمراھ بولدۇم. بىز سەپەر ئۈستىدە بىرەر قونالغۇغا چۈشسەكلا ئۇ يېرىم كېچىدە تۇراتتى، باشقىلار بولسا قاتتىق سەپەر ھاردۇقىدا قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولغان ھالدا ياتاتتى. مەن بىر كېچىسى ئۇنىڭ: ﴿ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى، سەن بولساڭ ئۇنىڭدىن قاچاتتىڭ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇ تاكى تاڭ سۈزۈلگىچە ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ يىغلاپ چىقتى.»

يىغىپ ئېيتقاندا ئابدۇللاھنىڭ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ نۇرلۇقى، شۇنداقلا ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلاپ تۆكۈلگەن ياشلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن يۈزلىرى نەمدەلگۈچى ئىكەنلىكى ئۇنى بىلىشنى خالىغۇچىلار ئۈچۈن يېتەرلىك بىر سۈپەتتۇر.

بىر يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سوفيان ھەج قىلىش ئۈچۈن چىقىدۇ. ئابدۇللاھمۇ بۇ يىلى ھەجگە چىققان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئابدۇللاھ ھېچقانداق ھوقۇق ۋە كۈچى يوق ھالەتتە ئىدى. مۇئاۋىيەنىڭ دۆلەت خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. بىراق، ئابدۇللاھنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئىلمىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەگەشكەن نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرى بار ئىدى. ئىلىم ئۇنى شۇ دەرىجىدە كۆتەرگەن ئىدى.

ئابدۇللاھ 71 يېشىغىچە ياشىدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئەتراپىنى ئىلىم ھېكمەتكە، تەقۋالىققا تولدۇرغان ھايات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ھەنىفە ئۇنىڭ نامىزىغا ئىمام بولدى. ساھابىلەرنىڭ ھايات قالغان پېشقەدەملىرى، تابىئىنلارنىڭ پېشقەدەملىرى

ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى. ئۇ يەرلىككە قويۇلۇۋاتقاندا بىر قارىنىڭ: «ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن، مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن» دەپ قىرائەت قىلغان ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئىلمىدە، تەقۋالىقتا ئۇنىڭدەك بولۇشىمىزغا نېسىپ قىلسۇن. ئامىن!



www.munber.org



## ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم

ئابدۇللاھ بولسا، ئۇ ئاللاھ ئۇنىڭ ھەققىدە قۇرئاندا 16 ئايەت چۈشۈرگەن ئادەم بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ئوقۇلىۋاتىدۇ، ئاسمان- زېمىن مەۋجۇداتلا بولسا تاكى قىيامەتكىچە ئوقۇلۇپ تۇرۇلىدۇ.

— تەپسىرشۇناسلار

ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى كىشى تەرىپىدىن يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىن ئەيىبلەنگەن؟ ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىغا ۋەھيي ئېلىپ چۈشۈشكە سەۋەبچى بولغان ئۇ كىشى كىم؟

ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمدۇر.

قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇغقان بولۇپ، ئۇ — مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچەنىڭ تاغىسى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى قەيس ئىبنى زائىد، ئانىسى ئابدۇللاھنىڭ قىزى ئاتىكە بولۇپ، ئاتىكە ئۇنى تۇغما ئەما ھالىتىدە تۇغقاچقا ئۇ ئۇممۇ مەكتۇم (ئەمانىڭ ئانىسى) دەپ ئاتىلاتتى.

مەككىدە ئاللاھنىڭ ئىلاھىي نۇرى كۆتۈرۈلگەندە ئابدۇللاھ مەككىدە بولۇپ ئاللاھ ئۇنىڭ دىلىنى ئىسلام ئۈچۈن ئېچىۋەتكەنىدى. ئۇ دەسلەپتە ئىسلامغا كىرگۈچىلەردىن بولدى. ئۇ مەككىدىكى چېغىدا باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ئوخشاشلا دىن يولىدا بېشىغا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە



www.munber.org

چېدامچانلىق كۆرسىتىش، سەۋر قىلىش، مۇستەھكەم تۇرۇشتەك ئىرادىلىرى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ كەلدى. لېكىن باشلىرىغا كەلگەن بۇ ئېغىر ئازاب سىناقلار ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدى. ئىمانى ئاجىزلاپ قالمىدى. تارتقان جاپا مۇشەققەتلىرى، ئۇچۇرغان ئەزىيەتلىرىنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەم قىلىپ ئۇلارنى ھەرقانداق ئەھۋالدا قۇرئانغا مەھكەم ئېسىلىدىغان، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى چۈشىنىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدىغان نىمەت بىلەن ئۇلارنى رىزىقلاندۇردى.

ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈشى ۋە قۇرئان كەرىمنى يادلاشقا بولغان ئىشتىياقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ھەرقانداق بىر چاغدا ئازراق پۇرسەت تاپسىلا قۇرئان يادا ئېلىشقا تىرىشاتتى. دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ ئۇنىڭدىن ئىلىم ئېلىش ھېرىسلىكىدە يۈرەتتى. بۇ مەزگىللەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ كۆپ قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۇلار بىلەن پات ـ پات ئۇچۇرۇشۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، ئۇنىڭ ئىنىسى شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئەبۇ جەھل، ئەمىر ئىبنى ھىشام، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ۋە ئاللاھنىڭ قىلىچى دەپ نام ئالغان خالىدنىڭ دادىسى ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى ھېچ بولمىسا ساھابىلىرىگە ئەزىيەت بېرىشتىن بولسىمۇ يېنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئابدۇللاھ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ئاللاھنىڭ سۆزىدىن بىرەر ئايەت ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ھېلىقى كىشىلەر تەرەپكە قارىۋالدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناۋادا ئۇ كىشىلەر ئىمان ئېيتسا ئاللاھنىڭ دىنى ئۇلۇغلىنىپ، ئۆزىنىڭ دەۋىتىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقىنى ئويلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئائىلىسىگە قايتىۋاتقاندا ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر مۇڭدەش ئەۋەتىپ خۇددى بېشىغا بىر نەرسە ئۇرۇلغاندەك ھېس

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

قىلدۇردى، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ﴿يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن) ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنىدى، سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھتىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن. (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر، خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر﴾[1].

ئابدۇللاھنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىشەنچلىك ۋەھيي يەتكۈزگۈچى ئەلچى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ چۈشكەن بۇ ۋەھيىسى تاكى قىيامەتكىچە تىلاۋەت قىلىنىش شەرىپىگە ئېرىشتى.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئولتۇرۇپ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ كىشىگە ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئەجەپلەنگىدەك ھېچ يېرى يوق. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ سەۋەبىدىن يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ئەيىبلەنگەن ئىدى.

قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارغا ئەزىيىتىنى كۈچەيتكەندى، ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى. ئابدۇللاھ دىنى ئۈچۈن ۋەتىنىنى

[1] سۈرە ئەبەسە 1 ـ ئايەت.

www.munber.org

تەرك ئەتكەنلەرنىڭ تۇنجى تۈركۈمىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ساھابىلەردىن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى كىشىلەر ئىدى، ئۇ مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ھەمراھى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەر بىلەن بىرلىكتە كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىشكە ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن بىلال بىلەن ئۇ ئىككىسىنى كۈندە بەش قېتىم ئەززان توۋلاشقا تەيىنلىدى. بىلال ئەززان توۋلىغاندا ئابدۇللاھ نامازغا تەكبىر ئېيتاتتى، ئابدۇللاھ ئەزان توۋلىغاندا بولسا بىلال تەكبىر ئېيتاتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ رامىزان ئايلىرىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك يېرى بولۇپ، روزا تۇتقۇچىلار بۇ ئىككىسىدىن بىرىنىڭ ئەزىنىدىن كېيىن سوھورلۇق يېسە يەنە بىرىنىڭ ئەزىنى بىلەن سوھورلۇق يېيىشتىن توختايتتى. يەنى بىلال كېچىسى ئەزان ئېيتىپ كىشىلەرنى ئويغاتسا، ئابدۇللاھ ۋاقتىنى كۈزۈتۈپ خاتالاشمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنى شۇنچىلىك ھۆرمەتلەيدۈكى ئۆزىنىڭ مەدىنىدىن سىرتقا چىققان ئون نەچچە قېتىملىق سەپىرىدە ئۇنى ئۆز ئورنىغا مەدىنىدە مەسئۇل قىلىپ قالدۇرغان. بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى. بۇ مەككىنى فەتھى قىلىشقا ماڭغان چاغدا بولغان.

بەدرى غازىتىدىن كېيىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە مۇجاھىدلارنى جەڭگە تىرىشتۇرۇپ رىغبەتلەندۈرۈش، جەڭگە چىقمىغانلارنى ئۇيالدۇرۇش ئۈچۈن مۇجاھىدلارنى ماختاپ جەڭگە چىقانلارنىڭ چىقمىغانلاردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى تەرىپلەشكە بۇيرۇپ ئايەت نازىل قىلدى. بۇ ئابدۇللاھقا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر مەن جەڭ قىلىشقا قادىر بولالىغان بولسام چوقۇم جەڭ قىلاتتىم» دېدى. ئاندىن ئاللاھتىن ئۆزىگە ئوخشاش مېيىپلىقى سەۋەبىدىن جەڭگە چىقالمىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ مېنىڭ ئۆزرەمنى نازىل

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

قىلغىن! ئى ئاللاھ مېنىڭ ئۆزرەمنى نازىل قىلغىن!» دەپ نىدا قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي يازغۇچىسى زەيد ئىبنى سابىت بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىمجىت بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يوتىسى مېنىڭ يوتامنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇنىڭ يوتىسى شۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدىكى مەن بۇنداق ئېغىرلىقنى زادى ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئەسلىگە كېلىپ، ‹ئى زەيد، ياز!› دېدى. مەن ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان: ﴿مۆمىنلەردىن جەڭگە چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى يازدىم. بۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا جىھاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟› دەپ سورىدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسىنىڭ ئېغىرلىقى مېنىڭ يوتامنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئېغىرلىقى تېخىمۇ بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئەسلىگە كېلىپ: ‹ئى زەيد يازغىنىڭنى ئوقۇ!› دېدى. مەن: ‹مۆمىنلەردىن جەڭگە چىقمىغانلارئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ› دەپ ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹’ئۆزرىسى...ـــ‘ دەپ ياز› دەپ بۇيرىدى.»

ئابدۇللاھ ئارزۇ قىلغان ئايەت نازىل بولدى، ئاللاھ ئابدۇللاھ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جەڭگە چىقىشقا ئۆزرىسى بار كىشىلەرنى جەڭگە چىقىشتىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ جەڭگە ھېرىسمەن كۆڭلى ئۆزرىسى بار كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قېلىشقا ئۇنىماي ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئىنساندىكى ئۇلۇغۋار روھ پەقەت ئۇلۇغۋار ئىش بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ. ئابدۇللاھ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى جەڭ ئۈچۈن ھازىرلاپ قويىدى ۋە مەككىنى پەتھى قىلىش جېڭىدە ئۆز - ئۆزىگە جەڭ ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ: «مېنى ئىككى سەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇرغۇزۇپ قولۇمغا بايراقنى تۇتقۇزۇپ قويۇڭلار، مەن ئەما جەڭدىن

www.munber.org

قاچالمايمەن، شۇڭا بايراقنى سىلەرگە چىڭ ساقلاپ بېرىمەن» دېدى.

ھىجرىيەنىڭ 14 ـ يىلى خەلىپە ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پارس دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ، مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىش قارارىغا كېلىپ ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمان باشلىقلارغا: قورالى، ئېتى، توغرا پىكىر قىلىش ئىقتىدارى، پاراسىتى بار قەيسەركىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئەۋەتىڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۆمەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان مۇسۇلمانلار تۈركۈملەپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھمۇ بار ئىدى. ئۆمەر سەئد ئىبنى ۋەققاسنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ئۇنى نۇرغۇن ۋەسىيەتلەر بىلەن جەڭگە ئۇزاتتى.

قوشۇن يۈرۈپ قادىسىيەگە يېتىپ كەلگەندە ئابدۇللاھ ساۋۇت كىيىپ، مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ بايرىقىنى قوغداش ياكى شۇ يولدا شېھىت بولۇشقا ئۆزىنى ئاتاپ مەيدانغا چىقتى.

ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئۇدا ئۈچ كۈن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە شىددەتلىك جەڭ قىلدى. ئۈچىنچى كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ زور غەلىبىسى بىلەن جەڭ ئاخىرلاشتى. چوڭ بىر دۆلەت ئاغدۇرۇلۇپ، ئەينى زاماندىكى مەشھۇر پايتەخت قولغا كېلىپ بۇددىستلار دۆلىتىدە تەۋھىد بايرىقى لەپىلدىدى. بۇ جەڭدە يۈز نەپەر مۇجاھىد شېھىت بولغان بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم شېھىتلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىقىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە قانغا مىلىنىپ ياتاتتى.



www.munber.org



## ئەبۇزەر غىفارى

ئاسمان ـ زېمىن ئەبۇزەردىنمۇ سەمىمىي ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدى.

ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

تاشقى جەھەتتىن مەككە بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان ۋەددانە جىلغىسىدا غىفار قەبىلىسى ياشايتتى.

غىفارىلار قۇرەيشلەرنىڭ تىجارىتى بىلەن مېڭىۋاتقان كارۋانلارنىڭ شامغا بېرىپ ـ كېلىشتە بەرگەن ئازغىنا نەرسىلەر بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى، ئەگەر كارۋانلار رازى قىلغۇدەك نەرسە بەرمىسە، ئۇلار كارۋانلارنىڭ يولىنى توسايتتى.

ئەبۇزەر تەخەللۇسلۇق جۇندۇب ئىبنى جۇنادە بۇ قەبىلە پەرزەنتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ قوۋمىنىڭ، ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان، بۇتلىرىغا بەكمۇ ئىچى سىقىلاتتى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى، كۆز قارىشى، ئەرەبلەرنىڭ بۇزۇق ئېتىقادى ۋە ھاماقەتلىكىگە قارشى ئىدى.

ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەقىل ۋە دىللىرىنى ئويغىتىپ ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان پەيغەمبەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى.

ئەبۇزەر ئۆز يېزىسىدىكى ۋاقتىدا، مەككىدە ئاشكارا بولغان پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىدى ۋە ئىنىسى ئەنەسكە:

ــ سەن مەككىگە بېرىپ، ئۆزىنى پەيغەمبەر ۋە ئاسماندىن ماڭا ۋەھيي كېلىدۇ، دېگەن بۇ ئادەمنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىگەللىگىن ۋە ئۇنىڭدىن



www.munber.org

ئاڭلىغانلىرىڭنى ماڭا يەتكۈزگىن، — دەپ ئەۋەتتى.

ئەنەس مەككىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قايتىپ كەلدى. ئەبۇزەر ئۇنى تەشنالىق بىلەن قارشى ئېلىپ، يېڭى پەيغەمبەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىشتىياق بىلەن سورىدى. ئىنىسى:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! گۈزەل ئەخلاققا چاقىرىدىغان بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇنىڭ سۆزلىرى شېئىرغىمۇ ئوخشىمايدىغان، ناھايىتى بىر خىل جەلپ قىلارلىق ئىكەن، — دېدى.

— كىشىلەر ئۇ توغرىسىدا نېمە دەيدىكەن؟

— ساھىر، شائىر، كاھىن، — دەيدىكەن.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ تەشنالىقىمنى قانائەتلەندۈرەلمىدىڭ، مەن بېرىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈم كۆرۈپ كەلگۈچە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويالامسەن؟

— بولىدۇ، لېكىن سەن مەككىلىكلەردىن ئېھتىيات قىل.

ئەبۇزەر سەپەر تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ پەيغەمبەر بىلەن كۆرۈشۈش، ئۆزى بىۋاسىتە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئەتىسىلا يولغا چىقتى.

ئەبۇزەر مەككىگە كەلدى، ئۇ بۇ يەردىكىلەردىن يامانلىق يېتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھوشيار تۇردى.

قۇرەيشلەرنىڭ ئۆز ئىلاھلىرى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا غەزەپلىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەممەدكە ئەگەشكەنلىكىنى ئېيتقان بارلىق كىشىلەرنى ئازابلىغانلىق توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدى.

شۇڭلاشقا ئۇ مۇھەممەد توغرۇلۇق بىرەر كىشىدىن سورىمىدى، چۈنكى سورالغۇچى ئۇنىڭ دوستىمۇ ياكى دۈشمىنىمۇ ئۇ بۇنى بىلمەيتتى.

كەچ كىرگەندە ئۇ مەسجىدكە بېرىپ ياتتى، ئۇ يەردىن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئۆتۈپ، بۇ كىشىنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۇنىڭغا:

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

— ھەي ئادەم! بىزنىڭ قېشىمىزغا كەل، — دېدى ئەبۇزەر ئۇنىڭ بىلەن ماڭدى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئەتىسى ئۇ ئوزۇق خالتىسىنى ۋە تولۇمنى ئېلىپ بىر ـ بىرىدىن گەپ سوراشمايلا، مەسجىدكە قايتتى. ئۇ ئىككىنچى كۈنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇماي ئۆتكۈزدى، كەچتە مەسجىدكە بېرىپ ئۆز ئورنىدا ياتتى، ئەلى ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ:

— قونالغۇغا قايتىدىغان ۋاقىت بولمىدىمۇ؟ — دېدى. ئەبۇزەر ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كېچىنىمۇ ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى كېچىسى بولغاندا ئەلى:

— ماڭا مەككىگە كېلىش سەۋەبىڭنى ئېيتىپ بەرمەمسەن؟ دەپ سورىدى.

— مەن تەلەپ قىلغان ئىشقا ياردەم بەرسەڭ ۋە شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭغا ۋەدە بەرسەڭ دەپ بېرەي، — دېدى ئەبۇ زەر. ئەلى ۋەدە بەردى.

— مەن يىراق جايدىن يېڭى پەيغەمبەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن كەلدىم، — دېۋېدى، ئەلىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئۇ ھەق پەيغەمبەر... — دېدى ۋە

— تاڭ يورىغاندا مەن بىلەن ماڭ، ئەگەر سەندىن ئەنسىرىگىدەك بىر ئەھۋال بولسا تەرەت قىلغان بولۇپ تۇرىۋالىمەن، ئەگەر ماڭسام مەن كىرگەن ئۆيگىچە ماڭا ئەگىشىپ ماڭغىن، — دېدى.

ئەبۇزەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، پۈتۈن كېچە ئورنىدا ياتالمىدى.

ئەتىگىنى ئۇلار ماڭدى، ئۇ ھېچنەرسىگە قارىماي، ئەلىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، ئۇلار ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىغا كىردى. ئەبۇزەر:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، — دەپ سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، — دەپ جاۋاب

www.munber.org

قايتۇردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ئەبۇزەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم ئىسلامىي سالام قىلغۇچى بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق سالاملىشىش مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئومۇملاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇزەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ھەق سۆزنى ئېلان قىلىپ، يېڭى دىنغا كىردى، ئۇ ئىسلام كەلتۇرگەنلەرنىڭ تۆتىنچى ياكى بەشىنچىسى بولدى.

بۇ كەچمىشنى ئەبۇ زەر شۇنداق ئاڭلىتىدۇ:

شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە مەككىدە تۇردۇم، ئۇ ماڭا ئىسلامنى ئۆگەتتى، قۇرئان ئوقۇتتى، ئاندىن ماڭا:

— ئىسلام كەلتۇرۇگىنىڭنى مەككىدە ھېچكىمگە دېمە، ئۇلارنىڭ سېنى ئۆلتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى.

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن قۇرەيشلىكلەر ئارىسىدا ھەق سۆزنى ئاشكارا قىلمىغۇچە مەككىدىن كەتمەيمەن، — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى.

مەن قۇرەيشلىكلەر ئارىسىغا بېرىپ يۇقىرى ئاۋازىم بىلەن:

— ئى قۇرەيشلەر گۇرۇھى! بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، — دېدىم. ئۇلار سۆزۈمنى ئاڭلىشى بىلەن چۆچۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە:

— بۇ دىندىن چىققۇچىنى تۇتۇڭلار، دېيىشىپ، كېلىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب مېنى كۆرۈپ ئۇلاردىن قوغداش ئۈچۈن، مېنى قۇچاقلىۋالدى ۋە ئۇلارغا:

— ھۇ، ھالاك بولغۇچىلار، سىلەر كارۋانلىرىڭلارنىڭ ئۆتۈش يولىدىكى غىفار قەبىلىسىنىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟! — دېدى. ئۇلار مېنى



www.munber.org



قويۇۋەتتى.

مەن ھوشۇمغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردىم، ئۇ مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ:

— سېنى ئىسلام كەلتۈرگەنلىكىڭنى ئاشكارا قىلىشىڭدىن ئاگاھلاندۇرمىغانمىدىم؟— دېدى.

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بىر ھاجىتىم بار ئىدى، ئۇنى ئادا قىلدىم.

— سەن قەۋمىڭگە بار، ئۇلارنى كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىڭدىن خەۋەرلەندۇر. ئۇلارنى ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرغىن، بەلكى ئاللاھ ئۇلارغا سەن ئارقىلىق مەنپەئەت بېرىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەجىر بېرىشى مۇمكىن ئەگەر ساڭا مېنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىم ئاڭلانسا، مېنىڭ قېشىمغا كەل، — دېدى.

مەن قەۋمىمنىڭ قېشىغا باردىم، قېرىندىشىم ئەنەس يولۇقۇپ:

— نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىسلام كەلتۇرۇپ، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىشەندىم، — دېدىم. ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلام ئۈچۈن ئېچىۋەتتى.

—سېنىڭ دىنىڭدىن يۈز ئۆرمەيمەن، مەنمۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم، — دېدى ئىنىم. بىز ئانىمىزنىڭ قېشىغا كەلدۇق ۋە ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدۇق، ئۇ:

— مەن دىنىڭلاردىن يۈز ئۆرمەيمەن، — دەپ ئىسلام كەلتۇردى.»

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئائىلە كىشىلىرى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن غىفار قەبىلىسىنى ئىسلامغا چاقىرىشقا كىرىشتى، نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامغا كىردى، ئۇلار ئارىسىدا نامازلار ئوقۇلدى. ئۇ قەبىلىدىكى بەزى كىشىلەر ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگۈچە كۈتۈپ ئاندىن ئىمان ئېيتتىمىز، دېيىشتى - دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن ھامانلا ئىمان ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ غىفار



www.munber.org

قەبىلىسىنى مەغپىرەت قىلسۇن! ئۇلار ئىسلامغا كىردى، ئاللاھ ئۇلارنى سالامەت قىلسۇن!» دېدى. تاكى بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك غازاتلىرى بولۇپ ئۆتكىچە ئەبۇ زەر ئۆز قەبىلىسى بىلەن بىرگە ياشاپ شۇنىڭدىن كېيىن مەدىنىگە كېلىپ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ياشاشقا ئاتىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىشنى سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىشتەك نېمەتكە ئېرىشىپ بەختلىك بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى دائىم باشقىلاردىن بەكرەك ئەتىۋارلىدى. ئۇنىڭغا قاچانلا ئۇچرىسا خۇش تەبەسسۇم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەدىنە - مۇنەۋۋەر خوجايىنىدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىدىن مەھرۇم قالدى. ئەبۇ زەر مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامسىز ياشاشقا تاقەت قىلالماي شامغا كۆچۈپ كېتىپ ئۇ يەردە تاكى ئابۇبەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ خەلىپىلىك زامانىسىغىچە تۇردى. ئوسماننىڭ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەلىپىلىك زامانىدا ئۇ دەمەشىققە كەلدى ۋە بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى باياشات بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ راھەت پاراغەتكە ناھايىتىمۇ بەك بېرىلىپ ــ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئوسمان ئۇنى مەدىنىگە قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ مەدىنىگە كېلىپ بۇ يەردىمۇ كىشىلەرنىڭ مال دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە، بۇ ئەھۋالدىن ئۇنىڭ يۈركى ناھايىتى بەك بىئارام بولدى. ئوسمان ئۇنى مەدىنىنىڭ يىراق بىر چېتىدىكى «رەبزە» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر كەنتكە كېتىپ شۇ يەردە ياشاشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىدىن يىراق بولغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئىككى خەلىپىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ياشىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرى مېھمان بولۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ھېچقانداق بىساتى بولمىغان ئۆيىگە سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن



www.munber.org



ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئەبۇ زەر، سېنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىڭ قەيەردە؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىزنىڭ لازىمەتلىكلىرىمىز ئاۋۇ يەردىكى ئۆيدە (يەنى ئاخىرەتتىكى ئۆيدە)، بىز پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى بىز ئاشۇ ئۆيگە ئەۋەتىمىز، ــ دېدى ئەبۇزەر.

ــ لېكىن بۇ دۇنيادا ياشىشىڭلار ئۈچۈنمۇ سىلەرگە بىر نەرسىلەر كېرەكقۇ؟

ــ ئۆي ئىگىسى ئاللاھ بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ــ دېدى.

شام پادىشاھى ئۇنىڭغا خىراجەت قىلسۇن، دەپ 300 دىرھەم ئەۋەتكەندە، ئەبۇ زەر «شام پادىشاھى مەندىنمۇ بەتتەر ئاجىزراق بىرەرنى تاپالمىغانمىدۇ؟» دەپ ئۇ پۇلنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.

ھىجرىيەنىڭ 32 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئاسمان - زېمىن ئەبۇ زەردىنمۇ سەمىمىرەك بىرەرنى كۆرۈپ باقمىدى» دەپ تەرىپلىگەن زات ئەبۇ زەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئاللاھنىڭ ئەجەل ئەلچىسىگە جاۋابەن بۇ دۇنيادىن ئۆتتى.



www.munber.org

# زەيدۇلخەيرى

سەندە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان،
ئىككى خىسلەت بار: ــ سەۋرچانلىق ۋە كەڭ
قورساقلىق.

ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

«كىشىلەر مەئدەنگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىلىرى، ئىسلامدىمۇ ياخشى.» بۇ يەردە سىزگە ئۇلۇغ بىر ساھابىنىڭ ئىككى خىل ھاياتىنى بايان قىلىمىز.

ئۇنىڭ بىرسىنى جاھىلىيەتنىڭ قولى، يەنە بىرىنى ئىسلامنىڭ بارماقلىرى يېزىپ قالدۇرغان.

ئاشۇ ساھابە، كىشىلەر جاھىلىيەتتە چاقىرغىنىدەك «زەيدۇلخەيرى»، ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغىنىدەك «زەيدۇلخەيرى» ئىدى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ھاياتى توغرۇلۇق ئەدەبىي كىتابلاردا شەيبانى بەنى ئامىرلىق بىر شەيختىن مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«بىزگە قورغاقچىلىق يىلى كېلىپ، زىرائەت، چارۋىلىرىمىز ۋەيران بولدى، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر ئادەم ئائىلىسى بىلەن ھىيرە دېگەن جايغا چىقتى، ئائىلىسىنى شۇ جايدا قالدۇرۇپ، ئۇلارغا:

ــ مەن تاكى سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر بۇ يەردە مېنى كۈتۈڭلار، ــ دەپ بىرەر مال- دۇنياغا ئېرىشمىگۈچە قايتمايدىغانلىقىغا قەسەم قىلىپ ئاتلاندى. ئۇ پۈتۈن بىر كۈن مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر چېدىرنى كۆردى، چېدىرغا يېقىن جايدا باغلاقلىق بىر تاي تۇراتتى، ئۇ ئۆزىگە:





ــ بۇ غەنىمەتنىڭ ئاۋۋىلى، ــ دەپ ئۇنى يېشىشكە ئۇرۇندى، توساتتىن ئارقىسىدىن:

ــ ئۇنىڭغا چېقىلما، جېنىڭنى ساقلا، ــ دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنى تاشلاپ يولىنى داۋام ئەتتى.

ئۇ يەتتە كۈن مېڭىپ، ئاخىرى تۆگىلەر قوتىنى بار بىر جايغا كەلدى، ئۇنىڭ يېنىدا چوڭ بىر چېدىر بار بولۇپ، ئىچىدە نازۇنېمەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدىغان، تېرىدىن ياسالغان بىر گۈمبەز تۇراتتى، ھېلىقى ئادەم كۆڭلىدە: ‹بۇ قوتاندا، چوقۇم تۆگە بار، شۇنداقلا چېدىردىمۇ ئادەم بار› دەپ چېدىر ئىچىگە قارىدى، بۇ ۋاقىتتا قۇياش پېتىشقا ئاز قالغان ئىدى، ئۇ چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قېرى بىر بوۋاينى كۆردى، ئۇ بوۋاينىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى، بوۋاي بۇنى سەزمىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي قۇياشمۇ پېتىپ بىر ئاتلىق ئادەم بۇ يەرگە كەلدى، ئۇ بۇنداق قاۋۇل ئادەمنى كۆرمىگەن ئىدى، ئۇ ئېگىز ئېتىغا مىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ- سول تەرىپىدە ئىككى خىزمەتكار بار ئىدى، ئۇلار بىلەن بىرگە يۈزگە يېقىن تۆگە بولۇپ، ئالدىدا چوڭ ئەركەك تۆگە بار ئىدى، ئالدىدىكى تۆگە چۆكىشى بىلەن بارلىق تۆگىلەر چۆكتى، ئاتلىق ئادەم خىزمەتكارنىڭ بىرىسىگە:

ــ بۇنى سېغىپ، بوۋايغا ئىچكۈزگىن، ــ دەپ سېمىز بىر تۆگىنى كۆرسەتتى، خىزمەتكارى تۆگىنى ساغدى. قاچا تولغاندا بوۋاينىڭ ئالدىدا قويۇپ، يىراق تۇردى، بوۋاي سۈتتىن بىر، ئىككى يۇتۇم ئىچىپلا قويۇپ قويدى، ھېلىقى ئادەم مۇنداق دەيدۇ:

مەن بوۋاينىڭ ئالدىغا يوشۇرۇنچە بېرىپ، قاچىنى ئېلىپ سۈتنىڭ ھەممىسىنى ئىچتىم، خىزمەتكار كېلىپ قاچىنى ئالدى ۋە:

ــ ئى خوجايىن! ھەممىسىنى ئىچىپ بوپتۇ! ــ دېدى، ئاتلىق ئادەم خۇشاللىنىپ، خىزمەتكارغا: ئاۋۇنى سېغىپ بەرگىن، دەپ يەنە بىر تۆگىنى ئىشارەت قىلدى، خىزمەتكار بۇيرۇلغاننى قىلدى، بوۋاي ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇملا ئىچىپ قويدى. ئاندىن مەن يوشۇرۇنچە ئۇنىڭ يېرىمىنى ئىچتىم،

ئاتلىقنىڭ كۆڭلىدە گۇمان قوزغىماسلىق ئۈچۈن ھەممىنى ئىچمىدىم.

ئاتلىق ئادەم يەنە بىر خىزمەتكارنى قوي سويۇشقا بۇيرۇدى، قوي سويۇلۇپ بولغاندا، ئاتلىق ئادەم كېلىپ، بوۋاي ئۈچۈن گۆشتىن كاۋاپ قىلدى، ئۆز قولى بىلەن تاماقمۇ قىلدى، بوۋاي تويغاندا ئاندىن ئاتلىق ئادەم ۋە خىزمەتكارلىرى يېيىشكە باشلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتتى.

بۇ چاغدا مەن ئالدىدا ماڭدىغان تۆگە قېشىغا بېرىپ ئارغامچىسىنى يېشىپ ئۇنىڭغا مىنىپ ماڭدىم، باشقا تۆگىلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئەگەشتى، مەن پۈتۈن كېچە ماڭدىم، تاڭ ئاتقاندا ئەتراپقا قاراشقا باشلىدىم. مەن قۇياش كۆتۈرۈلگىچە ماڭدىم. تۇيۇقسىز بۇركۈت، ياكى چوڭ بىر قۇشچىلىك بىر نەرسىنىڭ يىراقتىن مەن تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، مەن ئۇنىڭ ئات ئۈستىگە مىنگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلىدىم. ئۇ ماڭا يېقىنلاشتى، مەن ئۇنىڭ تۆگىسىنى ئىزدەپ كەلگەن ئاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە تۆگىنى باغلاپ، ياچىقىمنى بەتلەپ ئوق ئۈزۈشكە تەييارلاندىم، ئۇ ئادەم ماڭا:

— تۆگىنى يېشىۋەت! دېدى.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، ھىيرەدە بىر قانچە ئاچ قالغان ئاياللار قالغان، مەن ئۇلارغا مالغا ئېرىشمىگۈچە قايتماسلىققا قەسەم قىلغان، — دېدىم. ئۇ كىشى:

— ئۇنداقتا سەن ئۆلۈپسەن، ھۇ يېتىمەك، تۆگىنى يېشىۋەت! — دەپ ۋاقىردى.

— يېشىۋەتمەيمەن.

— ۋاي سېنى! بەك كۈرەشلەپ كەتمە، ماڭا تۆگىنى چەگكەن ئارغامچىنىڭ چىگكىنى كۆرسەت، — دېدى.

ئۇنىڭدا ئۈچ چىگىك بار بولۇپ، ئۇ مەندىن قارىغا ئېتىپ قايسىسىغا تەككۈزۈشنى خالايدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئوتتۇرىدىكىگە ئىشارەت





قىلدىم. ئۇ ئوقيانى خۇددى قولىدا ئەكېلىپ سانجىپ قويغاندەكلا تۆگىنچەكتىن ئۆتكۈزدى ئاندىن ئىككىنچى ئۈچىنچىسىگە ئاتتى، بۇ چاغدا مەن ئوقنى ئوقدىنىمغا سېلىپ، تەسلىم بولدۇم. ئۇ مېنىڭ قىلىچىم ۋە ياچىقىمنى ئېلىۋېلىپ:

— ئارقامغا مىنگىن، — دېدى، مەن مىندىم. ئۇ، — مېنى قانداق قىلىدۇ، دەپ قارايسەن؟

— يامانلىق قىلارمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سېنى جاپاغا سالغىنىم ۋە ساڭا قىلغانلىرىم ئۈچۈن.

— ئاللاھ سېنى ماڭا يەتكۈزدى، سەن مۇھەلھىلنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە شېرىك بولغان، ئاشۇ كېچىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان تۇرۇقلۇق، مېنى يامانلىق قىلىدۇ، دەمسەن؟

— ئۇنداقتا سەن زەيدۇلخەيرمۇ؟

— شۇنداق.

— ياخشى ئەسىر ئالغۇچى بول.

— ساڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دەپ مېنى ئۆيىگە ئەكەلدى ۋە ماڭا:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ تۆگىلەر مېنىڭ بولغان بولسا، ساڭا بېرەتتىم، بۇلار مېنىڭ بىر ھەمشىرەمنىڭ تۆگىلىرى، سەن بىزنىڭ يېنىمىزدا بىر قانچە كۈن تۇرغىن، پات ئارىدا جەڭگە قاتنىشىپ ئۇنىڭدىن غەنىمەتكە ئېرىشمەن، — دېدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ بەنى نۇمەير قەبىلىسى بىلەن جەڭ قىلىپ، يۈزگە يېقىن تۆگىنى غەنىمەت ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بەردى، مەن بىلەن مېنى قوغداشقا بىر قانچە كىشىنى ئەۋەتتى، ئاخىرى ھىيرەگە قايتىپ كەلدىم.

مانا يۇقىرىقىلار زەيدۇلخەيرنىڭ جاھىلىيەتتىكى ھايات ھېكايىلىرى.



www.munber.org
www.munber.org

ئەمما ئۇنىڭ ئىسلام كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ھاياتى توغرىسىدا تەرجىمىھال كىتابلىرىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

زەيدۇلخەيرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چاقىرىقلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، ئۇلۇغىنى تەييارلاپ، ئادەملىرىدىن بىر قانچە كاتتىلارنى يەسرىبنى زىيارەت قىلغاچ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن بېرىشقا چاقىردى.

نەتىجىدە تەيئىن خەلقىدىن ئەلچىلەر سەپەرگە ماڭدى، ئۇلار ئىچىدە، زۇررۇبنۇ سەدۇس، مالىك ئىبنى جۇبەير، ئامىر ئىبنى جۇۋەين قاتارلىقلار... بار ئىدى. ئۇلار مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلۇغ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى تەرەپكە ماڭدى ۋە ئۇلاغلىرىنى چۆكتۈرۈپ مەسجىدكە كىردى. ئۇلار دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ۋاقتىدا كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئاڭلىغانلىرىدىن ھەيران قېلىشتى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باغلىنىپ قېلىشلىرى، سۈكۈتتە تۇرۇشلىرى ۋە سۆزلەردىن تەسىرلىنىشلىرى ئۇلارنى ئەجەپلەندۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىيارەتچىلەرنى كۆرگەندە، مۇسۇلمانلارغا:

— مەن سىلەرگە سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان ئۇززادىن ۋە بارلىق مەئبۇدلاردىن ياخشى... مەن سىلەر ئۇچۇن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان قارا تۆگىدىن ياخشى... — دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى زەيدۇلخەير ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەنلەرنىڭ قەلبىدە ئىككى خىل تەسىر پەيدا قىلدى. بەزىلىرى ھەقىقەتكە ئاۋاز قوشتى، بەزىلىرى ھەقتىن قاچتى: بىر بۆلىكى جەننەت تەرەپكە، بىر بۆلىكى دوزاخ تەرەپكە بارىدىغان يولنى تاللىدى.

يەنى زۇررۇبنۇ سەدۇس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، مۆمىن قەلبلەر ئۇنىڭغا تەلپۈنگەن، كۆزلەر ئۇنىڭغا تەلمۈرگەن يۈكسەك ئورۇندا كۆرۈپ، دىلىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ھەسەت قوزغالدى ۋە كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشۈپ يېنىدىكىلەرگە:



www.munber.org



— مەن ئەرەبلەرگە باشلىق بولىدىغان بىر ئادەمنى كۆردۇم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا بويسۇنمايمەن، دېگىنىچە شامغا يول ئېلىپ، ئۇ يەردە خرىستىئان دىنىغا كىرىپ راھىب بولۇپ كەتتى.

ئەمما زەيدۇلخەير ۋە باشقىلارنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا زەيدۇلخەيرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تۇردى، ئۇ كېلىشكەن قەددى قامەتلىك، ئېگىز بويلۇق كىشى بولۇپ، ئاتقا مىنسە ئېشەككە مىنگەندەك پۇتلىرى يەرگە سۆرىلىپ تۇراتتى، ئۇ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن شۇ يەردىلا:

— ئى مۇھەممەد! مەن بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە، گۇۋاھلىق بېرىمەن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سەن كىم؟— دەپ سورىدى.

— مەن مۇھەلھىلنىڭ ئوغلى زەيدۇلخەيلى.

— بەلكى، سەن زەيدۇلخەيرى، زەيدۇلخەيلى ئەمەس. سېنى تاغ جىلغىلاردىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئىسلامغا مايىل قىلغان ئاللاھ تائالاغا مەدھىيە بولسۇن!

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ‹زەيدۇلخەيرى› دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆيىگە ئەكەلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە بىر بۆلۈك ساھابىلارمۇ ( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە زەيدكە ياستۇق تاشلاپ بەردى، لېكىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشنى چوڭچىلىق دەپ بىلىپ، ياستۇقنى قايتۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياستۇقنى زورلاپ بەردى.

زەيد تاكى ئۈچ قېتىم قايتۇردى، كۆپچىلىك ئورۇن ئېلىپ بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدقا:



www.munber.org

— ئى زەيد! ماڭا بىر ئادەم سۈپەتلەپ بېرىلسە، مەن ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن سۈپەتلەنگىنىدىن تۆۋەنراق بولۇپ چىقاتتى، لېكىن سەن ئۇنداق ئەمەسكەنسەن، — دېدى. ئاندىن، —ئى زەيد! سەندە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت بار.

— ئۇلار قايسى؟

— سەۋرچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق.

— مېنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ياقتۇرىدىغان خىسلەت ئۈستىدە ياراتقان ئاللاھ تائالاغا مەدھىيىلەر بولسۇن! — ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، — ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا 300 ئاتلىق ئەسكەر بەرگىن، مەن رۇم دىيارىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشقا كېپىللىك قىلاي، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى زەيد! سەن نېمە دېگەن ياخشىلىقى كۆپ ئادەم؟! — دېدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام كەلتۈردى. ئۇلار نەجدىدىكى يۇرتلىرىغا قايتماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، —بۇ ھەقىقەتەن ئېسىل ئادەمكەن! ئەگەر ئۇ مەدىنىدىكى ۋابادىن ساق قالسىلا، يەنە قانچىلىغان ياخشىلىقلىرى بولاتتى؟! — دېدى.

بۇ چاغدا مەدىنە مۇنەۋۋەردە تەپ كېسىلىدىن ئىبارەت تارقىلىشچان كېسەل بار ئىدى. ئۇ مەدىنىدىن ئايرىلىپلا ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ كېسىلى كۈچەيگەن تۇرۇقلۇق، نەجدىدىكى يۇرتىغا تېز بېرىشقا ئالدىرايتتى، ئۇ خەلقى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆز قولى بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشتەك شەرەپنى ئاللاھتىن تىلەيتتى. ئەجەل ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشىپ، سەپەر ئۈستىدىلا ئۇنىڭ ئاخىرقى نەپسى ئۆزۈلدى.

ئۇنىڭ ئىسلام كەلتۈرۈشى ۋە ئۆلۈمى ئارىسىدا گۇناھ سادىر بولغۇدەك پۇرسەت بولمىدى.

ئاللاھ ئىسلام كەلتۈرۈپ، ھېچقانداق گۇناھ سادىر قىلماستىن، دۇنيادىن ئايرىلغان زەيدنى چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلسۇن، ئامىن!





## ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد

قۇرئاننى چۈشكەن پېتى ئوقۇپ ئۆزىنى خۇشال قىلماقچى بولغان ئادەم ئىبنى ئۇممۇ ئەبدى ئوقۇغاندەك ئوقۇسۇن.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن ئۆسمۈر بولۇپ كىشىلەردىن يىراق جايدا، مەككىنىڭ تاغ جىلغىلىرىدا قۇرەيشلەرنىڭ ئاقساقىلى ئۇتبە مۇئەييتنىڭ قويلىرىنى باقاتتى، كىشىلەر ئۇنى «ئىبنى ئۇمموئەبد» دەپ چاقىرىشاتتى، ئەمما ئۆز ئىسمى ئابدۇللاھ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەسئۇد ئىدى.

بۇ ئۆز مىللىتىدە ئاشكارا بولغان پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، لېكىن يېشىنىڭ كىچىكلىكى، ئارلىقنىڭ يىراقلىقى سەۋەبلىك، ئۇ خەۋەرلەرگە ئانچە دىققەت قىلمايتتى. ئۇ، ئوقبەنىڭ قويلىرىنى ئەتىگەن ئېلىپ چىقىپ تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە بېقىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى.

بىر كۈنى بۇ بالا، يىراقتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان نەۋقىران ئىككىيلەننى كۆردى.

ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئېسىللىكى چىقىپ تۇراتتى، ئۇلارغا قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەن بولۇپ، قاتتىق ئۇسساپ كەتكەچكە، لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ ئىككىيلەن ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، سالام قىلدى ۋە:

— ئى ئوغۇل! بىزگە قويلىرىڭدىن سېغىپ بەرسەڭ، ئۇسسۇلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ، تومۇرلىرىمىزنى ياشارتىۋالايلى، — دېيىشتى.



www.munber.org

— ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن، قويلار مېنىڭ ئەمەس، مەن بۇلارغا قارايدىغان ئادەم.

ئۇلار بالىنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلمىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن رازىمەنلىك ئالامەتلىرى ئاشكارا بولدى ئۇلارنىڭ بىرى بالىغا:

— ماڭا قوچقار يېقىنلاشمىغان بىر قوينى كۆرسىتىپ قوي، — دېگەندە، بالا ئۆزىگە يېقىن جايدىكى بىر چىشى پاقلاننى كۆرسىتىپ قويىدى، ھېلىقى كىشى ئۇنى باغلاپ، ئەمچىكىنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ سىغىشقا باشلىدى. بالا ھەيران بولۇپ كۆڭلىدە: «قوچقار يېقىنلاشمىغان كىچىك قويدىن قانداقمۇ سۈت چىقىدۇ؟» دېگەننى ئويلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا پاقلاننىڭ ئەمچىكىدىن سۈتلەر ھەم كۆپ، ھەم تەبىئىي چىقىشقا باشلىدى، يەنە بىر ئادەم يەردىن ئوتتۇرىسى كاۋاك بىر تاشنى ئېلىپ ئۇنى سۈت بىلەن توشقۇزدى.

— سۈتتىن ئۇ ۋە ھەمراھى ئىچىپ، ماڭىمۇ ئىچكۈزۈپ قويىدى. مەن كۆرگەنلىرىمگە ئىشىنەلمەي قالدىم... — دەيدۇ ئابدۇللاھ، — بىز ئۇسسۇلۇقىمىزغا قانغاندا، ھېلىقى مۇبارەك ئادەم پاقلاننىڭ ئەمچىكىگە ‹يىغىل!› دېدى، ئەمچەك يىغىلىپ ئەسلىگە كەلدى. بۇ چاغدا مەن ئۇ ئادەمگە، — ماڭا سىز دېگەن گەپلەرنى ئۆگىتىپ قويۇڭ، — دېدىم. ئۇ ماڭا:

— سەن ئۆگىتىلىدىغان بالا، — دېدى.

...

بۇ ئابدۇللاھنىڭ ئىسلام بىلەن بولغان ھېكايىسىنىڭ باشلىنىشى.

ھېلىقى مۇبارەك كىشى دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى، ھەمراھى ئەبۇبەكرى سىددىق ئىدى.

ئۇ كۈنى ئۇ ئىككىيلەن قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن مەككىنىڭ تاغلىرىغا قېچىپ چىققان ئىدى.

*******

بۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىنى ياقتۇرۇپ





قېلىپ، قەلبى ئۇلارغا باغلاندى، ئۇلارمۇ بۇ بالىغان قىزىقىپ، ئامانەتچان كەسكىنلىكىنى چوڭ بىلىپ، بۇ بالىدىن ياخشى ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

بۇ بالا (ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد) ئۇزاق ئۆتمەي ئىسلام كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە ئاتىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خىزمىتىگە قويدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ تەلەيلىك بالا، قوي بېقىشتىن، پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مىللەتنىڭ رەھبىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا يۆتكەلدى.

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى، ئولتۇرسا، تۇرسا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇخلىسا ئويغىتاتتى، يۇيۇنسا دالدا بولۇپ بېرەتتى، سىرتقا ماڭماقچى بولسا، ئايىغىنى كەيگۈزەتتى. كىرگەندە سالغۇزاتتى، ئۇنىڭ مىسۋاك، ھاسىلىرىنى كۆتۈرەتتى. ھۇجرىسىغا ئۇنىڭ ئالدىدا كىرەتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ خالىغان ۋاقتىدا كىرىشىگە رۇخسەت قىلغان بولۇپ، ئۇ خىجىل بولماستىن گۇناھ دەپ قارىماستىن ئۇنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنىمۇ ئىگىشايتتى، شۇڭا ئۇ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىدىغان كىشى» دەپ چاقىرىلاتتى.

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە تەربىيىلەندى، ئۇنىڭ پىرىنسىپى بويىچە ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ھەرقانداق خىسلەتتە ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ھەتتا بۇ توغرىسىدا: ئابدۇللاھ ھىدايەت ۋە ئەخلاق جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىن ئادەم دېيىلگەن.

ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇپ ساھابىلەرنىڭ ئەڭ قارىسى، قۇرئاننىڭ مەنىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئەڭ ئالىم بولدى.

بۇنىڭغا ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلگەن مۇنۇ كىشىنىڭ ھېكايىسى ئەڭ ياخشى دەلىل:



www.munber.org

ئۆمەر: ئەرەفاتتا تۇرىۋاتاتتى، ھېلىقى ئادەم ئۆمەرگە:

— ئى مۆمىنلار خەلىپىسى! مەن كۇفىدىن كەلدىم. ئۇ يەردە قۇرئاننى تولۇق يادقا ئوقۇيدىغان بىر ئادەم قالدى، — دېدى.

ئۆمەر قاتتىق ئاچچىقلاندى، ئۇ قىسمەن ۋاقىتلاردىلا مۇشۇنداق ئاچچىقلىناتتى. ھەتتا ئاچچىقلانغىنىدىن كۆپۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالدى:

— ھالىڭغا ۋاي، كىمكەن ئۇ؟!

— ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد.

ئۆمەرنىڭ ئاچچىقى پەسىيىپ تەدرىجي بېسىقتى ۋە:

— ۋاي ئىسىت سېنى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن كىشىلەر ئىچىدىن ئۇنىڭدىنمۇ بەك، بۇ ئىشقا لايىق ئادەمنىڭ قالغىنىنى بىلمەيمەن، ساڭا ئۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي، — دەپ سۆزىنى يېڭىدىن باشلىدى، —بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىدا سىردىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى، مەن ئۇلار بىلەن بىرگە ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقتى، بىز ئۇنىڭ بىلەن چىقتۇق بىر ئادەم مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بىز ئۇنى تونۇيالمىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى ۋە بىزگە:

— قۇرئاننى چۈشكەندىكىدەك ئۆز پېتى ئوقۇپ، ئۆزىنى خۇشال قىلماقچى بولغان ئادەم ئىبنى ئۇممۇئەبدىنىڭ ئوقۇغىنىدەك ئوقۇسۇن...

— دېدى، ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد دۇئا قىلىشقا باشلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— سورىغىن! بېرىلىدۇ، سورىغىن، ئېرىشىسەن...، — دېيىشكە باشلىدى.

ئۆمەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەن ئىچىمدە: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەتىگەنلىككە ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ

www.munber.org





قىلغان دۇئاسىغا ئامىن دېيىشىپ بەرگىنىدىن خۇش خەۋەر بېرىمەن› دەپ ئويلىدىم. مەن ئەبۇبەكرىنىڭ مەندىن بۇرۇن كېلىپ بولغانلىقىنى بىلدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەبۇبەكرى ھەرقانداق بىر ياخشىلىقتا مەندىن ئۆتۈپ كېتەتتى.»

ئابدۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىلىشى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇ مۇنداق دەيتتى:

— يەككە يېگانە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللاھنىڭ كىتابىدىن چۈشكەن ھەرقانداق بىر ئايەتنى قەيەردە، نېمە توغرىسىدا چۈشكەنلىكىنى، بىلىمەن، ئەگەر مەن بىرەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى مەندىن ياخشىراق بىلىدىغىنىنى ئۇقسام، مۇمكىن بولسىلا ئۇنىڭ قېشىغا بارىمەن.

ئۇ دېگەن سۆزىدە ئاشۇرىۋەتمىگەن ئىدى. ئۆمەر ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر سەپىرىدە بىر كارۋانغا ئۇچراپ قالىدۇ. كېچە تۇمانلىق بولۇپ كارۋانلار بىر - بىرنى كۆرەلمەيتتى، بۇ كارۋانلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھمۇ بار ئىدى. ئۆمەر بىر كىشىنى بۇ كارۋانلارغا توۋلاشقا بۇيرۇدى: ئۇ كىشى:

— سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — دەپ توۋلىدى.

— يىراق ۋادىدىن.

— قەيەرگە بارىسىلەر؟

— قەدىمىي ئۆيگە،

ئۆمەر قېشىدىكىلەرگە:

— بۇ كارۋانلار ئىچىدە چوقۇم بىلىملىك ئادەم بار ئىكەن، —دەپ بىر ئادەمنى، — قۇرئاننىڭ قايسىسى ئەڭ بۈيۈك؟ — دەپ سوراشقا بۇيرۇدى.

— ﴿بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر، مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇيقۇ باسمايدۇ،...﴾ — دەپ جاۋاب بېرىلدى.

— قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتى ھېكمەتلىك؟

— ﴿ئاللاھ ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، يېقىن تۇغقانلارغا

www.munber.org

خەيرى ئىسھان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾.

— قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتى ئەڭ ئومۇمىي؟

— ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپىتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾.

— قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتى ئەڭ قورقىتارلىق؟

— ﴿بەخت — سىلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن جازالىنىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن باشقا دوست ۋە مەدەتكار تاپالمايدۇ﴾.

— قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتى ئەڭ ئۈمىدلەندۈرەرلىك؟

— ﴿ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن ئېيتقىنكى، جىنايەتكار بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئۇ خالىغان گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بارمۇ؟

— شۇنداق، بار!

ئابدۇللاھ — قارى، ئىبادەتكار، تەقۋا، بولۇپىلا قالماي، يەنە كۈچلۈك، كەسكىن جەڭ قىلغۇچى، ئىش چىڭىغا چىقسا قەيسەر ئىدى.

ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇغان يەر يۈزىدىكى تۇنجى مۇسۇلمانلىقى كۇپايە.

بىر كۈنى مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى يىغىلدى، ئۇلار ئاز ۋە ئاجىز ئىدى. ئۇلار:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قۇرەيشلەر قۇرئاننىڭ ئۈنلۈك ئوقۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىم ئۇلارغا قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ؟ — دېيىشتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد:



www.munber.org



— مەن ئوقۇي.

— بىز ئۇلارنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيمىز، بىز قوغدىيالايدىغان ۋە ئۇلاردىن توسۇپ قالالايدىغان ئۇرۇق تۇغقانلىرى بار ئادەمنى دېمەكچى ئىدۇق.

— مېنى قويۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ مېنى قوغداپ ئۇلارنى توسىدۇ، — ئابدۇللاھ ئەتىسى ئەتىگىنى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ماقامى ئىبراھىمغا كەلدى، قۇرەيشلىكلەر كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشاتتى، ئۇ ماقامى ئىبراھىمدا تۇرۇپ:

— ﴿مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھىپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)، ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى...﴾ دەپ ئوقۇشقا باشلىدى. —[سۈرە رەھمان 1 — 4 - ئايەتكىچە]

— ئىبنى ئۈممۇئەبدى نېمە دەۋاتىدۇ؟ يوقالسۇن، ئۇ مۇھەممەد ئوتتۇرىغا قويغان نەرسىنىڭ بەزىسىنى تىلاۋەت قىلىۋاتىدىغۇ؟... — دېيىشتى قۇرەيشلەر.

ئۇلار ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ تەستىكىگە ئۇرۇشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ، ئوقۇشنى توختاتماستىن تاكى ئاللاھ يەتكۈزۈشنى خالىغان جايىغىچە ئوقۇدى... ئاندىن ساھابىلەر قېشىغا قايتتى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن قانلار ئېقىۋاتاتتى، ساھابىلەر:

— بىز سىنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئىش مۇشۇ ئىدى، — دېيىشتى.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ھازىر مېنىڭ نەزىرىمدە ئاجىز ئىكەن، خالىساڭلار ئەتە يەنە بېرىپ مۇشۇنداق قىلاي.

— ياق بۇ يېتەرلىك، سەن ئۇلارغا، ئۇلار يامان كۆرىدىغان نەرسىنى ئاڭلىتالىدىڭ.

ئابدۇللاھ ئوسمان خەلىپە بولغان دەۋرىگىچە ياشىدى، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوسمان ئۇنى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭدىن:



www.munber.org

ـــ قەيىرىڭ بەك بىئارام قىلىۋاتىدۇ؟

ـــ مېنىڭ گۇناھلىرىم.

ـــ كۆڭلۈڭ نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟

ـــ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى.

ـــ ساڭا بىر قانچە يىلدىن بېرى ئىلىشقا ئۇنىمغان نېسۋىلىرىڭنى بۇيرۇپ بېرەيمۇ؟!

ـــ ياق، ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق.

ـــ سېنىڭدىن كېيىن قىزلىرىڭ ئىشلىتەر.

ـــ سەن قىزلىرىمنىڭ كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىۋاتامسەن؟ مەن ئۇلارنىڭ ھەر كېچىسى سۈرە «ۋاقىئە» نى ئوقۇشقا بۇيرىدىم،... مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى سۈرە ۋاقىئەنى ئوقۇسا، مەڭگۇ كەمبەغەللىق، موھتاجلىق يەتمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئابدۇللاھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن ۋاقتىدا تىللىرى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن نەم، ئايەت ئوقۇش بىلەن ھۆل ئىدى...

www.munber.org





## سالمان پارسى

سالمان بىزنىڭ ئائىلە كىشىلىرىدىن.

ـــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

بىزنىڭ بۇ ھېكايىمىز، ئاللاھ توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ھەقىقەتەن كەينىدىن يۈگۈرگۈچى سالمان پارسى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن) نىڭ ھېكايىسى.

ئۇ كەچمىش ھېكايىلىرىنى شۇنداق بايان قىلىدۇ:

مەن جەييان دەپ ئاتىلىدىغان كەنتنىڭ ئەسفىھان جەمەتىدىكى فارسلىق يىگىت ئىدىم. دادام شۇ كەنتنىڭ باشلىقى، بايلىقى ھەممىدىن كۆپ، مەرتىۋىسى ھەممىدىن يۇقىرى ئادەم ئىدى. تۇغۇلۇشۇمدىن بېرى ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. مەن چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى كۈچىيىپ، ھەتتا مەندىن ئەنسىرەپ قىزلارغا ئوخشاش ئۆيدىن باشقا يەرلەرگە بارغۇزمايتتى.

مەن زەردۇشت (ئوتقا چوقۇنىدىغان دىن) دىنىنى تىرىشىپ ئۆگەندىم. ھەتتا بىر چوقۇنىدىغان ئوتنىڭ قارىغۇچىسى بولۇپ، ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئوت يېقىش ئىشى ماڭا تاپشۇرۇلدى.

دادامنىڭ چوڭ بىر پارچە تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، بىزگە نۇرغۇن كىرىم كىرەتتى، دادام ئۇ يەرنى ئۆزى باشقۇراتتى كىرىمنى يىغاتتى، بىر قېتىم مۇھىم بىر ئىش سەۋەبىدىن ئۇ يەرگە بارالمىدى ـ دە، مېنى چاقىرىپ:

ـــ ئى ئوغلۇم! كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئېتىزلىققا بارالمايدىغان بولدۇم، سەن بېرىپ بۈگۈنچە ئۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرساڭ، ـــ دېدى. مەن ئېتىزلىققا قاراپ ماڭدىم. يولدا خرىستىئانلارنىڭ چىركاۋى يېنىدىن ئۆتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم، ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان

www.munber.org

ئىكەن. بۇ مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى.

دادام مېنى ئۇزاق مەزگىل جەمئىيەت كىشىلىرىدىن ئايرىۋەتكەچكە، جەمئىيەت ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم بەك ئاز ئىدى. شۇڭا خىرىستىئان ۋە باشقا دىندىكىلەرنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئىچىگە كىردىم. مەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ نامىزى مېنى جەلپ قىلىۋالدى. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ بىزنىڭ چوقۇنۇۋاتقان دىنىمىزدىن ياخشى ئىكەن... » دېدىم.

ئۇلارنىڭ قېشىدىن تاكى قۇياش پاتقىچە قايتمىدىم، دادامنىڭ ئېتىزلىقىغىمۇ بارمىدىم، مەن چېركاۋدىكىلەردىن سورىدىم:

— بۇ دىنىمىزنىڭ ئەسلى مەنبەسى قەيەردە؟

— شام دىيارىدا.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئائىلەمگە كەلدىم، دادام مەندىن نېمە قىلغانلىقىمنى سوراشقا باشلىدى. مەن:

— ئى ئاتا! مەن كېتىۋېتىپ، چېركاۋدا ناماز ئوقۇۋاتقان بىر بۆلۈك كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر شۇ يەردە بولدۇم.

— ئى ئوغلۇم! ئۇ دىندا ھەرگىز ياخشىلىق يوق، ئۆزۈڭنىڭ دىنى ئۇلارنىڭ دىنىدىن كۆپ ياخشى.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئۇلارنىڭ دىنى بىزنىڭ دىنىمىزدىن ياخشى.

دادام بۇ ئەھۋاللاردىن قورقتى. مېنىڭ ئەسلى دىنىمدىن چىقىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ مېنى كىشەنلەپ ئۆيىگە سولاپ قويدى.

مەن پۇرسەت كەلگەندە خىرىستىئانلارنىڭ قېشىغا:

— ئەگەر شامغا بارىدىغانلار كېلىپ قالسا مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭلار دەپ ئادەم ئەۋەتتىم.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەرگە بارىدىغانلار كەپتۇ، ئۇلار ماڭا خەۋەر قىلىشتى.



www.munber.org



مەن كىشەندىن بوشىنىپ، يوشۇرۇنچە ئۇلار بىلەن يولغا چىقىپ، شامغا يېتىپ كەلدۇق، مەن چۈشۈپلا كىشىلەردىن:

— بۇ دىندىكى ئەڭ ياخشى ئادەم كىم؟ — دەپ سورىدىم.

— چېركاۋدىكى باش روھانى.

مەن ئۇ باش روھانىنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇنىڭغا:

— مەن دىنىڭلارغا قىزىقىمەن سىنىڭ قېشىڭدا سىنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇشنى، سەندىن تەلىم ئېلىشنى ۋە سەن بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلىشنى خالايمەن، — دېدىم.

— كىرگىن!...

مەن، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا كىرىشتىم، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئانچە ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى سەزدىم. ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ساۋابىغا قىزىقتۇراتتى، ئەگەردە ئۇلار ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىشقا نەرسە بەرسە، ئۇنى ئۆزى ئۇچۈن يوشۇراتتى، كەمبەغەللەرگە بەرمەيتتى، ھەتتا ئۇ يەتتە كوزا ئالتۇن يىغىدى. مەن بۇ كۆرۈۋاتقان ئىشلىرىم تۈپەيلى ئۇنى ناھايىتى يامان كۆردۈم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئۆلدى، خىرىستىئانلار ئۇنى دەپنە قىلىشقا يىغىلغاندا مەن ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ بۇ ئادىمىڭلار ئەسكى ئادەم ئىكەن، ئۇ سىلەرنى سەدىقىگە بۇيرۇپ، سىلەر ئەكەلسەڭلار ئۇنى ئۆزىگە يوشۇرۇپ، مىسكىنلەرگە ھېچنەرسە بەرمەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى، — دېدىم.

— سەن بۇ ئىشنى قانداق بىلدىڭ؟

— سىلەرگە ئۇ مال - دۇنيا يىغقان جاينى كۆرسىتەي.

— بولىدۇ، بىزگە كۆرسەت.

مەن ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويدۇم، ئۇلار ئالتۇن كۈمۈش قاچىلانغان يەتتە كوزىنى ئېلىپ چىقىپ كۆرۈپ، ھەممىسى بىردەك:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى دەپنە قىلمايمىز، — دېيىشىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى دارغا ئېسىپ، چالما - كېسەك قىلدى.



www.munber.org

www.munber.org

بۇ ئىش بولۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۇلار يەنە بىر ئادەمنى ئۇنىڭ ئورنىغا تىكلىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا بولدۇم. مەن دۇنياغا ئۇنىڭدىنمۇ تەقۋا، ئاخىرەتكە بۇ كىشىدەك قىزىقىدىغان، كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەتكە ئادەتلەنگەن بىرەرسىنى كۆرمىگەن ئىدىم. مەن بۇ كىشىنى ئىنتايىن ياخشى كۆردۈم. بىر مەزگىل ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدۇم. ئۇ سەكراتقا چۈشكەندە:

ــ ئى پالانى! مېنى كىمگە تاپشۇرىسىز كىم بىلەن بولۇشۇمغا بۇيرۇيسىز؟ ــ دېدىم. ئۇ:

ــ ئى ئوغلۇم! مەن مەۋسىل دېگەن جايدىكى، بىر ئادەمدىن باشقىسىنىڭ بۇ دىنىمىزدا مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئۇ پالانى بولۇپ، ئۆزگەرمەي، ئازماي تۇرغان، سەن ئۇنىڭغا قوشۇلغىن، ــ دېدى.

مەن مەۋسىلدىكى ئادەمگە قوشۇلدۇم، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە كەچۈرمىشىمنى سۆزلەپ:

ــ پالانى ئۆلۈش ئالدىدا، سىزگە قوشۇلۇشۇمغا بۇيرۇپ، سىزنىڭ ھەقىقەتكە چىڭ يېپىشقانلىقىڭىزنى خەۋەر قىلغان، ــ دېدىم.

ــ مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىن، ــ دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭمۇ ياخشىلىقىنى ھېس قىلدىم، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭغا ئەجەل كەلدى، ئۆلۈش ئالدىدا، مەن ئۇنىڭدىن:

ــ ئى پالانى! سىزگە ئاللاھ تائالانىڭ ئەجىلى كەلگىلىۋاتىدۇ، سىز مېنى كىمگە قوشۇلۇشىمغا بۇيرۇيسىز؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ئى ئوغلۇم! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، نەسىيبىن دىكى بىر ئادەمدىن باشقىلارنىڭ بىزنىڭ دىنىمىزدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، سەن ئۇنىڭغا قوشۇلغىن، ئۇ پالانى، ــ دېدى.

بۇ ئادەم لەھەتكە قويۇلغاندا مەن نەسىيبىنلىك كىشىگە قوشۇلدۇم ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھىمنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇشۇمنى ئېيتقانلىقىنى دېدىم.

ــ بويتۇ، قالغىن، ــ دېدى ئۇ.

مەن، بۇ ئادەمنىڭمۇ، ئىككى ھەمراھىمدەك ياخشىلىق ئۈستىدە





www.munber.org

تۇرغانلىقىنى بايقىدىم، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭغىمۇ ئەجەل كەلدى. ئۆلۈش ئالدىدا مەن:

ــ سەن ئەمدى مېنى كىمگە تەۋسىيە قىلىسەن؟ ــ دېدىم.

ــ ئى ئوغلۇم! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئەرمۇنىيەدىكى بىر كىشىدىن باشقىسىنىڭ بىزنىڭ يولدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئۇ پالانى، ئۇنىڭغا قوشۇلغىن، ــ دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدا تۇرۇشنى ئېيتتى، ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئۇمۇ، ياخشىلارنىڭ يولىدىكى ئادەم ئىكەن، مەن ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، بىر قانچە قوي ـ كالىغا ئىگە بولدۇم، ئۇزون ئۆتمەي، ئۇنىڭغىمۇ ئاللاھنىڭ قازاسى كەلدى، ئۆلۈش ئالدىدا مەن ئۇنىڭغا:

ــ سىز مېنىڭ ئىشلىرىمنى بىلىسىز، مېنى كىمگە قالدۇرۇسىز، نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇيسىز؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ئى ئوغلۇم! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن يەر يۈزىدە بىرەرسىنىڭ بىزنىڭ يولىمىزغا چىڭ يېپىشىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن... لېكىن ئەرەبلەر زېمىنىدىن ئىبراھىمنىڭ دىنى بىلەن ئەۋەتىلىدىغان بىر پەيغەمبەرگە ئاز قالدى. ئۇ ئۆز زېمىنىدىن تاشلىق، خورمىلىق زېمىنىغا ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاشكارا ئالامىتى بار، ئۇ ھەدىيە يەيدۇ، سەدىقە يېمەيدۇ. تاغاق سۆڭۆكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەرلىك تامغىسى بار، ئەگەر سەن ئاشۇ يۇرتقا بارالىساڭ بارغىن، ــ دېدى ئۇ.

ئۇ ۋاپات بولدى، مەن ئۇ يەردە تاكى «كىلاب» قەبىلىسىدىكى بىر تۈركۈم سودىگەرلەر ئۆتكىچە تۇردۇم ۋە ئۇ سودىگەرلەرگە:

ــ مېنى ئەرەبلەرنىڭ يۇرتىغا ئاپىرىپ قويساڭلار سىلەرگە بۇ قوي، كالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن، ــ دېدىم.

ــ بولىدۇ، سېنى ئاپىرىپ قويايلى، ــ دېيىشتى.

مەن ئۇلارغا قوي ـ كالىلىرىمنى بەردىم، ئۇلار مېنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى، بىز ۋادىل قوراغا كەلگەندە ئۇلار مېنى ئالداپ، بىر يەھۇدىيغا

سىتتۇەتتى، مەن ئۇ يەھۇدىينىڭ خىزمىتىدە بولدۇم، ئۇزۇن ئۆتمەي بەنى قۇرەيزىدىكى تاغىسىنىڭ ئوغلى خوجايىنىمنى يوقلاپ كېلىپ، مېنى سېتىۋالدى، مېنى مەدىنىگە ئەكەلدى، مەن مەدىنىدە، ئەمۇرىيەدىكى ھەمراھىم بايان قىلغان خورما باغلىرىنى كۆرۈپ، ئۇ سۈپەتلىگەن سۈپەت بويىچە، بۇ يەرنىڭ مەدىنە ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە ئۇ يەردە تۇردۇم.

شۇ چاغلاردا پەيغەمبەر مەككىدە ئۆز كىشىلىرىنى دىنغا دەۋەت قىلىۋاتقان ئىكەن، لېكىن مەن قۇللۇق مەجبۇرلىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن.»

******

ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مەن خوجايىنىمنىڭ خورمىسى ئۈستىدە، ئىشلەۋاتاتتىم، خوجايىنىم ئۇنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى كېلىپ:

— ئاللاھ قەيلە قەبىلىسىنى ھالاك قىلىۋەتسۇن، ئۇلار مەككىدىن بۈگۈن كېلىدىغان، ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىۋالغان بىر كىشىنى كۈتۈش ئۈچۈن قۇباغا جەم بوپتۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزنى ئاڭلاپلا، ماڭا تەپ كېسىلدەك بىر نەرسە يېتىپ تىترەپ كەتتىم، ھەتتا خورما تۈۋىدىكى خوجايىنىمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپلا چۈشتۇم ۋە ھېلىقى ئادەمگە:

— نېمە دېدىڭ؟ ماڭا خەۋەرلەرنى قايتا سۆزلەپ بەرگىنە، — دېدىم.

خوجايىنىم ئاچچىقلىنىپ، مېنى بىر كاچات سالدى ۋە:

— ساڭا بۇنى سوراپ نېمە كەپتۇ؟ ماڭ ئىشىڭنى قىل! — دېدى.

...

كەچ كىرگەندە ئۆزۈم يىغىپ قويغان خورمىدىن ئازراق ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكەن جايغا ماڭدىم، قېشىغا كېلىپ:

— مەن سېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم، سەن بىلەن بىرگە مۇساپىر، ھاجەتمەن دوستلىرىڭ بار ئىكەن، بۇ مەن سەدىقە ئۈچۈن





يىغىپ قويغان نەرسە، سىلەرنى بۇ سەدىقىگە ھەقلىق دەپ قارايمەن، دەپ خورمىلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ ھەمراھلىرىغا:

— يەڭلار!... — دېدى، لېكىن ئۆزى يېمىدى مەن كۆڭلۈمدە: بۇ بىرىنچىسى، دېدىم.

قايتىپ خورما يىغىشقا باشلىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادىن مەدىنىگە يۆتكەلگەندە، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سېنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىڭنى كۆردۈم، بۇ سېنى ھۆرمەتلەپ بەرگەن سوۋغىتىم، — دېدىم.

ئۇ خورمىلاردىن يېدى ۋە ساھابىلىرىنىمۇ يېيىشكە بۇيرۇدى، ئۇلارمۇ يېدى، مەن ئىچىمدە:

— بۇ ئىككىنچىسى ... — دېدىم.

كېيىن مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم، غەرقەد قەبرىستانلىقىدا بىر ساھابىنى دەپنە قىلىۋاتقان ئىكەن، مەن ئۇنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى ئۈچىسىدا يېپىنچا بارلىقىنى كۆردۈم، مەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئەمۇرىيەدىكى دوستۇم سۈپەتلىگەن پەيغەمبەرلىك تامغىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچىسىغا قاراشقا باشلىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلدى ۋە دەرھال ئۈچىسىدىن رىداسىنى ئالدى، مەن تامغىنى كۆردۈم ۋە ئۇنى تونۇدۇم، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تاشلاپ، سۆيۈپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇ مەندىن:

— سەن بۇنى قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى، ھەتتا ساھابىلارنىڭمۇ ئاڭلىشىنى خالىدى، مەن ئۇلارغىمۇ سۆزلەپ بەردىم. ئۇلارمۇ ئاڭلىدى ۋە چەكسىز خۇرسەن بولدى.»

پۈتۈن ماكاندىن ھەقىقەتنى ئىزدىگەن سالمان پارىسىغا سالاملار بولسۇن!

ھەقنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن سالمان پارىسىغا سالام بولسۇن!



www.munber.org

ۋاپات بولغان ۋە قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە ئۇنىڭغا تۈمەن مىڭ سالاملار بولسۇن!...





## ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بار،
بۇ مىللەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئەبۇ ئۇبەيدە.

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ئەبۇ ئۇبەيدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، قەددى قامەتلىك، ئىگىز بويلۇق، ئورۇق، زىلۋا ئادەم بولۇپ، قارىغۇچىنىڭ كۆزى راھەتلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان كىشى چىقىشىپ دوست بولۇپ قالىدىغان خۇش تەبىئەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە ناھايىتى كەمتەر، شەرمى ـ ھايالىق كىشى ئىدى. بىراق مەرتلەر سىنىلىدىغان مەيدانلاردا بولسا خۇددى ھۇجۇمغا تەييارلانغان يولۋاسقا ئايلىناتتى.

مانا بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەرراھ بولۇپ «ئەبۇ ئۇبەيدە» دەپ ئاتالغان. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئۇنى سۆپەتلەپ: «قۇرەيش قوۋمى ئىچىدە يۈزى ئەڭ نۇرلۇق، ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل، ناھايىتى ھايالىق، ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدىغان، باشقىلارنىمۇ يالغانچىغا چىقارمايدىغان ئۈچ ئادەم بولۇپ ئۇلار — ئەبۇبەكرى، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە» دېگەن ئىدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلامغا كىرگۈچىلەردىن بولۇپ، ئەبۇبەكرىدىن بىر كۈن كېيىن ئەبۇبەكرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىمان ئېيتقان. ئەبۇبەكرى ئۇنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئەرقەم ئىبنى ئەبۇل ئەرقەملەر بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن



www.munber.org

ئۇ بۇيۇك ئىسلام دىنىنىڭ تايانچ تۈۋرۈكلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە باشقا مۇسۇلمانلار بېشىدىن كەچۈرگەن ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇ دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ھېچقانداق بىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تارتمىغان ئېغىر ئازاب ئوقۇبەتلەرنى تارتتى. لېكىن ئۇ ھېچقانداق تەۋرەنمەي ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولدى. بەدرى ئۇرۇشدا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن سىناق ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان سىناقلاردىن ئىدى.

بۇ كۈنى ئەبۇ ئۇبەيدە ئۆلۈمدىن قورقماس جاسارىتى بىلەن دۈشمەن سېپىنى يېرىپ يۈرۈپ جەڭ قىلدى. ئۇنىڭ جاسارىتى دۈشمەنلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، قۇرەيشلەرنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ ئۇنىڭ ھۇجۇمىدىن ئېھتىيات قىلىشىپ ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشاتتى. لېكىن ئۇلار ئىچىدىكى بىر ئادەم، ئۇ ھەر بىر ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىۋالاتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇ ئادەمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇرىشىشتىن قاچاتتى.

ھېلىقى ئادەم ھۇجۇمىنى كۈچەيتكىلى تۇردى، ئەبۇ ئۇبەيدە ھە دەپ ئۇ ئادەمگە ھۇجۇم قىلىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن باشقا دۈشمەنلەر ئارىسىدا تۇرۇۋېلىپ ئاخىردا ئۇنىڭ سەۋرى قاچىسىنى تاشتۇرىۋەتتى. ئۇ چىداپ تۇرالماي قىلىچ بىلەن ئالدىدىكى ئۇ ئادەمنى چېپىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، ئۇ ئادەم يەرگە يىقىلدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان سىز ئۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ بولسىمۇ ھېچكىمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بىر شەخس بولۇپ، دەل ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ ئاتىسىدۇر.

ئەبۇ ئۇبەيدە ئۆز ئاتىسىنى چېپىپ تاشلىدى. ياق، ئۇ ئاتىسىنى ئەمەس بەلكى ئاتىسىنىڭ دىلىدىكى شېرىك ئەقىدىسىنى چېپىپ تاشلىغان ئىدى، ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللا تائالا: ﴿ئاللاھ ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى —



www.munber.org



ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن، ئەنە شۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى. ئاللا ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ دېدى.

ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىش بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا بولغان سادىقلىقى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نۇرغۇنلىغان روھلار ھەۋەس قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى.

مۇھەممەت ئىبنى جەئفەر رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«خرىستىئانلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەلچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئى ئەبۇ لقاسىم! بىزگە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ئىشتا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن ساھابىلىرىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان بىرىنى ئەۋەتكىن. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە سىلەر رازى بولغۇدەك ھۆكۈم چىقارغۇچىلارسىلەر، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سىلەر كەچتە كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ناھايىتى ئىشەنچلىك بىرسىنى قوشۇپ بېرىمەن،— دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

— مەن ئۇ كۈنى پېشىن نامىزى ئۈچۈن مەسجىدكە بۇرۇن چىقتىم، گەرچە مەن ھوقۇققا قىزىقمىساممۇ لېكىن شۇ كۈنى ئاشۇ ئىشەنچلىك كىشىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى تولىمۇ ئۈمىد قىلدىم. پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپقا تەكشى نەزەر سېلىپ چىقتى، مەن مېنى چاقىرىپ قالسىكەن، دەپ بويىنۇمنى سوزۇپ قاراپ كەتتىم، بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى ئەبۇ ئۇبەيدىنى كۆرگىچە ھەممە ياققا قاراپ ئۇنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنى

چاقىرىپ:

— سەن ئۇلار بىلەن بىرگە بېرىپ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ئىشتا ئۇلار ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىپ كەلگىن! — دېدى. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: ‹بۇ شەرەپكە ئۇ ئېرىشىۋالدى› دېدىم.»

ئۇ ئىشەنچلىك بولۇپلا قالماي يەنە ناھايىتى ئامانەتدار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىسلىتى نۇرغۇن ئىشلاردا ئىپادىلەنگەن ئىدى، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇرەيشلەردىن بىرقانچە كىشى بىلەن كارۋانلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار بىلەن بىر تۇلۇم خورمىمۇ بەردى. ئوزۇقلۇق ئۇچۇن بۇنىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ھەر بىر ئادەمگە بىر تاللا خورما بېرەتتى، كىشىلەر بۇ خورمىنى شورايتتى، ئاندىن سۇ ئىچەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ بىر كېچە كۈندۈزلۈك ئوزۇقى ئىدى.

ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولغاندا مۇشرىكلارنىڭ باشلىقلىرى: «بىزگە مۇھەممەدنى كۆرسىتىڭلار! بىزگە مۇھەممەدنى كۆرسىتىڭلار!» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. ئەنە شۇ ھالقىلىق ۋاقىتتا ئەبۇ ئۇبەيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جان پىدالىق بىلەن قوغداپ تۇرغان ئون ساھابىنىڭ بىرى ئىدى. جەڭ ئاخىرلاشقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇل چىشى چۇشۇپ، چېكىسى يېرىلىپ، ساۋۇتىنىڭ ئىككى تال ھالقىسى ئۇنىڭ مەڭزىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئەبۇ بەكرى كېلىپ ھالقىنى ئالماقچى بولغان ئىدى، ئەبۇ ئۇبەيدە:

— مەن قەسەم قىلايكى! بۇ ئىشنى ماڭا قوي! — دېدى.

ئابا بەكرى ئۇنىڭغا بەردى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئەگەر قولى بىلەن تارتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار يېتىشتىن ئەنسىرەپ ھالقىنى ئۇدۇل چىشى بىلەن تارتقان ئىدى ئۇنىڭ ئۇدۇل چىشى چۇشۇپ كەتتى. ئاندىن يەنە بىر ئۇدۇل چىشى بىلەن ھالقىنىڭ يەنە بىرىنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئۇدۇل چىشىمۇ چۇشۇپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى:

— ئەبۇ ئۇبەيدە چىشى چۇشۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولدى، — دېدى.





ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدىكى بارلىق غازاتلارغا تولۇق قاتناشقانىدى.

سەقىفە كۈنى (يەنى ئەبۇ بەكرى سىددىق خەلىپىلىككە ئولتۇرغان، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىنغان كۈن) ئۆمەر ئەبۇ ئۇبەيدىگە:

— قولىڭنى ئاچ، مەن ساڭا بەيئەت قىلاي! چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر مىللەتنىڭ بىر ئىشەنچلىك ئادىمى بار، سەن بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، — دەيدۇ. ئەبۇ ئۇبەيدە:

— مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا ئىمام بولۇشقا بۇيرىغان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىمام بولغان ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيمەن، — دېدى. ئاندىن ئۇ ئەبۇ بەكرى سىددىققا بەيئەت قىلدى ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشلىرىدا ياخشى مەسلەكداش، ياخشى ياردەمچى بولۇپ قالدى.

خەلىپىلىك ۋەزىپىسى ئۆمەرگە كەلگەندە ئۇ يەنە خەلىپە ئۆمەرگە بەيئەت قىلىپ ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولۇپ، تۆۋەندە ھېكايە قىلىنماقچى بولغان بىر ئىشتىن باشقا ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمىدى.

سىز ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغان ئىشنىڭ زادى قايسى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقامسىز؟

بۇ ئىش ئەبۇ ئۇبەيدە شام دىيارىدا تۇرغان چاغلىرىدا يۈز بەرگەن ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق پۈتكۈل شام زېمىنىنى فەتھى قىلغانغا قەدەر ئۇ شام دىيارىدىكى مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئىشغال قىلىنغان رايونلارنىڭ دائىرىسى شەرقتە فۇرات دەرياسىغىچە، شىمالدا كىچىك ئاسىياغىچە كېڭەيگەنىدى.

بۇ مەزگىلدە شام دىيارىدا ئەزەلدىن ئاز كۆرۈلىدىغان ۋابا كېسىلى تارقاپ نۇرغۇن كىشىلەر ھالاك بولۇشقا باشلىدى. خەلىپە ئۆمەر ئەبۇ ئۇبەيدەدىن ئەنسىرەپ ئاخىرى ئۇنىڭغا:



www.munber.org

— ساڭا جىددىي ھاجىتىم بار، سەندىن باشقا بىرى بۇ ئىشنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدۇ، تېز قايتىپ كەل، — دېگەن مەزمۇندا خەت يازىدۇ. ئۇ ئۆمەرنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن:

— مەن مۆمىنلەرنىڭ باشلىقىنىڭ ھاجىتىنى بىلدىم، ئۇ ھايات قالالمايدىغان بىر ئادەمنىڭ ھايات قېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ھەمدە مۇنداق دەپ جاۋاب خەت يازدى: «مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! سىزنىڭ ماڭا بولغان ھاجىتىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، مەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا قازادىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشنى لايىق كۆرمەيمەن، ھەتتا ئاللاھ ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا ئۆز ھۆكۈمىنى چىقارغىچە مەن ئۇلاردىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن، سىز بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان مېنى بۇيرۇقىڭىزدىن ئازاد قىلىۋېتىڭ ھەم مېنىڭ بۇ يەردىن كەتمەسلىكىمگە رۇخسەت قىلىڭ» دەپ جاۋاب يازدى.

ئۆمەر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ يىغلاپ كەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ بۇ قەدەر قاتتىق يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ:

—ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئەبۇ ئۇبەيدە ئۆلۈپتىمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ياق، لېكىن، يېقىنلىشىپ قاپتۇ، — دېدى.

ئۆمەرنىڭ گۇمانى راست چىقتى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەبۇ ئۇبەيدە ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ئۆلۈم ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا ئۇ قوشۇندىكىلەرگە مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى:

— مەن سىلەرگە شۇنداق بىر ۋەسىيەت قالدۇرايكى، ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلساڭلار داۋاملىق ئۇستىدە تۇرۇۋسىلەر، — دېدى ۋە مۇنۇ ۋەسىيەتنى قىلدى، — «ناماز ئوقۇڭلار، رامىزان روزىسىنى تۇتۇڭلار، سەدىقە قىلىڭلار، ھەج قىلىڭلار، كىشىلەرنى ھەققە تەۋسىيە قىلىڭلار، رەھبەرىڭلارغا نەسىھەت قىلىڭلار، يەنى ئۇلار بىرەر ئىشتا خاتالاشسا ئۇ خاتاسىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويۇڭلار، ئۇلارنى ئالدىماڭلار يەنى خاتا قىلغان ئىشلىرىنى

www.munber.org





كۆرسىتىپ بەرمەي قالماڭلار، مال- دۇنيا سىلەرنى ھالاك قىلمىسۇن. ئىنسان مىڭ يىل ياشىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا سىلەرگە مەلۇملۇق بولغان بۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ› ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ.» — دېدى، ئاندىن مۇئازغا، — ئى مۇئاز! كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەر، — دېدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ پاك روھى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. مۇئاز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى خالايىقلار! سىلەر ياخشى بىر قېرىندىشىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن قەلبى بۇنىڭدىنمۇ پاك، ئاداۋەتتىن يىراق، ئاخىرەتنى بۇنىڭدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان، بۇنىڭدىنمۇ بەك ياخشى نەسىھەت قىلىدىغان باشقا بىرەر ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلەڭلار، ئاللاھ سىلەرگىمۇ رەھمەت قىلسۇن! — دېدى.

www.munber.org

www.munber.org

# ئەمرۇبنۇل جەمۇھ

ئاقساق پۇتى بىلەن جەننەتكە دەسسەشنى
مەقسەت قىلغان شەيخ.

ئەمر ئىبنى جەمۇھ — ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن مەدىنە كاتتىۋاشلىرىنىڭ بەنى سەلەمە قەبىلىسىدىن تاللانغان رەھبەرلىرىدىن ۋە مەدىنىدىكى سېخى، ھۆرمەتلىك كىشىلەردىن بىرى ئىدى.

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى مۆتىۋەر كىشىلەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە چوقۇنۇش، پەسىللەردە مال ئۆلتۈرۈش، قىيىنچىلىق يەتكەندە يېلىنىش ئۈچۈن ئۆيلىرىدە بىردىن بۇتنى تىكلەپ قويۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى.

ئەمر ئىبنى جەمۇھنىڭ بۇتى «مانات» دەپ چاقىرىلىدىغان بۇت بولۇپ، ئۇ نەفىس ياغاچلاردىن ياسالغان ئىدى. ئەمرى بولسا بۇتقا ئەھمىيەت بېرىش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياخشى مايلار بىلەن مايلاشتا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلەردىن ئىدى.

ئەمرى مەدىنىدىكى بىرىنچى بېشارەتچى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەدىنە ئۆيلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئىمان نۇرى بۆسۈپ كىرگەن ۋاقىتتا، يېشى 60 تىن ئاشقان كىشى ئىدى، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ مۇئەۋۋەز، مۇئاز ۋە خەللاد دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ ئوغلى ئىمان ئېيتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر دوستى بار بولۇپ، ئۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل دەپ چاقىرىلاتتى. ئەمرنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن ئوغۇللارنىڭ ئانىسى ھىندىمۇ ئىمان ئېيتقان ئىدى.

ئەمرى بولسا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئەمرنىڭ ئايالى ھىندى، مەدىنە ئەھلىگە ئىسلامىيەتنىڭ غەلىبە قىلىپ





www.munber.org

كەلگەنلىكىنى، مۆتىۋەر كىشىلەردىن، ئۆزىنىڭ ئېرى ۋە ئازلا بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ شېرىك ئۈستىدە قالمىغانلىقىنى كۆردى. ھىندى ئېرىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كۇپۇرلۇق بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، دوزاخقا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئەمرى ئازغىنا ۋاقىتتا، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىدىن ياندۇرۇپ، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرگۈزۈشكە كۈچى يەتكەن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيردىن ئىبارەت بۇ تەشۋىقاتچىغا بالىلىرىنىڭ ئەگىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئايالىغا:

— ئى ھىندى! سىز بالىلىرىڭىزنىڭ، بۇ ئەر (مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير) گە ئۇچرىشىپ قېلىپ، مۇسئەبتە كۆرگەن ئىشنى بىزنىڭمۇ كۆرۈپ قېلىشىمىزدىن دىققەت قىلىڭ! — دېدى. ئايالى:

— ماقۇل، لېكىن سىز ۋە ئوغلىڭىزدىن ئاشۇ ئادەم ئوتتۇرىغا قويغان نەرسىنى ئازراق بولسىمۇ ئاڭلاپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى. ئەمرى:

— ۋاي ئىست! مۇئاز مەن بىلمەي تۇرۇپ دىنىدىن يېنىپتۇما؟ — دېدى. ئاقكۆڭۈل ئايال ئېرىگە ئىچى ئاغرىپ:

— ئۇنداق ئەمەس! لېكىن ئۇ بۇ تەشۋىقاتچىنىڭ بەزى بىر سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى يادلىۋاپتىكەن! — دېدى. ئەمرى:

— ئۇنى قېشىمغا چاقىرىڭلار! — دېدى. مۇئاز ئالدىغا كەلگەندە، ئەمر ئۇنىڭدىن، — ماڭا بۇ ئادەمنىڭ دېگەنلىرىدىن ئازراق دەپ بەرگىن! — دېدى.

— ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: ﴿بارلىق مەدھىيە، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر! ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېرىباندۇر! قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر! ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز! سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز! بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن! غەزەپكە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ (يولىغا) باشلىغىن!﴾ دېدى مۇئاز. ئەمرى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— بۇ سۆز نېمىدېگەن چىرايلىق! نېمىدېگەن گۈزەل! ئۇنىڭ ھەممە سۆزى شۇنداقمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق. ئۇنىڭغا بەيئەت قىلامسىز ـ يا، قەۋمىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ بولدى! — دېدى. ئەمىر بىر ئاز جىم تۇرۇپ دېدىكى:

— مەن ماناتقا مەسلىھەت سالماي تۇرۇپ بىر ئىش قىلالمايمەن! ئۇنىڭ بىر نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراپ باقاي، دېدى. مۇئاز ئاتىسىغا:

— ئاتا! ئۇ چۈشەنمەيدىغان، سۆزلىمەيدىغان، گاس ياغاچ تۇرسا ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتەمسىز؟ — دېدى. ئاتىسى تەلەپپۇزىنى قاتتىقلاشتۇرۇپ:

— مەن ساڭا دېدىمغۇ! ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز بىر ئىشنى قىلمايمەن، دېدى ـ دە، ماناتنىڭ قېشىغا باردى. ئۇلار ئادەتتە بۇتنى سۆزلەتمەكچى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە، بۇت ئىنئام قىلغان نەرسىنى سۆزلەيدۇ! دەپ قېرى مومايدىن بىرنى بۇتنىڭ كەينىدە تۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى بۇتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ساق پۇتىغا تايىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، مانا ئەمرىمۇ، توكۇر پۇتى بىلەن بۇتى ئالدىدا تۇرۇپ، بۇتقا مەدھىيە ئوقۇغاندىن كېيىن:

— ئى مانات! سىنىڭ مەككىدىن بىزگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن بۇ تەشۋىقاتچىنى بىلىشىڭدە شەك يوق! ئۇ سەندىن باشقىغا يامانلىق قىلمايدۇ!... ئۇ پەقەت، بىزنى ساڭا ئىبادەت قىلىشىمىزدىن توسقىلى كەپتۇ! مەن ئۇنىڭدىن شۇنداق چىرايلىق سۆز ئاڭلىغان بولساممۇ، ساڭا مەسلىھەت سالماي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىشنى يامان كۆردۈم! ماڭا مەسلىھەت بەرگىن! — دېدى. بۇ ئەمرىگە ھېچقانداق گەپ قايتۇرمىغاندىن كېيىن، — سەن ئاچچىقلاپ قالغان ئوخشايسەن!... مەن ساڭا بۇندىن كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلمايمەن! لېكىن چاتاق يوق، مەن ئاچچىقىڭنى يېتىپ بولغۇچە بىر نەچچە كۈن تەرك ئېتىپ تۇراي! — دېدى.

ئەمرىنىڭ بالىلىرى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاتىسىنىڭ «مانات»





بۇتتىن ئايرىلماس بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، لېكى ئۇلار بۇتنىڭ ئاتىسىنىڭ دىلىدا بۇرۇنقىدەكلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرمايۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاتىسىنىڭ كۆڭلىدىن بۇتنى چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكىنى، مانا بۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىمان ئېيتىش يولى بىلەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

ئەمرىنىڭ بالىلىرى كېچىدە دوستى مۇئاز ئىبنى جەبەل بىلەن بۇتنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ بېرىپ بەنى سەلەمە قەبىلىسىنىڭ ئەخلەت كاتىكىغا تاشلىۋەتتى ـ دە، ھېچكىمگە تۈيدۇرماي ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى. تاڭ ئاتقاندا ئەمرى بۇتقا سالام بېرىش ئۈچۈن، ئاستاغىنە كىرىپ، ئۇنى تاپالماي ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ۋاي ئىسىت! بۇ كېچىدە، بىزنىڭ ئىلاھىمىزغا كىم ھۇجۇم قىلدى؟ — دېدى. لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئاچچىقلاپ، ۋارقىراپ ـ جاقىراپ تەھدىت سېلىپ، كايىپ، ئۆيىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى ئاختۇردى. ئاخىرى ئۇ بۇتنىڭ كاتەككە بېشىچە تەتۈر قىلىپ تاشلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇتنى ئېلىپ يۇيۇپ، خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنى سۈرۈپ ئورنىغا ئەكېلىپ قويدى ۋە بۇتقا:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن ساڭا مۇشۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلسەم ئىدىم. ئۇنى جازالايتتىم، — دېدى.

ئىككىنچى كېچىسى ياشلار ماناتنىڭ قېشىغا يەنە بېرىپ، تۈنۈگۈنكىدەك ئىشلارنى قىلدى. تاڭ ئاتقاندا ئەمىر بۇتنى ئىزدەپ، كاتەكتىكى ئەخلەتلەر ئىچىدىن تاپتى ۋە ئەتىر سۈرۈپ يەنە بۇرۇنقى ئورنىغا قويۇپ قويدى.

ياشلار بۇتقا ھەركۈنى دېگۈدەك مۇشۇنداق قىلىۋەردى. شەيخ ئەمىر بۇ ياشلارغا تەڭ كېلەلمەي ئاخىر بىركۈن ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، بۇتنىڭ قېشىغا بېرىپ، قىلىچنى بۇتنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويۇپ بۇتقا:

— ئى مانات! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئىشلارنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن! ئەگەر سەندە



www.munber.org
www.munber.org

ياخشىلىق بولسا، ئۆزۈڭنى يامانلىقتىن قوغدا! مانا بۇ قىلىچ سەن بىلەن بىللە! دېگىنىچە ئۆيىگە ئۇخلاشقا ماڭدى.

ياشلار ئۇنىڭ رەسمىي ئۇخلىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندا، بۇتنىڭ قېشىغا بېرىپ قىلىچنى بۇتنىڭ بوينىدىن ئېلىۋېلىپ، بۇتنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى ۋە ئارغامچا بىلەن بىر ئۆلۈك ئىتنى بىرگە باغلاپ، بۇ ئىككىسىنى بەنى سەلەمە قەبىلىسىنىڭ نىجاسەتلەر ئېقىپ كېلىدىغان قۇدۇققا تاشلىۋەتتى.

ئەتىگىنى شەيخ ئەمىر ئويغىنىپ، بۇتنى تاپالمىدى. ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ ئۇنىڭ قىلىچى ئېلىۋېلىنىپ، ئىت بىلەن باغلىنىپ قۇدۇققا تاشلانغانلىقىنى كۆردى. بۇ قېتىم ئۇ ئاچچىقىدا ئۇنى تارتىپ چىقارماي شۇ يەردىلا تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭغا:

— ئاجىز بىر مەخلۇقسەن، سەزگۈسىز، بىللاھ!

ئىت بىلەن تۇرامتىڭ بولساڭ گەر ئىلاھ؟

— دېدى - دە، قايتىپ كېلىپلا ئاللاھنىڭ ھەق دىنىغا كىرىپ ئىمان ئېيتتى.

ئەمر ئىبنى جەمۇھ شېرىكلىكتە ئۆتۈپ كەتكەن ھەر بىر سىكۇنتىغا پۇشايمان قىلىپ بارمىقىنى چىشلىگۈدەك بولۇش بىلەن بىللە، يۈكسەك دەرىجىدە ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن دىنىغا يۈزلەندى ۋە ئۆزىنى، مېلىنى، بالىلىرىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئىتائىتىگە تاپشۇردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئوھۇد ئۇرۇشى بولدى، ئەمرى ئۈچ ئوغلىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئەتە - ئاخشاملىرى ئورمان يولۋىسىدەك قاراپ، كۆزىتىپ تۇردى. بالىلار ئاللاھنىڭ رازىلىقى بىلەن غەلىبە ۋە شېھىتلىقتا يېتىشكە ئىشتىياق باغلاشقان ئىدى. بالىلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەمرىنىڭمۇ قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى، ئۇ بالىلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ بايرىقى ئاستىدا، جىھادقا بېرىشقا بەل باغلىدى، لېكىن بالىلار ئاتىسىنى بەل باغلىغان ئىشتىن توسۇش ئۈچۈن



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

بىرلىككە كەلدى.

ئەمرى بولسا يېشى چوڭ كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقساپ ماڭاتتى، ئاللاھ جىھادقا چىقماسلىقتا ئۆزرىسى بار دېگەن كىشىلەردىن ئىدى.

يىگىتلەر ئاتىسىغا:

— ئاللاھ ئۆزرىسى بارلارنى كەچۈرگەن تۇرسا، ئاللاھ كەچۈرگەن ئىشقىمۇ ئۆزۈڭنى مەجبۇرلامسەن؟ — دېدى.

شەيخ ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئاچچىقلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بالىلىرىم مېنى بۇ ياخشىلىقتىن توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار مېنىڭ توكۇرلىقىمنى دەلىل قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن مۇشۇ ئاقساق پۇتۇم بىلەن جەننەتكە دەسسەشنى ئارزۇ قىلىمەن! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بالىلىرىغا:

— ئۇنى مەيلىگە قويىۋېتىڭلار! ئاللاھ ئۇنىڭغا شېھىتلىكنى رىزىق قىلىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى. بالىلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاتىسىنى توسماي ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

ئۇرۇشقا چىقىش ۋاقتىدا، ئەمرى ئايالى بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالىشىۋاتقاندەك خوشلاشتى. ئاندىن قىبلىگە يۈزلىنىپ قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ئى ئاللاھ ماڭا شېھىتلىكنى رىزىق قىلىپ بەرسەڭ! مېنى ئۆيۈمگە زىيان تارتقۇچىلاردىن قىلىپ قايتۇرمىساڭ! — دېدى. ئاندىن ئۇ ئۈچ ئوغلى ۋە قەبىلىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەمايىسىدە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇرۇش تازا قىزىغاندا، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ



www.munber.org
www.munber.org

قېشىدىن ئايرىلدى. ئەمرى بىرىنچى سەپكە تەييارلاندى ۋە:

— مەن جەننەتكە ئىشتىياق باغلىغان! مەن جەننەتكە ئىشتىياق باغلىغان!... — دېگىنىچە مەيدانغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئوغلى خەللاد بار ئىدى.

شەيخ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەپ قاتتىق ئۇرۇشتى ۋە ئۇرۇش مەيدانىغا شېھىت بولۇپ يىقىلدى. ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى شېھىت بولۇش ۋاقتى پەقەت بىر نەچچە مىنۇتلا ئىدى.

ئۇرۇش تۈگىگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد شېھىتلىرىنى كۆمۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ساھابىلارغا:

— ئۇلارنى قان ۋە جاراھەتلىرى بىلەن قويۇڭلار! مەن ئۇلارغا گۇۋاھچى! — دېدى ۋە، — ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنگەن ھەر قانداق مۇسۇلمان قىيامەت كۈنى قېنى ئاققان ھالدا قاننىڭ رەڭگى زەپە رەڭدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك كېلىدۇ، — دېدى. ئاندىن يەنە، — ئەمر ئىبنى جەمۇھنى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى بىلەن دەپنە قىلىڭلار! ئۇ ئىككىيلەن دۇنيادا يېقىن دوستلاردىن ئىدى، — دېدى.

ئاللاھ ئىبنى جەمۇھ ۋە ئۇنىڭ ئوھۇد شېھىتلىرىدىن بولغان يارەنلىرىدىن رازى بولسۇن! ۋە ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن ئامىن!!!





## سۇمامە ئىبنى ئۇسال

(قۇرەيشلەرگە ئىقتىسادى جازا يۈرگۈزگەن ساھابە)

ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي دەۋىتىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرى ۋە چەتئەل پادىشاھلىرىغا ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرغان سەككىز پارچە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىدۇ.

مەكتۇپ يېزىلغان كىشىلەر ئىچىدە، ھەنەفى قەبىلىسىدىن بولغان سۇمامە ئىبنى ئۇسالمۇ بار ئىدى. ئۇ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ۋە رەھبەرلىردىن، بەنى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ ھۆرمەتلىك رەھبەرلىرىدىن ۋە يامامە زېمىنىدا گېپى ئۆتىدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

سۇمامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇپىنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە چوكچىلىق قىلىپ يۈز ئۆرۈش پوزىتسىيىسى بىلەن تاپشۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭ كىبىرى ۋە گۇناھكارلىقى ئۇنى ياخشىلىققا قىلىنغان بۇ چاقىرىقنى ئاڭلاشتىن قۇلاقلىرىنى گاس قىلىپ قويدى. شەيتان سۇمامەنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئىسلام دىنى چاقىرىقىنى بەربات قىلىۋېتىشقا قىزىقتۇردى. ئەگەر ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن قايتۇرۇلمىغان بولسا، ناھايىتى بىر قەبىھ بىر ئىشنى قىلغىلى تاس قالغان ئىدى.

ئاللاھ پەيغەمبىرىنى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قالدى. گەرچە سۇمامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چېقىلىشتىن قول يىغقان بولسىمۇ، ساھابىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قول يىغمىغان ئىدى. ئۇلارنى تۇتقان ھامان ئۆلتۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا «سۇمامەنىڭ قېنىنى

تۆكۈش ھالال» دەپ ئېلان قىلدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سۇمامە ئۆمرە ـ ھەج ئادا قىلىشقا بەل باغلاپ، يەمامە زېمىنىدىن مەككە تەرەپكە يول ئالدى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە كەئبەنى تاۋاپ قىلىش، بۇتلىرىغا مال ئۆلتۈرۈشنى ئويلايتتى.

سۇمامە مەدىنە تەرەپكە يېقىن بىر يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئويلىمىغان يەردىن دۈشمەندىن خەۋپ يېتىشتىن ياكى بىرەرسىنىڭ يامان قەست قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈت ئارىلاپ يۈرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنلىرىدىن بىرىگە ئۇچراپ قالدى.

قوشۇندىكىلەر سۇمامەنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى، بۇلار سۇمامەنى تونۇمايتتى. ئۇلار ئۇنى مەدىنىگە ئېلىپ كېلىپ، بۇ ئەسىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن مەسجىد تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىگە باغلاپ قويىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە چىقىپ باغلانغان سۇمامەنى كۆردى ـ دە، ساھابىلارغا:

ــ سىلەر كىمنى تۇتىۋالغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ــ دەپ سورىدى.

ــ ياق! ئى رەسۇلۇللاھ! ــ دېيىشتى ساھابىلەر.

ــ بۇ ھەنىفە قەبىلىسىدىن سۇمامە ئىبنى ئۇسال ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار! ــ دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە بېرىپ:

ــ سىلەر قېشىڭلاردىكى تاماقنى يىغىپ سۇمامەگە ئەۋەتىپ بېرىڭلار! ــ دېدى. ئاندىن ئەتىگەن ۋە كەچتە تۆگىسىدىن سېغىلغان سۈتنىمۇ سۇمامەگە ئەۋەتىپ بەردى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇمامە يۈز تۇرانە ئۇچرىشىپ، سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇنلىنىپ بولۇنغان ئىشلار ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز سۇمامەنى ئىسلامغا تەدرىجىي كىرگۈزۈش مەقسىتىدە



www.munber.org



ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى سۇمامە! قانداق خىيالغا كەلدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى. سۇمامە:

ــ مەن ياخشى خىيالغا كەلدىم!... ئۆلتۈرسەڭ قان قەرزى بار ئادەمنى ئۆلتۈرىسەن! كەچۈرسەڭ، شۈكرى ئېيتقۇچىنى كەچۈرىسەن! ئەگەر ساڭا مال كېرەك بولسا، مەندىن خالىغىنىڭغا ئېرىشىسەن! ــ دېدى.

ئۇ ئىككى كۈن، شۇ پېتى قويۇپ قويۇلدى. ئۇنىڭغا تائام ۋە سۈت ئۈزۈلمەي ئەۋەتىپ بېرىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: يەنە ئاۋۋالقى كۈنى سورىغىنىنى سورىدى.

سۇمامەمۇ بۇرۇنقى جاۋابىنى بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەنە ئەتىسى ئەتىگەنگىچە تاشلاپ قويۇپ، يەنە كېلىپ:

ــ ئى سۇمامە! قانداق خىيالغا كەلدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى. سۇمامە:

ــ مەن ساڭا دېگەندەك...، ــ دەپ بۇرۇنقى گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبىرىمىز، ساھابىلىرىغا قاراپ:

ــ سۇمامەنى قويىۋېتىڭلار! ــ دېدى. ئۇلار سۇمامەنى قويىۋەتتى.

سۇمامە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدىن ئايرىلىپ، مەدىنە ئەتراپىدىكى قېشىدا سۇ بار بەقىئغا يېقىن جايدىكى خورمازارلىققا چۈشۈپ، مۈكەممەل تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە كېلىپ، بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار ئىچىدە، «مەن! بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىغا مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېدى ـ دە، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، زېمىن يۈزىدە، مەن ئۈچۈن سەندەك سەت كۆرۈنىدىغان كىشى يوق ئىدى. بۈگۈن سەن مەن ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنىدىغان كىشى بولۇپ قالدىڭ! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ماڭا سېنىڭ دىنىڭدەك ئۆچ كۆرۈنىدىغان دىن يوق ئىدى، ئەمدى بۈگۈن سېنىڭ دىنىڭ دىنلار ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك دىن بولۇپ قالدى ۋە سېنىڭ يۇرتۇڭدەك سەت كۆرۈنىدىغان يۇرت يوق ئىدى، بۈگۈن بۇ يۇرت بارلىق



www.munber.org

يۈرتلاردىن چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. مەن سېنىڭ ساھابىلىرىڭنىڭ قېنىنى كۆپ تۆككەن ئىدىم. سەن ماڭا قانداق ھۆكۈم چىقىرىسەن؟ — دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

— ساڭا مالامەت قىلىنمايدۇ! ئىسلامىيەت بىراۋنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشلىرىنى كەچۈرىدۇ، — دەپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا يېزىۋاتقان ياخشىلىقى توغرىسىدا بېشارەت بەردى.

سۇمامەنىڭ كۆڭلى يايرىدى ۋە ئۇ:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭگە ساھابىلىرىڭغا يەتكۈزگەندىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئەزىيەت يەتكۈزىمەن، مەن ئۆزۈمنى ۋە قىلىچىمنى سېنىڭ دىنىڭنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئاتىۋەتتىم! — دېدى ۋە يەنە، — ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئەسلىدە ئۆمرە - ھەج ئادا قىلماقچى ئىدىم، لېكىن سېنىڭ چەۋەندازلىرىڭ مېنى تۇتۇۋالدى، سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سەن ھەجىڭنى ئادا قىلغىلى ماڭغىن! لېكىن قىلغان ھەجىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ شەرىئىتى بىلەن بولسۇن! — دەپ، ئۇنىڭغا ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىتىپ قويدى.

سۇمامە ئۆز يولىغا يۈرۈپ كەتتى، ھەتتا ئۇ مەككىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ساڭا ھازىرمەن! ساڭا ھازىر دەيمەن ئى ئاللاھ!... ماختاش، نېمەت ۋە پادىشاھلىق سەن تەرەپتىندۇر! سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر!... — دەپ تەلبىيە ئېيتتى.

ئۇ ئۆز زېمىنىدىكى مەككىگە تەلبىيە ئوقۇپ كىرگەن تۇنجى كىشى بولۇپ قالدى، قۇرەيشلىكلەر، بۇ تەلبىيەنى ئاڭلاپ، بۇ كىشىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاچچىقلانغان ھالدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى.

لېكىن سۇمامە، ئۇلارغا مەغرۇرانە قىياپەتتە قاراپ تۇردى، قۇرەيش ياشلىرىدىن بىرسى ئۇنى ئوقيا بىلەن ئاتماقچى بولۇۋىدى. قۇرەيشلىكلەر



www.munber.org



ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ۋاي سېنى! بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ يەمامە شەھىرىنىڭ ۋالىيسى! ئاللاھ بىلەن قەسەم، ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە، ئۇنىڭ قوۋمى بىزگە ئاشلىق بېرىشنى توختىتىپ بىزنى ئاچارچىلىقتا ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى.

كىشىلەر قىلىچلىرىنى غىلاپلىرىغا سالغاندىن كېيىن سۇمامەگە قاراپ:

— ئى سۇمامە! ساڭا نېمە بولدى؟ ئاتا - ئاناڭنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈدۈڭمۇ؟! — دەپ سورىدى. سۇمامە:

— مەن دىنىدىن يانمىدىم! لېكىن ياخشى دىنغا ئەگەشتىم! يەنى، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم! — دەۋېتىپ، يەنە، — ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بولمىغۇچە، مەن يامامەگە قايتقاندىن كېيىن، سىلەرگە بىرەر تال دان ياكى بىرەر تال مالمۇ كەلمەيدۇ! — دېدى.

سۇمامە، قۇرەيشلىكلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن بويىچە ھەج قىلدى. بوت ۋە تاشلارغا ئەمەس بەلكى ئاللاھ ئۈچۈن مال ئۆلتۈردى ۋە شەھىرىگە قايتىپ بېرىپ، قوۋمىنى قۇرەيشلىكلەرگە بېرىدىغان ئاشلىق ياردىمىنى توختىتىشقا بۇيرۇدى. مەككە خەلقىگە بېرىلىدىغان ئاشلىق توختىدى.

سۇمامەنىڭ قۇرەيشلىكلەرگە يۈرگۈزگەن ئاشلىق جازاسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كىشىلەر ئارىسىدا ئاچارچىلىق يۈز بەردى. ھەتتاكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشتى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەت يېزىپ:

— سەن ئۆزۈڭنى سىلە - رەھىمنى ئۇلىغۇچى دەپ ۋەدە بېرىسەن ھەم بىزنى شۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرىسەن! لېكىن سەن ھازىر، سىلە - رەھىمنى ئۈزدۈڭ! ئاتىلارنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردۈڭ، باللارنى ئاچلىقتىن بىلەن



www.munber.org

ئۆلتۈردۈڭ، سۇمامە ئاشلىقنى توختىتىۋېلىپ بىزگە زىيانكەشلىك قىلدى. ئەگەر سەن سۇمامەگە بۇ توغرىسىدا خەت يېزىشنى توغرا كۆرسەڭ، شۇنداق قىلغان بولساڭ! ــ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇمامەگە ئاشلىقنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا خەت يازدى، سۇمامە ئاشلىقنى قويۇۋەتتى.

سۇمامە پۈتۈن ھاياتىدا دىنغا كۆيۈنۈپ، پەيغەمبىرىمىز يولغان قويغان دىنى شەرىئەتكە رىئايە قىلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز روھى دۇنياغا قوشۇلغاندا، ئەرەبلەر ئاللاھنىڭ دىنىدىن توپ ـ توپ بولۇپ چىقىشقا باشلىدى. مۇسەيلىمە بولسا بەنى ھەنىفە قەبىلىسى ئىچىدە تۇرۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىردى. سۇمامە ئاخىرى پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

ــ ئى بەنى ھەنىفە قەبىلىسى! سىلەر يورۇقلۇق بولمىغان ئۇنداق قاراڭغۇلۇقتىن قېچىڭلار! بۇ بولسا مۇسەيلىمەگە ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن يېزىۋاتقان بەختسىزلىكتۇر. ھەم بىر سىناقتۇر! ــ دېدى ۋە يەنە، ــ ئى بەنى ھەنىفە قەبىلىسى! بىر ۋاقىتتا ھەرگىز ئىككى پەيغەمبەر كەلمەيدۇ! مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ھەق ئەلچىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر يوق، ئۇنىڭغا شېرىك بولغان پەيغەمبەرمۇ يوق! ــ دەپ ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ھا، مىم! بۇ كىتاب (قۇرئان) غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر! (ئاللاھ) گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر! تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر! (ئاللاھنىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر! ئاللاھ ئىنئام ئىگىسىدۇر! ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق! ئاقىۋەت قايتۇرۇلىدىغان جاي، ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر!﴾ ــ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە، ــ ئاللاھنىڭ بۇ سۆزلىرى مۇسەيلىمە توقۇپ چىققان: «ئى قومچاق! سىز پاكلايدىغان نەرسىڭىزنى پاكلاڭ! سىز توسۇپ قالىدىغان سۇ يوق! سىز دۇغلاشتۇرىدىغان سۇمۇ ھەم يوق!» دېگەن سۆزىدىن قانچىلىك يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ! ــ دېدى. ئاندىن قوۋمى ئىچىدىكى، ئىسلامىيەتتە قېلىپ قالغان كىشىلەرنى يىغدى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئاللاھنىڭ



www.munber.org



سۆزىنى زېمىندا ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن مۇرتەدلەر بىلەن كۈرەش قىلدى.

ئاللاھ سۇمامەگە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ياخشى مۇكاپات بەرسۇن ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ تەقۋادار بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان جەننىتى بىلەن ھۆرمەتلىسۇن! ئامىن!



www.munber.org

## بەرا ئىبنى مالىك ئەنسارى

بەرا ئىبنى مالىكنىڭ قەيسەرلىكى تۈپەيلى
ئەسكەرلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىمەسلىكى ئۈچۈن
ئۇنى مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا باشلىق قىلماڭلار!
—ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

ئۇ چاچلىرى چۇۋۇق، ئۇستى - بېشىنى چاڭ باسقان، ئورۇق - ئاۋاق، كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان كىشى ئىدى.

لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ، جەڭچىلەر بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىدىن سىرت، يەكمۇ يەك چۈشۈشتىلا، مۇشرىكلاردىن يۈزنى ئۆلتۈرگەن، ئۇ جۈرئەتلىك، باتۇر، قەيسەر كىشى بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭ توغرىسىدا، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىغا: «ئۇنىڭ قەيسەرلىكى تۈپەيلى قوشۇنلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ئۇنى قوماندان قىلماڭلار!» دەپ خەت يازغان ئىدى. مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خادىمى، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قېرىندىشى بەرا ئىبنى مالىكنىڭ سۈپىتىدۇر.

ئەگەر مەن بەرا ئىبنى مالىكنىڭ قەھرىمانلىقلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەكچى بولسام، سۆزۈم ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن، شۇڭا مەن سىلەرگە ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن بىرىنىلا سۆزلەپ بېرىشنى توغرا كۆردۈم، بۇ بەرانىڭ باشقا ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە مەلۇم تەسەۋۋۇر تۇغدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بۇ ۋەقە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولۇشى ۋە روھى دۇنياغا قوشۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى سائەتلىرىدىن باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئەرەب قەبىلىلىرى، ئىسلامغا دەسلەپتە گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ كىرگەندەك، ئۇنىڭدىن يەنە گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ چىقىشقان، ھەتتا مەككە - مەدىنە ۋە باشقا جايلاردىن ئاللاھ دىلىنى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم قىلغان بىر بۆلۈك جامائەتلەردىن باشقا، ھېچكىم ئۆز دىنىدا قالمىغان بىر چاغ ئىدى.

ئەبۇبەكرى سىددىق (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قارىغۇلارچە ھالاك قىلىشقان بۇنداق پىتنىگە، مۇستەھكەم تاغ تەۋرىمىگەندەكلا بەرداشلىق بەردى ۋە مۇھاجىر - ئەنسارلاردىن قوشۇن تەشكىللىدى ۋە بۇ قوشۇن قوماندانلىرىغا بىردىن بايراق تۇتقۇزۇپ ئۇلارنى دىندىن يېنىۋالغانلارنى ھەق يولغا قايتۇرۇش، دىنىنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنى قىلىچنىڭ بىسى ئارقىلىق ئىسلامغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە ئەۋەتتى.

دىندىن يېنىۋالغۇچىلارنىڭ كۈچ جەھەتتە ئەڭ كۈچلۈكى ۋە سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى، «يالغانچى مۇسەيلىمە» نىڭ يۇرتداشلىرى بولغان، بەنى ھەنىفە قەبىلىسى ئىدى. مۇسەيلىمەنىڭ ئەتراپىغا، قەۋمى ئىچىدىن ۋە ئۇنىڭ قوبىرۇقچىلىرىدىن بولۇپ ۋەھشىي ئۇرۇشقاقلاردىن جەمئىي 40 000 كىشى جۇغلانغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىمانى يوق بولۇپ، مۇسەيلىمەگە يۇرتۋازلىق نۇقتىسىدىنلا ئەگەشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ھەتتا: «مەن مۇسەيلىمەنىڭ يالغانچى، مۇھەممەدنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلىمەن! لېكىن بىزگە مۇزەررىنىڭ راستچىل كىشىسىدىن رەبىئەنىڭ يالغانچىسى ياخشىراق!» دېيىشكەن ئىدى.

مۇسەيلىمە، مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھل قوماندانلىقىدىكى دەسلەپكى قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ ئارقىغا چېكىندۈردى. ئەبۇبەكرى مۇسەيلىمەگە قارشى خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى قوشۇننى ئەۋەتتى بۇ قوشۇنغا، ئەنسارى ۋە مۇھاجىرلاردىن بولۇپ ساھابىلەرنىڭ سەرخىللىرى توپلانغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدا، بەرا ئىبنى مالىك ۋە مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم باتۇر كىشىلەر بار ئىدى.



www.munber.org

ئىككى گۇرۇھ نەجدىدىكى يەمامە زېمىنىدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇسەيلىمە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ قارشىلىقى كۈچىيىپ، مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى زېمىن تەۋرىدى، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن يۆتكىلىشكە باشلىدى، ھەتتا مۇسەيلىمە قوشۇنى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ بارارگاھىغىچە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنى قۇزۇقلىرى بىلەن قوشۇپ يۇلۇپ تاشلىدى. مۇبادا بىر ئادەم قۇتقۇزىۋالمىغان بولسا خالىدنىڭ ئايالىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ناھايىتى چوڭ بىر خەتەرنىڭ بارلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ مۇسەيلىمە ئالدىدا مەغلۇپ بولۇپ قالسا، بۇندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ قايتا باش كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا شېرىكسىز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. خالىد قوشۇننى قايتا تەرتىپكە سالدى، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنى باشقا مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىدىن ئايرىدى. ئۇرۇشتا ھەربىر گۇرۇھنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلىنىشى ئۈچۈن، ھەممە قەبىلىدىكى كىشىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ھەر بىرىگە بىردىن بايراق تۇتقۇزدى.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش تۈگىمىنى ئايلىنىشقا باشلىدى، بۇندىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار بۇنداق قاتتىق جەڭ قىلىپ باقمىغان ئىدى. مۇسەيلىمەنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇش مەيدانىدا، مۇستەھكەم تۇردى؛ مۇسۇلمانلارمۇ ئادەتتىن تاشقىرى باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتتى، ناۋادا شۇ باتۇرلۇقلارغا ئاتىلىپ شېئىر يېزىلسا ئىنتايىن گۈزەل بىر داستان پۈتۈپ چىققان بولاتتى.

مانا بۇ كىشى ئەنسارىلار بايرىقىنى كۆتۈرگۈچى سابىت ئىبنى قەيس ئۇ بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ، ئۆزىنى كېپەنلىۋالغان، ئۆزىگە زېمىندا يەرلىك كولاپ بولغان، تىزىغىچە يەرگە چۆكۈپ، شۇ يەردە مۇستەھكەم تۇرۇپ قوشۇنىنىڭ بايرىقى ئاستىدا شېھىت بولۇپ يىقىلغۇچە جەڭ قىلغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بىر تۇغقىنى زەيد ئىبنى خەتتاب، (ئاللاھ ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن!): مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دەپ توۋلايدۇ:



www.munber.org



— ئى خالايىق! ئېغىز چىشلىرىڭلارنى چىڭ چىشلەڭلار! دۈشمەنلىرىڭلارغا قىلىچ ئۇرۇڭلار! قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەڭلار! ئى خالايىق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ سۆزۈمدىن كېيىن ھەتتا مۇسەيلىمە مەغلۇپ بولغۇچە، ئاللاھ مېنى ئۆز دەرگاھىغا ئالغۇچە، ھەرگىز سۆزلىمەيمەن! مەن بۇنىڭغا قەسىمىمنى دەلىل قىلىمەن، — دېدى-دە، سەپكە ئېتىلىپ كىرىپ تاكى شېھىت بولغۇچە جەڭ قىلدى.

مانا بۇ ئەبۇھۇزەيفەنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى سالىم، ئۇ مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ ئاجىز كېلىشىدىن ياكى مەغلۇپ بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا: بىز سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن بىزگە مەغلۇبىيەت كېلىشىدىن قورقىمىز! دېگەندە، سالىم: ئەگەر سىلەر مېنىڭ تۈپەيلىمدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىساڭلار، مەن قۇرئان يادلىغان كىشىنىڭ ئەڭ ئەسكىسى بولۇپ قالمامدىم! دەيدۇ-دە، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە باتۇرلارچە ئېتىلىپ جەڭ قىلىپ شېھىت بولىدۇ.

لېكىن بەرا ئىبنى مالىكنىڭ باتۇرلۇقى بۇلارنىڭ باتۇرلۇقلىرىدىن تۆۋەن بولدى. (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!) چۈنكى خالىد جەڭ مەيدانىنىڭ تازا قىزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقىتتا بەرا ئىبنى مالىكقا قاراپ:

— ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! ئى ئەنسارى يىگىت! قەۋمىڭگە قارا! — دېگىنىدە، بەرا ئىبنى مالىك قەۋمىغا قاراپ ۋاقىردى:

— ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! سىلەردىن ھېچكىم بۈگۈندىن باشلاپ مەدىنىگە قايتىشنى ئويلىمىسۇن! سىلەرگە بۈگۈندىن كېيىن مەدىنە يوق! پەقەت بىر ئاللاھ! ئاندىن جەننەت بار!...[1] — دېگىنىچە، مۇشرىكلارغا

[1] تەھلىل: مانا بۇ مەدىنىلىك بەرا ئىبنى مالىك ئەنسارىنىڭ جەڭ مەيدانىدا ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ چىققان ساغلام ئەقىدىسىنىڭ نامايەندىسى، بەرا ئىبنى مالىكمۇ، باشقىلارغا ئوخشاشلا ئادەمنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭدىكى روھ ئېقىۋاتقان قانمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا، ئۇمۇ ھاياتلىقنى سۆيىدىغان، ئاتا-ئانىسىنى سۆيىدىغان، مۇھەببىتى بار، راھەت-پاراغەتنىڭ تەمىنى بىلىدىغان، ھېسياتقا ئىگە



www.munber.org

ئادەم، ئەمما ئۇ بۇلارنى ئاللاھ نىڭ رازىلىقى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، ئەسلىگۇچە قىممىتى يوقلۇقىنى، ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسلەيدىغىنى ـ پەقەت بىر ئاللاھ ، ئاندىن مەڭگۈلۈك بەخت يۇرتى جەننەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ نىشانى! شۇئارى پائالىيەت مىزانى!...

ساھابىلار مانا مۇشۇ ئېتىقاد ئاساسىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقى دەپ ئىلاھى كەلىمىنى ئۈستۈن قىلىش، ئىسلامنىڭ بايرىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان ـ ئۆسكەن ئەزىز يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ياقا ـ يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ بېرىشقا رازى بولدى، مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلىرىدىن، ئايال ـ بالىلىرىدىن، ئايرىلدى، بۇلارنىڭ ئۇ يولدا قۇربان بېرىشكە تېگىشلىك ھېچقانداق نەرسىنى ئاياپ قالمىدى، ئۇلارنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي مۇشۇنىڭغا بېغىشلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ماللىرى، قانلىرى جانلىرىنى بۇ يولدىن ئاياپ قالماي، ئاللاھنىڭ ياردىمى، پەيغەمبەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىسلام يولى «سىراتىل مۇستەقىم» نىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىپ كېيىنكىلەر ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى، نەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىلاھ كەلىمىسىنىڭ ھەيۋىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى، ئاللاھنىڭ: ﴿سىلەر كىشىلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولدۇڭلار!﴾ دېگەن سۆيۈپ سۆيۈشىگە لايىق بولدى، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولدى، ئۇلارمۇ ئاللاھ تىن مەمنۇن بولدى، ئۇلار ئاللاھنىڭ قانۇنىنى دىلدا ساقلاپ، تىلدا ئەسلەپ، ئەمەلدە كۆرسەتكەنلەردۇر. بۇلار ئۈچۈن بۈگۈن شائىرنىڭ بۇ شېئىرى يېتەرلىك:

نە ئەيلە ھەسرەت بۈگۈن،
دەۋرىنىڭ جاڭجالىدىن.
تاپمىدىم ھېچقانچە ھەقنى،
بۇ ھايات جاڭگالىدىن.

بۈگۈنكى ئىسلاھات ـ بۇرۇنقى كىشىلەر ئىسلاھ قىلىنغان ئامىللار بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، بۇرۇنقىلار ئىسلام سىياسىتى ئۇلۇغلۇق، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئىگە بولغان ۋە ئىسلام پرىنسىپى بويىچە مېڭىپ مەدەنىيەت، ئەخلاق جەھەتتە، يۈكسەكلىككە ئېرىشكەن بولسا، بۈگۈنكى كىشىلىرىمىز پەقەت، تۆنۈگۈنكىلەرنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقمىغاندا، ئۆزىگە تېگىشلىك ئۇلۇغلۇق، كۈچ ـ قۇدرەت، مۇستەھكەم تېرتورىيە، مال ـ دۇنيا، ئىززەت ـ ئابرۇي، ھوقۇق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى قولغا كېلىپ، ئاللاھ كىشىلەر ئۈچۈن چىقارغان ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەيدانغا كېلىدۇ، ئاللاھ ئۈممەتلىرىگە توغرا رەھبەرلىك قىلغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن رازى بولسۇن! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئاللاھ ئىسلام ئارقىلىق ئۇلۇغلۇققا ئېرىشتۈرگەن كىشىلەرمىز بىز ناۋادا ئاللاھ ئۇلۇغ قىلغان يولدىن باشقىسى بىلەن ئۇلۇغلۇق تەلەپ قىلساق ئاللاھ بىزنى خار قىلىدۇ!» (ئىمام ھاكىم رىۋايىتى).

ـ مەرھۇم شائىر مۇھەممەد ئىقبال مۇنداق دەيدۇ:

ئىمان بولمىسا بولماس ئامانلىق،
بولمىسا دىن بولماس ھاياتلىق.
كىم بولسا دىنسىزلىق ھاياتقا رازى،
كېلىدۇ ئۇنىڭغا تېزلا زاۋاللىق.



www.munber.org



ئېتىلدى، ئەنسارىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېتىلدى. سەپلەرنى يېرىپ مېڭىپ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بېشىدا قىلىچلارنى ئوينىتقىلى تۇردى. ھەتتا مۇسەيلىمە ۋە ئۇنىڭ قويرۇقچىلىرىنىڭ قەدەملىرى تەۋرەپ كەتتى، ئۇلار مۇشۇ كۈندە، ئۆلگەن كىشىنىڭ كۆپلىكىدىن تارىختا «ئۆلۈم باغچىسى» دەپ ئاتالغان باغچىغا مۆكۈۋالدى.

«ئۆلۈم باغچىسى» مۇشۇ ئەتراپتىكى باغچىلارغا نىسبەتەن، تاملىرى ئېگىز قىلىپ قوپۇرۇلغان باغچە بولۇپ، مۇسەيلىمە تۇمەنمىڭ ئەسكىرى بىلەن باغچە ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېگىز تاملىرى بىلەن قوغدالغان ئىدى، ئۇلار باغچە ئىچىدىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى، ئوق مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يامغۇردەك چۈشەتتى.

بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانى، باتۇر بەرا ئىبنى مالىك ئالدىغا چىقىپ:

— ئى قەۋمىم! مېنى قالقان ئۈستىدە قويۇپ، قالقاننى نەيزە بىلەن كۆتۈرۈپ مېنى سېپىل ئىشىكىگە يېقىن قىلغان ھالدا سېپىل ئىچىگە تاشلاڭلار! مەن ياكى شېھىت قىلىنىمەن، ياكى بولمىسا، سىلەرگە باغچىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىمەن! — دېدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا، بەرا ئىبنى مالىك قالقان ئۈستىدە ئولتۇردى، ئۇ ناھايىتى يېنىك ئىدى، ئۇنى ئونلارچە نەيزە ئۈستىدا كۆتۈرۈپ باغچە ئىچىدىكى تۇمەنمىڭ ئەسكەر ئارىسىغا تاشلىدى، بەرا ئىبنى مالىك ئۇلار ئارىسىغا خۇددى گۈلدۈرمامىدەك چۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن ئىشىك ئالدىدا ئۇرۇشۇپ، قىلىچىنى ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىدە ئوينىتاتتى، ئاخىرى كاپىرلاردىن يۈز نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتى، ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوقيا ئېتىلغان، قىلىچ ئۇرۇلغان،... بولۇپ جەمئىي 80 نەچچە يەردە ئېغىر جاراھەت ئىزى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئۆلۈم باغچىسىغا تۇشمۇ تۇشتىن ئېتىلىپ كىرىپ قىلىچلىرىنى باغچە تاملىرى بىلەن پاناھلىنىۋالغان مۇرتەدلەرنىڭ باشلىرىدا ئوينىتاتتى، ئۇلاردىن 20 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى، مۇسەيلىمەنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.



www.munber.org

بەرا ئىبنى مالىك ـ داۋالاتقىلى ياتقىغا ئېلىپ كېلىندى، خالىد ئۇنىڭ جاراھەتىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاي ئادەم تۇرغۇزدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق بەردى ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ئۇنىڭ قولى بىلەن ياردەم بەردى.

بەرا ئىبنى مالىك «ئۆلۈم باغچىسىدا» ئۆتۈپ كەتكەن شېھىتلىق پۇرسىتىگە ھەمىشە تەلپۈنۈپ تۇردى، ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ ئۈمىدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئىشتىياق باغلاپ، ئۇرۇشلارغا ئارقىمۇئارقا چۈشۈشكە باشلىدى. ئاخىرى، پارس شەھەرلىرىدىكى تۇستەرنى ئىشغال قىلىدىغان كۈنى، پارسلىقلار ئېگىز قەلئەلەرنىڭ بىرىگە كىرىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، خۇددى بىلەزۈك ـ بىلەكنى قامىۋالغاندەك، قورشىۋالغان ئىدى. مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى پارسلىقلارغا ئېغىرچىلىق قاتتىقلاشتى، ئۇلار قەلئە تاملىرىدىن زەنجىرلەرنى تاشلىغىلى تۇردى. زەنجىرلەرنىڭ ئۇچلىرىغا ئوت بىلەن قىزىتىلغان ئۆتكۈر پولات قارماقلار ئېسىلغان بولۇپ، چوغدىنىمۇ بەكرەك لاۋۇلدايتتى. قارماقلار مۇسۇلمانلارنىڭ بەدەنلىرىگە چوقۇلۇپ ئۇلار قەلئە تەرەپكە كۆتۈرۈپ كېلەتتى، قارماققا ئىلىنىپ قالغانلار يا ئۆلەتتى، يا چالا ئۆلۈك بولاتتى، قارماقلاردىن بىرى، بەرا ئىبنى مالىكنىڭ قېرىندىشى ئەنەس ئىبنى مالىكقا سانچىلدى ـ دە، ئۇنى يۇقىرى كۆتۈردى. بەرا ئىبنى مالىك بۇنى كۆرۈپ دەرھال قەلئە تېمىغا ياماشتى ۋە قېرىندىشىنى كۆتۈرۈۋالغان زەنجىرگە ئېسىلدى. ئۇ قېرىندىشىنىڭ بەدىنىدىن قارماقنى چىقىرىشقا ئۇرۇندى، ئۇنىڭ قوللىرى كۆيۈپ تۈتۈن چىقىشقا باشلىدى، ئۇ قېرىندىشىنى قۇتۇلدۇرمىغىچە بولدى قىلمىدى، ئۇنىڭ قولى گۆشسىز سۆڭەككە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن زېمىنغا چۈشتى، بۇ ئۇرۇشتىمۇ بەرا ئىبنى مالىك شېھىتلىكنى رىزىق قىلىپ بېرىشنى سورىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئۇ ئاللاھقا ئۇچرىشىشقا قىزىققان ھالدا شېھىت بولۇپ يىقىلدى.

ئاللاھ جەننەتتە، بەرا ئىبنى مالىكنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن! ئۇنىڭ

www.munber.org





كۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىغا قاندۇرسۇن! ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ۋە ئۇنىمۇ رازى قىلسۇن ئامىن!!!

www.munber.org

www.munber.org

# ئۆمەير ئىبنى ۋەھب

بۈگۈن ئۆمەير، مېنىڭ بەزى ئوغۇللىرىمدىنمۇ بەك سۆيۈملۈك بولۇپ قالدى.

ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

ئۆمەير ئىبنى ۋەھب بەدىر ئۇرۇشىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قايتىپ كەلدى، لېكىن ئوغلى ۋەھبنى مۇسۇلمانلار قولىدا ئەسىر ھالىتىدە قويۇپ قايتىپ كەلدى.

ئۆمەير مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرى، ساھابىلارغا قىلغان ئازابلىرى تۈپەيلىدىن ئوغلىغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى.

بىر ئەتىگىنى ئۆمەير كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى ۋە بۇتقا چوقۇنغىلى كېلىپ، تاش يېنىدا ئولتۇرغان، سەفۋان ئىبنى ئۆمەييەنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ خەيرلىك سەھەر! قۇرەيش كاتتىسى! ــ دېدى. سەفۋانمۇ جاۋابەن:

ــ خەيرلىك سەھەر! ئەبۇۋەھب! ئولتۇرۇڭ پاراڭلىشايلى سۆزلىشىش ئارقىلىق ۋاقتنى تېز ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ! ــ دېدى.

ئۆمەير سەفۋاننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. بۇ ئىككىيلەن بەدىر ئۇرۇشىنى، ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن قاتتىق مۇسىبەتلەرنى، مۇسۇلمانلار قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەسىرلەرنىڭ سانى، مۇسۇلمانلار قىلىچى ئۆلتۈرىۋاتقان ۋە چوڭقۇر قۇدۇق يېتىپ كەتكەن قۇرەيش كاتتىلىرى توغرىسىدا ئىچ ئاغرىتىشقان ھالدا سۆزلەشتى. بۇ ۋاقىتتا، سەفۋان ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇندىن كېيىن ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى! ــ دېۋىدى، ئۆمەير:





ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، راست گەپ قىلدىڭ! ــ دېدى ۋە بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، ــ كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مېنىڭ تۆگىتىپ بولالمىغان قەرزىم ۋە مەندىن كېيىن جاپا تارتىپ قالىدىغان بالىلىرىم بولمىغان بولسا ئىدى، مەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىشىنى توختىتىپ ئۇنىڭ يامانلىقىنى توسقان بولاتتىم! ــ دېدى. ئۇ يەنە ئاستا پىچىرلاپ تۇرۇپ، ــ ئوغلۇم ۋەھبنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا بولغانلىقى مېنىڭ مەدىنىگە بېرىشىمغا گۇمان قوزغىيالمايدۇ! ــ دېدى.

سەفۋان ئۆمەييەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى غەنىمەت بىلىپ، بۇ پۇرسەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى خالىمىدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ ئۆمەير! قانچىلىك قەرزىڭ بولسا مېنىڭ ئۈستۈمگە قويۇپ قوي! مەن ئادا قىلىۋېتەي!... ئەمما، بالىلىرىڭغا كەلسەك، مەن ئۇلارنى ئۆمۈر بويى مېنىڭ بالىلىرىمغا قوشىۋېتەي! مېنىڭ مېلىم كۆپ! ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە يېتىدۇ!... ــ دېدى.

ــ ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ بۇ گەپلىرىمىزنى مەخپىي تۇت! ھېچكىمگە دېمىگىن!

ــ سەنمۇ شۇنداق قىلارسەن!

ئۆمەير كەئبىدىن چىقتى، ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئاداۋەت ئوتى لاۋۇلدايتتى، ئۇ بەل باغلىغان ئىشنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۈنلەرنى سانىغىلى تۇردى. ئۇ ئۆز سەپىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ گۇمانلىنىشىدىن قورقمايتتى. چۈنكى، قۇرەيشلىك ئەسىرلەرنىڭ ئىگىلىرى ئەسىرلەرنى تۆلەم بېرىپ قۇتقۇزۇپ كېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە بېرىپ كېلىپ تۇراتتى. ئۆمەير قىلىچىنى چاخلىتىپ، زەھەر بىلەن سۇغارتقۇزدى، ئۆلىغىنى تەييارلاپ تەق قىلدۇردى ـ دە، مەدىنە تەرەپكە يول ئالدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئاداۋەت ۋە يامانلىق بىلەن تولغان ئىدى. ئۆمەير مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ مەسجىد تەرەپكە ماڭدى، مەسجىد ئىشىكىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئۆلىغىنى

www.munber.org

چۆكتۈرۈپ ئۇنىڭدىن چۇشتى. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىر تۈركۈم ساھابىلەر بىلەن مەسجىدنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇشۇپ، بەدىر ئۇرۇشىنى ۋە ئۇنىڭدىكى شېھىتلەرنى ئەسلەپ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ياردىمى ئارقىلىق ھۆرمەتلىگەنلىكى ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلەرنىڭ خارلىقىنى كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۆمەر بىر قاراپلا، ئۇلىقىدىن چۈشۈپ قىلىچىنى ئېسىپ، مەسجىد تەرەپكە كېلىۋاتقان ئۆمەيرنى كۆردى ـ دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ماۋۇ ئىت! ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۆمەيرغۇ!؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ بۇ يەرگە يامانلىق ئۈچۈنلا كەلگەن! بىز مەككىدىكى چاغلىرىمىزدا مۇشۇ ئىتلارنىڭ بىزگە جاسۇسى ۋە شۇنداقلا بەدىر ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى بىزگە قويۇلغان جاسۇسى ئىدى! — دېدى ۋە يېنىدىكى كىشىلەرگە، — سىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇڭلار! ماۋۇ ئالدامچى نىجىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئاگاھ بولۇڭلار! — دېدى ۋە ئالدىراپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، — يا رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۆمەير ئىبنى ۋەھب! ئۇ قىلىچىنى ئېسىپ كەپتۇ! ئۇنى يامانلىقنى ئويلاپ كەلدىمىكىن دەيمەن! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە:

— ئۇنى قېشىمغا كىرگۈزۈۋەت! — دېدى.

ئۆمەر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ياقىسىدىن تۇتتى ۋە قىلىچىنىڭ يېپى بىلەن بوينىدىن باغلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— ئۇنى قويىۋەت! — دېۋىدى، ئۆمەر ئۇنى قويىۋېپ بەردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۆمەرگە، — كەينىڭگە يان! — دېۋىدى ئۇ كەينىگە ياندى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەيرگە قاراپ، — ئۆمەير! يېقىن كەل! — دېۋىدى، ئۇ يېقىن كېلىپ:

— خەيرلىك سەھەر! — دەپ سالام بىرۋىدى (بۇ سالام ئەرەبلەرنىڭ





جاھىلىيەت دەۋرىدىكى سالىمى ئىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۆمەير! ئاللاھ بىزنى سېنىڭ سالىمىڭدىن ياخشى سالام بىلەن ھۆرمەتلىدى، ئاللاھ بىزنى ھۆرمەتلىگەن سالام «ئەسسالامۇئەلەيكۇم »دۇر، ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ سالىمىدۇر! — دېدى.

— ئاللاھ بىلەن قەسەم! سەنمۇ بىزنىڭ سالىمىمىزدىن يىراق ئەمەس! ئۇ سالامغا تېخى ئەمدى يەتتىڭ! — دېدى ئۆمەير.

— ئى ئۆمەير! بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ دەپ سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

— سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ئەسىرنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم! ماڭا ئېتىبار قىلىڭلار! — دېدى.

— ئۇنداقتا، مۈرەڭدىكى قىلىچنى نېمىگە ئېلىپ كەلدىڭ؟

— مەن بۇ قىلىچنى يامانلىقنى ئويلاپ ئېلىپ كەلگەن بولسام ئاللاھ بۇ قىلىچنى ئەڭ سەت قىلىچلاردىن قىلىۋەتسۇن!...

— راست گەپ قىل! قىلىچنى نېمىگە ئېلىپ كەلدىڭ؟

— يۇقىرىقى ئىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم!

— ياق! سەن سەفۋان بىلەن تاش تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قۇرەيش ئۆلۈكلىرىنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلىرىنى ئەسلىدىڭلار! ئاندىن سەن، ئەگەر ئۈستۈمدە قەرزىم ۋە بالىلىرىم بولمىغان بولسا، مەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرگىلى چىقاتتىم! دېدىڭ. ئاندىن سەفۋان: سېنىڭ قەرزىڭ ۋە بالىلىرىڭنى، مېنى ئۆلتۈرۈش بەدىلىگە ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سەن بىلەن بۇ ئىشلار ئوتتۇرىسىدا ئاللاھ بار! — دېدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

ئۆمەير بىردەم ھودۇقۇپ قېلىپ:

— سېنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا، — يا رەسۇلۇللاھ! بىز سەن ئېلىپ كەلگەن ئاسمان خەۋەرلىرىنى ساڭا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىلەرنى يالغان دەپتىمىز! لېكىن سەفۋان بىلەن بولغان سۆزىمىزنى ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم

بىلمەيتتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ سۆزلەرنى ساڭا ئاللاھ ئىلىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەندىم! مېنى ئىسلام دىنىغا باشلاش ئۈچۈن سېنىڭ قېشىڭغا ئىلىپ كەلگەن ئاللاھقا مىڭ مەرتىبە شۈكرى! ــ دېدى ۋە شاھادەت كەلتۈردى، ــ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق! مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا:

ــ بۇرادىرىڭلارغا دىندىن مەلۇمات بېرىڭلار! ئۇنىڭغا، قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇڭلار! ئۇنىڭ ئەسىرىنى قويۇپ بېرىڭلار! ــ دېدى.

مۇسۇلمانلار ئۆمەيرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا خۇشال بولۇشتى، ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ:

ــ ئۆمەير، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەن چېغىدا ماڭا توڭگۇز ئۇنىڭدىن سۆيۈملۈكرەك ئىدى، مانا بۈگۈن ئۇ ماڭا بەزى ئوغۇللىرىمدىن سۆيۈملۈك بولۇپ كەتتى!

ئۆمەير ۋۇجۇدىنى ئىسلام تەلىماتلىرى بىلەن پاكلاپ، دىلىنى قۇرئان نۇرى بىلەن تولدۇرۇپ، مەككە ۋە مەككىدىكى كىشىلەرنى ئۇنتۇلدۇرغىدەك دەرىجىدە ھاياتىنىڭ گۈزەل ۋە باياشات كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، سەفۋان شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ قۇرەيشلەر ئىچىدە: «سىلەرگە پات يېقىندا كېلىدىغان ۋە بەدىر ۋەقەسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان چوڭ خەۋەردىن بېشارەت بېرەي!» دەپ جار سېلىپ يۈرەتتى، سەفۋان ئۇزۇن مۇددەت كۈتۈپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىئاراملىق ئاستا ـ ئاستا كىرىشكە باشلىدى، ھەتتا ئۇ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماس بولۇپ قالدى. يولۇچىلاردىن ئۆمەير توغرىلىق سورىغان بولسىمۇ، ھېچكىمدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى، بىر كۈنى بىر يولۇچى كېلىپ، «ئۆمەير مۇسۇلمان بوپتۇ!» دېدى. سەفۋانغا بۇ خەۋەر يەر تەۋرىتىلگەندەك تۇيۇلدى. چۈنكى، يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەر مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۆمەيرنى مۇسۇلمان بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئەمما ئۆمەير دىندىن خەۋەردار بولۇپ، قۇرئاندىن مەلۇم دەرىجىدە ياد





ئالدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ،

ــ يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەپتىمەن! ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشىلەرگە يەتكۈزگەن ئەزىيىتىم بەك قاتتىق بوپتۇ! ئەمدى مەن مەككىگە بېرىپ قۇرەيش خەلقىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى تەرەپكە چاقىرىشىمغا رۇخسەت بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن! ئەگەر ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!؟ ئەگەر يۈز ئۆرۈسە، مەن بۇرۇن سېنىڭ ساھابىلىرىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگەندەك، ئۇلارنىڭ دىنىغىمۇ ئەزىيەت يەتكۈزىمەن! ــ دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئۆمەيرگە رۇخسەت قىلدى، ئۆمەير مەككىگە قايتىپ سەفۋاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

ــ ئى سەفۋان! سەن مەككە رەھبەرلىرىدىن ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئەقىللىقلىرىدىن بىرى، سىلەر ئىلىپ بېرىۋاتقان تاشقا ئىبادەت قىلىش، قۇربانلىق قىلىش ئىشلىرىنى سەن ئەقىلگە ئۇيغۇن، دىن بولۇشقا لايىق دەپ ئويلامسەن؟ مەن بۇنى دىن بولۇشقا لايىق دەپ قارىمايمەن؛ مۇھەممەدنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلدىم، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن! ــ دېدى.

ئۆمەير مەككىدە تۇرۇپ كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ تەشۋىقى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئاللاھ ئۆمەير ئىبنى ۋەھبىگە كۆپلەپ رەھمەت ئاتا قىلسۇن! ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن ئامىن!



www.munber.org

www.munber.org

## ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ئەسسەھمى

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئابدۇللاھنىڭ بېشىغا سۆيۈش مەجبۇرىيىتى بار! مەن بىرىنچى بولۇپ باشلايمەن!

— ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

بۇ ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى — ساھابىلەردىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ئەسسەھمى دەپ ئاتىلىدىغان كىشىدۇر.

ئىسلام دىنى ئابدۇللاھقا ئۆز زامانىسىدىكى دۇنيا رەھبەرلىرى بولغان، پارس پادىشاھى كىسرا ۋە رۇم پادىشاھى قەيسەر بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋە ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ھەر بىرى بىلەن زامان ئەسلىمىسىدە ساقلانغان، تارىخ تىللىرىدا سۆزلىنىدىغان ھېكايىسىنىڭ قالدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان.

ئۇنىڭ پارس پادىشاھى كىسرا بىلەن بولغان ھېكايىسى ھىجرەتنىڭ 6 - يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ساھابىلىرى ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى چەتئەل پادىشاھلىرىغا، ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتمەكچى بولغاندا يۈز بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇھىم ۋەزىپىنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. بۇ ئەلچىلەر بۇرۇن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغان يىراق ئەللەرگە بارىدۇ، ئۇلار بۇ ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ، پادىشاھلارنىڭ مىجەزىنى بىلمەيدۇ، مانا شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار بۇ پادىشاھلارنى دىنىنى تاشلاشقا، يۈز ئابرۇي ۋە مەنسۇۋىدىن ئايرىلىشقا، تونۇگۈنكى ئەگەشكۈچىلىرى بولغان كىشىلەرنىڭ دىنىغا كىرىشكە چاقىرىدۇ.

بۇ ھەقىقەتەن بارغان ئادەم يوقالغان، قايتقان ئادەم يېڭىدىن تۇغۇلغان





www.munber.org

بولۇپ ھېسابلىنىدىغان مۇشكۈل سەپەردۇر، شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇدى، ھەمدۇسانا ۋە گۇۋاھلىق سۆزىنى ئېيتقاندىن كېيىن، مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— مەن سىلەردىن بەزىلىرىڭلارنى چەتئەل پادىشاھلىرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتمەكچى، سىلەر ماڭا بەنى ئىسرائىل ئىسا ئىبنى مەريەمگە قارشى چىققاندەك قارشى چىقماڭلار! — دېدى. ئۇنىڭ ساھابىلىرى:

— يا رەسۇلۇللاھ! خالىغان ئىشىڭنى ئادا قىلىشقا بىز تەييارمىز! بىزنى خالىغان يېرىڭگە ئەۋەتكىن! — دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب ۋە چەتئەل پادىشاھلىرىغا ئۆز مەكتۇبلىرىنى ئەۋەتىش ئۈچۈن ساھابىلەردىن ئالتە كىشىنى تاللىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ئاشۇ ئالتە كىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ پارس پادىشاھى كىسراغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى ئاپىرىشقا تەيىنلەندى.

ئابدۇللاھ ئۇلىغىنى تەييارلاپ ئايالى ۋە بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، نىشانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ھەمراھلىقىدا يالغۇز ھالدا تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، ئويمان - ئازگاللاردىن ئۆتۈپ ئاخىرى پارس دىيارىغا يېتىپ باردى - دە، پادىشاھ دىيارىدا ئوردىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى ھەم دەرۋازىۋەنگە ئېلىپ كەلگەن خەتنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

كىسرا ئوردىسىنى ئالاھىدە زىننەتلەپ پارس كاتتىلىرىنى مەجلىسكە كېلىشكە چاقىردى، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ئوردا ئىچى بىر خىل سۈرلۈك تۈسكە كىردى، ئاندىن ئەلچى ئابدۇللاھنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بېرىلدى.

ئابدۇللاھ پارس پادىشاھىنىڭ ھۇزۇرىغا ئاددىي - ساددا، توقۇلۇشى قوپال ئەرەبلەرگە خاس كىيىم بىلەن كىردى، لېكىن ئۇنىڭ بېشى ئۈستۈن، قەددى تىكلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئىسلامنىڭ ئىززىتى چاقناپ، دىلىدا ئىماننىڭ كاتتىلىقى يالقۇنجاپ تۇراتتى، كىسرا ئۆز تەرىپىگە كېلىۋاتقان ئابدۇللاھنى كۆرۈشى بىلەنلا، قېشىدىكى خىزمەتچىلەردىن

بىرگە ئۇنىڭ قولىدىكى خەتنى ئېلىشقا ئىشارەت قىلدى. ئابدۇللاھ:

— ياق! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بۇ خەتنى كىسرانىڭ ئۆز قولىغا بېرىشكە بۇيرۇغان، مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمايمەن! — دېدى. كىسرا قېشىدىكى خىزمەتچىلەرگە:

— ئۇنى قېشىمغا كەلگىلى قويۇڭلار! — دېدى.

ئابدۇللاھ كىسرانىڭ قېشىغا كېلىپ خەتنى كىسرانىڭ ئۆز قولىغا بەردى. ئاندىن كېيىن كىسرا ھىرە ئەھلىدىن بولغان كاتىپىنى چاقىرىپ خەتنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى. خەت:

﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن، پارس كاتتىسى كىسراغا، توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام!...﴾ دەپ باشلانغان ئىدى.

كىسرا خەتنى مۇشۇ يەرگىچە ئاڭلاپ، چەكسىز غەزەپكە كېلىپ يۈزى قىزىرىپ، چېكە ۋە گەدەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەتنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىغان...

كىسرا خەتنى كاتىپىنىڭ قولىدىن سىلكىپ تارتىۋېلىپ ئۇ خەتنى ئاخىرىنى ئوقۇمايلا يىرتىپ تاشلىدى ۋە ئۇ: «ماڭا مۇشۇنداقمۇ يازامدۇ؟ ئۇ دېگەن مېنىڭ قۇلۇم تۇرسا!» دەپ كايىشقا باشلىدى، ئاندىن ئابدۇللاھنى مەجلىستىن چىقىرىۋېتىشقا بۇيرۇدى.

ئابدۇللاھ كىسرانىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ياكى تىرىك قويۇۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى...

لېكىن ئۇ ئۆزۈن تۇرمايلا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى جايىغا يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئەمدى نېمىلا ئەھۋال بولمىسۇن، پەرۋايىم - پەلەك» دېدى - دە، ئۇلىغىغا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. كىسرانىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندا، ئابدۇللاھنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى، لېكىن ئۇ تېپىلمىدى، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى، ئۇلار ئابدۇللاھنى ئەرەب ئارىلىدىكى يوللارغا قەدەر ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ كېتىپ بولغانلىقىنى ئۇقتى، ئابدۇللاھ پەيغەمبەر





ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ كىسرانىڭ ئىشلىرىنى ۋە خەتنىڭ يىرتىپ تاشلانغىنىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ۋەيران قىلىۋەتسۇن!» دېدى ۋە باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى.

ئەمما كىسرا، يەمەن ۋالىيسى بازانغا: «ھىجازدا باش كۆتەرگەن بۇ ئادەمگە قېشىڭدىن كۈچلۈك ئىككى كىشىنى ئەۋەت! ئۇلار ئۇ ئادەمنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلسۇن!» دەپ خەت يازدى.

بازان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئىككى ئادەمنى خەت بىلەن ئەۋەتتى. خەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېچىكمەستىن كىسرا بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن كېلىشكە بۇيرۇق بېرىلگەن ئىدى...

بازان يەنە بۇ ئىككى كىشىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلىرىدىن خەۋەر بېرىشنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مەلۇمات ئىگەللەشنى بۇيرۇغان ئىدى. بۇ ئىككىسى تېزلىكتە سەپەرگە ئاتلاندى. تائىف شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا تائىفتا قۇرەيشلىك سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلاردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سورىدى. قۇرەيشلىكلەر:

— ئۇ مەدىنىدە! — دەپ جاۋاب بېرىپ خاتىرجەم ھالدا مەككىگە ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئۇلار قۇرەيش خەلقىنى تەبرىكلەپ، — خۇشخەۋەر! ئېنىقكى، كىسرا مۇھەممەدكە قارشى تۇرۇپتۇ! سىلەردىن ئۇنىڭ يامانلىقىنى توسۇپتۇ! — دېگىلى تۇردى.

ھېلىقى ئىككىسى مەدىنە تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ ئىككىسى مەدىنىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، بازاننىڭ خېتىنى بېرىپ:

— پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى كىسرا، پادىشاھىمىز بازانغا سىزنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىشكە خەت يېزىپتۇ... بىز سىزنى ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق! ئەگەر سىز ماقۇل كۆرسىڭىز



www.munber.org

كىسراغا سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن سىزنى جازالىماسلىق توغرىسىدا سۆزلەپ قويىمىز، ئەگەر ئۇنىمىسىڭىز ئۇنىڭ ئاچچىقىنى، ئۇنىڭ ئازابىنىڭ يامانلىقىنى ئۇنىڭ سىز ۋە قەۋمىڭىزنى ھالاك قىلىۋېتىشتىكى قۇدرىتىنى سىز بىلىسىز! ــ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم بىلەن ئۇ ئىككىسىگە:

ــ بۇگۈن قايتىپ ئەتە كېلىڭلار! بۇگۈنچە ياتىقىڭلاردا دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار! ئەتە سۆزلىشەيلى! ــ دېدى. ئۇلار قايتىپ ئەتىسى كېلىشتى ۋە:

ــ بىز بىلەن كىسرانىڭ قېشىغا بېرىشقا تەييارلىق قىلدىڭىزمۇ؟ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە:

ــسىلەر بۈنىڭدىن كېيىن كىسرا بىلەن كۆرۈشەلمەيسىلەر!... ئۇنى ئاللاھ ئۆلتۈرۈۋەتتى، مۇشۇ ئاينىڭ پالانى كۈنى ئۇنىڭ ئوغلى ”شىرۋەيھ“ نى ئۇنىڭ ئورنىغا رەھبەر قىلدى، ــ دېدى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چەكچەيگىنىچە قاراپ قېلىشتى. يۈزلىرىدە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى ـ دە:

ــ سەن نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟! پادىشاھىمىز ”بازان“ قا مۇشۇنداق يازىمىزمۇ؟ ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شۇنداق! بازانغا «مۇھەممەد، روشەنكى مېنىڭ دىنىم كىسرانىڭ پادىشاھلىقى يېتىپ بارغان يەرلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ! مۇسۇلمان بولساڭ قولۇڭدىكى خىزمەتنى ساڭا بېرىمەن، سېنى قەۋمىڭگە باشلىق قىلىمەن» دېدى، دەڭلار، ــ دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى.

بۇ ئىككىسى بازاننىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، بازانغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. بازان

ــ ئەگەر مۇھەممەدنىڭ گېپى راست بولسا، ئۇ راست پەيغەمبەر، ئەگەر يالغان بولسا ئىش ئالدىمىزدا، قانداقلىقىنى بىلىمىز! ــ دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بازانغا شىرۋەيھنىڭ خېتى يېتىپ كەلدى، ئۇ خەتتە: «مەن كىسرانى ئۆلتۈرۈۋەتتىم! ئۇنى پەقەت خەلقىمىزنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈنلا ئۆلتۈردۇم! ئۇ خەلقىمىزنىڭ شەرەپلىك كىشىلىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئاياللىرىنى دەپسەندە قىلىش، ماللىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى، خېتىم بارغان ھامان قېشىڭدىكىلەر بىلەن بىرگە ماڭا بويسۇنغىن!» دېيىلگەن ئىدى.

بازان شىرۋەيھنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويدى ـ دە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەمەن شەھىرىدىكى پارسلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى، مانا بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافەنىڭ پارس پادىشاھى كىسرا بىلەن ئۇچراشقاندىكى ئاجايىپ ھېكايىسى.

ئۇنداقتا ئابدۇللاھنىڭ رۇم كاتتىسى قەيسەر بىلەن ئۇچرىشىشى قانداق بولغان ئىدى؟

بۇ ئىش، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بولغان بولۇپ، ئابدۇللاھنىڭ قەيسەر بىلەن بولغان قىسسىسىمۇ ئاجايىپ قىسسىلەردىن بىرى ئىدى.

ھىجرىيەنىڭ 19 ـ يىلى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رۇمغا قارشى ئەسكەر چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھمۇ بار ئىدى... رۇم پادىشاھى قەيسەرگە مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ خەۋەرلىرى، ئىمانىنىڭ راستلىقى، ئەقىدىنىڭ پۇختىلىقى، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ يولىدا جېنىنى ئايىماسلىق، قاتارلىق سۈپەتلىرى يېتىپ بارغان ئىدى.

قەيسەر، ئەسكەرلىرىگە: ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى ئەسىر بولۇپ قولغا چۈشسە، ئۇنى قويىۋەتمەستىنلا ئۆزىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان ئىدى. ئاللاھ ئابدۇللاھنىڭ رۇملۇقلار قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشۈشىنى ئىرادە قىلدى. ئۇلار ئابدۇللاھنى پادىشاھ قېشىغا بۇ مۇھەممەدنىڭ دىنىغا دەسلەپ كىرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى! دەپ ئېلىپ كېلىشتى. قەيسەر ئابدۇللاھقا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

ــ تېزلان! مەن ساڭا بىر شەرت قويىمەن! ــ دېدى.

ــ ئۇ نېمە شەرت؟ دەپ سورىدى ئابدۇللاھ.

ــ مەن ساڭا خرىستىئان بولۇشنى شەرت قىلىمەن! ئەگەر



www.munber.org

خرىستىئان بولساڭ سېنى قويۇپ بېرىمەن! مەنسىپىڭنى ئۆستۈرىمەن! — دېدى.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ماڭا نىسبەتەن سەن تەلەپ قىلغان نەرسىدىن ئۆلۈم مىڭ مەرتىبە ياخشى! دېدى ئابدۇللاھ مەنستىمەستىن.

— سەن پاراسەتلىك ئادەمدەك قىلىسەن! ئەگەر سەن مەن ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنى قوبۇل قىلساڭ ئىشلىرىمغا شېرىك قىلىمەن! پادىشاھلىقىمنى بۆلۈپ بېرىمەن!

كىشەنلەنگەن ئابدۇللاھ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن ماڭا مەن كۆرگەن، بىلگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بەرسەڭمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئۇچۇن بولسىمۇ قايتمايمەن! — دېدى

— ئۇنداقتا سېنى ئۆلتۈرىمەن! — دېدى.

— خالىغىنىڭنى قىل! — دېدى ئابدۇللاھ.

. قەيسەر بۇيرۇق قىلىپ ئابدۇللاھنى دارغا ئاستۇردى ۋە ئاتارمەنلىرىگە رۇم تىلىدا:

— ئۇنىڭ قولىغا يېقىن ئېتىڭلار! — دېدى ۋە ئۇنى خرىستىئان بولۇشقا زورلىدى. ئابدۇللاھ قەتئىي ئۇنىمىدى. قەيسەر يەنە ئۇنىڭ پۇتىغا يېقىن ئېتىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنى خرىستىئان بولۇشقا قىستىدى. ئابدۇللاھ ئۇنىمىدى. بۇ چاغدا قەيسەر ئاتارمەنلىرىنى توختاشقا بۇيرۇپ، — ئابدۇللاھنى داردىن چۈشۈرۈڭلار! — دېدى - دە، چوڭ بىر قازاننى ئەكەلدۈرۈپ ئۇنى ياغ بىلەن توشقۇزۇپ ئۇچاققا ئوت يېقىشقا بۇيرۇدى، قازاندىكى ياغ قاينىدى. قەيسەر بۇيرۇق قىلىپ، مۇسۇلمان ئەسىرلەردىن ئىككىنى قازاندىكى ياغقا تاشلاتقۇزدى. ئۇلارنىڭ گۆشلىرى كاۋاب بولۇپ، سۆڭەكلىرى يالىڭاچلىنىپ قالدى. ئاندىن قەيسەر ئابدۇللاھنى خرىستىئان بولۇشقا قىستىدى. لېكىن ئابدۇللاھ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك چىڭ تۇردى.





قەيسەر، ئابدۇللاھتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۇنىمۇ قازان قېشىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. قەيسەرنىڭ ئادەملىرى قەيسەرگە، «ئۇ يىغلىدى!» دەپ يەتكۈزدى. قەيسەر ئابدۇللاھنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ يىغلىغان چېغى، دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئابدۇللاھ قەيسەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنى يەنە خرىستىئان بولۇشقا قىستىدى. ئابدۇللاھ ئۇنىمىدى. قەيسەر:

— ۋاي ئىست ساڭا! باياتتىن سەن نېمىگە يىغلىغان ئىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى يىغلاتقىنى مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: «سەن ھازىر قازانغا تاشلىنىسەن! سېنىڭ جېنىڭ ئاللاھ تەرەپكە كېتىدۇ!» دېدىم ۋە بەدىنىمدىكى تۈكنىڭ باراۋىرىدە، بىردىن جېنىم بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ يولىدا مۇشۇ قازانغا تاشلىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ يىغلىدىم! — دېدى.

— سەن مېنىڭ بېشىمغا سۆيۈپ قويساڭ، مەن سېنى ۋە قولۇمدىكى بارلىق مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىمەن! — دېدى.

ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى، مەن بۇنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويىمەن، ئۇ مېنى ۋە بارلىق مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىدۇ، ماڭا زىيان يوق! دەپ ئويلىدىم.»

ئابدۇللاھ قەيسەرگە يېقىن كېلىپ بېشىغا سۆيۈپ قويدى، رۇم پادىشاھى بارلىق مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى يىغىپ، ئابدۇللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار تاپشۇرۇلدى.

ئابدۇللاھ، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۆمەر ئابدۇللاھتىن بەك خۇرسەن بولدى ۋە بارلىق ئەسىرلەرگە قاراپ:

— ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئابدۇللاھنىڭ بېشىغا سۆيۈش مەجبۇرىيىتى بار! مەن ئاۋۋال سۆيۈشنى باشلايمەن!... — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويدى...



www.munber.org

## تۇفەيل ئىبنى ئەمرۇد دەۋسى

ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ نىيەت قىلغان ياخشىلىقىغا ياردەم
بېرىدىغان بىر پاكىت قىلىپ بەرگىن!

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

تۇفەيل جاھىلىيەت دەۋرىدە دەۋس قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋېشى، ئەرەبلەرنىڭ ئېسىل، شەرەپلىك كىشىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا جاھىلىيەتتىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قانچە ساھابىلەردىن بىرى ئىدى.

ئۇنىڭ قازىنى ئوچىقىدىن چۈشمەيتتى، يول تەرەپكە قارىغان ئىشىكى تاقالمايتتى، ئۇ ئاچلارغا تائام بېرەتتى، قورققانلارغا ئەمىنلىك ئاتا قىلاتتى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھۇشيار، چېچەن، ھېس - تۇيغۇسى ئويغاق، سېزىمى ئۆتكۈر، سۆزىنىڭ شېرىن - چۈچىمەللىكى پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەدىب ۋە شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى جەلىبكارلىقىقا ئىگە ئىدى.

تۇفەيل تۇھامە تېغىدىكى قەۋملىرىدىن ئايرىلىپ، مەككىگە يول ئالدى. ئۇرۇش تۈگمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش كاپىرلىرى ئوتتۇرىسىدا چۆگىلەۋاتاتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز گۇرۇھلىرىغا ياردەمچىلەرنى چاقىراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ھەقىقەتكە چاقىراتتى. ئۇنىڭ قورالى ھەق بىلەن ئىمان ئىدى. قۇرەيش كاپىرلىرى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا بارلىق ۋاسىتىلار بىلەن قارشى تۇراتتى. بارلىق قەبىھ ۋاسىتىلار بىلەن كىشىلەرنى توغرا يولدىن توساتتى.

تۇفەيل ئۆزىنىڭ بۇ ئۇرۇشقا تەييارلىقسىز كىرىپ قالغانلىقىنى ۋە





ئۇنىڭغا مەقسەتسىز قاتنىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ مەككىگە بىرەر غەرەزدە كەلمىگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى ئىشلىرى، ھەر قانداق ئەھۋالدا بولسۇن كۆڭلىگە كىرىپمۇ چىقمايتتى.

بۇ يەردە مۇشۇ ئۇرۇش بىلەن بىرگە تۇفەيلنىڭ ئۇنتۇلمايدىغان بىر ھېكايىسى بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قىزىق ھېكايىلەردىن بىرى، تۇفەيل بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

مەن مەككىگە كەلدىم، قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى مېنى كۆرۈشى بىلەنلا ئالدىمغا چىقىپ مېنى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى، ئېسىل ئورۇنلاردا ئولتۇرغۇزۇپ دېدىكى:

— ئى تۇفەيل! سەن شەھىرىمىزگە قەدەم باستىڭ! ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان بۇ ئادەم بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بۇزدى، بىرلىكىمىزنى پارچىلىدى، بىز بىزگە كەلگەن ئىشلارنىڭ ساقا ۋە خەلقىڭ ئىچىدىكى ھوقۇقۇڭغا، كېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز، سەن بۇ ئادەمگە سۆزلىمىگىن! ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالمىغىن! ئۇنىڭ سېھىر قىلغۇدەك سۆزلىرى بار بولۇپ، ئاتا بىلەن بالىنىڭ، بىر تۇغقان بىلەن بىر تۇغقاننىڭ، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋېتىدۇ! — دېدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ماڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيران قالارلىق خەۋەرلىرىنى توختىماستىن سۆزلەپ بەردى، مېنى ۋە خەلقىمنى ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن قورقۇتتى، ھەتتا مېنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىقىقا، ئۇنىڭغا سۆزلىمەسلىككە، ئۇنىڭدىن سۆز ئاڭلىماسلىقىقا چاقىردى، مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى (بىز چوقۇنىدىغان ۋە تاۋاپ قىلىدىغان بۇتلىرىمىزغا باش قويغىلى) كەلگىنىمدە، قۇلىقىمغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قۇلىقىمغا پاختا تىقىۋالدىم. لېكىن، مەسجىدكە كىرىشىم بىلەنلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنىڭ نامىزىمىزغا ئوخشىمايدىغان نامازنى ئوقۇپ تۇرغانلىقىنى ۋە بىزنىڭ ئىبادىتىمىزگە ئوخشىمايدىغان



www.munber.org

ئىبادەتنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى مېنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى، ئۇنىڭ ئىبادىتى مېنى قىزىقتۇردى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، يېقىن بىرىپ قالغانلىقىمنى سەزدىم. ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاتتى، مەن شۇنداق چىرايلىق بىر سۆزنى ئاڭلىدىم ۋە كۆڭلۈمدە دېدىمكى: ‹ھەي! ئۆلگۈر تۇفەيل!... سەن ئۇستا شائىر، ساڭا سەتلەر ئىچىدىكى چىرايلىقى يوشۇرۇلۇپ قالالمايدۇ، سېنىڭ بۇ ئادەم دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بېقىشىڭغا نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ سۆزى ياخشى بولسا قوبۇل قىلارسەن، يامان بولسا تاشلاپ قويارسەن!›

تۇفەيل يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتقۇچە كۈتۈپ تۇرۇپ، قايتقىنىدا ھويلىسىغا كىرگۈچە ئەگەشتىم، ئاندىن:

— ئى مۇھەممەد! سېنىڭ قەۋمىڭ ماڭا سەن توغرۇلۇق نۇرۇغۇن گەپلەرنى قىلدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مېنى داۋاملىق سېنىڭ ئىشىڭ توغرىسىدا قورقىتىۋەرگەچكە، ئاخىرى مەن سۆزۈڭنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىمنى پاختا بىلەن ئېتىۋالغان ئىدىم. ئاللاھ قۇلىقىمغا بىر سۆزنى كىرگۈزدى، مەن ئۇنىڭ ئىنتايىن چىرايلىق سۆز ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئىشىڭنىڭ ھەقىقىتىنى ماڭا بايان قىلغىن! — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ بەردى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن چىرايلىق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئىشىدەك ئادىل ئىشنى كۆرۈپ باقمىغان، مەن بۇ ۋاقىتتا قولۇمنى بېرىپ، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ ئىسلام دىنىغا كىردىم.»

تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ:

مەن مەككىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئىسلام قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگەندىم قۇرئاندىن مەلۇم قىسمىنى ياد ئالدىم، مەن خەلقىم قېشىغا قايتماقچى

www.munber.org





بولغىنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— يا رەسۇلۇللاھ! مەن يۇرتۇمدا سۆزۈم ئۆتىدىغان ئادەم، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرماقچى، ئاللاھ تائالاغا ئۇلارنى چاقىرغان ئىشتا ماڭا ياردەم بېرىدىغان پاكىت قىلىپ بېرىشكە دۇئا قىلساڭ! — دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا پاكىت قىلىپ بەرسەڭ! — دەپ دۇئا قىلدى.

مەن قەۋمىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېگىز بىر يەرگە چىقتىم، بۇ ۋاقىتتا ئىككى كۆزۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىراققا ئوخشاش بىر نۇر پەيدا بولدى، مەن شۇئان:

— ئى ئاللاھ! بۇ نۇرنى يۈزۈمدىن باشقا ئورۇندا قىلساڭ! ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنىڭ بۇ نۇرنى، ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئايرىلغانلىقىم ئۈچۈن يۈزۈمگە چۈشكەن ئازاب، دەپ خاتا گۇمان قىلىشىدىن قورقىمەن، دېيىشىم بىلەن نۇر يۆتكىلىپ قامچامنىڭ دەستىسىگە چۈشتى.

مەن ئېگىز جايدىن كەنتكە چۈشتۈم كىشىلەر قامچامدىكى ئېسىقلىق پانۇسقا ئوخشاش يېنىپ تۇرغان نۇرنى كۆرۈشكە باشلىدى، ئۆيگە كەلسەم دادام قېشىمغا كەلدى، دادام ياشىنىپ قالغان ئىدى، مەن دادامغا:

— سىز مەندىن يىراق تۇرۇڭ! مەن سىزگە ئوخشىمايمەن، سىزمۇ ھەم ماڭا ئوخشىمايسىز! — دېدىم.

— نېمىشقا ئوغلۇم!؟ دېدى دادام تەئەججۈپ بىلەن.

— مەن مۇسۇلمان بولدۇم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، — دېدىم.

— ئوغلۇم! سېنىڭ دىنىڭ مېنىڭ دىنىم! — دېدى دادام.

— سىز بېرىپ يۇيۇنۇڭ! كىيىمىڭىزنى پاكىزلاپ قېشىمغا كېلىڭ! مەن سىزگە ئۆگەنگىنىمنى ئۆگىتىپ قوياي! — دېدىم. دادام بېرىپ يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى پاكىزلاپ كەلدى، مەن دادامغا ئىسلام دىنىنى بايان

قىلدىم، دادام مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن قېشىمغا ئايالىم كەلدى، مەن ئۇنىڭغىمۇ:

ــــ مەندىن يىراق تۇرۇڭ! مەن سىزگە ئوخشىمايمەن، سىزمۇ ماڭا ئوخشىمايسىز! ــ دېۋېدىم، ئايالىم:

ــــ نېمىشقا؟ ئاتا ـ ئانام پىدا بولۇپ كەتسۇن! زادى نېمىشقا؟! ــ دەپ سورىدى.

ــــ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىسلام ئايرىپ تۇردۇ. مەن مۇسۇلمان بولدۇم! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم!

ــــ سىزنىڭ دىنىڭىز مېنىڭ دىنىم! ــ دېدى ئايالىم

ــــ سىز بېرىپ «زى شىرا»[1] نىڭ سۈيىدە يۇيۇنۇپ كېلىڭ! ــ دېدىم مەن.

ــــ ئاتا ـ ئانام پىدا بولۇپ كەتسۇن! سىز زى شىرادىن ماڭا زىيان يېتىپ قېلىشىدىن قورقمامسىز؟! ــ دەپ سورىدى ئايالىم تەشۋىش بىلەن.

مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ:

ــــ ھەي ئاخماق! قۇرۇپ كەتسۇن! ئۇنداق زى شىرا، مەن سىزگە كىشىلەردىن يىراق ئورۇنغا بېرىپ يۇيۇنۇڭ! دېدىم، مەن بۇ گاس تاشنىڭ سىزگە زىيان سالالمايدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىمەن! ــ دېدىم.

ئايالىم بېرىپ يۇيۇنۇپ كەلدى، مەن ئىسلام دىنىنى بايان قىلدىم، ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى.

مەن دەۋس قەبىلىسىنى ئىسلامغا چاقىردىم، ئەبۇھۇرەيرەدىن باشقىسى مۇسۇلمان بولغىلى ئۇنىمىدى، ئەبۇھۇرەيرە مۇسۇلمان بولۇشتا كىشىلەرنىڭ ئەۋۋەلقىسى بولدى.

تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: مەن مەككىگە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلدىم،

[1] زى شىرا ــ دەۋس قەبىلىسىنىڭ بۇتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تاغدىن چۈشىدىغان سۇ بار ئىدى.



www.munber.org



مەن بىلەن ئەبۇھۇرەيرە بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ تۇفەيل! خەلقىڭ قانداقراق قالدى؟ ــ دەپ سورىدى.

ــــ دىللىرى ھەقنى كۆرۈشتىن پەردىلەنگەن ۋە قاتتىق كۇفرىلىق ئىچىدە قالدى، ھەقىقەتەن دەۋس قەبىلىسىگە پاسىقلىق ۋە ئىسيانكارلىق غەلىبە قىلىپ كەتتى، ــ دېدىم مەن.

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى ۋە ناماز ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئەبۇھۇرەيرە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلسا، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە:

ــــ ئاھ! خەلقىم!... ــ دەۋەتتىم.

لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېيىشكە باشلىدى:

ــ ئى ئاللاھ! دەۋس قەبىلىسىنى توغرا يولغا باشلىغىن!...، ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ، ــ سەن قەۋمىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ ئۇلار بىلەن قويۇق ئارىلاشقىن! ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن! ــ دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دەيدۇ:

مەن دەۋس قەبىلىسىگە چۈشۈپلا ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىردىم، بۇ مەزگىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى، بەدر، ئوھۇد، خەندەك ئۇرۇشلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مۇسۇلمانلىقى كامالەتكە يەتكەن كىشىدىن 80 ئۆيلۈك كىشى بىلەن بىللە باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن خۇرسەن بولدى ۋە بىزگىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە خەيبەر ئۇرۇشىنىڭ غەنىمەتلىرىدىن بۆلۈپ بەردى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنى سەن ئېلىپ بارغان ھەر قانداق غازاتتا ئوڭ قانىتىڭ قىلساڭ! بىزنى ‹مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغۇچىلار› دەپ ئاتىساڭ! ــ دېدۇق.



www.munber.org

تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىنى پەتھى قىلىپ بەرگۈچە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە تۇردۇم ۋە

— يا رەسۇلۇللاھ! مېنى ئەمر ئىبنى ھەمەمەنىڭ ‹زىلكىفەين[1]› دېگەن بۇتىنىڭ قېشىغا ئەۋەتسەڭ! مەن ئۇنى كۆيدۈرەي! — دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا رۇخسەت قىلدى. مەن قەۋمىمدىن 40 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يۈرۈپ كەتتىم، بىز بۇتىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى كۆيدۈرۈشنى مەقسەت قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئەرلەر، ئاياللار ۋە كىچىك باللار يىغىلىپ، بۇت تەرەپتىن بىزگە بىرەر ئازابنىڭ چۈشۈشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكىنىچە قاراپ تۇرۇشاتتى. بىز زەنجىر شەكلىدە بولۇپ تۇردۇق. مەن شېئىر ئوقۇغاچ، بۇتپەرەسلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدىغان ئورۇندا تۇرۇپ، بۇتنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتىم:

ئەمەسمەن مۇخلىسىڭ ھەرگىز، ئەي زۇلكىفەين، جانسىز بۇت!
بېرەلمەيسەن كىشىگە نە زۇلۇم، كۈلپەت، ۋە ياكى قۇت!
ياسالدىڭ بىز كەبىلەردىن، يارالدۇق بىز ئاۋۋال سەندىن،
ئىلاھ بولساڭ يارالماستىڭ، دېيەرىڭ بارمىدۇر ياھۇت؟
ئىبادەت خاس ياراتقانغا، يارالغانغا نېمە قۇللۇق؟
قېنى قۇتقاز ئۆزۈڭنى قۇدرىتىڭ يەتسە، ياقايمەن ئوت!

تۇفەيل شۇنىڭدىن كېيىن تاكى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغانغا قەدەر رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە تۇردى. خەلىپىلىكتە ئەبۇبەكرى ئولتۇرغان ۋاقىتتا تۇفەيل ئۆزىنى، قىلىچىنى ۋە بالىسىنى خەلىپىنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇردى، مۇسەيلىمەگە قارشى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ماڭدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەمرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. تۇفەيل يەمامە

[1] بۇتنىڭ ئىسمى.





يولىدا كېتىۋېتىپ بىر چۈش كۆردى، ئاندىن ھەمسۆھبەتلىرىگە:

— مەن! بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، ماڭا ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار! دېدى - دە، چۈشىنى بايان قىلدى، — مەن چېچىمنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى، ئېغىزىمدىن بىر قۇشنىڭ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى، بىر ئايالنىڭ مېنى قورسىقىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى، ئوغلۇمنىڭ مېنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، لېكىن ئوغلۇم بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا توسالغۇ پەيدا بولغانلىقىنى كۆردۈم! — دېدى.

— ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، — دېيىشتى ھەمسۆھبەتلىرى.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا تەبىر بېرىپ بولدۇم، — دېدى تۇفەيل، — چېچىمنىڭ چۈشۈرۈلۈشى بولسا بېشىمنىڭ تېنىمدىن جۇدا قىلىنىپ كېسىلىشىدۇر، ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن قۇش جېنىمدۇر، مېنى قورسىقىغا كىرگۈزىۋالغان ئايال زېمىن بولۇپ ئۇ كولىنىپ، مەن ئۇنىڭغا دەپنە قىلىنىمەن... مەن شېھىت بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئوغلۇمنىڭ مېنى تەلەپ قىلغانلىقى مەن يېقىندا نېسىپ قىلىنىدىغان شېھىتلىكنى ئۇمۇ خالايدۇ. لېكىن، ئۇ شېھىتلىكنى مەندىن كېيىن تاپىدۇ.

يەمامە ئۇرۇشىدا ئۇلۇغ ساھابە تۇفەيل تاكى شېھىت بولغۇچە قاتتىق ئۇرۇشتى. ئەمما ئوغلى ئەمر يارىسى ئۇنى ئاجىزلاشتۇرغۇچە ئۇرۇش قىلدى، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى كېسىپ تاشلاندى، ئۇ يەمامە زېمىنىدا ئاتىسى بىلەن قولىنى تاشلاپ قويۇپ مەككىگە قايتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، بۇ خەلىپە قېشىغا ئەمر كىرىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئۆمەرنىڭ قېشىغا تاماق كەلتۈرۈلدى، كىشىلەر ئۆمەرنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشقان ئىدى، ئۆمەر جامائەتنى تاماققا چاقىردى، ئەمر ئۇ تاماقتىن يىراق تۇردى، ئۆمەر ئۇنىڭغا:

— نېمە بولدى؟! ئېھتىمال سەن قولۇڭدىن خىجىل بولۇپ تاماقتىن يىراق تۇرىۋاتقانسەن، —دېدى ئۆمەر، — ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بۇ تاماقنى ئاشۇ كېسىلگەن قولۇڭ بىلەن يېمىگۈچە مەنمۇ يېمەيمەن! ئاللاھ



www.munber.org
www.munber.org

بىلەن قەسەمكى، كىشىلەر ئىچىدە بىر پارچىسى جەننەتتە تۇرغان كىشىلەردىن سەنلا بار!...

ئۆمەر يۇقىرىقى سۆزى بىلەن ئەمرىنىڭ جەڭدە كېسىلگەن قولىنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

ئەمر ئاتىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە، شېھىت بولۇشنىڭ ئىشتىياقى يالقۇنجايتتى، يەرمۇك ئۇرۇشى بولغاندا ئەمىر ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇشقا چىقتى ۋە ئاتىسى ئۇنى ئۈمىدلەندۈرگەن شېھىتلىككە ئېرىشكۈچە ئۇرۇش قىلدى.

ئاللاھ تۇفەيل ئىبنى ئەمرۇد دەۋسىغا رەھىم قىلسۇن! ئۇ شېھىت ۋە شېھىتنىڭ ئاتىسى ئىدى.

www.munber.org





## ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى

ئەبۇ مۇسا بەسرەگە ۋالىي بولۇپ بارغان چاغدا، شەھەر ئاھالىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا:

ــ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر مېنى سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىتىشكە ۋە يوللىرىڭلارنى تازىلاپ بېرىشكە ئەۋەتتى، ــ دېدى. كىشىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىشتى. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمان ھاكىملارنىڭ ئۆز خەلقىگە ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆگىتىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى چۈشىنەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ يول تازىلاش ۋەزىپىسى بارلىقى كىشىلەرگە غەيرىي تۇيۇلغان ۋە ئۇلارنى ئەجەبلەندۈرگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇ توغرۇلۇق:

ــ بەسرەگە ئەبۇ مۇسادىن ياخشىراق بولغان، پۇقرالىرىغا كۆيۈنىدىغان ئىككىنچى بىر ۋالىي كېلىپ باقمىدى، ــ دېگەن ئىدى.

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇللا ئىبنى قەيس بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇندىنلا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇ مەككىدە نەزەر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، كىشىلەرنى پەقەت بىر ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا چاقىرىدىغان، گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇيدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئانا يۇرتى يەمەندىن دەرھال مەككىگە يېتىپ كەلدى. مەككىدە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇرئان ۋە ئىسلامنى ئۆگەندى. ئاندىن يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى.

www.munber.org

ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىللىق ھاياتى توغرۇلۇق بىزدە ئېنىق مەلۇمات يوق. خەيبەر غازىتى ئاياغلىشىش بىلەنلا، ئۇ مەدىنىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەدىنىگە قايتىپ كېلىشى دەل جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە قارشى ئالدى.

ئەبۇ مۇسا يەمەندىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان 50 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن مەدىنىگە كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشى ئەبرەھەم ۋە ئەبۇ بۇردەلەرمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بىر توپ ئادەملەرنى «ئەشئەرىيلەر» دەپ ئاتىدى، ھەتتا ئۇ بەزىدە بارلىق يەمەنلىكلەرنى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ نامى بويىچە «ئەشئەرىيلەر» دەپ ئاتايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ئۇ بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئاقكۆڭۈل، سەممىمي تەبىئىتىنى ماختايتتى ۋە باشقا ساھابىلەرنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئۆلگە قىلىشقا چاقىراتتى. ئۇ بىر قېتىم ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر ئەشئەرىيلەر بىرەر غازاتتا ياكى سەپەرگە بارسا، گەرچە يەيدىغان نەرسىسى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنى بىر پارچە رەختنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئاندىن ئۆزلىرى ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىدۇ، جەزمەنكى ئۇلار — مەندىن؛ مەن — ئۇلاردىن.»

ئەبۇ مۇسا مۇسۇلمانلار جامائەسى ئىچىدە ناھايىتى تېزلا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئېسىل خىسلەتلىرى بار ئىدى. ئۇ تونۇلغان ئالىم ئىسلام قانۇنشۇناسى (قانۇنشۇناس) بولۇپ، مەسىلىلەرگە ناھايىتى توغرا ھۆكۈم چىقىراتتى. شۇڭلاشقا دەسلەپكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قازىلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. كىشىلەر دائىم:

— بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە قازىلار تۆت: ئۆمەر، ئەلى، ئەبۇ مۇسا ۋە زەيد



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

ئىبنى سابىت، — دېيىشەتتى.

ئەبۇ مۇسا مۇلايىم، چىقىشقاق ئادەم ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە سەمىمىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۇ قورقماس، چىداملىق ۋە ماھارەتلىك ئۇستىۇن باتۇر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن ئىدى:

— چەۋەندازلارنىڭ ئۇستىسى — ئەبۇ مۇسا.

ئەبۇ مۇسانىڭ كەڭ نەزەر دائىرىسى ۋە مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتىكى قابىلىيىتى بىلەن ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ھەرگىزمۇ ئالدانمايتتى. ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئېنىق كۆزىتىپ، ئاندىن قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى. ئەبۇ مۇسا بىر قېتىم ساسانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتىدىغان مۇسۇلمانلار ئارمىيىسىگە قوماندان بولدى. ئىسفاھاندا كىشىلەر ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن جىزىيە تۆلەشكە كەلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار جىزىيەنى سەممىمي - ساداقەت بىلەن بەرگەن بولماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلارغا ۋەھشىي ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتى ئىزدەپ بەرگەن ئىدى. ئەبۇ مۇسا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆردى. شۇڭلاشقا ئىسفىھانلىقلار ھۇجۇم قوزغىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ باشلىقى قىلچە ھودۇقماستىن، شۇ تەييارلىق بويىچە مۇسۇلمانلارنى جەڭگە ئۇيۇشتۇردى، ئەتىسى چۈشكە قالماي ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

كۈچلۈك ساسانىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئاساسلىق ئۇرۇشلاردا، ئەبۇ مۇسا ئاساسلىق رول ئوينىغان، بولۇپمۇ مەشھۇر تۇستەر غازىتىدا ئۇ ھەربىي قوماندان بولۇپ، كاتتا شۆھرەت قازانغان ئىدى. پېرسىيە قوماندانى ھورمۇزان ئۆزىنىڭ ساناقسىز قوشۇنلىرىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىنىۋاتقان تۇستەر شەھىرىگە چېكىندۈردى. خەلىپە ئۆمەر دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ كۈچىگە سەل قارىماي، قاتتىق تەربىيە ئالغان جەڭگىۋار بىر قوشۇن تەشكىللەپ ھورمۇزانغا قارشى ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلار ئارمىيىسى ئىچىدە



www.munber.org

جەڭگە پىشقان پىشقەدەم ساھابىلەردىن ئەممار ئىبنى ياسىر، بەرا ئىبنى مالىك ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئەنەس، مەجرائە بەكرى ۋە سەلەمە ئىبنى راجە قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۆمەر قوشۇنغا ئەبۇ مۇسانى قوماندان قىلدى. تۇستەر قاتتىق مۇداپىئە قىلىنغاچقا، شەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش مۇمكىن بولمىدى، شەھەر قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرە قىلىندى. نۇرغۇنلىغان ھۇجۇملار پەقەت شەھەر سېپىلىدا يوچۇق، كامارلارنىلا پەيدا قىلالىدى. ئۇزۇن داۋاملاشقان جاپالىق مۇھاسىرە مۇسۇلمانلارنىمۇ ھالسىرىتىپ قويىدى. خۇددى بەرا ئىبنى مالىكنىڭ ۋەقەلىكىدە تىلغا ئالغىنىمىزدەك، پېرسىيەلىكلەر قەلئە تاملىرىدىن ئۇچلىرىغا چوغدەك قىزىتىلغان ئۆتكۈر پولات قارماقلار ئېسىلغان زەنجىرلەرنى تاشلاشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار قارماقلارغا ئىلىنىپ قالغۇدەكلا بولسا، قارماق ئۇلارنى قەلئەگە كۆتۈرۈپ كېتەتتى، ئۇلار ئۆلەتتى ياكى چالا ئۆلۈك بولاتتى. ئەبۇ مۇسا بارغانسېرى چىدىغۇسىز دەرىجىدە بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ ھالەت گىرداۋىدىن پەقەت ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە تاكتىكا ئارقىلىقلا قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. بەختىگە يارىشا دەل شۇ چاغدا بىر پېرسىيەلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ئەل بولۇپ كەلدى. ئەبۇ مۇسا ئۇنى سېپىلنىڭ ئارقىسىدىن شەھەرگە قايتىپ، ئامال قىلىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئىچىدىن ئېچىپ بېرىشكە كۆندۈردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالاھىدە تاللانغان كىچىك بىر قوشۇننى ئەۋەتتى. ئۇلار ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ، ئەبۇ مۇسانىڭ ئارمىيىسىگە يول ئاچتى. بىر نەچچە سائەت ئىچىدە شەھەر ئىشغال قىلىندى.

گەرچە ئەبۇ مۇسا قورقماس، كۈچلۈك پالۋان بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش مەيدانىدىن ئايرىلسىلا، ناھايىتى سەۋرچان ۋە كۆپ يىغلايدىغان ئادەم ئىدى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىدىغان تولىمۇ مۇڭلۇق ئاۋازدا قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ئۇنىڭ تەسىرلىك ۋە يېقىملىق قىرائىتى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى:

— ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇدنىڭ نەيلىرىدىن بىرسى بېرىلگەن.

www.munber.org





ئوخشاشلا، ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇ دائىم ئەبۇ مۇسانى چاقىرىپ، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تىلاۋەت قىلدۇراتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:

— ئى ئەبۇ مۇسا، پەرۋەردىگارىمىزغا بولغان تەشنالىقىمىزنى قاندۇرغىن.

ئۆزىنى قۇرئان كەرىمگە بېغىشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، ئەبۇ مۇسا قۇرئان ئايەتلىرىنى قولىيازما قىلىپ چىققان ئازغىنە ساھابىلەرنىڭ بىرسى ئىدى.

ئەبۇ مۇسا پەقەت ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان، ئىماننىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغان مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلىناتتى. ناۋادا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭدىن دەرھال ئۆزىنى قاچۇراتتى، ھەرگىزمۇ نەزەر سېلىپ قويمايتتى. ئەلى ۋە مۇئاۋىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈلگەن ئۇرۇشتا، ئۇنىڭ مەيدانى دەل ئاشۇنداق بولدى. بۇ ئۇرۇش جەريانىدا ئۇ ياراشتۇرغۇچىلىق رولىنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى» دېگەن بۇ ئىسىم تېخىمۇ تونۇلدى. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئەبۇ مۇسا بىتەرەپ ئورۇندا تۇردى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەگەر مۇشۇ ۋەزىيەت داۋاملاشسا، مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ، يېڭى بىر ۋەزىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، خەلىپە ئەلى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرسە، مۇئاۋىيەمۇ خەلىپە بولۇش دەۋاسىدىن ۋاز كەچسە، ئاندىن مۇسۇلمانلار كىمنىڭ خەلىپە بولۇشىنى لايىق تاپسا، شۇنى خەلىپىلىككە سايلىسا ئىش ئوڭشالغان بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئىمام ئەلى قانۇنلۇق ھالدا خەلىپىلىك ئورنىغا ئولتۇرغان ئىدى. باشقا ھەر قانداق قانۇنسىز توپىلاڭلار پەقەت ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈنلا قوزغالغان ئىدى. ھالبۇكى ئەھۋال تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. ئۇرۇش تېخىمۇ

www.munber.org

ۋەھشىيلىشىپ، قانلىق قىرغىنچىلىق ئارقىلىقلا ئىش ھەل بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىمام ئەلى مۇئاۋىيەنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدىكى تەسىر كۈچى بار بىر قىسىم كىشىلەر ئەبۇ مۇسانىڭ پىكرىنى قوللىدى. ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبى، ئەبۇ مۇسا بۇ ئۇرۇشقا باشتىن ـ ئاياغ قاتناشمىغان، ئىككى تەرەپنى چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويۇشقا، ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىشكە كۆزى يەتمىگەن چاغدا، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆزىنى تارتقان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەبۇ مۇسانى ئەڭ مۇۋاپىق ھۆكۈم چىقارغۇچى دەپ قارىشاتتى. ئىمام ئەلى ئەبۇ مۇسانىڭ ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتىدىن، ئۇنىڭ ئىشەنچىلىكلىكىدىن قىلچىمۇ گۇمانلانمايتتى. ئەمما ئۇ قارشى تەرەپنىڭ ناھايىتى قۇۋلىقىنى، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىش ياكى ئاسىيلىق قىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە ئەبۇ مۇسانىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە قارىماي، ئالدامچىلىق ۋە سۇيىقەستنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى ھەمدە ھىيلىگەرلىك قىلماي دائىم كىشىلەرگە ئادىللىق ۋە سەممىيەت ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئەلى ئەبۇ مۇسانىڭ باشقىلارنىڭ ھىيلىسىگە ئۇچراپ كېتىپ، بۇ ياراشتۇرۇشنىڭ مەككارلىقنىڭ سەممىيەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياغلىشىشىدىن ۋە ۋەزىيەتنىڭ ھازىرقىدىنمۇ خەتەرلىكرەك بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئەبۇ مۇسا ئەلىگە، ئەمىر ئىبنى ئاس مۇئاۋىيەگە ۋەكىل بولغان ھالدا ياراشتۇرۇش باشلاندى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تارىخى سۆھبەت ئەبۇ ھەنىيفە دەينەۋىنىڭ «ئەخبار رۇستە ۋەكىلى» دېگەن كىتابىدا تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەن:

ئەبۇ مۇسا:

— ئى ئەمىر، مەن ئاللاھنى خۇشال قىلىدىغان، پۈتۈن ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان بىر تەكلىپنى بەرسەم قانداق دەيسەن؟

www.munber.org





ئەمىر:

— قانداق تەكلىپ؟

— ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى خەلىپە قىلايلى، ئۇ بۇ ئۇرۇشقا قاتناشمىدى، — دېدى ئەبۇ مۇسا.

— خەلىپىلىككە مۇئاۋىيەنى كۆرسەتسەم قانداق قارايسەن؟ — سورىدى ئەمىر.

— مۇئاۋىيەنى بۇ ئورۇنغا كۆرسەتسەك مۇۋاپىق بولمايدۇ ھەم ئۇ بۇ ئورۇنغا لايىق ئەمەس.

— سەن ئوسماننىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن.

— سەن مۇئاۋىيەنىڭ قۇرەيشنىڭ ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى بىلىسەن، ئۇ يەنە ئوسماننىڭ ۋەلىيسى، — دېدى ئەمىر ۋە داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، ئاللاھ (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلدى. كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق. ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن، (يەنى قاتىلدىن غەيرىنى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)، (ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر[1].﴾ ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ قېرىندىشى ھەمدە ساھابىلەرنىڭ بىرسى.

— ئى ئەمىر! ئاللاھتىن قورققىن، ... مۇئاۋىيەنىڭ ئىناۋىتى توغرۇلۇق تىلغا ئالغانلىرىڭغا قارىغاندا، ئەگەر خەلىپىلىك ئورنى ئىناۋەتكە ئاساسلىنىدىغان بولسا، بۇ ئورۇنغا ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم ‹ئەبرەھە ئىبنى

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 33 ـ ئايەت.

www.munber.org

سەبباھ»، ئۇ زېمىنى مەشرىق ۋە مەغرىبكىچە كېڭەيگەن يەمەن پادىشاھلىرىنىڭ ئەۋلادى. مۇئاۋىيەنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا سېلىشتۇرغاندا قانچىلىك ئىناۋىتى بار؟ مۇئاۋىيەنى ئوسماننىڭ ۋەلىيسى دېگەن سۆزلىرىڭگە كەلسەك، ئۇنىڭغا ۋەلىي بولالايدىغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ــ ئەمىر ئىبنى ئوسمان، ئەمما سۆزۈمگە قوشۇلساڭ بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئوغلى تەقۋادار ئابدۇللاھنى بۇ ئورۇنغا كۆرسىتەيلى.

ــ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئوغلۇم ئابدۇللاھنى كۆرسەتمەيسەن؟ ئۇ گۈزەل ئەخلاقلىق، سەمىمىي، دەسلەپ ھىجرەت قىلغانلاردىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كونا ساھابىلىرىدىن.

ــ سېنىڭ ئوغلۇڭ سەمىمىي ۋە ئىشەنچلىك ئادەم، ئەمما سەن ئۇنى بۇ ئورۇنشقا سۆرەپ كىردىڭ. كەلگىن، بىز ياخشى ئادىمىمىز ۋە ياخشى ئادىمىمىزنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى كۆرسىتەيلى.

ــ ئى ئەبۇ مۇسا! بۇ ئىشنى توغرا ھەل قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم

ــ ئىككى دانە ئەقىل چىشى بار، بىرىدە تاماقنى چايناپ، بىرىدە ئەكېلىپ بېرىدىغان ئادەم (مۇئاۋىيەنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى زېرەكلىكىنى دېمەكچى).

ــ ئى ئەمىر! ئىست ساڭا، مۇسۇلمانلار بىزنىڭ بۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار قىلىچ - نەيزىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا پىتنە تۇغدۇرىدىغان سۆزلەرنى ئېلىپ بارمايلى.

ــ ئۇنداقتا سەن قانداق تەكلىپ بېرىسەن؟

ــ ئەلى ۋە مۇئاۋىيە ئىككىيلەننى قويۇپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا كىمنى خالىسا شۇنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرەيلى.

ــ مەن ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىمەن.

يۇقىرىقى سۆھبەت ئەبۇ مۇسانىڭ ھەققانى ۋە زېرەك ئادەم



www.munber.org



ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئەمىرنىڭ مۇئاۋىيەنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىناۋىتىنىڭ چوڭلۇقى ھەمدە ئوسماننىڭ «ۋەلىيسى» بولغانلىقى سەۋەبلىك خەلىپىلىككە لايىق بولىدۇ دېگەن سۆزلىرىدىكى ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلىنى خەلىپە قىلىش تەكلىپىنى بېرىش ئارقىلىق، ئەبۇ مۇسا ھەرگىزمۇ ئۆزى ۋەكىل بولغان تەرەپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا كەتمەن چاپمايدىغانلىقىنى، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن مۇۋاپىق بىر نامزاتنى ئويلىشىپ بېقىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمىر ئاخىرى ئەبۇ مۇسانىڭ «مۇسۇلمانلار كىمنى خالىسا شۇنى خەلىپە قىلىپ سايلاش» دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئەمما ئەبۇ مۇسا ئەمىرنىڭ يۇقىرىقى كېلىشىمدىن يۈز ئۆرۈپ، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ كېلىشىم كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىبنى ئابباس ئەبۇ مۇسانى ئاگاھلاندۇرۇپ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئەمىرنىڭ سېنى ئالدىشىدىن قورقۇۋاتىمەن، ئەگەر ھەر ئىككىڭلار كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولساڭلار، ئۇنى ئەمىر ئاۋۋال ئېلان قىلسۇن، ــ دېدى. ئەبۇ مۇسا ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى سەۋەبلىك، ئەمىر كېلىشىمگە ئەمەل قىلار، دەپ ئويلىدى. ئەتىسى ئەبۇ مۇسا ۋە ئەمىر يىغىلىپ بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئەبۇ مۇسا ئەمىرنى باشتا سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمىر رەت قىلىپ:

ــ مەن ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈۋالمايمەن، چۈنكى سەن ماڭا قارىغاندا ھۆرمەتلىك، سەن مەندىن بۇرۇن ھىجرەت قىلغان، ياش جەھەتتىمۇ سەن مەندىن چوڭ، ــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەبۇ مۇسا سەل ئالدىغراق چىقتى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئى خالايىق! بىز چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق پىكىردە بىر يەرگە كەلدۇق، ئاللاھ شۇ ئارقىلىق مۇشۇ ئۈممەتكە ئورتاق مەنپەئەت يەتكۈزىشى



www.munber.org

مۇمكىن. بىزنىڭچە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، بۇ ئىككى ئادەم يەنى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ھازىرقى ئورۇنلىرىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ، ئاندىن مۇسۇلمانلار كىمنى خالىسا شۇنى خەلىپە قىلىپ تىكلەيدۇ. مەن ئەلى ۋە مۇئاۋىيەنىڭ ئورۇنلىرىدىن چېكىنىشىنى قوللايمەن، ئەمدى سىلەر ۋەزىيەتنى ئوبدان مۆلچەرلەپ، كىمنى لايىق كۆرسەڭلار، شۇنى خەلىپىلىككە كۆرسىتىڭلار.

بۇنى جاكارلاش نۆۋىتى ئەمرگە كەلدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە خىتاب قىلدى:

— ئى خالايىق! ھازىر ئەبۇ مۇسانىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىڭلار، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستى (ئەلى) دىن ۋاز كەچتى، ئوخشاشلا مەنمۇ ئۇنىڭ دوستى (ئەلى) دىن ۋاز كېچىمەن ھەمدە دوستۇم (مۇئاۋىيە) نى خەلىپىلىككە كۆرسىتىمەن، چۈنكى ئۇ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسماننىڭ ۋارىسى ۋە بۇ ئورۇنغا ئەڭ لايىق ئادەم.

ئەبۇ مۇسا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. گەرچە ئۇ ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمرنى بۇنداق ساختىپەزلىك قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ دەرغەزەپ بىلەن ئەمرنىڭ ئالدامچىلىقىنى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تىنچلىق ئورنىتىش ۋە ياراشتۇرۇش پۇرسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى قاتتىق سۆكتى. ئەمر شۇنداق قىلىپ تىنچلىق ئورنىتىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىشنى بىر ئەرزىمەس، قۇرۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئەبۇ مۇسا بۇ توقۇنۇشتا داۋاملىق بىتەرەپ ئورۇندا تۇردى. ئۇرۇش ئاخىرى ئەلىنىڭ مۇئاۋىيە بىلەن سۈلھىلىشىپ، مۇئاۋىيەنى مىسىر ۋە سۈرىيەنىڭ ۋالىيسى دەپ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن ئاياغلاشتى.

ئەبۇ مۇسا مەككىگە بېرىپ، كېيىنكى ھاياتىنى مۇقەددەس مەسجىد (ھەرام مەسجىدى) ئەتراپىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ھەققانى خەلىپىلىرىگە چوڭقۇر ساداقەتلىك بىلەن ياشىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇنى

www.munber.org





ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەلنى كوفەگە ۋالى قىلغان ئىدى. ئەبۇ مۇسانىڭ قۇرئانغا چوڭقۇر مۇھەببىتى بار ئىدى. ھەر دائىم قۇرئان ئوقۇش، ئەستە قالدۇرۇش، ئۇنى چۈشىنىش ۋە تەكرار قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ قۇرئان توغرۇلۇق باشقىلارغا چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلاتتى:

— قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، قۇرئاننى ئۆزۈڭلارغا ئەگەشتۈرۈشنى ھەرگىز ئارزۇ قىلماڭلار، — دەيتتى ئۇ.

ئەبۇ مۇسا ئادەتتە تولىمۇ چىداملىق، سەۋرچان ئىدى، ھاۋا چىدىغۇسىز ئىسسىق بولۇپ كەتكەن كۈنلىرى ئۇ دائىم روزا تۇتاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:

— ئېھتىمال بۇنداق ھاۋا قىزىق كۈنلەردىكى ئۇسسۇزلۇق بىزنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇسسۇز قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ۋاستە بولۇشى مۇمكىن.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا دائىم دېيىشنى ئادەت قىلغان تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەكرارلايتتى:

—ئاللاھ، ئى پەرۋەردىگارىم، سەن ئامانلىق بەرگۈچى ۋە ئامانلىق سەن تەرەپتىنلا كېلىدۇ.

www.munber.org

## ئائىشە بىنت ئەبۇ بەكرى

ئائىشەنىڭ ھاياتى بىزگە ئاياللارنىڭمۇ ئىلىمدە ئالىم ئۆلىمالارغا ئۇستاز بولالايدىغان ھالەتتە ئەرلەردىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئائىشە ناھايىتى ياش ۋاقتىدىلا مول ۋە چوڭقۇر بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇ بالىلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا كەڭ بىلىمى، ئېسىل ئەخلاقى ۋە خۇشخۇي مۇئامىلىسى بىلەن قۇرەيش ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان دادىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. ئەبۇ بەكرى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى.

ئائىشە ياشلىق دەۋرىدە ئۆزىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان گۈزەللىكى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بىلەن بۈيۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىققىتىگە ۋە ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ۋە يېقىن ساھابىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئائىشە رەسۇلۇللاھتىن ھېچبىر ئايال ئىگىلىيەلمىگەن بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئىدى.

ئائىشە 10 ياشقا كىرەي دېگەندە مەككىدە رەسۇلۇللاھقا نىكاھلاندى. ئەمما ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى ئائىشە 14 ـ 15 ياشلارغا كىرگەندە ئاندىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەيلى نىكاھتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ــ ئۇنىڭ ساھابىلىرى، ھەتتا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىمۇ مۇھەببەت باغلىغان، ئۇلۇغلاپ ئىخلاس قىلىۋاتقان پەيغەمبەرگە ــ ياتلىق بولغانلىقىدىن ھېيىقىش ۋە تارتىنىش يوقتەك، ئىلگىرىكىدەكلا بالىلارچە غەمسىز، خۇشال ــ خۇرام تۇرمۇشىنى





داۋاملاشتۇردى. ئائىشە ئۆزىنىڭ توي كۈنى توغرىلىق ئەسلەپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغان چاغدا يولدا كېتىۋاتقان بىر دوستى بىلەن ئويناش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسىغا تۇيدۇرماستىن قورۇغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ:

ــ مەن لىڭگىرتاقتاق ئويناۋاتاتتىم، ــ دەيدۇ ئۇ، ــ ئۇزۇن چاچلىرىم شامالدا چۇۋۇلۇپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلار كېلىپ مېنى ئويۇنۇمدىن توختىتىپ ياساندۇردى.

ئۇلار ئائىشەگە بەھرەيننىڭ قىزىل يوللۇق رەختىدىن تىكىلگەن توي كىيىمىنى كەيگۈزدى. ئاندىن ئانىسى يېڭىدىن سېلىنغان ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئەنسارىلاردىن بەزى ئاياللار ئىشىك تۈۋىدە ئۇلارنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇلار ئائىشەگە:

ــ ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق ۋە خۇشال ـ خۇراملىق ئاتا قىلسۇن، ــ دەپ سالام بېرىشتى. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. بىر قاچا سۈت كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سۈتتىن ئىچىپ، ئاندىن ئائىشەگە بەردى. ئائىشە ئىزا تارتىپ ئىچىشكە ئۇنىمىغان بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن سۈتتىن ئىچىپ، ئاندىن قاچىنى يېنىدا ئولتۇرغان ئاچىسى ئەسماغا ئۇزاتتى، باشقىلارمۇ سۈتتىن ئىچىشتى. ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تويىدىكى ئاددىي، ئەمما كاتتا بىر ئىش بولدى. ھېچقانداق توي زىياپىتى ئۆتكۈزۈلمىدى.

پەيغەمبەرگە ياتلىق بولۇش ئۇنىڭ بالىلارچە خۇشال ـ خۇراملىق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتمىدى. دوستلىرى دائىم ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇنى يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «مەن دوستلىرىم بىلەن قونچاقلىرىمنى ئويناۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ كېلىپ قالسا، دوستلىرىم ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ كېتەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ چىقىپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكىرەتتى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ دوستلىرىم بىلەن بىللە بولۇشۇمدىن خۇشاللىناتتى.» بەزى چاغدا رەسۇلۇللاھ ئائىشەنىڭ دوستلىرىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى بولمىسىلا: «ئويۇنۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار» دەيتتى ۋە



www.munber.org
www.munber.org

قوشۇلۇپ بىللە ئوينايتتى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى مەن قونچاقلىرىمنى ئويناۋاتسام رەسۇلۇللاھ كىرىپ كەلدى ۋە:

— ئى ئائىشە، بۇ قانداق ئويۇن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ سۇلايماننىڭ ئاتلىرى، — دېدىم، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كەتتى.»

بەزى چاغلاردا ئائىشە ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئويناۋاتقاندا كىرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ رىداسى بىلەن يۈزىنى تۇسۇۋېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئائىشەنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتى:

بىر قېتىم ئائىشەنىڭ دادىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئىككى ساھابە مەدىنىدە مەلۇم ئايلاردا بولىدىغان قاتتىق قىزىتما بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بىر ئەتىگىنى ئائىشە ئۇلارنى يوقلاپ باردى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاجىز ۋە ماغدۇرسىز ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى. ئائىشە دادىسىدىن ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سورىغان ئىدى، ئۇنىڭغا شېئىرغا ئوخشاش بەزى چۈشىنىكسىز سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇردى، قالغان ئىككىيلەنمۇ ئوخشاشلا چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. ئۇ ناھايىتى تىت - تىت بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ رەسۇلۇللاھقا:

— قىزىتمىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار كاللىسىدىن ئادىشىپتۇ، پەلىپەتىش جۆيلۈپ ياتىدۇ، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىدى. ئۇ گەرچە ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكلىرىنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئەينەن سۆزمۇ - سۆز قايتىلاپ ئېيتىپ بەردى. بۇ ئائىشەنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپلىگەن قىممەتلىك، بىباھا ھەدىسلىرىنى ئەستە قالدۇرغان ناھايىتى كۈچلۈك تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىكى ئاياللىرى ئىچىدە ئائىشەنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. بىر قىسىم ساھابىلەر رەسۇلۇللاھتىن بەزىدە سورايتتى:



www.munber.org



— يا رەسۇلۇللاھ، سەن دۇنيادا ھەممىدىن كىمنى ياخشى كۆرىسەن؟

رەسۇلۇللاھ بۇ سوئالغا ھەر قېتىمدا ئوخشاش بىر خىللا جاۋاب بەرمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنى، ئەبۇ بەكرىنى، ئەلىنى، زەيدنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇسامەنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما ئاياللىرى توغرىلىق سورالغاندا، ئۇنىڭ تىلغا ئالغىنى پەقەت «ئائىشە» بولدى. ئائىشەمۇ رەسۇلۇللاھنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە دائىم رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنى قايسى دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىش ئارقىلىق كۆڭلى تەسكىن تاپاتتى. بىر قېتىم ئائىشە رەسۇلۇللاھتىن:

— ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭ قانداقراق؟ — دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك دېگەن مەنىدە:

— ئارغامچىنىڭ تۈگۈنچىسىدەك، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىشە پات - پات «تۈگۈن قانداقراق؟» دەپ سورايتتى. رەسۇلۇللاھمۇ «ئىلگىرىكىدەكلا» دەپ جاۋاب قايتۇراتتى.

ئائىشە پەيغەمبەرگە بولغان مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورققانلىقتىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا باشقا ئاياللىرىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى، بىر قېتىم ئۇ رەسۇلۇللاھتىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر سەن تاغ باغرىدا بىرى پادىلار كىرىپ ئوتلىغان، يەنە بىرى تېخى پادا كىرىپ باقمىغان ئىككى يايلاققا كەلسەڭ، پادىلىرىڭنى قايسىسىدا يايلىتىسەن؟ — دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ:

— تېخى پادا كىرىپ باقمىغان يايلاقتا يايلىتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئائىشە:

— گەرچە شۇنداق بولسىمۇ مەن سېنىڭ باشقا ئاياللىرىڭغا ئوخشىمايمەن، مەندىن باشقا ھەممىسىنىڭ سەندىن ئىلگىرى ئەرلىرى بار ئىدى، — دېدى.

رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ قويۇپ، باشقا ھېچنېمە دېمىدى. ئائىشە ئۆزىنىڭ



www.munber.org

شۇ چاغدىكى ھېسسىياتى توغرىلىق كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

«مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھېچبىرىگە خەدىچىگە ھەسەت قىلغاندەك ھەسەت قىلمايمەن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا جەننەتتە ياقۇتتىن ياسالغان بىر ئىمارەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. رەسۇلۇللاھ قاچانلا قوي قۇربانلىق قىلسا، دائىم خەدىچىنىڭ يېقىن دوستلىرىغا ئۇنىڭدىن ئەۋەتىپ بېرەتتى. مەن نۇرغۇن قېتىم رەسۇلۇللاھقا:

— جاھاندا خەدىچىدىن بۆلەك ئايال يوقتەك قىلىپ كېتىدىكەنسەن،

— دېگەن ئىدىم.»

بىر قېتىم ئائىشە رەسۇلۇللاھتىن «بىر قېرى قۇرەيش ئايالى» نى نېمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭ كۆرۈپ كېتىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئاچچىقلىنىپ:

— ئۇ باشقىلار مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىنكار قىلغاندا ماڭا ئىمان ئېيتقان ئايال، باشقىلار مېنى يالغانغا چىقارغاندا، ئۇ مېنىڭ راستلىقىمنى چىن كۆڭلىدىن ئېتىراپ قىلدى، مەن ۋاز كەچمەكچى بولغاندا، ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ، مېنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى يەڭگىللەتتى، ـــ دېدى.

ئائىشە ناھايىتى قولى ئوچۇق، سەۋرچان ئايال ئىدى. ئائىشە رەسۇلۇللاھنىڭ نامرات ئائىلىسىدىكى جاپالىق تۇرمۇشقا ۋە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىدىغان ئاچلىققا سەۋر قىلاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئازغىنا بىسات بار ئۆيىدە تاماق ئېتىش ۋە نان پىشۇرۇش ئۈچۈن ھېچنېمە بولمىغاچقا، نەچچە كۈنلەپ ئۇچاققا ئوت يېقىلمايتتى، پەقەتلا خورما ۋە سۇ بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزەتتى. تۇرمۇشتىكى كەمبەغەللىكلىكتىن ئائىشە قىلچىمۇ رەنجىمىدى ۋە ئىزا تارتىپ كەتمىدى.

بىر قېتىم رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭدا يوق نەرسىلەرنى سوراپ ئۇنى خاپا قىلغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بىر ئاي ئايرىلىپ تۇردى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خەيبەر غازىتىدا نۇرغۇن غەنىمەت

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىش ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بىرىنچى بولۇپ، ئائىشەنىڭ ھوجرىسىغا باردى، ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئايەت نازىل قىلغانلىقىنى، ئائىشەنىڭ ئايەتتە دېيىلگەن ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئاندىن ئايەتنى ئوقۇدى:

— ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر دۇنيا ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، ئاندىن سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كاتتا ساۋاب تەييارلىدى﴾

ئائىشە:

— مەن ئەلۋەتتە ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلىمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ باشقا ئاياللىرمۇ ئائىشە بەرگەن جاۋابنى بېرىشتى. ئۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھايات ۋاقتىدا بولسۇن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بولسۇن، ئۆزىنىڭ شۇ ۋەدىسىدە مۇستەھكەم تۇردى. كېيىن مۇسۇلمانلار نۇرغۇن غەنىمەت ئالغان چاغدا، ئۇنىڭغا غەنىمەتتىن 100مىڭ دىرھەم تەگدى. ئۇ پۇلنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا روزا تۇتۇۋالغان ئىدى، پۇلنى شۇ چاغدىلا پېقىر ـ ھاجەتمەنلەرگە تەقسىملەپ بېرىۋېتىپ، ئۆزىگە ئىپتار قىلغۇچىلىكمۇ بىر نەرسە قالدۇرمىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر چۆرىسى ئۇنىڭغا:

— بىر دىرھەم قالدۇرۇپ قويۇپ، ئىپتار قىلىش ئۈچۈن گۆش سېتىۋالساڭ بولمامدۇ؟ ـــ دېدى.

— ئەگەر ئىپتار قىلىش ئېسىمدە بولغان بولسا ئىدى، شۇنداق قىلغان بولاتتىم، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ئائىشە.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشەگە بولغان مۇھەببىتى ئاخىرىغىچە سۇسلىشىپ قالمىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ قالغاندا، باشقا ئاياللىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدا تۇردى ۋە بېشىنى ئائىشەنىڭ كۆكرىكىگە ياكى يوتىسىغا قويۇپ ياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسۋاك سورىدى، ئائىشە قېرىندىشىدىن بىر مىسۋاك ئەكېلىپ، چاينىپ يۇمشىتىپ، ئاندىن رەسۇلۇللاھقا بەردى. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۇنى كۈچ بىلەن چىشىغا سۈركەپ چىشىنى تازىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي رەسۇلۇللاھ ھوشىدىن كەتتى. ئائىشە رەسۇلۇللاھنى ۋاپات بولدى دەپ ئويلىغان ئىدى، ئەمما بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ كۆزىنى ئاچتى، ئائىشە ئاللاھنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىنىڭ سەكراتتىكى مىنۇتلىرىنى بىزگە ئەينەن تەسۋىرلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كۆزىنى ئاچقاندا، ئائىشە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئەسلىدى: «ئاللاھ ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرسەتمىگىچە ۋە ياشاش ياكى قەبزى روھ بولۇش ئىختىيارلىقىنى بەرمىگىچە، ئۇنى قەبزى روھ قىلمايدۇ»، «ئۇ ھازىر بىزنى تاللىمايدۇ» دېدى ئائىشە ئۆزىگە، ئاندىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ پەس ئاۋازدا:

— ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى چۈشۈرگەن پەيغەمبەرلەر، شېھىتلار ۋە سالىھلار بىلەن جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا بىللە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېگەنلىكىنى، ئاندىن يەنە پەس ئاۋازدا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى، — ئى رەببىم، مېنى جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا...

ئەنە شۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرى بولدى. ئائىشەنىڭ كۆكرىكىگە قويغان بېشى ئاستا ـ ئاستا ئېغىرلاشتى. ئۆيدىكىلەر ئېغىر قايغۇغا چۆمدى، ئائىشەمۇ بېشىنى ياستۇققا قويۇپ چوڭقۇر ھەسرەتلىنىپ كەتتى. بارچە كائىنات، تاغلار، دېڭىزلار، دەل — دەرەخلەر، قۇشلار... ھەسرەتلىنىپ كەتتى، پۈتۈن دۇنيا مۇسىبەت قايغۇسىغا پاتتى. ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدىكى رەسۇلۇللاھ ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىغا بىر قەبرە كولاندى.

www.munber.org





قاتتىق گاڭگىراش ۋە ئېغىر قايغۇ ئىچىدە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، شەرەپلىك، بۈيۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپنە قىلىندى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن، ئامىين!

ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 50 يىل ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قىسقىغىنا 10 نەچچە يىل بىللە بولدى. شۇ ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاللاھنىڭ مۇھىم ئىككى كۆرسەتمىسى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئەستە قالدۇرغان ئۈچ ئايالىنىڭ بىرى بولدى (قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى ھەفسە، يەنە بىرى ئۇممۇ سەلەمە). ھەفسەگە ئوخشاش، ئائىشەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قۇرئان كەرىمنى قولىيازما قىلىپ يېزىپ چىقتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى توغرىلىق گەپ بولسىلا ئائىشە 2000 دىن كۆپرەك ھەدىس رىۋايەت قىلغان تۆت ئادەم (قالغانلىرى ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس ئىبنى مالىك — ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ بىرى بولۇپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى، ئائىشەدىن باشقا ئادەم ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئەر — ئايال ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەردۇر. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ھەدىستىن ئىگىلىگەن بىلىملىرى ساھابىلەردىن كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان جىيەنى ئۇرۋەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ كىشى تەرىپىدىن يېزىق شەكلى بىلەن بىزگە يېتىپ كەلگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرغۇن بىلىملىك ساھابىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئائىشەنىڭ بىلىمىدىن مەنپەئەتلەنگەن ئىدى. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى بىر قېتىم:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىرەر مەسىلىدە

www.munber.org

گاڭگىراپ قالساق، ئۇ توغرۇلۇق ئائىشەدىن سورايتتۇق، — دېگەن ئىدى. ئائىشەنىڭ جىيەنى ئۇرۋە ئۇنىڭ فىقھى بىلىملىرىگە پىششىق بولۇپلا قالماي، تىبابەتچىلىك ۋە شېئىرىيەتتىمۇ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم ساھابىلىرى يۇقىرى ماتىماتىكىلىق كاللا تەلەپ قىلىدىغان مىراسخورلۇققا ئائىت مەسىلىلەردە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن كېلەتتى. ئۆلىمالار ئائىشەنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئاbbاسلارغا ئوخشاشلا ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى فىقھشۇناسلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېساپلىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مول بىلىملىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— بۇ قىزىل رەڭلىك ئايالدىن دىنىڭلارنى ئۆگىنىڭلار. «قىزىل رەڭلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ھۇمەيرە» — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە بەرگەن نام ئىدى.

ئائىشە چوڭقۇر بىلىملەرنى ئىگەللەپلا قالماي يەنە مائارىپ، جەمئىيەت ئىسلاھاتىدىمۇ ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۇ خۇددى ئوقۇتقۇچىدەكلا ناھايىتى ئوچۇق ۋە قايىل قىلارلىق ھالەتتە پىكىر قىلاتتى. ئەھنەف ئائىشەنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئەڭ ياخشى ئاتالغۇلار بىلەن تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— مەن ھازىرغا كەلگۈچە ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىدىم، ئەمما ھېچكىمنىڭ ئېغىزىدىن ئائىشەنىڭكىدەك قايىل قىلارلىق ۋە گۈزەلراق بولغان سۆزنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

ئۇنىڭ بىلىمىدىن ئوزۇق ئېلىش ئۈچۈن، يىراق جايلاردىن ئەر- ئاياللار كېلىپ تۇراتتى. ئېيتىلىشىچە ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بەرگەندىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى يېتىم قىزلار ۋە ئوغۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كاتتا بىلىمى بىلەن نام چىقارغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ جىيەنى ئۇرۋەنىڭ داڭلىق



www.munber.org



ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە، ئۆمرە بىنت ئابدۇرراھمان ئىسىملىك بىر ئايالمۇ بار ئىدى. ئۆلىمالار ئۇنى ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. ئۆمرە ئائىشەنىڭ كاتىۋىدەكلا، ئائىشەگە كەلگەن خەتلەرنى تاپشۇرىۋېلىش ۋە جاۋاب قايتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئائىشەنىڭ مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشى، بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىسلام قانۇنى ۋە ئىسلام مائارىپى بىلەن تەربىيىلىنىشى چوقۇم داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش بولۇپ قالدى.

خەدىچە كۇبرا، فاتىمە زەھرادىن كېيىن، ئائىشە سىددىق ئىسلامدىكى ئەڭ ياخشى ئايال دەپ تەرىپلەندى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەبىئىتى بىلەن ئىلىم ـ پەن، جەمئىيەت، سىياسىي ۋە ئۇرۇش ساھەلىرىدە يېتەكچى رول ئوينىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلاتتى، ئەمما ئوزون يىل ياشاپ، ئۆزىنىڭ شۇ دەۋرىدىكى «ئەڭ ھۆرمەتلىك ئايال» لىق نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ ھىجرەتنىڭ 58ـ يىلى رامىزان ئېيىدا ئالەمدىن ئۆتتى، ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى دەپنە قىلىنغان «جەننەتۇل بەقىي» قا دەپنە قىلىندى.

## بەرەقە

بىز بۇ ھەبەشىستانلىق قىزنىڭ قانداق قىلىپ مەككىگە قۇل قىلىپ سېتىۋېتىلگەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمىز، ئۇنىڭ نەسەبى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئەجداتلىرىنىڭ كىملىكى توغرىلىقمۇ بىزدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەينى ۋاقىتتا بەرەقەگە ئوخشاشلا ئەرەبلەردىن ۋە غەيرىي ئەرەبلەردىن بولغان نۇرغۇنلىغان قىزلار ۋە ئوغۇللار تۇتۇپ كېلىنىپ، قۇل بازىرىغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىۋېتىلگەن.

رەھىمسىز خوجايىنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىرىنىڭ تەقدىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، خوجايىنلىرى ئۇلارنى ئىت ـ ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئەڭ قەبىھ مۇئامىلىدە بولغان. ئاشۇنداق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇھىتتا، ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىڭلا تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن، ئۇلار مېھرىبان ۋە رەھىمدىل كىشىلەر تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغانلار ئىدى.

بەرەقە، بۇ ھەبەشىستانلىق ياش قىز ـ دەل ئاشۇنداق تەلەيلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى، سېخى ۋە مېھرىبان ئابدۇللاھ سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ ئابدۇللاھنىڭ ئائىلىسىدىكى بىردىنبىر چۆرىسى بولۇپ، ئابدۇللاھ ئامىنەگە ئۆيلەنگەندە، ئوخشاشلا ھەر ئىككىيلەننىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

بەرەقەنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار توي قىلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇللاھنىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئوغلىغا سۇرىيەگە بارىدىغان سودا كارۋىنى بىلەن سۇرىيەگە بېرىپ، تىجارەت قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئامىنە قاتتىق بىئارام بولۇپ:

ــ بۇ قانداق گەپ؟ مەن تېخى تىرناقلىرىمدىكى خېنىلەرمۇ

www.munber.org





قۇرۇمىغان يېڭى كېلىن تۇرسام، يولدىشىم تىجارەت بىلەن سۇرىيەگە بارامدىكەن؟ ــ دەپ تۋۋلاپ كەتتى. ئابدۇللاھنىڭ تىجارەتكە كېتىشى ئامىنەگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى، بىئاراملىق ئىچىدە ئۇ ھوشىدىن كەتتى. بەرەقە مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئامىنەنىڭ ھۇشىسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ، قورققىنىمدىن:

ــ خېنىم! خېنىم! ــ دەپ ۋارقىراپ تاشلىدىم. ئامىنە كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يۈزلىرىگە سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى، ئىڭراشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ماڭا:

ــ ئى بەرەقە، مېنى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قوي، ــ دېدى. ئامىنە ئۇزۇن ۋاقىت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر، مولايىم بوۋاي ــ ئابدۇلمۇتەللىبتىن باشقا ھېچكىمگە گەپ قىلمىدى. ئابدۇللاھ كېتىپ ئىككى ئايدىن كېيىن، ئامىنە مېنى بىر تاڭ سەھەردە چاقىردى، ئۇنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ماڭا:

ــ ئى بەرەقە، مەن بىر غەلىتە چۈش كۆرۈپتىمەن، ــ دېدى.

ــ چۈشىڭىز خەيرلىك بولغاي، خېنىم ــ دېدىم مەن.

ــ چۈشۈمدە قورسىقىمدىن بىر نۇر چىقىپ، مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارنى ۋە جىلغىلارنى نۇرلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

ــ خېنىم، ھامىلىدار بولدىڭىزمۇ؟

ــ ھەئە، بەرەقە، ــ دېدى ئۇ، ــ ئەمما مەن باشقا ئاياللارغا ئوخشاش بىئاراملىق ھېس قىلمىدىم.

ــ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان خىسلەتلىك بىر بالا تۇغىدىغان ئوخشايسىز، ــ دېدىم مەن.

«ئابدۇللاھ قايتىپ كەلمىگەنسېرى، ئامىنە غەمكىن ۋە مەيۈس بولۇپ قالدى. بەرەقە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى ۋە قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنى غەمدىن خالاس

www.munber.org

قىلىشقا تىرىشاتتى. ئابدۇلمۇتەللىب كېلىپ ئۇنىڭغا يەمەن پادىشاسى ئەبرەھەنىڭ پات ئارىدا شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ باشقا مەككىلىكلەرگە ئوخشاش ئۆيدىن چىقىپ، تاغدا پاناھلىنىپ تۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى ئېيتقاندا، ئۇ تېخىمۇ قايغۇرۇپ كەتتى. ئامىنە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ھەسرەتلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تاغلارغا چىقالمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئەبرەھەنىڭ ھەرگىزمۇ مەككىگە كىرىپ، مەككىنى ۋەيران قىلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇنى ئاللاھ قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇلمۇتەللىب ناھايىتى تەشۋىشلىنىپ كەتتى، ئەمما ئامىنەنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ كەئبىگە ھېچكىمنىڭ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچى بار ئىدى. دېگەندەكلا قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا پىلدىن بىرنى ھەيدەپ ماڭغان ئەبرەھەنىڭ قوشۇنى مەككىگە كىرمەي تۇرۇپلا ھالاك بولدى.»

بەرەقە كېچە ــ كۈندۈز ئامىنەدىن ئايرىلمىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئامىنەنىڭ كارۋىتىنىڭ تۈۋىدە ـــ يەردە ئۇخلايتتىم ۋە كېچىلىرى يولدىشىنى چاقىرغاندىكى ئىڭرىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلايتتىم. ئۇنىڭ ئىڭراشلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتىم.»

كارۋاندىكىلەرنىڭ بىر بۆلىكى سۈرىيەدىن قايتىپ كەلدى. مەككىدىكى تىجارەتچى ئائىلىلەر ئۇلارنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. بەرەقە ئابدۇللاھنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئوغرىلىقچە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۆيىگە بارغان بولسىمۇ، ھېچبىر خەۋەر ئالالمىدى. ئۇ ئامىنەنىڭ قېشىغا قايتىپ باردى، ئەمما ئۇنىڭ قايغۇسىنى كۈچەيتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىدىن ھېچنېمە دېمىدى. كارۋاننىڭ قالغان قىسمىمۇ ئاخىرى قايتىپ كەلدى، ئابدۇللاھ يەنىلا يوق ئىدى.

كېيىن بەرەقە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئۆيىدىكى ۋاقتىدا، مەدىنىدىن كەلگەن قورقۇنچلۇق بىر خەۋەرنى ــ ئابدۇللاھنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك





خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چىقىراپ تاشلىدىم، شۇ كەتكەنچە ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدىغان ئابدۇللاھقا قايغۇرۇپ، بىز ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك ئادىمىمىزگە قايغۇرۇپ، مەككىدىكى ئەڭ چىرايلىق يىگىت، قۇرەيشنىڭ پەخرى ــ ئابدۇللاھقا قايغۇرۇپ، توۋلىغان ھالدا ئامىنەنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن. ئامىنە بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھايات ــ مامات ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتقان شۇ ھالەتتە، مەن ئۇنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدىم. ئامىنەنىڭ ئۆيىدە مەندىن بۆلەك ئادەم يوق ئىدى. ئاسمانلار ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلىنىپ كەتكەن بىر كېچىسى ئامىنە ئوغلى مۇھەممەدنى تۇغقانغا قەدەر، مەن بۇ ئۇزۇن كۈنلەر ۋە تۈنلەردە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ياخشى كۈتتۈم.»

مۇھەممەد تۇغۇلغاندا، بەرەقە تۇنجى بولۇپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى. چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنى كەئبىگە ئېلىپ بېرىپ، بارلىق قۇرەيش خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى تەبرىكلىدى، ئاندىن ئۇ ھەلىمە بىلەن سەھراغا ئەۋەتىلدى. ساپ ھاۋالىق بۇ كەڭ كەتكەن چۆلدە، ھەلىمە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. بەرەقە ئامىنە بىلەن بىللە تۇردى. بەش يىلدىن كېيىن مۇھەممەد مەككىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. ئامىنە بالىسىنى سەمىمىيلىك ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدى، بەرەقە ئۇنى خۇشاللىق ۋە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى.

مۇھەممەد ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى، ئانىسى مەدىنىدىكى يولدىشى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدى. بەرەقە ۋە ئابدۇلمۇتەللىب نەسىھەت قىلىپ ئۇنى توساماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئامىنىگە گەپ يېگۈزەلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئامىنە، مۇھەممەد، بەرەقە ئۈچەيلەن چوڭ بىر تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىچىك ھەۋدەجگە ئولتۇرۇپ، سۈرىيەگە بارىدىغان چوڭ بىر كارۋان بىلەن بىللە يولغا چىقتى. بۇ سەبى بالىنىڭ ئازابلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئامىنە



www.munber.org

مۇھەممەدكە دادىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلۇقىلى كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتمىدى. بەرەقە ئامىنەگە تەسەللى بېرىپ ماڭدى. مۇھەممەد يول بويى بەرەقەنىڭ قۇچىقىدا، ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىغان ھالەتتە ئۇخلىدى. كارۋان ئىلدام يول يۈرۈپ، 10 كۈن بولغاندا مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مۇھەممەد بەنۇ نەججار قەبىلىسىدىن ئانا تەرەپ تاغىلىرىنىڭ ئۆيىدە قالدى، ئامىنە ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى يوقلۇقىلى كەتتى. قىسقا بىر نەچچە ھەپتە جەريانىدا، ئامىنە كۈنلىرىنى قەبرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدى، ئۇ قايغۇ ـ ھەسرەتتىن تۆگىشىپلا كەتكەن ئىدى.

مەككىگە قايتىش يولىدا، ئامىنە قىزىپ، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇلار مەدىنە بىلەن مەككىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئەبۋا دېگەن جايدا توختىدى. ئامىنەنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتتى. قاپ ـ قاراڭغۇ بىر كېچىسى ئۇنىڭ قىزىتمىسى تېخىمۇ ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ ناھايىتى ھالسىرىغان ھالدا بەرەقەنى چاقىردى. بەرەقە مۇنداق دەيدۇ:

ئۇ مېنىڭ قۇلىقىمغا مۇنداق پىچىرلىدى:

ـــ ئى بەرەقە! مەن پات ئارىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن، ئوغلۇم مۇھەممەدنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇ مېنىڭ قورسىقىمدىكى چېغىدىلا دادىسىدىن ئايرىلدى، ئەمدىلىكتە ئۇ كۆز ئالدىدىلا ئانىسىدىن ئايرىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ئانا بولغىن، ئى بەرەقە! سەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلما.

بۇلارنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئۆرتىنىپ كەتتى، قاتتىق يىغلاشقا باشلىدىم، بالا مېنىڭ يىغا ئاۋازىمنى ئاڭلاپ تەڭلا يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ، بوينىدىن چىڭ قۇچاقلىدى. ئامىنە ئاخىرقى قېتىم بىر ئىڭراپ، ئاندىن مەڭگۈلۈككە جىمىپ كەتتى.

بەرەقە تولىمۇ ئېچىنىشلىق يىغلىدى، ئۇ ئۆز قولى بىلەن قۇملۇققا قەبرە كولاپ، ئامىنەنى يەرلىكىدە قويدى، كۆز ياشلىرىدىن قەبرە ھۆل بولۇپ كەتتى. بەرەقە بۇ يېتىم بالا بىلەن مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇنى چوڭ دادىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى، ئۇ بالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن شۇ ئۆيدە تۇردى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئابدۇلمۇتەللىب ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ بالىنى ئېلىپ،

www.munber.org





تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ئۆيىگە باردى، تاكى بالا چوڭ بولۇپ خەدىچىگە ئۆيلەنگەنگە قەدەر شۇ ئۆيدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى، ئاندىن خەدىچىنىڭ ئۆيىدە مۇھەممەد (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ۋە خەدىچىلەر بىلەن بىللە تۇردى. ئۇ دائىم:

ـــ مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن ھەم ئۇ مەندىن ئايرىلمايدۇ، ـــ دەيتتى. بىر كۈنى مۇھەممەد (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ئۇنى چاقىرىپ:

ـــ ئى ئانا! (ئۇ دائىم ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىراتتى) مەن ھازىر توي قىلدىم، ئەمما سىز تېخىچىلا توي قىلمىدىڭىز، بىرەر ئادەم كېلىپ سىزگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويسا قانداق قارايسىز؟ ـــ دېدى. بەرەقە مۇھەممەد (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) كە قاراپ ئۇنىڭغا:

ـــ مەن ھەرگىزمۇ سەندىن ئايرىلمايمەن، ئانا بولغۇچى بالىسىنى تاشلىۋېتەمدۇ؟ ـــ دەپ جاۋاب بەردى. مۇھەممەد ( ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) كۈلۈپ ئۇنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويدى. ئۇ ئايالى خەدىچىگە قاراپ:

ـــ بۇ بەرەقە، بۇ مېنىڭ ئىككىنچى ئانام، ئۇ مېنىڭ ئائىلەمنىڭ بىر قىسمى، ـــ دېدى. بەرەقە خەدىچىگە قارىدى، خەدىچە ئۇنىڭغا:

ـــ بەرەقە، سىز ياشلىقىڭىزنى مۇھەممەد ئۈچۈن قۇربان قىلدىڭىز، ھازىر ئۇ سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنى ئازراق بولسىمۇ ياندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، مۇھەممەد ۋە مەن ئۈچۈن سىزگە قېرىلىق يېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن، ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولۇڭ، ـــ دېدى.

ـــ كىمگە ياتلىق بولىمەن، خېنىم؟ ـــ سورىدى بەرەقە.

ـــ مەدىنىدىكى خەزرەج قەبىلىسىدىن ئۇبەيدە ئىبنى زەيد سىز بىلەن توي قىلىشنى سوراپ كەپتۇ، مەن ئۈچۈن ئۇنى رەت قىلمىسىڭىز.

بەرەقە ماقۇل بولدى. ئۇ ئۇبەيدە ئىبنى زەيدگە ياتلىق بولۇپ مەدىنىگە باردى. مەدىنىدە ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭغا «ئەيمەن» دەپ ئىسىم قويدى، شۇنىڭدىن تارتىپ كىشىلەر ئۇنى «ئۇممۇ ئەيمەن (ئەيمەننىڭ ئانىسى)»

www.munber.org

دەپ ئاتىدى. ئەمما ئۇنىڭ تويى ئۇزۇنغا بارمىدى. يولدىشى ئۆلۈپ كېتىپ، يەنە مەككىگە قايتىپ بېرىپ، خەدىچىنىڭ ئۆيىدە «ئوغلى» مۇھەممەد بىلەن بىللە تۇردى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆيدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ھىندى (خەدىچىنىڭ ئىلگىرىكى يولدىشىدىن بولغان قىزى) ۋە زەيد ئىبنى ھارىسەلەر تۇراتتى.

زەيد كەلب قەبىلىسىدىن بولغان ئەرەب بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىلا مەككىگە تۇتۇپ كېلىنىپ، قۇل بازىرىدا سېتىۋېتىلگەن. ئۇنى خەدىچىنىڭ جىيەنى سېتىۋېلىپ، خەدىچىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بەرگەن ئىدى. خەدىچىنىڭ ئۆيىدە، زەيد مۇھەممەد (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) نى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاتىدى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى دادا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايتتى. زەيدنىڭ دادىسى ئۇنى مەككىگە ئىزدەپ كەلگەندە، مۇھەممەد ئۇنىڭغا دادىسى بىلەن قايتىپ كېتىش ياكى ئۆزى بىلەن بىللە قېلىش ئىختىيارلىقىنى بەردى. زەيدنىڭ دادىسىغا بەرگەن جاۋابى بولسا: «مەن ھەرگىزمۇ بۇ ئادەمدىن ئايرىلمايمەن، ئۇ ماڭا دادا بالىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى، مەن ئۆزۈمنى بىر كۈنمۇ قۇلدەك ھېس قىلىپ باقمىدىم، ئۇ مېنىڭ ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالدى، ئۇ ماڭا كۆيۈندى، مېنى ياخشى كۆردى، دائىم مېنى خۇشال قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم، مەن قانداقمۇ ئۇنى تاشلاپ، سەن بىلەن بىللە كېتىمەن؟! مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

كېيىن مۇھەممەد كىشىلەرنىڭ ئالدىدا، زەيدنى ئازاد قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداق بولسىمۇ زەيد ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەكلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىدى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئۆزىنى ئاتىدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەرلىك بىلەن ھۆرمەتلەنگەن چاغدا، بەرەقە ۋە زەيد ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھىيگە دەسلەپ ئىمان ئېيتقانلاردىن بولدى. ئۇلار دەسلەپكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە، قۇرەيشنىڭ قىلغان زۇلۇملىرىنى ۋە



www.munber.org



زىيانكەشلىكلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بەرەقە ۋە زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز خىزمەتلەرنى قىلدى. ئۇلار قۇرەيشنىڭ زۇلۇمىدىن قورقماستىن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، مۇشرىكلارنىڭ پىلانلىرى ۋە سۇيىقەستلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خەۋەردار قىلدى.

بىر كېچىسى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى يىغىپ ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىدىغان ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولنى توسۇپ قويىدى. خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھىم بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەرەقەنى ئەۋەتتى. بەرەقە ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ خەۋەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن چېغىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاللاھ سىزگە بەرىكەت بەرسۇن، ئى ئۇممۇ ئەيمەن! جەزمەنكى سىزگە جەننەتتە بىر ئورۇن ھازىرلانغان، — دېدى. ئۇممۇ ئەيمەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قاراپ:

— ئاراڭلاردىن كىمكى جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئايالغا ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۇ ئۇممۇ ئەيمەنگە ئۆيلەنسۇن، — دېدى. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى جىمجىت ئولتۇرۇشۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. چۈنكى ئۇممۇ ئەيمەن چىرايلىق بولماستىن، 50 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئاجىز ئايال ئىدى. شۇ چاغدا زەيد ئىبنى ھارىسە:

— يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇممۇ ئەيمەنگە ئۆيلىنىمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ پۇلدار ۋە چىرايلىق ئاياللاردىن ياخشىراق، — دېدى.

زەيد بىلەن بەرەقە توي قىلىپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى، ئۇنىڭغا ئۇسامە دەپ ئىسىم قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ئۇنى ئۆز ئوغلىدەكلا ياخشى كۆرەتتى، دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوينايتتى، ئۇنى سۆيۈپ قوياتتى ۋە ئۆز قولى بىلەن تاماق يېگۈزەتتى. مۇسۇلمانلار دائىم مۇنداق دەيتتى: «ئۇ بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمىزنىڭ



www.munber.org

سۆيۈملۈك ئوغلى.» ئۇسامە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا، ئۆزىنى ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتىدى، كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئېغىر ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان چاغدا، ئۇممۇ ئەيمەننى ئائىلىسىدىكى بەزى مۇھىم ئىشلارنى بىجىرىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويدى. كېيىن ئۇ مەدىنىگە ئۆزى يالغۇز ھىجرەت قىلدى، چۆللەردىن ۋە تاغلاردىن ئۆتىدىغان ئۇزۇن ۋە جاپالىق يوللارنى پىيادە باستى، ھاۋا چىدىغۇسىز ئىسسىق بولۇپ كەتسىمۇ، بوران - چاپقۇنلاردا يوللارنى پەرق قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) كە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە جاپا مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، پۇتلىرى يېرىلغان، ئىششىغان، يۈز - كۆزلىرى قۇم ـ توپىلار بىلەن بۇلغانغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي:

ـــ ئى ئۇممۇ ئەيمەن! ئى ئانا! ھەقىقەتەن سىزگە جەننەتتە بىر ئورۇن ھازىرلانغان، ـــ دېدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرنى مۇلايىملىق بىلەن سۈرتتى، پۇتلىرىنى ۋە مۈرىسىنى ئۇۋۇلاپ قويدى.

مەدىنىدە ئۇممۇ ئەيمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىدى. ئوھۇد غازىتىدا، ئۇ ئۇسسىغانلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بەردى، يارىلانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، خەيبەر ۋە ھۇنەين غازىتىغا ئوخشاش بەزى غازاتلارغا قاتناشتى. ئۇنىڭ ئوغلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بولغان ئەيمەن ھىجرەتنىڭ 8 ـ يىلى ھۇنەين غازىتىدا شېھىت بولدى. بەرەقەنىڭ يولدىشى، پۈتۈن ھاياتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام ئۈچۈن بېغىشلىغان زەيدمۇ سۈرىيەدىكى مۇئتە غازىتىدا شېھىت بولدى. بەرەقە بۇ چاغدا 70 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپ ۋاقتىنى ئۆيدە ئۆتكۈزەتتى. پەيغەمبەر





ئەلەيھىسسالام دائىم ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر بىلەن ئۇنى يوقلاپ كېلەتتى ۋە ئۇنىڭدىن سورايتتى:

ـــ ئى ئانا! ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

ـــ يا رەسۇلۇللاھ! پەقەت ئىسلام دىنى ياخشى تۇرۇۋاتقان بولسىلا، مەن ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ـــ دەيتتى ئۇ جاۋابەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بەرەقە دائىم يىغلايدىغان بولۇپ قالدى، بىر قېتىم باشقىلار ئۇنىڭدىن:

ـــ نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتىسىز؟ ـــ دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ:

ـــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما مەن ھازىر ئۈستۈنكى ئاسماندىن كېلىدىغان ۋەھىينىڭ ئاياغلاشقانلىقىغا يىغلاۋاتىمەن، ـــ دېگەن ئىدى.

بەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندىن تاكى ۋاپات بولغۇچە ئۇنىڭغا يېقىن ياشىغان بىردىن - بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ھاياتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. ئۇ ھۆرمەتلىك، ئەخلاقلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوڭقۇر ئىخلاس قىلدى، ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئۆزىنى ئاتىدى. ئۇنىڭ ئىسلامغا تېخىمۇ كۈچلۈك مۇھەببىتى ۋە ئىخلاسى بار ئىدى. ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋاپات بولدى.

گەرچە ئۇنىڭ نەسىبى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنى ئېنىق ۋە شۈبھىسىزدۇر.

www.munber.org

## مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە

بويى ئېگىز، قاۋۇل، چىرايى قارامتۇل كەلگەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇرلىقى، بەستلىك قامىتى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن زامانداشلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولماي تۇرۇپلا مۇھەممەد دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئىسمىدىنمۇ بىز ئۇنىڭ مەدىنىلىكلەر ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال مۇسۇلمان بولۇپ، بۈيۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەگەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. («مۇھەممەد» دېگەن بۇ ئىسىم ئىلگىرى باشقىلار تەرىپىدىن قوللىنىلمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىسىمنى قوللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغاندىن تارتىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ئىسىم بولۇپ قالغان).

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە مەدىنىدىكى ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، ئەرەب ئەمەس ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇنجى تەشۋىقاتچى- مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ئۇ مەدىنىدىكى ئۇبەي ئىبنى ھۇدەير ۋە سەئد ئىبنى مۇئاز قاتارلىق ئابرۇيلۇق كىشىلەردىنمۇ ئىلگىرىراق ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ھەر بىر مۇھاجىرنى





بىردىن ئەنسار بىلەن قىيامەتلىك دوست قىلىپ قويدى. بۇ چارە مۇھاجىرلارنىڭ ئۆي ۋە تاماق جەھەتتىكى زۆرۈر ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ، مۇستەھكەم مۇسۇلمانلار جامائەسىنى قۇرۇشتا زور رول ئوينىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە مىجەز- خۇلقىنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇپ، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتا، تەبىئىتى ۋە مىجەزى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلارنى بىر جۈپ قېرىنداش قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بىلەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى قېرىنداش قىلدى. ئەبۇ ئۇبەيدەگە ئوخشاشلا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەمۇ خىيالچان، ھەققانىيەتچى ۋە ئىخلاسمەن، شۇنداقلا جەڭ مەيدانىدا ناھايىتى باتۇر ۋە مۇستەھكەم تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ مەشھۇر چەۋەندازلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسلام يولىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە تەبۇك غازىتىدىن باشقا بارلىق غازاتلارغا قاتناشقان. تەبۇك غازىتى ۋاقتىدا، ئۇ ئەلى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىنى ساقلاشقا قالغان قوشۇنغا باشلىق بولۇپ قېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ كېيىنكى ھاياتىدا، ئۆزىنىڭ 10 بالىسىغا دائىم ئاشۇ ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ ھاياتىدا، ئۇنىڭ تولىمۇ ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان مىساللار بار.

ئوھۇد غازىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە 700 كىشىلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىر دالادا چېدىر تىكىپ كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىشىنىپ 50 ئادەمگە قوماندان قىلىپ، پۈتۈن كېچە چېدىر ئەتراپىدا كۆزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۇرۇش رەسمىي باشلانغان چاغدا، قۇرەيش قوشۇنى مۇسۇلمانلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. 70 چە مۇسۇلمان شېھىت بولدى، نۇرغۇنلىرى تەرەپ- تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. پەقەت ئاز بىر قىسىم ئىمانلىق، باتۇر مۇسۇلمانلارلا تاكى ئۇرۇش ئاياغلاشقىچە ساباتلىق بىلەن



www.munber.org

تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە دەل شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بىرەر غازاتقا چاقىرىلسىلا دەرھال ھازىر بولاتتى. بىر قېتىم ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا شەھەردىكى يەھۇدىي باشلىقلىرىنىڭ بەزى پىلانلىرىنى يەتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلىدى. مەدىنىگە دەسلەپ كەلگەن ۋاقىتلاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەھەردىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇنداق كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىدى: «يەھۇدىيلار بىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشسە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدىلىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ھامىيلىقىمىزدا بولۇپ، ھوقۇقتا بىز بىلەن ئوخشاش بولىدۇ... مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنىنى قوغداپ، دۈشمەنلەرگە قارشى تەڭ ئۇرۇش قىلىدۇ... مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى باشقىلارغا ياردەم بەرمەيدۇ.» يەھۇدىي باشلىقلىرى بۇ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىپ، قۇرەيشتىكى ۋە مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇلار يەنە ئىسلامنىڭ ئابرۇيىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، مەدىنىدىكى كىشىلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالماقچى بولدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بەدىر غازىتىدىكى چوڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، مەدىنىدىكى يەھۇدىي قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بەنۇ قەينۇقا ناھايىتى قەبىھلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ۋەھشىي بىر ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇلار مۇنداق دېدى:

— ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى ئۆزۈڭنىڭ ئادەملىرىڭگە ئوخشاش دەپ قارامسەن؟ سەن ئۇرۇشتىن قىلچە خەۋىرى يوق ئادەملەرنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسەن. سەن بىزگە قارشى تۇرۇپ ئۇرۇشساڭ، ئاندىن بىزنىڭ بوش ئەمەسلىكىمىزنى بىلىپ قالاتتىڭ.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلدى. قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زەرگەر بولۇپ، مەدىنىدىكى بازارلارنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى خەزرەج قەبىلىسىنى





ئۇرۇشتا ياردەمگە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇلار رەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنۇ قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ يەرلىرىنى 15 كېچە مۇھاسىرە قىلدى. قورقۇپ كەتكەن قەينۇقا ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسلىم بولۇپ، مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە بىر يول چىقىرىپ بېرىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بەردى. پۈتۈن قەبىلە ئەر- ئايال ۋە باللار ھېچقانداق زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىماي كېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ قورال- ياراقلىرى ۋە زەرگەرلىك ئەسۋابلىرى غەنىمەت ئېلىندى. ئۇلار سۈرىيەدىكى ئەزرىئەت دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشتى.

گەرچە بىر- بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى تېخىچە كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ كېتىشى باشقا يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى تۆگىتەلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئۆچمەنلىك پوزىتسىيەسىدە بولغان ھەمدە دۈشمەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارىلىغان ئادەم - كەئب ئىبنى ئەشرەف ئىدى. كەئبىنىڭ دادىسى ئەسلى ئەرەب بولۇپ، بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، مەدىنىگە قېچىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ يەنە بىر مۇھىم يەھۇدىي قەبىلىسى بەنۇ نەزىرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، ئەقىلە بىنت ئەبۇل ھەقىق دېگەن بىر يەھۇدىي ئايالغا ئۆيلەنگەن ئىدى. ئۇ كەئبىنىڭ ئانىسى ئىدى. كەئب ئېگىز ۋە كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇ تونۇلغان شائىر بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ بايلىرىدىن ۋە ھىجازدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مۇھىم باشلىقلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ بىر خورمىلىق بېغى بار بىر قورغاندا تۇراتتى. ئۇ نۇرغۇن يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنى قوللاپ ياردەم بېرەتتى. كەئب ئىسلامغا ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلدى. ئۇ شېئىر توقۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەجۋىلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمان ئاياللارنى ھاقارەتلىدى. مەدىنىدىكى ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بەدىردىكى غەلىبىسىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى غەزەپلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ قۇرەيشلەرنى



www.munber.org
www.munber.org

ئەسىر ئېلىپ ماڭغان مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى كۆرۈپ، تولىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەزىپىنى قۇرەيشكە ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، مەككىگە كەلدى ۋە ئۇلارنى قىساس ئېلىشقا كۈشكۈرتتى. ئاندىن ئۇ باشقا جايلارغا بېرىپ، قەبىلىمۇ-قەبىلە چېپىپ يۈرۈپ، كىشىلەرنى قوللىرىغا قورال ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشقا ئۈندىدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەن چاغدا، ئۇ دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر خالىساڭ ئەشرەفنىڭ ئوغلىدىن مېنى قۇتۇلدۇرغىن!» دېدى. كەئب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان تىنچلىققا ۋە ئورتاق ئىشەنچ ئورنىتىشقا نىسبەتەن رېئال بىر خەۋپ بولۇپ قالدى. كەئب مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزۈشنى ۋە مۆمىن ئاياللارنى ھاقارەتلەشنى داۋاملاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بولمىغۇر پائالىيەتلەرنى ۋە ۋەھشىي سۈيىقەستلەرنى تۆگىتىشكە ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇ رەت قىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى بىر ئىسيان قوزغىماقچى بولغان ئىدى. يۇقىرىقىدەك ئىشلار بىلەن كەئب ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوچۇق ئۇرۇش ئاچتى. ئۇ يېڭى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە نىسبەتەن تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن تولىمۇ غەزەپلىنىپ، مۇسۇلمانلارغا:

— كىم كەئب ئىبنى ئەشرەفنى جايلىۋېتىدۇ؟ ئۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى غەزەپلەندۈردى، — دېدى.

— سېنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى جايلىۋېتىمەن، يا رەسۇلۇللاھ! — دېدى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈنچىۋالا ئاددىي ۋەزىپە ئەمەس ئىدى. بىر مەلۇماتتا دېيىلىشىچە، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۆيىگە بېرىپ، قانداق قىلىش توغرۇلۇق ئويلىنىپ، تا ئۈچ كۈنگىچە ئېغىزىغا گىياھ سالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن تاماق



www.munber.org



يېمەي، سۇ ئىچمەي ئولتۇرغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭا بىر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش توغرىلىق ۋەدە بەردىم، ئەمما مەن ئورۇنلىيالامدىم ياكى ئورۇنلىيالمامدىم ئۇقمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت شۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بار كۈچۈڭ بىلەن تىرىشىش، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بەزى ساھابىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قانداق ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئېمىلدەش ئىنىسى ئەبۇ نائىلەمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولۇشتى، ئاندىن ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتىكى پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، كەئبنى قورغىنىدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىش پىلانىنى ئېيتىپ، رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رۇخسەت بەردى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە كەئبنىڭ جىيەنى، ئەبۇ نائىلە بولسا ئۇنىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشى ئىدى. ئۇلار كەئبنىڭ ئۆيىگە باردى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئالدى بىلەن سۆزلەپ:

— بۇ ئادەم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) بىزدىن تولا سەدىقە سوراپ، بىزدە يېگۈچىلىكمۇ بىر نەرسە قالمىدى. ئۇ بىزگە زومىگەرلىك قىلىپ بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ، شۇڭا مەن سەندىن ئازراق پۇل قەرز سوراپ كەلدىم، — دېدى.

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى كەئب. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئاندىن:

— بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاپتىكەنمىز، بۇ ئىش بىر ياقلىق بولغۇچە بىز ئۇنى تاشلىۋەتمەي تۇرايلى، بىز سېنىڭ بىر ئىككى ۋەسەق ئالتۇن بېرىپ تۇرۇشۇڭنى سورايمىز، — دېدى. كەئب ئالتۇننى بېرىشنى ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا:

— سىلەر تېخىچە ئۇنىڭ يالغان گەپلىرىگە ئەگىشىۋاتقانلىقىڭلارنى



www.munber.org

بىلەلمىدىڭلارمۇ؟ مەيلى، ئەمما سىلەر ماڭا بىر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشۇڭلار كېرەك، ــ دېدى، ئۇلار:

ــ نېمىنى گۆرۈگە قويۇشىمىزنى خالايسەن؟ ــ دەپ سورىدى. كەئب:

ــ ئاياللىرىڭلارنى گۆرۈگە قويۇڭلار.

ــ سەن ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق ئادەم تۇرسالىڭ، قانداقمۇ ئاياللىرىمىزنى گۆرۈگە قويىمىز؟ ــ دېدى.

ــ ئۇنداق بولسا باللىرىڭلارنى گۆرۈگە قويۇڭلار، ــ دېدى كەئب.

ــ بىر ـ ئىككى ۋەسەق ئالتۇن ئۈچۈن باللىرىنى گۆرۈگە قويدى دەپ باشقىلار بىزنى تىللىمامدۇ؟ بۇ بىز ئۈچۈن ئەيىب، ساڭا قوراللىرىمىزنى گۆرۈگە قويايلى، سەن بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى بىلىسەن، ــ دېيىشتى.

كەئب ئۇلارنىڭ قورالىق كېلىپ ئۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇيلاپ تاپقان بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار قوراللارنى كېيىنكى قېتىم ئېلىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىشتى. شۇ چاغدا ئەبۇ نائىلە كەئبكە:

ــ ئى ئىبنى ئەشرەف، مەن سېنىڭ قېشىڭغا بىر گەپنى دېمەكچى بولۇپ كەلگەن ئىدىم، ئەمما سەن مېنىڭ كېلىش سەۋەبىمنى سوراپمۇ قويمىدىڭ، ــ دېدى ئاغرىنغاندەك قىلىپ. كەئب ئۇنىڭ گەپلىرىنى دېيىشىنى ئېيتقان ئىدى، ئەبۇ نائىلە:

ــ بۇ ئادەم مەيدانغا چىقىپ، بىز ئەرەبلەرنىڭ ئادەتلىرىمىزنىمۇ ئاياغ ـ ئاستى قىلىۋەتتى، ئائىلىمىز ئاچلىقتا ۋە قىيىنچىلىقتا قالدى، ئائىلىمىزدىكىلەر ئاچلىقتىن بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ــ دېدى.

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئىبنى مەسلەمە، مەن ئىبنى ئەشرەف بۇرۇن ساڭا ئېيتقان، مانا ھازىر دەل مۆلچەرلىگىنىمدەكلا بوپتۇ، ــ دېدى كەئب جاۋاب بېرىپ.

ــ بىزگە ئازراق يېمەكلىك سېتىپ بەرگىن، نېمىنى خالىساڭ شۇنى

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

گۆرۈگە قويىمىز، بىزگە رەھىم قىلغىن، مېنىڭ يەنە بىر نەچچە دوستۇم بار، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئەھۋالدا، مەن ئۇلارنى سېنىڭ قېشىڭغا باشلاپ كەلسەم، ئۇلارغىمۇ يېمەكلىك سېتىپ بېرىپ بىر ياخشىلىق قىلساڭ، بىز كەلگەندە قورال ـ ياراقلىرىمىزنى گۆرۈگە قويىمىز.

ــ قوراللىرىڭلارنى گۆرۈگە قويساڭلار مەن خاتىرجەم بولىمەن، ــ دېدى كەئب. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۆرۈگە قويىدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قايتىپ كەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان ئىشلارنى بايان قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە، ئەبۇ نائىلە، ئەبباد ئىبنى بىشر، ھارىس ئىبنى ئەۋس ۋە ئەبۇ ئەبەسە ئىبنى جابىر قاتارلىقلار كەئبنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يېقىن بىر يەرگىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئاندىن ئۇلارغا:

ــ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ ئىلگىرىلەڭلار، ــ دەپ تاپىلىدى، ئاندىن، ــ ئى پەرۋەردىگارىم، ئۇلارغا ياردەم بەرگىن، ــ دەپ دۇئا قىلىپ قايتىپ كەتتى. بۇ ھىجرەتنىڭ 3 ـ يىلى رەبىيۇل ئەۋۋەلنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قالغان تۆتەيلەن بىللە كەئبنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئۇنى چاقىردى، كەئب چىقماقچى بولۇۋىدى، ئايالى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

ــ سەن دۈشمەنلىك ئادەم، بۇنداق چاغدا سىرتقا چىقمىغىن، ــ دېدى.

ئۇلار مېنىڭ جىيەنىم مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بىلەن ئىمىلداش قېرىندىشىم ئەبۇ نائىلە....، ــ دېدى ۋە كارىۋاتتىن چۈشۈپ قىلىچىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن كۈچلۈك ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە:

ــ مەن بۇگۈنكىدەك خۇشبۇيلۇقنى كۆرمىگەن ئىدىم، بېشىڭنى پۇرىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلساڭ، ــ دېۋېدى، كەئب بېشىنى تۇتۇپ بەردى. ئۇ كەئبنىڭ بېشىنى چىڭ تۇتىۋالغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىغا:

ــ ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى چېپىڭلار! ـ دەپ توۋلىدى. (بۇ ۋەقە

www.munber.org

توغرۇلۇق ئوخشىمىغان خاتىرىلەر بار، بەزىلەر: چىپىش بۇيرۇقىنى بەرگەن ئادەم ئەبۇ نائىلە، بۇ ئىش كەئب ئۆيىدىن چىقىپ ئۇلار بىلەن خېلى ماڭغاندىن كېيىن بولغان دەپ قارايدۇ). كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ يوقىتىلىشى مەدىنىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى سۈيىقەست پىلانلاۋاتقانلارنىڭ يۈرەكلىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ قويىدى. كەئبىنىڭكىگە ئوخشاش ئاشكارا دۈشمەنلىكلەر مەلۇم ۋاقىت ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي توختىمىدى.

ھىجرەتنىڭ 4- يىلىنىڭ باشلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان يەھۇدىي قەبىلىلىرىدىن بەنۇ نەزىرگە بېرىپ، مەلۇم ئىش توغرىلىق ياردەم سورىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ نەق مەيداندا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى، ئۇ قەتئىي ھەرىكەت قوللانمىسا بولمايتتى. بەنۇ نەزىر يېرىققا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال شەھەرگە قايتىپ كەتتى، ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا خائىنلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن 10 كۈن ئىچىدە مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى مەدىنىدە ئۇچرىتىپ قالسا، تىرىك قالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ بەنۇ نەزىرگە نىمىلەرنى دېگەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ بەستلىك قامىتىنى كۆرگەن ۋە جاراڭلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان بەنۇ نەزىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىرىنى يەنى خائىنلىق قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى بۇ ۋەزىپىنى بىجىرىشكە تاللىشى ئۇنىڭ ساداقىتىگە، غەيرىتىگە ۋە مۇستەھكەم ئىمانىغا ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

بەنۇ نەزىرنىڭ مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىشى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى، يەنى ئۇلارنىڭ باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشى، ئاخىرى ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇشى،



www.munber.org



ئۇلارنىڭ خەيبەرنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ بېرىشى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشىمىز ھاجەتسىز. گەرچە ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، بەنۇ نەزىرنىڭ ئىككى ئادىمى — يەمىن ئىبنى ئۆمەير بىلەن ئەبۇ سەئد ئىبنى ۋەھب مۇسۇلمان بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەئب ئىبنى ئەشرەف ئۆلتۈرۈلۈپ دەل بىر يىلدىن كېيىن يۈز بەردى.

مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۆزىگە بىرەر ۋەزىپە تاپشۇرۇلسىلا، ئۇنى شۇ بويىچە ئورۇندايتتى، ھەرگىزمۇ بۇيرۇلغاندىن ئارتۇق ياكى كەم قىلمايتتى. شۇڭلاشقا ئۆمەر ئۇنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن ئىدى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ۋە يېتەكچىسى ھېسابلايتتى. ئەمىر ئىبنى ئاس مىسىرگە ھۇجۇم قىلغاندا، ياردەمگە ئەسكەر سوراپ ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى، ئۆمەر ھەر بىرسى مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان تۆت قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇنلارغا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئۇبادە ئىبنى سامىت ۋە مىقداد ئىبنى ئەسۋەدلەر باشچىلىق قىلغان ئىدى. ئۆمەر ئەمىرگە بىر خەت قوشۇپ ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «مەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى ساڭا غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىشقا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتىم، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن، ئۇنىڭ ساڭا قىلغان قوپاللىقلىرىنى كەچۈرگىن» دېيىلگەن ئىدى. ئىبنى مەسلەمە فۇستاتقا ـ ئەمىرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى... ئۇ ئۇستەلدە ئولتۇرغان بولسىمۇ، تامىقىغا ئېغىز تەگمىدى. ئەمىر ئۇنىڭدىن:

— ئۆمەر سېنى مېنىڭ تامىقىمنى يېيىشتىن چەكلىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — جاۋاب بەردى ئىبنى مەسلەمە، — ئۆمەر مېنى سېنىڭ تامىقىڭنى يېيىشتىن چەكلىمىدى ھەمدە مېنى سېنىڭ تامىقىڭنى يېيىشكىمۇ بۇيرىمىدى. ئاندىن ئۇ ئۇستەلگە ناندىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنى تۇز بىلەن قوشۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئەمىر ئاچچىقلىنىپ:

— ئاللاھ بىزنىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئىشلەيدىغان ۋاقتىمىزنى



www.munber.org

ئاخىرلاشتۇرۇپ بەرسۇن! مەن ئىلگىرى خەتتابنىڭ ۋە ئوغلى ئۆمەرنىڭ بەدىنىنىمۇ تولۇق يۆگىيەلمەيدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، كوچىدا تېنەپ يۈرگەنلىكىنى، ئاس ئىبنى ۋائىل (ئەمىرنىڭ دادىسى) نىڭ بولسا زەر يوللۇق يىپەك تون كىيىۋالغانلىقىنى كۆرگەنمەن...، — دېدى.

— سېنىڭ داداڭ ۋە ئۆمەرنىڭ دادىسى ھەر ئىككىلىسى دوزاختا، چۈنكى ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان. ئەمما ساڭا كەلسەك، ئەگەر ئۆمەر سېنى بىرەر ۋەزىپىگە تەيىنلىسە، سەن پەقەت ئۇ ئىلگىرى ساڭا بەرگەن نەرسىلەر بىلەن خۇشاللىنىشىڭ كېرەك، — مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە شۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئەمىرنىڭ مىسىرنىڭ ۋالىيسى بولغاچقا، ئېغىزىدىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق سۆزلەرنىڭ چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزىگە ئاشكارا ئېتىراز بىلدۈردى.

— ئىشلار ھەققانىيەت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، — دېدى ئەمىر بۇ ناچار ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن.

— شۇنداق، پەقەت ئۆمەر ھايات بولسىلا شۇنداق بولىدۇ، — دېدى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۆمەرنىڭ ھەققانىيەتچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلامنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپ.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئەنە شۇنداق ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى.

يەنە بىر قېتىم ئۆمەر ئۆزىنىڭ خەلىپىلىكى ئاستىدىكى بىر ۋىلايەتتە، مەشھۇر سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ كۇفەدە بىر ساراي سالدۇرغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مۇھەممەد كۇفەگە كېلىپ، دەرھال بۇ سارايىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. كىشىلەر ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقىدىن ئەجەبلىنىپ كەتتىمۇ ياكى داڭلىق باتۇر، قادىسىيەنى ئىشغال قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۇھۇدتىكى قەھرىمانلىقلىرىنى مەدھىيىلىگەن سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ قاتتىق ئىزا تارتىپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەپلەندىمۇ، ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى. سەئد بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئەنە





شۇ ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىگە ياردەم بېرىدىغان، ھەققانىيەت ۋە ئاللاھقا، دىنغا بولغان ئىخلاس، تەقۋادارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ۋە گۇناھىنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئىسلامى ئەخلاقنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۆمەرنىڭ ۋارىسى، خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلدى. كېيىن ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندا، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۇنىڭغا قاتناشمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بەرگەن، ئۇ دائىم ئىشلىتىدىغان قىلىچىنى قەستەن سۇندۇرىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چەۋەندازى» دەپ ئاتالغان ئىدى. مۇسۇلمانلارغا تىغ كۆتۈرۈشنى رەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇ ئۆزىنىڭ نام- شەرىپىنى قوغداپ قالدى. كېيىن ئۇ ياغاچتىن بىر قىلىچ ياساپ، ئۇنى ئوبدان زىننەتلىدى، ئاندىن غىلاپقا سېلىپ ئۆيىگە ئېسىپ قويدى. باشقىلار ئۇ توغرىلىق سورىغاندا، ئۇ:

— مەن ئۇنى پەقەت كىشىلەرنى قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئېسىپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ھىجرەتنىڭ 46- يىلى سەفەر ئېيىدا مەدىنىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

www.munber.org

## مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير باي ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، راھەت - پاراغەت ئىچىدە چوڭ بولدى. ئۇنىڭ باي ئاتا - ئانىسى ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ قىممەت كىيىملەرنى ۋە ئەڭ چىرايلىق ئاياغلارنى كەيگۈزەتتى. ئۇ چاغلاردا يەمەننىڭ ئاياغلىرى ئەڭ ياخشى ھېسابلىناتتى، مۇسئەب شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىللىرىنى تاللاپ كىيەتتى.

ياش ۋاقتىدىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشكەن بوي - بەستى ۋە يۇقىرى قابىلىيىتى بىلەن، قۇرەيشنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولدى. مەككە ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇمۇ ئۇلاردىن قىلچە ھېيىقمايتتى. ئۇ گەرچە ياش بولسىمۇ، قۇرەيشنىڭ يىغىنلىرىغا ۋە يىغىلىشلارغا بىمالال قاتنىشالايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار مەككىلىكلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى، ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى بىلىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى.

مەككىلىكلەر ئارىسىدا «ئەمىن ( ئىشەنچىلىك)» دەپ ئاتالغان مۇھەممەدنىڭ ئۆزىنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر تارقالدى. ئۇ قۇرەيشنى ئەگەر ئۇلار پەقەت بىر ئاللاھقىلا بويسۇنمىسا ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمىسا، ئۇلارنىڭ قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئىمان ئېيتقان ياخشى كىشىلەرنىڭ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۈتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن مەككىدە شۇ توغرىلىقلا پاراڭ بولاتتى. مەككە تەۋرەپ كەتتى. دەككە- دۈككىدە قالغان قۇرەيش كاتتىلىرى مۇھەممەدنى نىيىتىدىن





ياندۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئويلاپ چىقىشتى. مەسخىرە قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىشلار كارغا كەلمىگەندىن كېيىن، ئۇلار كەڭ دائىرىدىكى زىيانكەشلىك ۋە دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. مۇسئەب مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرەيشنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سافا تېغىغا يېقىن جايدىكى بىر ئۆيگە يىغىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى، بۇ ئەرقەمنىڭ ئۆيى ئىدى. ئاڭلىغانلىرىنىڭ راستلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، مۇسئەب باشقا قۇرەيشلەرگە ئوخشاشلا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى بىلەن بۇ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۆيدە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا ساھابىلىرىگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىۋاتقان، ھەممىدىن ئۇلۇغ، بۈيۈك ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قارشى ئالدى، ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولىنى مۇسئەبنىڭ ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئۇ خاتىرجەملىك ھېسسىياتىغا چۆمدى. مۇسئەب ئۆزىنىڭ ئاڭلىغانلىرى ۋە كۆرگەنلىرى ئالدىدا ئۆزىنى تۇلىمۇ ئاجىز ھېس قىلدى. قۇرئان ئايەتلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى تېز ۋە چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇنجى كۆرۈشىشىدىلا ياش ۋە ئىرادىلىك مۇسئەب ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاشۇ تارىخى دەقىقىلەردە، مۇسئەبنىڭ ئۆتكۈر زېھنى، قەتئىي سۇنماس ئىرادىسى، يۇقىرى نۇتۇق قابىلىيىتى ۋە ئېسىل مىجەزى ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بۇرالدى. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا ئانىسىدىن ناھايىتى ئەنسىرىدى. ئانىسىنىڭ ئىسمى خۇنناس بىنت مالىك بولۇپ، قۇرەيشنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ئۇ مۇتەھەم ئايال بولۇپ، باشقىلارنى قورقىتىپ ئۈششۈقلۇق قىلاتتى. مۇسئەب مۇسۇلمان بولغاندا، ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرىگەن بىردىنبىر ئادەم - دەل ئۇنىڭ ئانىسى بولدى. بارلىق ئابرۇيلۇق مەككە ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىنسىزلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئۆرپ- ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىگە مەھكەم يېپىشىۋېلىشلىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى، پەقەت



www.munber.org

ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىنىلا سەل چاغلىغىلى بولمايتتى.

مۇسئەب تېزدىن ئويلىنىپ، تاكى ئاللاھ تەرەپتىن مۇشۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىدىغان بىر ۋاقىت كەلگۈچە، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى يوشۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە دائىم بېرىپ تۇردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ئىمانىغا سادىق بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ بارلىق ئىپادىلىرىنى ئانىسىدىن قاتتىق يوشۇرۇپ، ئانىسىنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ قالدى، ئەمما بۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ كۈنلەردە مەككىدە بىرەر ئىشنى ئۇزۇن مۇددەت مەخپىي تۇتۇپ يۇرۇش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىدى. ھەممىلا يەردە قۇرەيشنىڭ كۆز قۇلاقلىرى، بوش توپىلاردا قالغان ھەر بىر ئاياغ ئىزىنىڭ ئارقىسىدا قۇرەيش جاسۇسلىرى بار ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوسمان ئىبنى ئەبۇ تەلھە دېگەن ئادەم مۇسئەبنىڭ ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە غىپپىدە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئوسمان يەنە بىر قېتىم، مۇسئەبنىڭ مۇھەممەدنىڭ ناماز ئوقۇغىنىغا ئوخشاش ناماز ئوقۇغىنىنى كۆردى، ئىش ئايدىڭلاشتى. مۇسئەبنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق خەۋەر ناھايىتى تېزلا قۇرەيشنىڭ ئارىسىدا تارقالدى ۋە ئاخىرى ئانىسىغا يەتتى.

مۇسئەب نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقى ۋە ئۆزى توغرۇلۇق نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يىغىلغان ئۆزىنىڭ جەمەتى، قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى ۋە ئانىسىنىڭ ئالدىدا تۇردى. چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا مۇسئەب مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە مۇسۇلمان بولۇشتىكى سەۋەبىنى قىلچە ھودۇقماستىن ئوتتۇرىغا قويدى، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى پاكلىغان ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەسلى دىنىغا قايتۇرۇپ كەلگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلدى. گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبى ئەقىل ـ پاراسەت، تەقۋادارلىق، ھەققانىيەت ۋە غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن تولغان ئىدى.

مۇسئەبنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان قىلغان

www.munber.org





ئامراق ئوغلىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. بىر تەستەك بىلەن ئوغلىنىڭ ئېغىزىنى بېسىقتۇرماقچى بولغان ئىدى، ئەمما مۇسئەبنىڭ قەتئىي تۈس ئالغان چىرايىدىن يانغان نۇرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئوقيادەك ئېتىلغان قولى بوشلۇقتا پۇلاڭلاپ قالدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئۆز ئوغلىغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنى راستتىنلا ئۇرۇشتىن تۇسۇپ قويغاندۇ؟! ئەمما ئۇ يەنىلا ئوغلى ئىنكار قىلىپ، قول ئۈزگەن بۇتلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللانماقچى بولدى ئۇنىڭ ئويلاپ تاپقان پىلانى تېخىمۇ قەبىھ بولۇپ، مۇسئەب ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر نەچچە تەستەك يېيىش ئۇنىڭغا قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ مۇسئەبنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا ئەكىلىپ باغلاپ قويدى، مۇسئەب ئۆزىنىڭ ئۆيىدىلا مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدى. مۇسئەب ئۇزۇنغىچە باغلاقلىق ھالەتتە، ئانىسى ئۇنىڭ مۇھەممەد ۋە ئۇ تەشۋىق قىلغان ئىمان بىلەن ئۈچرىشىپ قېلىشتىن توسۇش مەقسىتىدە ئۇنى كۆزىتىشكە قويۇپ قويغان كۆزەتچىنىڭ نەزەر بەنتى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. گەرچە ئەنە شۇنداق ئازابلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، مۇسئەب ھەرگىزمۇ تەۋرىنىپ قالمىدى. ئۇ باشقا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بۇتپەرەستلەر تەرىپىدىن قاتتىق ئازابلارغا ۋە زۇلۇملارغا ئۇچرىغىنىنى ئاڭلىغان ئىدى. باشقا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش، مەككىدە ياشاش ئۇنىڭغا چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىيىنلىشىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھلىق ۋە كەڭچىلىك ئىزدەپ، مەخپىي ھالدا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ دەرھال بۇ تۈرمىدىن قانداق قىلىپ قېچىپ، ئۇلارغا قوشۇلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىلىق ئويلاندى. ئۇنىڭ ئانىسى ۋە كۆزەتچى يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ غىپپىدىلا قېچىپ چىقتى، ئاندىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن باشقا پاناھلىق ئىزدەپ ماڭغانلارغا قوشۇلدى، ئۇزۇنغا قالماي كېمە بىلەن قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ئافرىقىغا بېرىۋالدى.

گەرچە نەجاشىنىڭ زېمىنىدا تىنچ ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ مۇسۇلمانلار ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

www.munber.org

www.munber.org

ھەمراھ بولۇپ، مەككىدە بىللە تۇرۇشقا تولىمۇ ئىنتىزار بولۇپ كەتتى. مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغانلىقى توغرىلىق خەۋەر ھەبەشىستانغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، مۇسئەب مەككىگە قايتىپ كەتكۈچىلەرنىڭ تۇنجىسى بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خەۋەر يالغان بولۇپ، مۇسئەب يەنە ھەبەشىستانغا قايتىپ كەلدى. ئۇ مەيلى مەككىدە ياكى ھەبەشىستاندا بولسۇن، ئۆزىنىڭ يېڭى ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇردى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا يارىغۇدەك رەۋىشتە ياشىيالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلاتتى. مۇسئەب ئىككىنچى قېتىم مەككىگە قايتىپ كەلگەندە، ئانىسى ئاخىرقى قېتىم ئۇنى تىزگىنلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇنى يەنە باغلاپ نەزەربەند ئاستىغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى. مۇسئەب ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلماقچى بولسا، ئانىسىغا ھەمدەمدە بولغان ھەممەيلەننى ئۆلتۈرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم قىلدى. ئانىسى ئوغلىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شۇ قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندى.

ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىشنىمۇ يىراق سانىغىلى بولمايتتى. ئاشۇ دەقىقىلەر يېتىپ كەلگەندە، بۇ ئانا ـ بالا ئىككەيلەنگە ئېغىر تۇيۇلدى. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنىڭ كۇفرىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقىنى، ئوغلىنىڭ بولسا ئىمانىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بەردى. ئانىسى ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنى تەمىنلەپ كېلىۋاتقان بارلىق راھەت ـ پاراغەتتىن قىسىپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا:

ــ بېرىپ خالىغىنىڭنى قىل، مەن سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس، ــ دېدى. مۇسئەب ئانىسىغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئانا! مەن سىزگە سەمىمىي نەسىھەت قىلاي، مەن سىزگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىڭ، ــ دېدى.

ــ ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ كۆز قارىشىمنى مەسخىرە





قىلساڭمۇ، مېنىڭ كاللام زەئىپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەرگىز سېنىڭ دىنىڭغا كىرمەيمەن، ــ دېدى ئانىسى قەتئىي ھالدا.

شۇنداق قىلىپ مۇسئەب ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن، بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان راھەت ـ پاراغەت ۋە بەختلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلدى. بۇ يىگىتنىڭ پۈزۈر، يارىشىملىق كىيىنگەن دەۋرى شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆتمۈشكە ئايلاندى. ئەمما ئۇنىڭ باشقا ئەندىشىلىرى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتىنى ۋە بار كۈچىنى بىلىم ئىگىلەشكە، ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا سەرپ قىلىشقا بەل باغلىغان ئەمەسمىدى!؟

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، بىر كۈنى مۇسئەب مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرىكەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن) نى چۆرىدەپ ئولتۇرغان يېرىگە كېلىپ قالدى. مۇسۇلمانلار مۇسئەبنى كۆرۈپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى، ھەتتا بەزىلىرى يىغلاپ كېتىشتى. چۈنكى ئۇنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى بەك كونا، يىرتىق كىيىملەر ئىدى. ئۇلار مۇسئەبنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان كۈنلىرىنى ئېسىگە ئېلىشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەبكە قاراپ، يېقىملىق كۈلۈپ:

ــ مەن مۇسئەبنىڭ مەككىدە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ياشىغان ۋاقتىنى كۆرگەن، ئۇلار ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ، راھەت ـ پاراغەتتىن يەتكۈچە بەھرىمەن قىلغان ئىدى. قۇرەيش ياشلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك ئەتىۋارلىق يەنە بىرى تېپىلمايتتى. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۇلاردىن ئايرىلدى ۋە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خىزمىتىگە ئاتىدى، ــ دېدى، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە پارس ۋە ۋىزانتىيە (رىم) ئىمپېرىيىلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ئۇ چاغدا سىلەر ئەتىگەندە بىر خىل كىيىم، كەچتە بىر خىل كىيىم كىيىسىلەر،

ئەتىگەنلىكلىرىڭلارغا بىر خىل تاماق، كەچلىكلىرىڭلارغا يەنە بىر خىل تاماق يەيسىلەر، ــ دېدى.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگۈسىدە باي ۋە كۈچلۈك بولىدىغانلىقىدىن ۋە ماددىي بايلىقلارغا يېتەرلىك ئىگە بولىدىغانلىقىدىن ئالدىنئالا خەۋەر بەردى. يېنىدا ئولتۇرغان ساھابىلەر سورىدى:

ــ يا رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز ياخشىمۇ ياكى مال - دۇنياغا ئېرىشكەن كېيىنكى ھالىتىمىزمۇ؟

ــ سىلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭلار كېيىنكىسىدىن ياخشى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەندەك بىلىدىغان بولساڭلار، ھەرگىزمۇ مال- دۇنياغا ئۆزۈڭلارنى ئۇرمايتتىڭلار، ــ دەپ جاۋاب بەردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

يەنە بىر قېتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن ئوخشاش مەزمۇندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلاردىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەتىگەندە بىر خىل كىيىمى ۋە كەچتە بىر خىل كىيىمى بولسا، ھەتتا كەئبە يوتۇنلەي يۆگەلگەنگە ئوخشاش ئۆيلىرىنى يۆگەيدىغان يېتەرلىك رەخت بولسا، قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىدى. ساھابىلەر تېخىمۇ ياخشى شارائىتقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، چۈنكى قورساق توق، خالىغانچە ئىبادەت قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنىڭ كېيىنكىسىدىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىپ ئون يىلدىن كېيىنمۇ مەككىلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامغا يەنىلا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تائىفقا باردى، ئەمما ئۇ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئىسلامنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئاز ئىدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسئەبنى ئىسلامغا بەيئەت قىلغان ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلارغا ئىسلامنى



www.munber.org



ئۆگىتىش ۋە كېيىنكى بۈيۈك ھىجرەت ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن مەدىنىگە ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىنرەك بولغان ئىش ئىدى. مۇسئەب بۇ ۋەزىپىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇغقانلاردىن بولغان ۋە ياكى ياش جەھەتتە چوڭ بولغان پېشقەدەم ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. شۈبھىسىزكى، مۇسئەب بۇ ۋەزىپىگە ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، ياخشى مىجەزى ۋە زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى سەۋەبىدىن تاللانغان ئىدى. ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم بىلىملىرى ۋە ئۇنى ئاجايىپ چىرايلىق ۋە مۇڭلۇق قىرائەت قىلىشلىرىمۇ مۇھىم ئامىللاردىن ئىدى. مۇسئەب ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئىسلامنىڭ توغرا يولىغا چاقىرىش ۋە ياش، يېتىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن تېررىتورىيە (زېمىن) بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى بېجىرىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ مەدىنىگە خەزرەج قەبىلىسىدىن سەئد ئىبنى زۇرارەنىڭ تۇغقىنى سۈپىتىدە كىردى. ئۇلار بىرلىكتە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە، يىغىلىشلىرىغا بېرىپ، ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى، ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈردى ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەردى. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، مۇسئەب بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى، ئەمما مەدىنە جەمئىيىتىنىڭ نۇرغۇن كاتتىۋاشلىرى قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى.

بىر قېتىم مۇسئەب بىلەن سەئد زەفەر جەمەتىنىڭ بىغىدىكى قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، نۇرغۇنلىغان يېڭى مۇسۇلمانلار ۋە باشقا ئىسلامغا قىزىقىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. شۇ ئەسنادا، شەھەرنىڭ ئىمتىيازلىق مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئۇسەيد ئىبنى خۇدەير نەيزىسىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى، ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. سەئد ئىبنى زۇرارە ئۇنى كۆرۈپ، مۇسئەبكە:

ــ ئۇ ئۆز جەمەتىنىڭ باشلىقى، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىگە ھەقىقەتنى سالسۇن، ــ دېدى.



www.munber.org

— ئەگەر ئۇ ئۆلتۈرسا، ئۇنىڭغا سۆزلەيمەن، — دېدى مۇسئەب ناھايىتى سالماقلىق بىلەن. غەزەپلىنىپ كەتكەن ئۇسەيد مۇسئەب بىلەن سەئدنى تىللاپ، تەھدىت سېلىشقا باشلىدى:

— سىلەر ئىككىڭلار نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاجىز كىشىلەرنى بۇزىسىلەر؟ ئەگەر تىرىك قېلىشنى خالىساڭلار، دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار. مۇسئەب ئىللىق ۋە دوستانىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئۇسەيدكە:

— ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ باقمامسەن!؟ ئەگەر خالىساڭ ۋە سۆزىمىزدىن رازى بولساڭ قوبۇل قىلارسەن، ئەگەر خالىمىساڭ، سەن ئۆچ كۆرىدىغان نەرسىنى سۆزلەشنى توختىتىپ، بىزمۇ بۇ يەردىن كېتىمىز، — دېدى.

— گېپىڭ ئورۇنلۇق، — دېدى ئۇسەيد نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ ئولتۇرۇپ.

مۇسئەب ئۇنى ھېچنېمە قىلىشقا مەجبۇرلىمىدى ياكى ئۇنى ئەيىبلىمىدى، پەقەتلا ئاڭلاپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئەگەر ئۇ رازى بولسا ياخشى بولاتتى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مۇسئەب ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭ جايىدىن ۋە جەمەتىدىن ئايرىلىپ، باشقا جايغا باراتتى. مۇسئەب ئۇنىڭغا ئىسلام توغرىلىق سۆزلەپ بېرىشكە ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرىشكە باشلىدى، ئۇسەيد بىر نەرسە دېمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ نۇرلىنىپ ۋە تەشنا بولۇپ كەتكەن چىرايىدىن قەلبىگە ئىمان كىرگەنلىكىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بۇ سۆزلەر نېمە دېگەن چىرايلىق ۋە نېمە دېگەن ياخشى! ئەگەر بۇ دىنغا كىرمەكچى بولسام قانداق قىلىمەن؟

— غۇسۇلى قىلغىن، ئۆزۈڭنى ۋە كىيىملىرىڭنى پاكلا، ئاندىن شاھادەت ئېيتقىن، ناماز ئوقۇغىن.

ئۇسەيد بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قايتىپ كەلدى، ئاندىن بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ئاللاھنىڭ



www.munber.org



ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن مۇسئەبكە:

— بىر ئادەم بار، ئەگەر ئۇ ساڭا ئەگەشسە، ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ ھەممە كىشىلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، مەن ھازىر ئۇنى سىېنىڭ يېنىڭغا ئەۋەتىمەن، ئۇ سەئد ئىبنى مۇئاز، — دېدى.

سەئد ئىبنى مۇئاز كېلىپ، مۇسئەبنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى، ئۇ قايىل بولۇپ ۋە رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مەدىنىدىكى يەنە بىر مۇھىم شەخس ـ سەئد ئىبنى ئۇبادەمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇمۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەدىنە خەلقى خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىچىدە بىر ـ بىرىگە:

— ئۇسەيد ئىبنى خۇدەير، سەئد ئىبنى مۇئاز ۋە سەئد ئىبنى ئۇبادە قاتارلىقلار بۇ يېڭى دىننى قوبۇل قىلغان يەردە، بىز قانداقمۇ ئۇلارغا ئەگەشمەيلى؟! بىز مۇسئەبنىڭ قېشىغا بېرىپ ئىمان ئېيتايلى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىككى لىۋى ئارىسىدىن ھەقىقەت چىقىدۇ، دېيىشىدۇ، — دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تۇنجى ئەلچىسى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ناھايىتى غەلىبىلىك ئادا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن توغرا تاللىغان ئىدى. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش، كۈچلۈك ۋە ئاجىز ھەممەيلەن ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىمان ئېيتتى. مەدىنىنىڭ تارىخى مەڭگۈلۈككە ئۆزگەردى، بۈيۈك ھىجرەتكە يول ھازىرلاندى. مەدىنە ناھايىتى تېزلا بۈيۈك ئىسلامى دۆلەتنىڭ مەركىزى ۋە ئاساسى بولۇپ قالدى. مۇسئەب مەدىنىگە كېلىپ بىر يىل بولمايلا مەككىگە قايتتى. بۇ ھەج مەۋسۇمى ئىدى. مەدىنىلىك 75 مۇسۇلمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. مىناغا يېقىن ئەقەبەدە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ يەردە ئۇلار بار كۈچى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، ئۇلار ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرسىلا جەننەتكە



www.munber.org

كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەدىنە مۇسۇلمانلىرى قىلغان بۇ ئىككىنچى قېتىملىق بەيئەت كېيىنچە «ئۇرۇش بەيئىتى» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىشلار ناھايىتى تېزلا يۈرۈشۈپ كەتتى. بەيئەتتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي جەھەتتە قاتتىق سىقىلىشلارغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى. مەدىنىدە يېڭى مۇسۇلمانلار ياكى ئەنسارىلار خۇشاللىق بىلەن ئۇلارغا پاناھلىق بېرىپ، خورلانغان مۇسۇلمانلارنى ھامىيلىقىغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە مەدىنىگە تۇنجى بولۇپ كەلگەنلەر - مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير بىلەن ئەما ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىدى. ئابدۇللاھمۇ قۇرئاننى چىرايلىق تىلاۋەت قىلاتتى. بىر ئەنسارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇسئەب ۋە ئابدۇللاھ ئىككىلىسى مەدىنە خەلقىگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن ئىدى.

مۇسئەب يېڭى جەمئىيەت قۇرۇشتا، ئىلگىرىكىدەكلا مۇھىم رول ئوينىدى. بىز ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەقەلىكىنى مەشھۇر بەدىر غازىتىدا ئۇچرىتىمىز. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، قۇرەيش ئەسىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ ئەسىرلەرنى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەربەند قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. «ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دېدى ئۇ. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە مۇسئەبنىڭ ئىنىسى ئەبۇ ئەزىز ئىبنى ئۇمەيرمۇ بار ئىدى. ئەبۇ ئەزىز بولغان ئىشنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— مەن بىر توپ ئەنسارىلارنىڭ ئارىسىدا ئىدىم، ئۇلار تاماق يېمەكچى بولسىلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار دېگەن بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ماڭا نان ۋە خورما بېرەتتى. مېنىڭ ئاكام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ قالدى ۋە ماڭا كۆزەتچىلىككە قويۇلغان ئەنسارىغا:

— ئۇنى چىڭ باغلا... ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى باي ئايال، ئېھتىمال سەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تۆلەم پۇلغا ئېرىشىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، —

www.munber.org





دېدى. ئەبۇ ئەزىز ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى، قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە مۇسئەبكە قاراپ:

— قېرىندىشىم، مەن توغرىلىق شۇنداق سۆزلەرنىمۇ قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ قېرىندىشىم مانا ماۋۇ، سەن ئەمەس، — دېدى مۇسئەب. شۇ سۆزلىرى بىلەن، ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتتىن ئىمانى مۇناسىۋەتنىڭ كۈچلۈكرەك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئوھۇد غازىتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىر «مۇسئەبۇل خەير» دەپ ئاتالغان مۇسئەبنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە، مۇسۇلمانلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئاندىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىنى تاشلاپ كېتىشتى. مۇشرىكلار ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى پاتىپاراق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىش بولدى. مۇسئەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىۋاتقان چوڭ خەۋپنى چۈشەندى - دە، بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تەكبىر توۋلىدى. بىر قولىدا بايراقنى، يەنە بىر قولىدا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، قۇرەيش قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتتى. ئويلىمىغان يەردىن بىر قۇرەيش چەۋەندازى يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىۋەتتى، ئۇ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەكرارلىدى: «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ۋاپات بولغان». شۇ ئارقىلىق ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھەمدە يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ سول قولىمۇ كېسىۋېتىلدى. ئۇ بايراقنى كېسىۋېتىلگەن ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ، ئۆزىگە تەسەللى

www.munber.org

بىرىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى تەكرارلىدى: «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ۋاپات بولغان». شۇ چاغدا مۇسئەبكە بىر نەيزە ئۇرۇلدى، ئۇ يىقىلدى، بايراقمۇ يىقىلدى. ئۇ ھەر قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچرىغان چاغدا تەكرار ئېيتقان بۇ سۆزلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇكەممەل ھالدا نازىل بولۇپ، قۇرئاننىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر شېھىتلەر بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا كەلدى. ئۇلار مۇسئەبنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماي قېلىشتى. خەبباب رىۋايەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇسئەبنىڭ جەسىتىنى كېپەنلەش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تونىدىن باشقا رەخت تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى يۆگىسە، پۇتى ئوچۇق قالدى، پۇتىنى يۆگىسە، بېشى ئوچۇق قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىپ:

— تون بىلەن بېشىنى يۆگەڭلار، ئىزخىرنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن پۇتىنى يۆگەڭلار، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد غازىتىدا شېھىت بولغان ساھابىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن تولىمۇ قايغۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاغىسى ھەمزەمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى رەھىمسىزلەرچە پارچىلىۋېتىلگەن ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈچلۈك ھاياجان ئىلكىدە، مۇسئەبنىڭ جەسىتى يېنىغا كەلدى. ئۇ مۇسئەبنىڭ مەككىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئېسىل كىيىنگەن سالاپەتلىك تۇرقىنى ئەسلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىن - بىر مال - مۈلكى — جەسىتىنىمۇ يۆگىيەلمەيدىغان تونىدىنلا ئىبارەت بولغان جەسىتىگە قارىدى، ئاندىن تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:

— ﴿مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىدە مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەر بار﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەزىرىنى مۇسئەب ۋە باشقا ساھابىلەر ياتقان



www.munber.org



جەڭ مەيدانىغا ئاغدۇردى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شېھىت ئىكەنلىكىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئاندىن ئەتراپىدىكى ھايات قالغان ساھابىلەرگە بۇرۇلۇپ:

— ئى خالايىق! ئۇلارنى زىيارەت قىلىڭلار، ئۇلارغا سالام يوللاڭلار، جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنىگىچە قايسى مۇسۇلمان ئۇلارغا سالام يوللايدىكەن، شېھىتلار ئۇلارنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئى مۇسئەب!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئى شېھىتلەر!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

www.munber.org

## رۇمەيسە بىنت مىلھان

ئىسلام دىنى مەدىنىگە تارقىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا، رۇمەيسە ئۆزىنىڭ ياخشى مىجەزى، ئۆتكۈر زېھنى ۋە مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغانلىقى، پىكىرىنىڭ ئوچۇقلىقى بىلەن تونۇلغان ئىدى. باشقىلار ئۇنى رۇمەيسە، غۇمەيسە... قاتارلىق نۇرغۇن ئىسىملار بىلەن چاقىراتتى، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ لەقىمىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بىر تارىخچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىسمى سەھلە بولۇپ، كېيىنچە ئۇممۇ سۇلەيم دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇممۇ سۇلەيم دەسلەپتە مالىك ئىبنى نەزرگە نىكاھلانغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان ئەنەس ئىبنى مالىك ــ دەل ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ مالىك ئىبنى نەزىردىن بولغان ئوغلى ئىدى.

ئۇممۇ سۇلەيم مەدىنىدىكى ئىسلامنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلاردىن ئىدى. ئۇ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە تۇنجى تەشۋىقاتچى ياكى ئىسلام ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتكەن ـ بىلىملىك، ئىسلام دەۋىتىگە ئۆزىنى ئاتىغان، ئۇستا ناتىق مۇسئەب ئىبنى ئۆمەيرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇ بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىنكى ئىش ئىدى. بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە مەدىنىلىك 12 ئادەم مەككىنىڭ سىرتىدىكى ئەقەبەگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش يولىدىكى چوڭ ئىش ئىدى.

ئۇممۇ سۇلەيم ئېرى مالىك ئىبنى نەزىرنىڭ رۇخسىتىسىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. مالىك ئۇ چاغدا مەدىنىدە يوق بولۇپ، ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئائىلىسىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى





سېزىپ، ئايالىدىن:

ــ ياشىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىسەنغۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ياق، ــ دېدى ئۇممۇ سۇلەيم، ــ مەن ھازىر بۇ ئادەمگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) ئىمان ئېيتتىم.

مالىك بۇنىڭدىن خۇشال بولمىدى، بولۇپمۇ ئايالى كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغىنىدا، ئوغلى ئەنەسكە يېڭى ئىمانىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگەتكىنىدە قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتتى. ئۇممۇ سۇلەيم ئوغلىغا «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېيىشنى ئۆگەتتى. كىچىك ئەنەس ئىماننىڭ ئاددىي، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك ئىبارىنى ئېنىق ۋە قەتئىي ھالدا تەكرارلايتتى. ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ يولدىشى غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماستىن، ئايالىغا:

ــ ئوغلۇمنى بۇزما! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ مەن ئۇنى بۇزمىدىم!ــ دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يولدىشى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ يولدا بىر دۈشمىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇممۇ سۇلەيم ئازراق بىئارام بولدى، ئەمما بەك قايغۇرۇپمۇ كەتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بارلىقىنى ئوغلى ئەنەسنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئاتىدى. ھەتتا تارىخچىلار ئۇنىڭ ئەنەسنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، قايتا توي قىلمىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىشىدۇ.

ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ تۇل قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئەبۇ تەلھە دەپ ئاتالغان زەيد ئىبنى سەھل ئۇنىڭغا باشقىلاردىن بۇرۇنراق توي قىلىش تەكلىپى قويۇش قارارىغا كەلدى. ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۇنى رەت قىلمايدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئىشەنچى بار ئىدى. چۈنكى ئۇ كۈچلۈك، جاسارەتلىك، ناھايىتى باي، باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى بار ئادەم بولۇپ، ماھىر چەۋەنداز، ئۇستا مەرگەن ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئۇممۇ سۇلەيمگە ئوخشاشلا، بەنۇ نەججار جەمەتىدىن ئىدى.



www.munber.org

ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئەسلىدى. «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ــئۇنىڭ يولدىشىمۇ كونا دىنىنىڭ سادىق مۇرتى، مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە قارشى چىققان ئادەم ئەمەسمىدى؟» ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئىشىكنى چەكتى، ئۇممۇ سۇلەيم كىرىشكە ئىجازەت بەردى، ئۆيدە ئوغلى ئەنەسمۇ بار ئىدى. ئەبۇ تەلھە ئۆزىنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويدى.

ــ ئى ئەبۇ تەلھە! سىزگە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلمايمەن، ئەمما سىز كاپىر، ئاللاھقا ئىشەنمەيسىز، شۇڭا سىز بىلەن توي قىلالمايمەن، ــ دېدى ئۇممۇ سۇلەيم.

ئەبۇ تەلھە: «ئېھتىمال ئۇ مەندىنمۇ بايراق ۋە ئابرۇيلۇقراق ئادەمگە ماقۇل بولۇپ بولغان، شۇڭلاشقا لەۋزىمنى قايتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئۇممۇ سۇلەيم! مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلىشقا نېمە سەۋەبچى بولدى؟ ئاق، سېرىق مېتاللار (ئالتۇن ـ كۆمۈشنى دېمەكچى) ئەمەستۇ؟ ــ دېدى.

ــ ئالتۇن ـ كۆمۈش؟ ــ سورىدى ئۇممۇ سۇلەيم سەل ھەيرانلىق ئارىلاشقان ئەيىبلەش ئاھاڭىدا.

ــ ھەئە، ــ دېدى ئەبۇ تەلھە. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭغا:

ــ مەن سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي، ئى ئەبۇ تەلھە! مەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە شۇنداق دەپ قەسەم بېرىمەنكى، ئەگەر سىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسىڭىز، مەن خۇشاللىق بىلەن ھېچقانداق ئالتۇن ـ كۆمۈشسىز سىزنىڭ ئايالىڭىز بولۇشقا رازىمەن، مەن سىزنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۆزۈمنىڭ مېھرى قىلىمەن، ــ دېدى. ئەبۇ تەلھە ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ



www.munber.org



ياغاچتىن ياسىۋالغان، ئۆز قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي بۇتلىرىغا ئىخلاس قىلىپ، مۇھاپىزەت قىلغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭغا كۆپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن بۇتلىرىنى ئەسلىدى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭغا بۇتقا ئىبادەت قىلىشنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ:

ــ ئى ئەبۇ تەلھە! سىز ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭىزنىڭ يەردىن ئۆسۈپ چىققىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ ــ دېدى.

ــ توغرا، ــ دېدى ئەبۇ تەلھە.

ــ دەرەخنىڭ بىر پارچىسىنى نان پىشۇرۇش ۋە ئىسسىنىش ئۈچۈن قالاپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، قالغان پارچىسىغا ئىبادەت قىلىسىڭىز ئەخمىقانىلىق ھېس قىلمامسىز؟ ئى ئەبۇ تەلھە! ئەگەر سىز بۇنداق ئەخمىقانە ئېتىقادتىن ۋاز كېچىپ، مۇسۇلمان بولسىڭىز، مەن خۇشاللىق بىلەن سىزنىڭ ئايالىڭىز بولۇشقا رازى بولىمەن، سىزنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىڭىزدىن باشقا ھېچ نەرسىنى تەلەپ قىلمايمەن.

ــ ئۇنداقتا كىم ماڭا ئىسلامنى ئۆگىتىدۇ؟ ــ سورىدى ئەبۇ تەلھە.

ــ مەن ئۆگىتىمەن، ــ جاۋاب بەردى ئۇممۇ سۇلەيم.

ــ قانداق؟

ــ ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىپ، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىسىز، ئاندىن ئۆيىڭىزگە بېرىپ بۇتلىرىڭىزنى چېقىپ تاشلىۋېتىسىز.

ئەبۇ تەلھە قايتىپ كېتىپ، ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ سۆزلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلدى، ئاندىن ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ يېنىغا قان ـ قېنىغا پاتمىغان ھالدا قايتىپ كەلدى ۋە:

ــ مەن سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن قوبۇل قىلدىم، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ



www.munber.org

ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، ــ دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇممۇ سۇلەيم بىلەن ئەبۇ تەلھەنىڭ تويى بولدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئەنەس ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. مۇسۇلمانلار دائىم مۇنداق دەيتتى: «بىز ھازىرغىچە ئۇممۇ سۇلەيمنىڭكىدىنمۇ قىممەتلىك رەك ۋە ياخشىراق مەھرىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق، ئۇ ئىسلامنى ئۆزىنىڭ مېھرى قىلدى.»

ئۇممۇ سۇلەيم ئۆزىنىڭ بار كۈچىنى ۋە تالانتىنى ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتىغان يېڭى ئېرىدىن ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلدى. ئەبۇ تەلھە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان 73 ئادەمنىڭ بىرسى ئىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئايالى ئۇممۇ سۇلەيممۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللاردىن نۇسەيبە بىنت كەئب ۋە ئەسما بىنت ئەمىر قاتارلىقلارمۇ ئەقەبەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئىدى.

ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاجايىپ ئىخلاس قىلدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە قاراپ قويسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىن نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىسا تولىمۇ خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ئۇ بارلىق چوڭ غازاتلاردىن قېلىپ قالمىغان ئىدى. مال ـ دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرمىغان، دۇنيا شەھۋەتلىرىگە ۋە راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمىگەن ھالەتتە، ئاددىي تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇ كۆپ روزا تۇتاتتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ مەدىنىدە خورما ۋە ئۈزۈملەر بار، ئوتتۇرىسىدا سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان كاتتا بىر مېۋىلىك بېغى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بېغىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا، رەڭدار پەيلىك بىر قۇش ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۇچۇپ كەتتى، ئۇنىڭ دىققىتى بۆلۈنۈپ كېتىپ، قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى ئەسلىيەلمەي قالدى، ئىككى؟ ئۈچ؟... ئۇ نامازنى ئاياغلاشتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ يا رەسۇلۇللاھ! ۋەدە بېرىمەنكى، بۇ باغنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

سەدىقە قىلىۋېتىمەن.

ئەبۇ تەلھە ۋە ئۇممۇ سۇلەيم باشقىلارغا ئۈلگە بولارلىق بىر ھەقىقىي ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇپ، بارلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇراتتى. بەزىدە ناماز ۋاقتى كېلىپ قالسا، ئۇممۇ سۇلەيم بەرگەن بىر پالازنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇيتتى. بەزى چۈش ۋاقىتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ئارام ئالاتتى. ئۇ ئۇخلىغان چاغدا، ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئۇنىڭدىن:

ــ ئى ئۇممۇ سۇلەيم! نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ مەن تەر تامچىلىرىنى سىزدىن چىققان بەرىكەت ھېسابلاپ، سۈرتىۋاتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

يەنە بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭغا خورما ۋە سېرىق ماي بىلەن داستىخان سالدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئېغىز تەگمىدى، ئۇ روزا تۇتۇۋالغان ئىدى. ئۇ پات ـ پات ئوغلى ئەنەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاغارلاپ خورما ئەۋەتىپ تۇراتتى. باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممۇ سۇلەيمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا، ئۇ:

ــ ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېرىندىشى مېنىڭ يېنىمدا ئۆلتۈرۈلگەن، ــ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۇممۇ ھەرام دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھەمشىرىسى بار بولۇپ، ئۇ مەشھۇر ساھابە ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇممۇ ھەرام بىر دېڭىز ئۇرۇشىدا دېڭىزدا ئۆلۈپ كېتىپ، سېپرۇسقا دەپنە قىلىنغان ئىدى. ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ يولدىشى ئەبۇ تەلھەمۇ ئۈچىنچى خەلىفە ئوسماننىڭ دەۋرىدە بىر دېڭىز ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ، دېڭىزغا دەپنە قىلىندى.



www.munber.org

ئۇممۇ سۇلەيمۇ ئۇرۇشلاردىكى غەيرىتى ۋە قەھرىمانلىقلىرى بىلەن تونۇلغان ئىدى. ئوھۇد غازىتى جەريانىدا، ئۇ كۆڭلىكىنىڭ قېتىغا بىر خەنجەرنى ئېسىپ يۈرۈپ، يارىدارلارغا سۇ بەردى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ھۇجۇملار بەك كۈچىيىپ كەتكەن چاغدا، بار كۈچى بىلەن ئۇنى قوغدىدى. خەندەك غازىتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىر خەنجەر كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورىدى، ئۇ:

— بۇنى غازاتتىن قاچقانلارغا قارشى تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى.

— ئاللاھ شۇ ئارقىلىق سەندىن رازى بولسۇن! — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

بەختسىزلىك ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن كۈنلەردە، ئۇممۇ سۇلەيم ئاجايىپ ئېغىر بېسىق ۋە چىدامچانلىقىنى نامايان قىلدى. يولدىشى مېۋىلىك باغقا قاراش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئۆمەير كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ بالىسىنى يۇيۇپ، كېپەنلىدى، ئۆيدىكى باشقىلارغا بۇ ئىشنى ئەبۇ تەلھەگە خەۋەر قىلماسلىقنى، بۇ ئىشنى ئۆزى ئېيتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئابدۇللاھ ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئابدۇللاھنى تۇغۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇۋاقنى ئەنەسكە قوشۇپ، بىر تاغار خورما بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋاقنى يوتىسىغا ئولتۇرغۇزدى، خورمىنى يۇمشاق چايناپ، ئاندىن بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا سىلىپ قويدى. بوۋاق خورمىنى لەززەتلىنىپ شوراشقا باشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەنسارىلار پەقەت خورمىنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى. ئابدۇللاھ چوڭ بولدى، كېيىن ئۇنىڭ يەتتە بالىسىنىڭ ھەممىسىلا قۇرئاننى يادلىغان ئىدى.

ئۇممۇ سۇلەيم بىر ئۈلگىلىك مۇسۇلمان، ئۈلگىلىك ئايال ۋە ئۈلگىلىك ئانا ئىدى. ئۇنىڭ ئاللاھقا ئاجايىپ كۈچلۈك ۋە تەۋرەنمەس ئىمانى بار ئىدى.

www.munber.org





ئۇ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان مال ـ دۇنيانىڭ ۋە راھەت ـ پاراغەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىمانىغا ۋە بالىلىرىنى تەربىيىلىشىگە توسالغۇ بولۇشقا يول قويمىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى ئىخلاس قىلغان بولۇپ، ئوغلى ئەنەسنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئاتىدى. ئۇ بالىلىرىنى ئوبدان تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياشايدىغان ھەقىقىي بىر ئىسلامى جەمئىيەت قۇرۇشتا، باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن ئېغىرچىلىق ۋە خۇشاللىقلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتتا چوڭ رول ئوينىدى.

www.munber.org

# نۇئمان ئىبنى ئەمرى

www.munber.org

نۇئمان بەدىر، ئوھۇد، خەندەك ۋە باشقا چوڭ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، ئاللاھ يولىدا قان كېچىپ جەڭ قىلغان ئادەم بولسىمۇ، يەنە ئۇ دائىم غەم ئەندىشىدىن خالىي، خۇشال ـ خۇرام يۈرىدىغان، ھەزىل سۆزلەرگە ئۇستا، باشقىلارغا چاقچاق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان قىزىقچى ئادەم ئىدى.

ئۇ مەدىنىدىكى بەنۇ نەججار جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ، مەدىنىدىكى ئىسلامنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلاردىن ئىدى ھەمدە ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئىدى. ئۇ باشتا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ سىڭلىسىغا، كېيىن ئوقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتىنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇمغا ئۆيلىنىش ئارقىلىق، قۇرەيشلەر بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ كۆيۈمسىزلىكى ۋە بىشەملىكى سەۋەبىدىن، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ئۇنى قويۇۋەتكەن ئىدى.

ئۆيلەنمىگەن يەردىن نۇئمان بىر مەزگىل ھاراققا خومار بولۇپ قالدى. بىر قېتىم ئۇ ھاراق ئىچىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ يەنىلا بۇ ئادىتىنى تاشلىمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەش بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى ھاراق ئىچىشتىن توسۇپ قالالمىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرى:

ـــ ئەگەر ئۇ يەنە ھاراق ئىچسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! ـــ دېدى.

بۇ چىقىرىلغان ھۆكۈم ناھايىتى قاتتىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان ئۆمەير بۇنى ئاڭلاپ، ئەگەر نۇئمان يەنە ھاراق ئىچىدىغان بولسا ئىسلامدىن چىقىپ ئۆلۈمگە لايىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، غەزىپىنى باسالماستىن:

ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن! ـــ دەۋەتتى. پەيغەمبەر





www.munber.org

ئەلەيھىسسالام ئۆمەيرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا:

ـــ ياق، ياق! ھەرگىز ئۇنداق دېمە! ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيىدۇ، بىرەيلەن چوڭ گۇناھ (نۇئماننىڭكىگە ئوخشاش) ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسلام جامائەسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى مۆمىنلەرگە يېقىندۇر، ـــ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە مۇشۇنداق قەتئىي ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن نۇئماننىڭ بەدر غازىتىدا كۆرسەتكەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى تونۇپ تەۋبە قىلىشنى، ئاللاھتىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىشنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلدى. نۇئمان گۇناھىنى تونۇپ تەۋبە قىلدى. شۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ قايتىدىن ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە بارلىق ساھابىلەرمۇ نۇئماننىڭ قىزىقارلىق چاقچاقلىرىدىن ۋە جاراڭلىق كۈلكىلىرىدىن ھۇزۇر ئالدى.

بىر قېتىم نۇئمان بازارغا باردى، ئۇ ناھايىتى مەززىلىك بىر يېمەكلىكنىڭ سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوۋغا قىلىش مەقسىتىدە ئازراق بۇيرۇتۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئۇنىڭدىن يېدى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە يېگۈزدى. يېمەكلىك ساتقۇچى نۇئماننىڭ قېشىغا پۇلىنى سوراپ كېلىۋىدى، نۇئمان ئۇنىڭغا:

ـــ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بارغىن، تاماقنى رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يېدى، ـــ دېدى. يېمەكلىك ساتقۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇئماندىن:

ـــ ئۇنى سەن ماڭا بەرمىگەنمىدىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ شۇنداق، مەن سىنى بۇ تاماقنى ياقتۇرىدۇ دەپ ئويلاپ، سىنىڭ تېتىپ بېقىشىڭ ئۈچۈن ساڭا سوۋغا قىلغان ئىدىم، ئەمما مەندە يېمەكلىك ساتقۇچىغا بەرگۈچىلىك پۇلۇم يوق. شۇڭلاشقا پۇلنى تۆلىۋەتكىن، يا رەسۇلۇللاھ! ـــ دېدى نۇئمان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە

باشقا ساھابىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ئېنىقكى، بۇ كۈلكە ئۇنىڭ ئۆزىگە سوۋغا قىلغان نەرسىگە پۇل تۆلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. نۇئمان بۇ ئىشتىن ئىككى خىل پايدا ئالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئۇ سوۋغا قىلغان يېمەكلىكتىن يەپ لەززەتلەندى، يەنە بىرى ئۇ مۇسۇلمانلارنى بىر قېتىم كۈلدۈرىۋالدى.

يەنە بىر قېتىم ئەبۇ بەكرى ۋە بىر قىسىم ساھابىلەر بۇسراغا سودا قىلغىلى ماڭدى. سەپەر جەريانىدا ھەممەيلەنگە ئايرىم - ئايرىم ۋەزىپىلەر بەلگىلەندى. سۇۋەيبىت ئىبنى ھەرمەلە تاماقلا ۋە تەمىناتقا مەسئۇل قىلىندى. نۇئمانمۇ سودا كارۋىنىدا بار ئىدى. ئۇ يول ئۈستىدە قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، سۇۋەيبىتتىن ئازراق تاماق سورىدى. سۇۋەيبىت بەرمىگەن ئىدى، نۇئمان ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ سېنى قانداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ — دەپ تەھدىت سېلىشقا باشلىدى، ئەمما سۇۋەيبىت يەنىلا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇئمان بازارغا بېرىپ بىر توپ ئەرەبلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:

— مەن سىلەرگە كۈچلۈك ۋە قاۋۇل بىر قۇلنى سېتىپ بەرسەم قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار ماقۇل بولدى، نۇئمان ئۇلارغا:

— ئۇنىڭ تىلى ئىتتىك، گەپكە ئۇستا، ئۇ قارشىلىق بىلدۈرۈپ، «مەن قۇل ئەمەس!» دېيىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماڭلار، — دەپ تاپىلىدى. ئۇنى سېتىۋالغان ئادەم نۇئمانغا قۇلنىڭ پۇلى ئۈچۈن 10 قالائىس (ئالتۇننىڭ بىرلىكى) بەردى. نۇئمان بۇ ئىشنى ھەقىقەتەن سودىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. قۇلنى سېتىۋالغۇچىلار ئۆزىنىڭ سېتىۋالغان قۇلىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. نۇئمان سۇۋەيبىتنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ مەن سىلەرگە ساتقان قۇل، — دېدى. بۇ ئادەم سۇۋەيبىتنى تارتىپ ئېلىپ ماڭغان ئىدى، ئۇ ۋارقىراپ كەتتى:

— مەن قۇل ئەمەس، مەن قۇل ئەمەس، مەن سۇۋەيبىت ئىبنى ھەرمەلە.

www.munber.org





ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۆزلىرىنىڭ قۇللارغا قىلىدىغان مۇئامىلىسى بويىچە، ئۇنى كانىيىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغقىچە نۇئمان ئازراقمۇ كۈلۈپ سالمىدى. سۇۋەيبىت قاتتىق قارشىلىق قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇ يەنىلا ناھايىتى ئېغىر - بېسىق، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇراتتى. سۇۋەيبىتنىڭ كارۋاندىكى ھەمراھلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، دەرھال كارۋان بېشى بولغان ئەبۇ بەكرىگە ئەھۋالنى ئېيتىشتى. ئۇ دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى سېتىۋالغۇچىلارغا چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇۋەيبىتنى بوشىتىپ، پۇللىرىنى قايتۇرىۋېلىشتى. ئەبۇ بەكرى، سۇۋەيبىت، نۇئمانلار ئۈچىيى ئۆزلۈگۈدەك كۈلۈپ كېتىشتى. مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا ساھابىلەرگە ئېيتىپ بېرىلگەن ئىدى، ئۇلار يەنە بىر قېتىم قانغىچە كۈلۈۋالدى.

بىر قېتىم بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى ۋە تۆگىسىنى مەسجىدنىڭ ئىشىكىگە باغلاپ قويدى. ساھابىلەر ئۇ تۆگىنىڭ چوڭ ۋە سېمىزلىكىنى كۆرۈپ، مەززىلىك گۆشىدىن تېتىپ كۆرمەكچى بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن نۇئمانغا قاراپ ئۇنىڭدىن:

— بۇ تۆگىنى بىر تەرەپ قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى. نۇئمان ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تۆگىنى بوغۇزلىدى. ھېلىقى چارۋىچى ئەرەب چىقىپ كېلىپ، باشقىلارنىڭ گۆشنى كاۋاپ قىلىپ، لەززەتلىنىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن:

— ۋاي مېنىڭ تۆگەم، ۋاي مېنىڭ تۆگەم، — دەپ توۋلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ چىقىپ كەلدى. ساھابىلەردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، نۇئماننى ئىزدەشكە باشلىدى، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى. نۇئمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئەيىبلىشى ۋە جازالىشىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئاياغ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ، نەۋرە

www.munber.org

ئىنىسى زۇبەيرنىڭ قىزى دەنبەنىڭ بېغىغا كەلدى. ئۇ ساھابىلەردىن نۇئماننىڭ نەدىلىكىنى سورىدى. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئورەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، نۇئماننى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا:

— يا رەسۇلۇللاھ! بىز ئۇنى تاپالمىدۇق، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇئماننى ئورەكنىڭ ئىچىدە يۈزى، بېشى ۋە ساقىلى بۇلغانغان ھالەتتە، خورمىنىڭ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن تاپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تۇرغۇزۇپ بېشىدىن تۇتۇپ، يۈزىدىكى پاسكىنىچىلىقلارنى سۈرتىۋەتكەچ كۈلۈپ تاشلىدى، ساھابىلەرمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ پۇلىنى تۆلىدى، ئاندىن ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ گۆشتىن يېيىشتى.

ئېنىقكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇئماننىڭ چاقچاقلىرىنى ھەرگىزمۇ كۆڭلىگە ئالمىدى، بەلكى ئۇنىڭدىن خۇشاللاندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى پەيدا قىلىش مەقسىتى قىلىنغان، كىشىنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي قىلىدىغان چاقچاقلار ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسلام دىنى ھەرگىزمۇ كىشىلەردىن خۇشال ـ خۇراملىقنى يامان كۆرۈشنى، ئۇنىڭغا سەل قاراشنى، داۋاملىق غەمكىن ھالەتتە ياشاشنى تەلەپ قىلمايتتى. مۇۋاپىق قىلىنغان چاقچاقنى قوبۇل قىلاتتى.

نۇئمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كۈلكىسىنى ئاياغلاشتۇردىمۇ؟ ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، بىر توپ ساھابىلەر مەسجىدتە ئولتۇراتتى، ئۇلار مەسجىدتە 105 ياشلارغا كىرىپ قالغان، قېرىلىقتىن تولىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەن مەكرەمە ئىبنى نەۋفەلنى كۆرۈشتى. مەكرەمە نۇئماننىڭ ئايالى، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ سىڭلىسىغا تۇغقان كېلەتتى. ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيتتى. ئاجىز بولغاچقا مەسجىدنىڭ ئىچىدىمۇ تەس ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ سىيىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، ئېھتىمال ئۇ مەسجىدنىڭ ئىچىگە سىيىپ قويۇشى



www.munber.org



مۇمكىن ئىدى. لېكىن ساھابىلەر ئۇنىڭغا توۋلاپ ئۇنداق قىلغۇزمىدى. نۇئمان باشقىلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنى باشقا يەرگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. نۇئمان ئۇنى ئاپىرىپ قويغان يەر قەيەر؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ مەكرەمەنى ئۇ دەسلەپتە ئولتۇرغان جايغا يېقىنراق بىر يەرگە ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئەمما يەنىلا مەسجىدنىڭ ئىچى ئىدى. مەسجىدتىكىلەر مەكرەمەگە ئاچچىقلىنىپ توۋلاپ، ئۇنى يەنە قوپقۇزىۋەتتى. بۇ بىچارە ياشانغان ئادەم غەزەپلىنىپ:

— مېنى ئەخمەق قىلغان كىم؟ — دەپ سورىدى.

— نۇئمان ئىبنى ئەمرى، — دېيىشتى باشقىلار. بۇ ياشانغان ئادەم ئەگەر نۇئماننى تۇتىۋالسا، ھاسىسى بىلەن نۇئماننىڭ بېشىغا ئۇرىدىغانلىقى توغرىلىق قەسەم قىلدى. نۇئمان ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ چاقچاقلىرىنى يەنە قىلماقچى بولدى. ئۇ مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئوسمان ناماز ئوقۇۋاتقاندا ھەرگىزمۇ دىققىتى چېچىلمايتتى. نۇئمان مەسجىدتە مەكرەمەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ:

— نۇئماننى تۇتىۋېلىشنى خالامسەن؟ — دېدى.

بۇ ياشانغان ئادەم نۇئماننىڭ قىلىقلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ بەرگەن قەسىمىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— خالايمەن، ئۇ قېنى؟ — دەپ توۋلىدى. نۇئمان ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ئۇنى خەلىفە ئوسمان ناماز ئوقۇۋاتقان يەرگە باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئۇ مانا! — دېدى. بۇ ياشانغان ئادەم ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ، ئوسماننىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. ئوسماننىڭ بېشىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. باشقىلار مەكرەمەگە:

— مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىنى ئۇرامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار مەكرەمەنى تارتىپ ئېلىپ كېتىشتى. بىر قىسىم كىشىلەر نۇئماننى

تېپىپ كېلىشكە ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئوسمان ئۇلارنى توختىتىپ نوئماننى ئەيىبلىمەسلىكنى ئېيتتى. گەرچە ئۇ تاياقنىڭ زەربىسىدىن ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن نوئماننىڭ قىلغانلىرىدىن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

نوئمان مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگىچە ياشىدى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پىتنە ئۇنى يەتكۈچە ئازابلىدى، بۆلۈنۈش ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى، خۇشاللىقى نەلەرگىدۇر غايىپ بولدى، شۇ ھالەتتە ئىككىنچى قېتىم كۈلمەي، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى.



www.munber.org



## سەلىم مەۋلا ئەبۇ ھۇزەيفە

رەسۇلۇللاھ بىر قېتىم ساھابىلىرىغا تەلىم بېرىپ:

ـــ قۇرئان كەرىمنى تۆت ئادەمدىن ئۆگىنىڭلار: سەلىم مەۋلا ئەبۇ ھۇزەيفە، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل، ـــ دېگەن ئىدى. بىز كېيىنكى ئۈچ ساھابە توغرۇلۇق ئىلگىرى توختالغان ئىدۇق، ئەمما رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قۇرئان ئۆگىنىشتىكى يۈكسەك قابىلىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلىغان يەنە بىر ئادەم كىم؟ ئۇ ـــ سەلىم مەۋلا ئەبۇ ھۇزەيفە.

سەلىم بىر قۇل بولۇپ، ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا، ئىلگىرى قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن بولغان بىر مۇسۇلمان ئۇنى بېقىۋالدى. بېقىۋېلىش ئادىتى (بېقىۋېلىنغان ئادەم بېقىۋالغان دادىسىنىڭ بالىسى دەپ قارىلىدۇ) چەكلەنگەن چاغدا، سەلىم ئۇنى بېقىۋالغان ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبەنىڭ قېرىندىشى، ھەمراھى ۋە مەۋلا (يەنى ھامىيلىقىدىكى ئادەم) بولدى. ئىسلامنىڭ بەرىكىتىدىن سەلىم مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرىدىكى گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئاللاھقا ئىسلام دىنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى سەۋەبىدىن يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

سەلىم ۋە ئەبۇ ھۇزەيفە ئىككىلىسى ئىسلامنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلاردىن بولۇپ، ئەبۇ ھۇزەيفە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئازار- كۈلپەت كەلتۈرۈپ، دۈشمەنلىك قىلىشتا چەكتىن ئاشقان دادىسى ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئىمان ئېيتقان ئىدى. قۇرئاندىكى بېقىۋېلىش ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ئايەت نازىل بولغان چاغدا، باشقىلار زەيد بىلەن سەلىمنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلدى. زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ تونۇلغان زەيد ئۆز دادىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ زەيد ئىبنى ھارىسە



www.munber.org

دەپ چاقىرىلدى. ئەمما سەلىم ئۆز دادىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ھامىيلىقىدا بولدى ۋە سەلىم مەۋلا ئەبۇ ھۇزەيفە (ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ھامىيلىقىدىكى سەلىم) دەپ ئاتالدى. بېقىۋېلىش ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق، ئىسلام بىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئۈيۈشىشىنى تەكىتلىدى، ئەمما ئىسلامى ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋە قېرىنداشلىقنىڭ ئاساسى بولغان ئىمانى مۇناسىۋەتتىن ئۇلۇغراق ۋە كۈچلۈكرەك بولغان ئىككىنچى بىر مۇناسىۋەت مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. دەسلەپكى مۇسۇلمانلار بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن قالسا، ئىمانى قېرىنداشلىقتىن سۆيۈملۈكرەك نەرسە يوق ئىدى.

بىز مەدىنىدىكى ئەنسارىلارنىڭ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ بارغان مۇھاجىرلارنى قانداق قارشى ئالغانلىقىنى ۋە قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۆيى ۋە مال- دۇنياسىدىن مۇھاجىرلارنى ئوخشاش بەھرىمەن قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بولغان ئەبۇ ھۇزەيفە ۋە ئۇنىڭ ئەرزىمەس، ئاددىي قۇلى سەلىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن بىز دەل ئىسلامى قېرىنداشلىقنىڭ ئېسىل نەمۇنىسىنى كۆرۈۋالايمىز. ئۇلار ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرلىرىغىچە بىر تۇغقاندىنمۇ يېقىنراق ھالەتتە ياشىدى، ۋاپات بولغاندىمۇ بىرسىنىڭ جەستى يەنە بىرسىنىڭ يېنىدا، روھى بىر- بىرىگە ھەمراھ بولغان ھالەتتە بىرلىكتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. ئەنە شۇ- ئىسلامنىڭ بىردىنبىر ئۇلۇغلۇقى ئىدى. ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيتتى، پەقەت قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن ئىمان ۋە تەقۋادارلىقلا ئەڭ مۇھىم ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق بۇنى قايتا- قايتا تەكىتلىدى. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە:

﴿ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر﴾ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەرەبلەرنىڭ ئەرەب بولمىغانلاردىن تەقۋادارلىقتىن باشقا

www.munber.org





ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوق، ــ دېدى، ئۇ يەنە، ــ ئاق تەنلىك ئايالنىڭ بالىسىنىڭ، قارا تەنلىك ئايالنىڭ بالىسىدىن تەقۋادارلىقتىن باشقا ئارتۇقچىلىقى يوق، ــ دېدى.

يېڭى ۋە ھەققانى بولغان ئىسلام جەمئىيىتىدە، ئەبۇ ھۇزەيفە بىر قۇلنى ھامىيلىقىغا ئېلىش ئارقىلىق شەرەپكە ئېرىشتى. بۇ باراۋەر بولمىغان سىنىپى ئايرىمچىلىق ۋە خاتا ئىجتىمائىي پەرقلەرنى تۈپتىن يوقىتىدىغان يېڭى ۋە توغرا يېتەكلەنگەن ئىسلامى جەمئىيەتتە، سەلىم ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان روھى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. ئۇ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ ئىمامى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قوللىرى بىلەن ياسالغان قۇبا مەسجىدىدە ئۇلارنى باشلاپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئىگىلىگەن چوڭقۇر بىلىمى ۋە يۈكسەك قابىلىيىتى بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن قۇرئان ئۆگىنىشكە چاقىردى. سەلىم ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ساڭا ئوخشاش كىشىلەرنى ياراتقان ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ــ دېگەن ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى «سەلىم مىنەسسالىھىين (يەنى سالىھلارنىڭ بىرى سەلىم)» دەپ چاقىرىشاتتى. سەلىمنىڭ ھېكايىسى خۇددى بىلال قاتارلىق ئونلىغان قۇللار ۋە پېقىرلارنىڭ ھېكايىسىغا ئوخشاشلا بولۇپ، ئىسلام ئۇلارنى قۇللۇقتىن ۋە پەس ئورۇندىن يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ھەققانى ۋە يېتەكچى بولغان بىر جەمئىيەتتە ئىمام، رەھبەر ۋە ھەربىي قوماندانلارغا ئايلاندۇردى.

سەلىمنىڭ مىجەز- خۇلقى پۈتۈنلەي ئىسلامى گۈزەل ئەخلاقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى ئۇنىڭ ئوچۇق سۆزلۈكلىكى ئىدى. ئۇ بىرەر خاتالىق يۈز بېرىپ قالسا، دادىللىق بىلەن ئۇنى ئوتتۇرىغا

www.munber.org

قويۇشىنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ ھېسابلايتتى. مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن تۆۋەندىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ۋەقە بىزگە بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا- قىشلاق ۋە قەبىلىلەرگە ئۆزىنىڭ بەزى ساھابىلىرىنى ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى قاتتىق تەكىتلىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۇ جەرياندا جاھىلىيەت ۋاقتىدىكى بىر كونا ھېسابنى قىلىش ئۈچۈن، ھازىر مۇسۇلمان بولۇپ ئىمان ئېيتقان بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە سەلىم ۋە باشقىلارمۇ بار ئىدى. سەلىم خالىدنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى. جاھىلىيەت ۋاقتىدا ۋە ھازىر ئىسلامدا بۈيۈك رەھبەر ۋە ھەربىي قوماندان بولغان خالىد بىر ھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇ قاتتىق غەيرەت قىلىپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى، ئەمما سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ، خالىدنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۈچۈق ئېيتتى. سەلىم خالىدقا پەس بىر قۇلنىڭ مەككىلىك كۈچلۈك بىر ئاقسۆڭەككە قىلغان مۇئامىلىسىدەك مۇئامىلە قىلمىدى. ئىسلام ئۇلارنى باراۋەر ئورۇنغا ئېرىشتۈرگەنىدى. ئۇ خالىدنى باشلىق بولغاچقا خاتالىقلىرى تىلغا ئېلىنمىسىمۇ بولىدىغان ئادەم دەپ قاراپ قالمىدى، بەلكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا باشقىلار بىلەن ئوخشاش دەپ مۇئامىلە قىلدى. ئۇ بۇنى خالىدقا بولغان ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن قىلغان بولماستىن، بەلكى ئىسلام ئۆگەتكەن سەممىمىي نەسىھەت ۋە ئۆز- ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە قىلغان ئىدى. بىر- بىرىگە بولغان بۇنداق سەممىيەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتا- قايتا تەكىتلەپ:

— دىن — نەسىھەتتۇر، دىن — نەسىھەتتۇر، دىن — نەسىھەتتۇر، — دېگەن ئىدى. خالىدنىڭ قىلغان ئىشى رەسۇلۇللاھقا ئاڭلانغان چاغدا، ئۇ

www.munber.org





چوڭقۇر ھەسرەتلىنىپ، پەرۋەردىگارىغا چىن كۆڭلىدىن يالۋۇرۇپ، ئۇزۇن دۇئا قىلدى:

— ئى رەببىم، خالىدنىڭ قىلغان ئىشىدا مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ نەزىرىڭدە پاكمەن، — ئاندىن ئۇ سورىدى، — بىرەرىڭلار ئۇنى ئەيىبلىمىدىڭلارمۇ؟

— سەلىم ئۇنى ئەيىبلىدى ۋە قارشى تۇردى، — دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپى بېسىقتى.

سەلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۆمىنلەرگە يېقىن ھالەتتە ياشىدى. ئۇ ئىبادەتكە قىلچىمۇ سۇسلۇق قىلمايتتى ۋە ھېچبىر غازاتتىن قېپقالمىغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى.

ئاللاھنىڭ بۈيۈك پەيغەمبىرى (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كەززاب مۇسەيلىمەنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان سۇيىقەستىگە دۇچ كەلدى ۋە يەمامەدە قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يۈرۈش قىلغان قوشۇن ئىچىدە، سەلىم ۋە ئۇنىڭ «قېرىندىشى» ئەبۇ ھۇزەيفەمۇ بار ئىدى. ئۇرۇش دەسلەپ باشلانغان چاغدا، مۇسۇلمانلار ھەممىسى ئۆز ئالدىغا يەككە ئۇرۇش قىلغاچقا، كۈچ بۆلۈنۈپ كېتىپ مۇسۇلمانلار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئەمما خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇسۇلمانلارنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەپ، قوشۇننى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ماسلاشتۇردى. ئەبۇ ھۇزەيفە ۋە سەلىم بىر- بىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، سۇنماس ھەقىقەت بولغان ئىسلام يولىدا شېھىت بولۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىشكە قەسەم بېرىشتى. ئەبۇ ھۇزەيفە مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— ئى ئەھلى قۇرئان! ئۆزۈڭلارنىڭ ئەمەلى بىلەن قۇرئان كەرىمنى

www.munber.org

زىننەتلەڭلار، ــ دەپ توۋلىدى- دە، مۇسەيلەمەنىڭ قوشۇنى ئىچىگە قويۇندەك كىرىپ كەتتى. ئاندىن سەلىم:

ــ ئەگەر مۇسۇلمانلار مەن تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، مەن قۇرئان يادلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنى بولۇپ قالمامدىمەن!؟ ئى سەلىم، ئۇنداق بولۇشتىن ساقلان، قۇرئانغا لايىق ئادەم بول! ــ دەپ توۋلىدى- دە، ئۇرۇش قايىنىمىغا بۆسۈپ كىرىپ كەتتى. مۇھاجىرلارنىڭ بايراقچىسى زەيد ئىبنى خەتتاب يېقىلىدى. سەلىم دەرھال بايراقنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى ئۈزۈپ تاشلاندى، ئاندىن ئۇ بايراقنى سول قولى بىلەن كۆتۈرۈپ، شەرەپلىك قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

ــ ﴿نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾. (سۈرە ئال ئىمران 146- ئايەت)

ئۇرۇش مەيدانىغا نىسبەتەن بۇ نېمە دېگەن تەسىرلىك ئايەت! ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئىسلام ئۈچۈن تەقدىم قىلغانلارغا بۇ نېمە دېگەن ياخشى بېغىشلىما!

دۈشمەنلەرنىڭ بىر ھۇجۇمى سەلىمنى ھالسىرىتىپ قويىدى، سەلىم يىقىلدى. ئۇرۇش ئاخىرى مۇسەيلەمەنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ چاغدا سەلىمنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى قالغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ يارىدارلىرىنى ۋە شېھىتلىرىنى ئىزدەۋاتقاندا سەلىمنى تېپىشتى. سەلىم ناھايىتى ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، باشقىلاردىن:

ــ ئەبۇ ھۇزەيفە قېنى؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ ئۇ شېھىت بولدى، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ــ ئۇنداق بولسا مېنى ئۇنىڭ يېنىدا ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، ــ دېدى

www.munber.org





سەلىم.

ــ ئۇ سىنىڭ يېنىڭدا، سەلىم، ئۇ مۇشۇ يەردە شېھىت بولدى.

سەلىم سۈس كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن ھېچنەرسە دېمىدى. ھەر ئىككىيلەن ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. ئۇلار بىللە ئىسلام دىنىغا كىردى، بىللە ياشىدى، بىللە شېھىت بولدى.

سەلىم، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئۆلگىسى ــ پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىغا كەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سەلىم شېھىت بولغاندا، مۇنداق دېگەن ئىدى:

ــ ئەگەر سەلىم ھايات بولغان بولسا، مەن ئۇنى ئورۇنباسارلىققا تەيىنلىگەن بولاتتىم.

www.munber.org

## سۇھەيل ئىبنى ئەمىر

بەدىر غازىتىدا، سۇھەيل مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— يا رەسۇلۇللاھ! مەن سۇھەيل ئىبنى ئەمىرنىڭ ئىككى ئوتتۇرا چىشىنى چىشىنى يۇلۇۋېتەي، ئۇ بۇندىن كېيىن سېنىڭ زىيىنىڭغا سۆز قىلمايدىغان بولسۇن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئۆمەر! ھەرگىز ئۇنداق قىلما! مەن ھېچكىمنى ناكا قىلمايمەن، بولمىسا مەن پەيغەمبەر بولساممۇ ئاللاھ مېنى ناكا قىلىدۇ، — دېدى ۋە ئۆمەرنى يېنىغا چاقىرىپ، — ئى ئۆمەر! بەلكىم سۇھەيل كەلگۈسىدە سېنى خۇشال قىلىدىغان ئىش قىلىشى مۇمكىن، — دېدى.

سۇھەيل ئىبنى ئەمىر قۇرەيشنىڭ ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئەقىللىق ۋە گەپ - سۆزگە ئۇستا بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا گېپى ئۆتەتتى. ئۇ قۇرەيشنىڭ باياناتچىسى ۋە ناتىقى ئىدى ھەمدە مەشھۇر ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 6-يىلىنىڭ ئاخىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە 1500دەك ساھابىلەر مەدىنىدىن مەككىگە ئۆمرە قىلىشقا ماڭدى. تىخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇرۇش ئۈچۈن قوراللانماي، پەقەت يولۇچىلار ئىشلىتىدىغان خەنجەرلىرىنىلا ئېلىۋېلىشقان ئىدى. ئۇلار يەنە ھەقىقەتەن ھەج قىلىشقا ماڭغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قۇربانلىق قىلىدىغان ماللارنىمۇ ئېلىۋېلىشقان ئىدى.

قۇرەيش ئۇلارنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، دەرھال ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ھەرگىزمۇ مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە قەسەم قىلىشتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، ئاتلىق قوشۇنغا باش قىلىنىپ ئەۋەتىلدى.





خالىدنىڭ قوشۇنى مۇسۇلمانلارنى كارائىل غەمىم دېگەن يەردە كۈتۈپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىدنىڭ ئىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلگەن ئىدى. گەرچە قۇرەيش مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىر قۇرەيش ئارمىيىسى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشنى ياقتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەردىن:

— ئاراڭلاردىن كىم بىزنى قۇرەيشكە ئۇچراشتۇرماي، باشقا يول بىلەن مەككىگە ئېلىپ بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم:

— مەن ئېلىپ بارىمەن، — دەپ، مۇسۇلمانلارنى ئەگرى- تۇقاي يوللار بىلەن باشلاپ مېڭىپ، ئاخىرى مەككىگە جەنۇب تەرەپتىن يېقىنلاشتى. خالىد ئەھۋالنى چۈشىنىپ دەرھال ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن مەككىگە قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەگە يېقىن بىر جايغا جايلىشىپ، ئەگەر قۇرەيش مۇشۇ مۇقەددەس چاغنى ۋە مۇقەددەس ئورۇننى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن قانداق شەرت قويسا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قۇرەيش بەدىل ئىبنى ۋەرقە باشچىلىقىدا خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر توپ ئادەمنى مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بەدىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن قۇرەيشنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئەمما ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان خۇزائە قەبىلىسىدىن بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى:

— مۇھەممەد ئۆمرە قىلىشنى نىقاب قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە باشلاپ كېلەمدىكەن؟ ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇرۇش ھالىتى مەۋجۇد تۇرسا، ئەگەر ئەرەبلەر بۇنى ئاڭلىسا مۇھەممەد زورلۇق بىلەن مەككىگە كىرىپتۇ دېمەمدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ مەككىگە كىرىشىگە ھەرگىز قوشۇلمايمىز، — دېيىشتى.



www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرەيشنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئەھابىش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھەلىس ئىبنى ئەلقەمەنى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ھەلىسنى كۆرۈپ ساھابىلارغا:

— بۇئادەم مال قۇربانلىق قىلىشنى ناھايىتى چوڭ بىلىدىغان بىر قەبىلىدىن، ھەققەتەن ھەج قىلغىلى كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قۇيۇش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدىغان ماللارنى ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇڭلار، — دېدى، ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. ھەلىس كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ «لەببەيك ئاللاھۇممە لەببەيك،...» دەپ تووۋلاپ تەلبىيە ئېيتىۋاتقان ھالىتىنى كۆردى. ئۇ قايتىپ بېرىپ قۇرەيشكە:

— ئاللاھ پاكتۇر، بىز ئۇلارنى مەككىگە كىرىشتىن توساق بولمىغۇدەك، لەخم، جوزام، ھىمىيەر قەبىلىلىرى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىۋاتقان يەردە، مۇتەللىپنىڭ ئوغلىنى ئاللاھنىڭ ئۆيىدىن (بەيتۇللادىن) توسامدۇق؟ كەئبىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ قۇرەيشنى ۋەيران قىلىۋەتسۇن! ئۇلار جەزمەنكى ئۆمرە قىلغىلى كەپتۇ، — دېدى. قۇرەيش بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا:

— جىم ئولتۇر! سەن پەقەت كۆچمەن چارۋىچى بىر ئەرەب، سۈيقەستنى ۋە ھىيلە - مىكىرنى بىلمەيدىغان سەھرالىقسەن، — دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار تائىف خەلقىنىڭ باشلىقى ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدنى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئى مۇھەممەد! سەن بۇ ساياق ئادەملەرنى يىغىپ، ئۆز قوۋمى - قېرىنداشلىرىڭنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، تۇغۇلغان يېرىڭگە قايتىپ كەپسەن، قۇرەيش سېنىڭ زورلۇق بىلەن مەككىگە كىرىشىڭنى توسۇش ئۈچۈن ئاللاھ ئالدىدا قەسەم بېرىشتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادەملەر سېنى چوقۇم تاشلاپ كېتىدۇ، — دېدى. ئەبۇبەكرى بۇنى ئاڭلاپ، ئۇرۋەگە:

www.munber.org





— ۋاي زاۋال تاپقۇر! بىز ئۇنى تاشلاپ كېتەمدۇق؟ — دېدى. ئۇرۋە سۆزلەۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلىغا قول ئۇزارتقان ئىدى، مۇغىرە ئىبنى شۇئبە:

— قولۇڭنى تارت! —دەپ ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى. ئۇرۋە چېچىلغان ھالدا:

— ئىسست ساڭا! سەن نېمە دېگەن قوپال! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ ئادەم كىم، ئى مۇھەممەد؟ — سورىدى ئۇرۋە.

— سېنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشىڭ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە.

— ھەي خائىن!

ئۇرۋە مۇغىرەگە غەزەپلىنىپ، ئۇنى ھاقارەتلەشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇ ساھابىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بۇيرۇق چىقارسىلا دەرھال ئورۇندايدىغانلىقىنى، تاھارەت ئالسا، سۇنى تالىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا سۆزلىسە ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنى ھۆرمەتلەپ كۆزىگە تىكىلىپ قارىمايدىغانلىقىنى كۆردى. قايتقاندىن كېيىن قۇرەيش خەلقىگە:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى قۇرەيش خەلقى، مەن كىسرا (ئىران پادىشاسى)، قەيسەر (رۇم پادىشاسى)، نەجاشىلارنىڭ ھۇزۇرىدا بولدۇم. لېكىن مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھۆرمىتىنى ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە كۆرمىدىم. مۇھەممەدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمەيدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇ سىلەرگە توغرا بىر تەكلىپنى بېرىۋاتىدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، مەن سىلەرگە سەمىمىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلاي، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىڭلارغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، — دېدى. قۇرەيش:

— مۇنداق گەپلەرنى قىلما، ئۇنى بۇ يىل قايتۇرۋېتەيلى، كېيىن كەلسۇن، — دېيىشتى.

www.munber.org

— شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى ئەففاننى قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىغا مەككىگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇغقانلىرىنى يوقلىشىغا ئىجازەت سوراش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماننى مەككىدە قالغان ئاجىز مۇسۇلمانلارغا غەلىبىنىڭ يېقىنلىقى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ غالىبلىقى توغرىسىدا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلدى. ئوسمان قۇرەيشكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى، ئەمما ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىك قارارىدا چىڭ تۇردى. ئۇلار ئوسماننىڭ كەئبىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما ئوسمان:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاۋاپ قىلىشتىن چەكلەنگەن تۇرۇقلۇق، مەن تاۋاپ قىلمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئوسماننى سولاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن: ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ:

— مۇشرىكلار بىلەن ئېلىشمىغىچە قايتمايمىز، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بەيئەت قىلىشقا چاقىردى. جاكارچى چىقىپ:

— ئى خالايىق! بەيئەت قىلىڭلار، بەيئەت قىلىڭلار، — دەپ توۋلىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان دەرخنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ، ئۇرۇش قىلىش توغرىلىق بەيئەت قىلىشتى. ئۇرۇن ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېلىقى تارقالغان گەپنىڭ يالغانلىقى مەلۇم بولدى. قۇرەيش خەلقى قورقۇپ، سۇھەيل ئىبنى ئەمرنى رەسۇلۇللاھ بىلەن سۆلھىلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە كىرمەي، مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە كۆندۈرۈشكە ئەۋەتتى. سۇھەيل ئېنىقكى ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى، قابىللىقى ۋە سۆلھى تۈزۈشتىكى چىچەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ ئىشقا تاللاپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھەيلنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قۇرەيشنىڭ مەيداننى ئۆزگەرتكەنلىكىنى



www.munber.org



چۈشەندى ۋە:

— ئۇلار سۆلھىلەشمەكچى بولۇپ، بۇ ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سۇھەيل ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئۇزۇن داۋاملىشىپ، ئاخىرى پرىنسىپ جەھەتتىن كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. ئۆمەر ۋە باشقىلار كېلىشىمنىڭ بەزى ماددىلىرىنى ئىسلام ئىشلىرىغا زىيانلىق، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر مەغلۇبىيەت دەپ قاراپ ناھايىتى نارازى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايمەن، ئاللاھ مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، — دېدى، ئاندىن ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنى چاقىرىپ، سۆلھىنىڭ مەزمۇنلىرىنى يېزىشقا بۇيرۇدى:

— «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەپ يازغىن، — دېۋېدى، سۇھەيل گەپ قىستۇرۇپ:

— مەن بۇ گەپنى ئۇقمايمەن، «بىسمىكە ئاللاھۇممە» (ئى ئاللاھ، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن) دەپ يازغىن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماقۇل بولۇپ ئەلىنى «بىسمىكە ئاللاھۇممە» دەپ يېزىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن:

— «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) سۇھەيل ئىبنى ئەمر بىلەن شۇنداق دەپ سۆلھى قىلىدۇكى...» دەپ يازغىن، — دېدى، سۇھەيل رەت قىلىپ:

— ئەگەر مەن سېنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنگەن بولسام، سەن بىلەن ئۇرۇشمىغان بولاتتىم، ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنى ۋە داداڭنىڭ ئىسمىنى يازغىن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولۇپ ئەلىنى:

— «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ سۇھەيل ئىبنى ئەمر بىلەن شۇنداق دەپ سۆلھى قىلىدۇكى...»، — دەپ يېزىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ بىر بىرىگە زىيانكەشلىك قىلماي بىخەتەر ياشىشى ئۈچۈن، 10 يىلغىچە



www.munber.org

ئۇرۇش قىلماسلىق، ئەگەر قۇرەيشتىن بىر كىم ئۆزىنىڭ ۋەلىسىنىڭ رۇخسىتىسىز مۇھەممەد تەرەپكە قېچىپ كەلسە، مۇھەممەد ئۇنى قۇرەيشكە قايتۇرۇپ بېرىش؛ مۇھەممەدنىڭ يېنىدىن بىر كىم قۇرەيشكە قېچىپ بارسا، قۇرەيش ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. سۆھەيل مەككىلىكلەرنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالدى. ئۇ بۇ سۈلھىدە ئىمكانقەدەر قۇرەيشنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ قالماقچى بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇلارنى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەڭ قورساقلىقى بىلەنلا قىلالىدى.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلۈپ ئىككى يىلغىچە مۇسۇلمانلار قۇرەيشتىن خاتىرجەم بولۇپ، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەمما ھىجرەتنىڭ 8- يىلى قۇرەيش سۈلھىنىڭ ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتتىپاقدىشى خۇزائە قەبىلىسىگە قارشى بەنۇ بەكىر قەبىلىسىگە ياردەم بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە يۈرۈش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئەمما ئۇنىڭ مەقسىتى قىساس ئېلىشلا ئەمەس ئىدى. 10 مىڭ مۇسۇلمان رامىزان ئېيىدا مەككىگە توپلاندى. قۇرەيش مۇسۇلمان ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئازابلىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلغان، ئۇلارغا ئازار بەرگەن، ئۇلارنى يەكلىگەن، ئۆيلىرىدىن، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان، باشقىلارنى ئۇلارغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان، ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچقان قۇرەيشلەرنىڭ ھالى قانداق بولار؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەھەرنى قولغا ئالدى. ئۇ قۇرەيشنىڭ باشلىقلىرىغا ناھايىتى كەڭ قورساقلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ناھايىتى ھېسداشلىققا تولغان سەمىمىي ئاۋازدا:

— ئى قۇرەيش خەلقى! مېنى سىلەرنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئويلاۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. شۇ چاغدا ئىبخى تونۇگونلا ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولغان سۆھەيل جاۋاب بېرىپ:

— سەن بىزنىڭ مەرد قېرىندىشىمىز ۋە مەرد قېرىندىشىمىزنىڭ

www.munber.org



ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

ئوغلى. بىز سېنى بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز، — دېدى. ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، ئاندىن ئۇلارغا:

— بېرىڭلار، ھەممىڭلار ئازاد، — دەۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقىدەك ھېسداشلىقى، ئېسىل پەزىلىتى، ياخشىلىقلىرى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈپ، سۆھەيل قاتتىق تەسىرلەندى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلامنى يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ھەرگىزمۇ يېڭىلگەن بىر ئادەمنىڭ ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى بىزگە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، گۈزەللىكى سەۋەبىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مەككە فەتھە قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولغانلارغا «تۇلاقە (ئازاد قىلىنغانلار)» دەپ نام بېرىلدى. ئۇلار ئىسلام ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە ۋە نۇرغۇن يىللاردىن بېرى قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ بۈيۈك دىنىنىڭ يولىدا قۇربان بېرىشكە ئاتىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرراقى سۆھەيل ئىبنى ئەمىر ئىدى. ئىسلام ئۇنى يېڭى بىر ئادەم قىلدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى تالانتى ئەمدى ئوبدان جارى قىلدۇرۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق قابىلىيىتى ۋە تالانتىنى ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە ئىماننىڭ يوللىرىغا سەرپ قىلدى. ئۇنى مەشھۇر قىلغان ئېسىل پەزىلەتلەرنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: مېھرىبانلىق، سېخىلىق، دائىملىق ئىبادەت، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلاش. ئەنە شۇلار سۆھەيلنىڭ بۈيۈكلىكى ئىدى. گەرچە ئۇ ئىسلامنى كېيىن قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر ئىخلاسمەن ئابىد (ئىبادەت قىلغۇچى) ۋە

www.munber.org

ئاللاھنىڭ يولىدىكى بىر پىدائىي جەڭچى بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) ۋاپات بولغان چاغدا، بۇ خەۋەر تېزلىك بىلەن مەككىگە يېتىپ كەلدى. سۇھەيل بۇ چاغدا مەككىدە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. مەككىدىكى مۇسۇلمانلار مەدىنىدىكىلەرگە ئوخشاشلا قايمۇقۇش ۋە ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتىغا چۆمدى. مەدىنىدە ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) تۆۋەندىكى قەتئىي سۆزلىرى بىلەن بۇ قايمۇقۇشنى تۈگەتتى:

— كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىدىكەن، مۇھەممەد ئۆلدى. كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تىرىكتۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆلمەيدۇ!

مەككىدىمۇ سۇھەيل بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان خاتا كۆز قاراشلارنى تۈگىتىشتە ئوخشاش رول ئويناپ، ئۇلارنى ئىسلامنىڭ مەڭگۈلۈك ھەقىقىتىگە يېتەكلىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى يىغىپ ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋە شېرىن سۆزلىرى ئارقىلىق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ، ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ۋە سۈننىتىگە ئەگىشىپ مېڭىشى زۆرۈرلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى داۋالغۇشنى تۈگەتتى. شۇ كۈنى ئىلگىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزلىرى رېئاللىققا ئايلاندى. بەدرى غازىتىدا ئۆمەر سۇھەيلنىڭ چىشلىرىنى يۇلۇۋېتىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

— ئۇلارنى قالدۇرۇپ قوي، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇلار ساڭا خۇشاللىق بېغىشلىشى مۇمكىن، — دېگەن ئەمەسمىدى!؟

سۇھەيلنىڭ مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سۆزلىگەن قايىل قىلارلىق نۇتۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنىڭ خەۋىرى مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا يېتىپ كەلگەندە،



www.munber.org



ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئىسلام دىنى سۇھەيلنىڭ ئۆمەر يۇلۇۋەتمەكچى بولغان ئىككى چىشىدىن پايدىغا ئېرىشىدىغان كۈن يېتىپ كەلگەن ئىدى.

سۇھەيل مۇسۇلمان بولغان چاغدا، ئۇ ئۆزىگە تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن قەسەم قىلدى: ئۆزىنى ئىسلام ئۈچۈن بېغىشلاش، ئىسلام ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ، ئۇ بۇرۇن مۇشرىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە سەرپ قىلغانچىلىك سەرپ قىلىش؛ ئۇ ئىلگىرى مۇشرىكلار بىلەن بىللە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلارنى بۇتلارنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئىدى، ھازىر ئۇ مۆمىنلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇن ۋاقىتلارنى بىر ئاللاھنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزدى؛ ئىلگىرى ئۇ مۇشرىكلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئىسلامغا قارشى نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان ئىدى، ھازىر مۇسۇلمانلار ئارمىيىسىدە تۇرۇپ غەيرەت بىلەن جەڭ قىلدى. پېرسىيىگە ۋە تەڭسىزلىك، ئېكسپىلاتاتسىيىگە تولغان ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئۇرۇشتا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى. مۇشۇ جەڭگىۋارلىقى بىلەن ئۇ مۇسۇلمانلار ئارمىيىسى بىلەن بىللە سۈرىيەگە ئاتلىنىپ، ۋىزانتىيەگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان شىددەتلىك يەرمۇك ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

سۇھەيل ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سۈرىيەدىكى غەلىبىسىدىن كېيىن، مەككىگە قايتىپ كېتىشنى رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئاللاھ يولىدا بىر قەدەم ئالغا مېڭىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئائىلىسىدىكى دۇنيا ئىشلىرىدىن ئارتۇقتۇر.»

ئاندىن ئۇ قەسەم قىلدى:

— مەن تاكى ۋاپات بولغۇچە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچى بولىمەن، ھەرگىز مەككىگە قايتمايمەن.

ئۇ كېيىنكى ھاياتىدا ئۆزىنىڭ شۇ ۋەدىسىدە چىڭ تۇردى. پەلەستىندىكى قۇددۇسقا يېقىن ئەمەۋاس دېيىلىدىغان كىچىك كەنتتە



www.munber.org

ئالەمدىن ئۆتتى.



www.munber.org



## ئۇبەي ئىبنى كەئب (ئەبۇ مۇنزىر)

— ئى ئەبۇ مۇنزىر، ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى قايسى ئايەت ئەڭ ئۇلۇغ؟
— سورىدى رەسۇلۇللاھ (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن).

— ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، - دېدى ئەبۇ مۇنزىر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوئالىنى قايتا تەكرارلىۋىدى، ئاندىن ئۇ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى، — ﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى) دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسماننى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان- زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ، ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾. (سۈرە بەقەرە 255- ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇڭ قولى بىلەن كۆكرىكىگە ئۇرۇپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى تەستىقلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەبۇ مۇنزىرغا:

— ئى ئەبۇ مۇنزىر، ئاللاھ سېنى ئىلىم بىلەن خۇشاللاندۇرسۇن ۋە مەنپەئەت بەرسۇن، — دەپ خەيرلىك دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بىلىمى ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى چۈشىنىشتىكى ئىقتىدارى تەبرىكلىنىۋاتقان ئەبۇ مۇنزىر دېگەن بۇ ئادەم— ئۇنىڭ مەشھۇر



www.munber.org

ساھابىلەرنىڭ بىرى، دەسلەپكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىدى. ئۇبەي خەزرەج قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئەنسارىلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەدىنىدىكى ئىسلامنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلاردىن ئىدى ھەمدە ھىجرەتتىن بۇرۇن ئەقەبەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئىدى.

ئۇ بەدىر غازىتىغا ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى باشقا پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. ئۇبەي قۇرئان ئايەتلىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىشقا قاتناشقان بىر نەچچەيلەننىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قولىيازمىسى بار ئىدى. ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىۋىدەكلا، ئۇنىڭ خەتلىرىنى يېزىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئۇ قۇرئان كەرىمنى پۈتۈنلەي يادلىغان 25 ياكى شۇنچىلىك ئادەمنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ قىرائىتى تولىمۇ چىرايلىق، قۇرئاننى چۈشىنىشى ئاجايىپ مۇكەممەل بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئۇنىڭدىن ۋە باشقا ئۈچ كىشىدىن قۇرئان ئۆگىنىشكە چاقىردى. كېيىن ئۆمەرمۇ مالىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، باشقا مۇسۇلمانلارغا:

— ئى خالايىق! ئاراڭلاردىن كىمكى قۇرئان توغرىلىق سورىماقچى بولسا، ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ قېشىغا بارسۇن؛ كىمكى مىراسخورلۇققا ئائىت مەسلىلەرنى سورىماقچى بولسا، زەيد ئىبنى سابىتنىڭ قېشىغا بارسۇن؛ كىمكى فىقھى مەسىلىلىرى توغرىلىق سورىماقچى بولسا، مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ قېشىغا بارسۇن؛ كىمكى پۇل- مۇئامىلە ئىشلىرى توغرىلىق سورىماقچى بولسا، مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، — دېگەن ئىدى.

ئۇبەي قۇرئان ئارقىلىق كاتتا شەرەپكە ئېرىشتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

— ئى ئۇبەي ئىبنى كەئب! مەن ساڭا قۇرئاننى كۆرسىتىشكە ياكى ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇم.

ئۇبەي خۇشاللىقتىن قىن- قىنىغا پاتماي كەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت ئاسماندىن ۋەھى ئالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە،

www.munber.org





ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا:

— يا رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئاللاھ ئەڭ ئېگىز ئاسماندا سېنىڭ ئىسمىڭنى ۋە نەسەبىڭنى تىلغا ئالدى، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان بىر نەچچە يىللىق ئالاقە جەريانىدا، ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە ھېكمەتلىك كۆرسەتمىلىرىدىن نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشتى. ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قېتىم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

— مەن ساڭا تەۋراتتا، ئىنجىلدا، زەبۇردا ۋە قۇرئاندا نازىل بولمىغان بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، - دېدى ئۇبەي.

— مەن سېنىڭ ئۇ سۈرىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئىشىكتىن چىقىپ كەتمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەينىڭ تەشنالىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە. ئۇبەي مۇنداق دەيدۇ:

ئۇ ئورنىدىن تۇردى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇردۇم، ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

مەن ئۇنىڭ قايسى سۈرە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەيلا كېتىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا تىرىشتىم. ئۇ ئىشىكنىڭ قېشىغا كەلگەن چاغدا مەن سورىدىم:

— يا رەسۇلۇللاھ، ماڭا ئېيتىپ بېرىشنى ۋەدە قىلغان سۈرىنى ئېيتىپ بەرمەمسەن؟

— سەن نامازغا تۇرغان چېغىڭدا قايسى سۈرىنى ئوقۇيسەن؟

«مەن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇدۇم، رەسۇلۇللاھ:

www.munber.org

— ئاشۇ شۇ! ئاشۇ شۇ! ئۇلار تەكرارلانغان يەتتە ئايەت، قۇدرەتلىك ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ‹بىز ساڭا تەكرارلانغان يەتتە ئايەتنى ۋە قۇدرەتلىك قۇرئاننى نازىل قىلدۇق،› — دېدى.»

ئۇبەينىڭ قۇرئانغا ئۆزگەرمەس مۇھەببىتى ۋە چوڭقۇر ئىخلاسى بار ئىدى. بىر قېتىم ئۇ بىر ئايەتنىڭ بىر بۆلىكىنى ئوقۇۋىدى، خەلىپە ئۆمەر ئۇ ئايەتنى چۈشىنەلمىدى ياكى ئەسلىيەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇبەيگە:

— سەن يالغان ئېيتتىڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇبەيمۇ:

— ياق، سەن يالغان ئېيتتىڭ، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بىر ئادەم ئۇبەيگە:

— سەن مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىنى يالغانچى دېدىڭمۇ؟ — دېدى.

- مېنىڭ ساڭا قارىغاندا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھۆرمىتىم ۋە ئىخلاسىم بار، — دېدى ئۇبەي، - ئەمما ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىنى چۈشىنىشتە خاتالاشتى. مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئاللاھنىڭ كىتابى توغرۇلۇق خاتالاشسا، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا دېيەلمەيمەن.

— ئۇبەينىڭ سۆزى توغرا ئىكەن، - دېدى ئۆمەر ئاخىرى.

ئۇبەي قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلغان ئىدى، بىر ئادەم كېلىپ:

— ماڭا نەسىھەت قىلىپ قويغىن، — دېدى. ئۇبەي ئۇنىڭغا:

— ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆزۈڭگە يولباشچى (ئىمام) قىلغىن، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ۋە ھۆكۈم چىقىرىشىغا رازى بولغىن، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسى، سېنىڭ چوقۇم بويسۇنۇشىڭغا تېگىشلىك بولغان قانۇن ۋە سەن بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە، — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ، ئۇبەي ئىلگىرىكىدەكلا ئىسلام دىنىغا مۇستەھكەم يېپىشتى ۋە قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە چىڭ ئېسىلىپ ماڭدى. ئۇ



www.munber.org



ئىبادەتتە ناھايىتى چىداملىق ئىدى، دائىم خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، مەسجىدتە قېلىپ ئىبادەت بىلەن ياكى قۇرئان ئۆگىتىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بىر قېتىم ئۇ مەسجىدتە بىر توپ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئۆمەر كىرىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇردى ھەمدە ھەر بىرەيلەننىڭ بىردىن دۇئا ئوقۇشىنى ئېيتتى. ئۇلار ھەممىسى بىردىن دۇئا قىلىشتى، نۆۋەت ئۇبەيگە كەلدى، ئۇ ئۆمەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ سەل تارتىنىپ، ھودۇقۇپ كېتىۋىدى، ئۆمەر ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشنى ئېيتتى:

— ئى ئاللاھ! بىزنى مەغفىرەت قىل، ئى ئاللاھ، بىزگە رەھىم قىل.

ئۇبەي پۈتۈن ھاياتىدا تەقۋادارلىقنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلدى. ئۇ ناھايىتى ئاددىي ھالەتتە ياشاپ، دۇنيانىڭ ئۇنى چىرىتىشىگە ۋە ئالدىشىغا ھەرگىز يول قويمىدى. ئۇ بىر ئىنسان دۇنيادا ھەر قانچە راھەت- پاراغەتتە بەختلىك ياشىسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئالدىدا پەقەت ئۆزىنىڭ ياخشى ئەملىلا پايدا بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەتنى ۋە رېئاللىقنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ دائىم مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ ياشىدى ۋە دائىم ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاددىي- ساددا تۇرمۇشىنى ھەمدە قۇربان بېرىش روھىنى ئەسلىتەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىلىم ئېلىش ۋە مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن كېلەتتى. ئاشۇلارنىڭ بىرىگە ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— مۆمىننىڭ تۆت ئالاھىدىلىكى بار: ئەگەر بىرەر خاپىلىققا ياكى كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا، سەۋرى قىلىدۇ، تەۋرەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىلسە رەھمەت ئېيتىدۇ. سۆزلىسە ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ. ھەر قانداق ئىشتا ھۆكۈم چىقارسا، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇبەي دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۈيۈك شەرەپكە ۋە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.



www.munber.org

ئۆمەر ئۇنى «سيد المسلمين» (مۇسۇلمانلارنىڭ خوجىسى) دەپ ئاتايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇشۇ نام بىلەن مەشھۇر بولدى. ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە خىلمۇخىل مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش، مەسلىھەت بېرىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولدى. بۇ گۇرۇپپا مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار ئىچىدىكى بىلىملىك، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان مۇسۇلمانلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار: ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە زەيد ئىبنى سابىتلار ئىدى. كېيىن ئۆمەر خەلىپە بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ گۇرۇپپا ئۆزگەرمىدى. پەقەت بىرىش ئۈچۈن ئوسماننى، ئۇبەينى ۋە زەيد ئىبنى سابىتنى بەلگىلەپ قويدى. ئۇبەينىڭ جەمئىيەتتىكى يۇقىرى ئابرۇيىغا قاراپ، باشقىلار ئۇنى بىرەر يەرنىڭ باشلىقىمىكىن، تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقان ئىسلام دۆلىتىدە، بىرەر ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسىمىكىن دەپ ئويلاپ قالاتتى (ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا سەدىقە يىغىشقا مەسئۇل ئىدى). ئۇبەي بىر قېتىم ئۆمەردىن سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ مېنى نېمە ئۈچۈن باشلىق قىلمايسەن؟

— ئىمانىڭنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى ئۆمەر.

ئۇبەي ئېھتىمال بۇ گەپنى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىكى ئىمانى پاكلىقتىن ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆمەرگە ئېيتقان ئىدى. ئۇبەي نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ باشلىقلىرى ئالدىدا ھەددىدىن زىيادە ئەدەپلىك ۋە خۇشامەتچىلىك پوزىتسىيىدە بولىدىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇراتتى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇنداق قىلىش باشلىق بولغۇچىغىمۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ زىيانلىق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلەتتى. ئۇبەي باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىدە ناھايىتى سەممىمىي ۋە ئاقكۆڭۈل ئىدى، ئاللاھتىن



www.munber.org



باشقا ھېچكىمدىن قورقمايتتى، ئۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى ئىدى. ئۇبەي مۇسۇلمانلار ئۈممىتىنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىردە پارچىلىنىپ، ئۇرۇش- ماجىرا قىلىپ كېتىشىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ دائىم قۇرئاننىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى ئوقۇسا ۋە ئاڭلىسا، ئۆزىنى ناھايىتى ئاجىز ھېس قىلاتتى:

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (لۇت ۋە نوھ ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلفىلگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (فىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر.› ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن﴾ (سۈرە ئەنئام 6- ئايەت) ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىغا چىن كۆڭلىدىن دۇئا قىلىپ، ئاللاھنىڭ توغرا يول كۆرسىتىشىنى، كەڭچىلىك ۋە مەغفىرەت قىلىشىنى تىلەيتتى.

ئۇبەي ھىجرەتنىڭ 29- يىلى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋاپات بولدى.



www.munber.org

## ئۇممۇ سەلەمە

سىز، ئۇممۇسەلەمەنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟! ئۇنىڭ ئاتىسى مەخزۇم قەبىلىسىنىڭ پېشقەدەم رەھبەرلىرىدىن ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە سېخى دەپ ئاتالغانلارنىڭ بىرى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى يولۇچىلارغا ئوزۇق بەرگۈچى دېيىشەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يۇرتىنى نىشان قىلىپ كەلگەن ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ماڭغان ھەرقانداق كىشى ئوزۇق ئالمايتتى.

ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يولدىشى ــ ئابدۇلئەسەتنىڭ ئوغلى، ئابدۇللاھ بولۇپ، ئىسلامغا دەسلەپكى قەدەمدە كىرگەن 10 كىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ئەبۇبەكرى ۋە بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بىر قانچە كىشى ئىسلامغا كىرگەن ئىدى.

ئۇممۇسەلەمەنىڭ ئۆز ئىسمى ھىندى بولۇپ، ئۇممۇسەلەمە (سەلەمەنىڭ ئانىسى) دەپ لەقەم قويۇلغان ئىدى، شۇڭا ئۇ لەقىمى بىلەن چاقىرىلىپ كەلگەن.

ئۇممۇ سەلەمە ــ ئېرى بىلەن بىرگە مۇسۇلمان بولغان. شۇنداقلا ئىسلامغا بۇرۇن كىرگەنلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ۋە ئېرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق خەۋىرى تارقىلىشى بىلەنلا قۇرەيشلىكلەر ئەنسىرەشكە باشلىدى ھەم ئۇ ئىككىسىگە قاتتىق تاشلارنى ئېتىپ، ئېغىر ئەزىيەتلەر يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمانى تەۋرىنىپ قىلچە ئىككىلىنىپ قالمىدى.

ئىككەيلەنگە يەتكەن ئەزىيەت بەك قاتتىق بولغان مەزگىللەردە پەيغەمبىرىمىز ساھابىلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، بۇ ئىككىيلەن مۇھاجىرلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

بۇ ئىككىسى چىرايلىق ئۆيىنى، يۇقىرى مەنسەپ ئابرۇيىنى يېقىن





ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى، يۇرتداشلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قايرىپ قويۇپ، ھەممىنى مەككىدە تاشلاپ قويۇپ، غېرىپ- مۇساپىرلىق يۇرتىغا يول ئالدى.

ئۇممۇسەلەمە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، ھەبەشىستان پادىشاھى- نەجاشىنىڭ (ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى جەننەتتە نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن!) ھىمايىسىگە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، ۋەھىي چۈشكەن ئورۇنغا ۋە توغرا يول مەنبەسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىشتىياق ۋە تەلپۈنۈش، بۇ ئىككىسىنىڭ يۈرىكىنى تەلپۈندۈرەتتى، بۇ ۋاقىتتا، ھەبەشىستاندا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا، مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىپتۇ! ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئەزىيىتى يەڭگىللەپتۇ! دېگەن خەۋەرلەر يېتىپ بارغىلى تۇردى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى مەككىگە قايتماقچى بولدى، ئۇلارنى ئىشتىياق ھەيدىسە، تەلپۈنۈش چاقىراتتى.

ئۇممۇ سەلەمە ۋە ئۇنىڭ يولدىشى قايتقۇچىلارنىڭ ئەۋۋەلقىسى بولدى. لېكىن قايتقۇچىلار، ئۆزلىرىگە يېتىپ بارغان خەۋەرنىڭ مۇبالىغە ئىكەنلىكىنى، ھەمزە ۋە ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانىدىن كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىلەشلىرى قۇرەيشلەرنىڭ زەربىسى ئارقىلىق بېسىقتۇرۇلغانلىقىنى سەزدى.

مۇشرىكلار، مۇسۇلمانلارنى ئازابلاش ۋە قىيناشتا، ھەددىدىن ئېشىپ، بۇرۇن ئىشلەتمىگەن بېسىملارنى ئىشلىتىشكە ئۆتكەن ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز، ساھابىلەر مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، ئۇممۇ سەلەمە ۋە ئۇنىڭ يولدىشى، ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزىنى قۇرەيشلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بۇ قېتىممۇ ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئالدى بولۇشنى مەقسەت قىلدى.

لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ھىجرىتى، ئۇلار ئويلىغاندەك ئاسان بولماي، ئەكسىچە ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە ئازابلىق بولدى، بۇ قېتىمقى

ھىجرەتتە بارلىق تىراگېدىيىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر، تىراگېدىيە مەيدانغا كەلدى. بۇ پاجىئەلەرنى ئۇ مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

ئەبۇسەلەمە (سەلەمەنىڭ ئاتىسى) مەدىنىگە كېتىشنى مەقسەت قىلىپ، ماڭا بىر تۆگە تەييارلاپ مېنى مىندۇردى ۋە بالامنى قۇچىقىمغا ئېلىپ بەردى، تۆگىنى ئۆزى يېتىلىدى، بىز ھېچنېمىگە قارىماستىن يۈرۈپ كەتتۇق.

مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا بىزنى مېنىڭ قەبىلەمدىكى مەخزۇم جەمەتىدىن بىر قانچە ئادەم كۆرۈپ قېلىپ، ئالدىمىزنى توسۇۋېلىپ يولدىشىم ئەبۇسەلەمەگە:

— سەن ئۆزۈڭنى بىزدىن ئېلىپ قېچىۋاتقان بولساڭمۇ، ئايالىڭنى نېمىشقا ئېلىپ ماڭىدىكەنسەن؟ ئۇ بىزنىڭ قەبىلىمىزنىڭ قىزى! سېنىڭ بۇنى بىزدىن ئېلىۋېلىپ، باشقا شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىشىڭغا يول قويىمىزمۇ؟ — دېدى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالدى.

يولدىشىمنىڭ قەبىلىسى بولغان - ئابدۇلئەسەد جەمەتىدىكىلەرمۇ، يولدىشىم ئابدۇللاھتىن قەبىلەمدىكى كىشىلەرنىڭ مېنى ۋە بالامنى تارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلىشىپ كېتىشتى - دە، مېنىڭ قەبىلەمدىكىلەرگە قاراپ:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر نېمە دەپ بىزنىڭ ئادىمىمىزدىن بالىنى تارتىۋالىسىلەر؟ ئابدۇللاھ بىزنىڭ بالىمىز، شۇڭا بالىغا بىز ئىگە!

— دېگىنىچە كېلىپ، كىچىك بالام سەلەمەنى تارتىۋالدى. بۇنى كۆرگەن مەخزۇم قەبىلىسى كىشىلىرى ئۇلارنىڭ قولىدىكى بالىنى: «بىزنىڭ قەبىلىگە تەۋە!» دېگىنىچە بېرىپ ئۇلاردىكى بالىنى تارتتى، نەتىجىدە بالىنى تارتىشىپ يۈرۈپ، بىچارە سەبى بالىنىڭ قولىنى چىقىرىۋېتىشتى ۋە بالىنى ياردار ھالەتتە يولدىشىمنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئېلىپ كېتىشتى.

مەن بۇ بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشتىن، ئائىلىمىزنىڭ پارچىلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ تەنھا قالغانلىقىمنى سەزدىم.

يولدىشىم بولسا، ئۆز دىنىنى ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەدىنىگە يول





ئالدى. بالام ئابدۇلئەسەد جەمەتىدىكىلەر بىلەن، يۇمران قولى چىقىرىلغان ھالدا كەتتى. مېنى بولسا، قەۋمىم - مەخزۇم جەمەتىدىكىلەر ئېلىپ قېلىشتى. بىردەمدىلا، مەن، بالام، ئېرىم ئۈچىمىز ئۈچ تەرەپكە ئايرىلدۇق!...

مەن شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھەتتەمە دېگەن جايغا چىقىپ، تاكى كەچ كىرگىچىلىك مېنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەمگە شاھىت بولغان بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ، بالام ۋە ئېرىم بىلەن ئارىمىزدا يۈز بەرگەن ئاشۇ دەقىقىدىكى كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يىغلايدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ ئەھۋاللار بىر يىلچە داۋاملاشتى...

ئاخىرى، قېشىمدىن تاغامنىڭ جەمەتىدىن بولغان بىر كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنىڭ بۇ ھالىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، شەپقەت قىلىپ، مېنىڭ جەمەتىمدىكىلەرگە:

— بۇ مىسكىن ئايالنى قويۇۋەتسەڭلار بولماسمۇ؟! سىلەر ئۇنى بالىسىدىن، ئېرىدىن ئايرىۋېتىپسىلەر! — دەپ جەمەتىمدىكى كىشىلەرنىڭ دىلىنى يۇمشىتىپ، ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىقىنى قوزغاشقا ئۇرۇندى. ئاخىرى ئۇلار ماڭا:

— خالىساڭ ئېرىڭگە قوشۇلۇۋال! — دېيىشتى.

لېكىن مەن يۈرەك پارەم بولغان بالامنى، مەككىدىكى ئابدۇلئەسەد جەمەتىدىكىلەرنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ، مەدىنىدىكى ئېرىمنىڭ يېنىغا قانداقمۇ كېتەلەيتتىم؟!

مەن ھىجرەت يۇرتىغا كېتىپ، كىچىك بالام بولسا مەككىدە قالسا، مەن ئۇنىڭ خەۋىرىنى بىلمەي - كۆرمەي كۆز ياشلىرىم قانداقمۇ قۇرۇسۇن؟! ھەسرىتىم قانداقمۇ بېسىلسۇن؟!

بىر تۈركۈم كىشىلەر مېنىڭ غەمگە پېتىپ، ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ مېنىڭ بۇ ھالىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئابدۇلئەسەد جەمەتىدىكىلەرگە مەن توغرىلىق گەپ قىلىپ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىشنى تەلەپ قىلىشتى، ئۇلار شۇئان بالامنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىشتى.

مەن بىرگە يولغا چىققىدىغان بىرەر ئىشەنچلىك ئادەمنى تاپقۇچە مەككىدە كۈتۈپ تۇرۇشنى خالىمىدىم. مەن كۈتۈلمىگەندە بىرەر چاتاق چىقىپ، ئېرىم بىلەن ئۇچرىشالماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ تېزلىكتە تۆگە تەييارلاپ، بالامنى قۇچىقىمغا ئېلىپ ئېرىمنى ۋە دىنىمنى دەپ، مەدىنە تەرەپكە يول ئالدىم. يولدا مەن بىلەن بالامدىن باشقا ھېچ ئادەمزات يوق ئىدى.

مەن تەنئىمگە يېتىپ بارغان چېغىمدا، ئوسمان ئىبنى تەلھەگە ئۇچراپ قالدىم، ئوسمان مەندىن:

— ئى يولۇچىغا ئۇزۇق بەرگۈچىنىڭ قىزى! نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى، مەن دەرھال:

— ئېرىمنى مەقسەت قىلىپ مەدىنىگە ماڭدىم، — دېدىم.

— سىز بىلەن بىرەر ئادەم يوقمۇ؟

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بىلەن مۇشۇ كىچىك بالام ۋە بۈيۈك ئاللاھ بار.

— ئاللاھ بىلەن قەسەم، (بۇ ۋاقىت تېخى ئوسماننىڭ مۇسۇلمان بولمىغان چاغلىرى ئىدى) مەن سىزنى مەنزىلىڭىزگە يەتكۈزۈپ قويمىغىچە ھەرگىز سىزنى يالغۇز تاشلاپ قايتمايمەن! — دېدى-دە! تۆگەمنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ ماڭدى، مەن بۇ ۋاقىتقىچە، ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭدەك ئېسىل، پەزىلەتلىك ئادەم بىلەن سەپەرداش بولۇپ باقمىغان ئىدىم. مەن يولدا بىرەر ئورۇنغا چۈشەر بولسام، ئۇ تۆگەمنى چۆكتۈرۈپ مەن ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ، يەرگە چۈشكىچە، مەندىن يىراق تۇراتتى، مەن تۆگىدىن چۈشۈپ بولغىنىمدا، ئاندىن تۆگىنىڭ قېشىغا كېلىپ، يۈك-تاقلىرىمنى يېشىپ، تۆگىنى دەرەخ تۈۋىگە ئېلىپ بېرىپ سايىدا ياتاتتى، ماڭىدىغان چاغ بولسا، ئۇ تۆگەمنى تەييارلاپ قېشىمغا ئەكېلىپ بېرىپ، مەندىن يىراق تۇرۇپ، مېنى مىنىشكە ئۈندەيتتى، مەن مىنىپ تۆگە ئۈستىدە ئورۇنلىشىپ بولغان ۋاقتىمدا، ئاندىن تۆگىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى يېتىلەپ ماڭاتتى.



www.munber.org

ساھابىلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار

ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇنداق قىلىپ، تاكى بىز مەدىنىگە يېتىپ كەلگۈچە داۋام قىلدى. بىز ھەتتا مەدىنىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق.

بىز مەدىنىدىكى ئەمىر ئىبنى ئەۋف قەبىلىسىگە كەلگەندە، ئوسمان:

— سىزنىڭ ئېرىڭىز مۇشۇ كەنتتە! سىز بۇ كەنتكە ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن كىرىڭ! — دېدى-دە، مەككىگە قايتىپ كەتتى.

مانا بۇ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگەنلىرى.

ئۇزاق ئايرىلىشتىن كېيىن، پارچىلىنىپ كەتكەن ئائىلە جەم بولدى. ئۇممۇ سەلەمەنىڭ كۆزى ئېرىگە قاندى، ئابدۇللاھ ئۇممۇ سەلەمە ۋە بالىسى بىلەن ئائىلە بەختىگە ئىگە بولدى.

ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاندەك تېز ئۆتۈشكە باشلىدى.

مانا بۇ ئوھۇد ئۇرۇشى، ئۇ بەدىردىن مۇسۇلمانلار بىلەن زەپەر قۇچۇپ، غەلىبىگە ئېرىشىپ قايتقاندىن كېيىنكى ئۇرۇشلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىرى ئابدۇللاھ بەدىردىن كېيىنكى بارلىق ئۇرۇشلاردا قەيسەرلىك بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ قايتقان ئىدى. لېكىن بۇ قېتىمقى ئوھۇد ئۇرۇشىدىن قاتتىق جاراھەتلىنىپ قايتتى. ئۇ جاراھىتىنىڭ سىرتى ساقايغىچە داۋالاندى، بىراق ئۇنىڭ جاراھىتى ئىچى تەرىپىدىن بۇزۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، جاراھەت ئېغىرى ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئابدۇللاھ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ جاراھىتىنى داۋالىتىۋېتىپ، ئايالى ئۇممۇ سەلەمەگە:

- ئى ئۇممۇ سەلەمە! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر كىشىگە مۇسىبەت يەتسە، ئۇ: «بىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدىمىز! ۋە بىز ئاللاھ تەرەپكە قايتىمىز! دېسۇن» دېگەنلىكى ۋە «ئى ئاللاھ! مېنىڭ مۇسىبىتىمگە ئاساسەن ماڭا ئەجىر بەرسەڭ! ئى ئاللاھ! سەن خالىساڭ ماڭا بۇنىڭدىن ياخشىسىنى ئىز باسار قىلىپ بەرسەڭ! دېسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان، — دېدى.

ئابدۇللاھ ئۇدا بىر قانچە كۈن ئورنىدىن تۇرالمىدى، بىر ئەتىگىنى پەيغەمبىرىمىز ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ



www.munber.org

ئىشىكتىن چىقاي دېگەندە ئابدۇللاھ جان ئۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولى بىلەن ھەمراھىنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى ۋە قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئى ئاللاھ! ئابدۇللاھنى كەچۈرگىن! ئۇنىڭ ھايات دەرىجىسىنى ماڭا يېقىن قىلغىن! ھايات قالغانلارغا، ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ئىزباسار قىلىپ بەرگىن! بىزنى ۋە ئۇنى كەچۈرگىن! ئى جەمئىي كائىناتنىڭ تەربىيىچىسى! ئۇنىڭ قەبرىسىنى كېڭەيتىپ، نۇرلاندۇرۇپ بەرگىن! — دەپ دۇئا قىلدى. لېكىن ئۇممۇ سەلەمە، ئېرى ئابدۇللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ بەرگەن سۆزىنى ئەسلەپ: «ئى ئاللاھ! مەن مۇشۇ مۇسىبەتكە ئاساسەن سەندىن ئەجىر تەلەپ قىلىمەن» دېدى. لېكىن: «ئى ئاللاھ! ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ئىزباسار قىلىپ بەرسەڭ!» دېگەن سۆزنى قىلىشقا تىلى بارمىدى، چۈنكى ئۇنى ئاللاھ تائالادىن سورايدۇ. ئەپسۇس! بۇ ئايال ئۈچۈن ئۇز ئېرىدىن ياخشى كىممۇ بولسۇن؟ لېكىن ئۇ ئويلىنىپ تۇرمايلا، دۇئاسىنى تاماملىدى.

مۇسۇلمانلار بۇ مۇسىبەتكە قاتتىق قايغۇرۇشتى. ئۇلار بۇندىن بۇرۇن ھېچكىمنىڭ مۇسىبىتىگە بۇنچىلىك قايغۇرمىغان ئىدى.

ئۇممۇسەلەمەگە: «ئەرەبلەرنىڭ تۇل ئايالى» دەپ نام بەردى.

بۇ ۋاقىتتا، ئۇممۇسەلەمەنىڭ مەدىنىدە، تېخى قانات قۇيرۇقى تولۇق يېتىلمىگەن كىچىك قۇش كەبى، سەبىي بالىسىدىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قالمىغان ئىدى.

مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار ئۆز زىممىسىدە ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ھەققى بارلىقىنى ھېس قىلىشتى ۋە ئۇنىڭ ئېرىگە تۇتقان قارىلىق ئىددىتى تۈگىشى بىلەنلا، ئەبۇبەكرى سىددىق (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇممۇ سەلەمەگە، خېرىدار بولۇپ كەلدى، ئۇ بۇ تەلەپكە ماقۇل دېمىدى.

ئاندىن ئۆمەر كەلدى، ئۇنىمۇ ئەبۇبەكرىدەك قايتۇردى.

ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ كەلدى، ئۇممۇسەلەمە رەسۇلۇللاھقا:

ـ يا رەسۇلۇللاھ! مەندە ئۈچ خىل خىسلەت بار! بىرىنچىدىن مەن

www.munber.org





كۆندەشلىكى يامان ئايال، مەندىن خاپا بولۇپ ماڭا ئاچچىقلىنىپ قالسا ئاللاھنىڭ مېنى ئازابلىشىدىن قورقىمەن، ئىككىنچىدىن مەن ياشىنىپ قالغان ئايال. ئۈچىنچىدىن مېنىڭ بالام بار، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن دېگەن كۆندەشلىككە كەلسەك، مەن ئاللاھ تائالادىن، سەندىن بۇ ئىشنى كەتكۈزۈۋېتىشنى تىلەيمەن، يېشىم چوڭ دېيىشكە كەلسەك، مېنىڭمۇ يېشىم چوڭ، بالام بار دېگەنگە كەلسەك، سېنىڭ بالاڭ مېنىڭمۇ بالام، — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئالدى.

ئاللاھ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئابدۇللاھتىنمۇ ياخشى كىشىنى ئىزباسار قىلىپ بەردى. مانا بۈگۈندىن باشلاپ، مەخزۇم قەبىلىسىدىن بولغان ھىندى (ئۇممۇ سەلەمە)، يالغۇزلا، سەلەمەنىڭ ئانىسى بولماستىن بەلكى پۈتكۈل مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئىسلام تارىخىدا مەشھۇر بولۇپ قالغان يەنە بىر قىسسىسى بولۇپ، بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى.

ھىجرىيەنىڭ 7ـ يىلى مەككىگە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن بارغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى توسۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلارغا رۇخسەت قىلىشنى كېلەركى يىلغا بېكىتىش ھەققىدە «ھۇدەيبىيە سۇلھىسى» دەپ ئاتالغان سۈلھىنى ئىمزالاشتى.

سۈلھىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ قۇربانلىق قىلىڭلار، ئاندىن چېچىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار» دېدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساھابىلەردىن بىرمۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرمىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىسىمۇ، ئۇلاردىن يەنىلا ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغانلىقىنى

www.munber.org

سۆزلەپ بەردى. ئۇممۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن مۇنداق قىلىشنى خالامسەن؟ سەن سىرتقا چىقىپ ئاندىن ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن قۇربانلىقىڭنى بوغۇزلا، ساتىراچنى چاقىرىپ چېچىڭنى ئالدۇر، ــ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقتى، ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن قۇربانلىقنى بوغۇزلىدى، ساچتىراچنى چاقىرىپ، چېچىنى چۈشۈرتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قۇربانلىقنى بوغۇزلايدۇ.

دېمەك، ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىز ئۆزىنىڭ ئەقىللىقى بىلەن ساھابىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ساقلاپ قالغان.

ئاللاھ جەننەتتە ئۇممۇسەلەمەنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن! ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! ۋە ئۇنىمۇ رازى قىلسۇن! ئامىن!

www.munber.org





## خەبباب ئىبنى ئەرت

ئۇ قىزنىقىپ مۇسۇلمان بولغان، بويسۇنۇپ ھىجرەت قىلغان، مۇجاھىد بولۇپ ياشىغان... كىشىدۇر.

ــ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ.

خۇزائى قەبىلىسىدىن بولغان ئۇممۇ ئەممار مەككىدىكى قۇل بازىرىغا ماڭدى، ئۇ ئۆز خىزمىتىگە سېلىپ مەنپەئەتلىنىش، قول ھۈنىرى بىلەن پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىگە بىر قۇل سېتىۋالماقچى بولغان ئىدى. ئۇ سېتىلىشقا چىقىرىلىپ قويۇلغان قۇللارنىڭ يۈزىگە سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بىر كىچىك بالىغا چۈشتى. ئۇ بالا ناھايىتى ساغلام كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىدىن بولسا ئۇنىڭ چېچەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بالىنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ يولدا كېتىۋاتقاچ بۇ بالا بىلەن تۆۋەندىكىدەك سۆزلىشىپ ماڭدى:

ــ ئى بالا! ئىسمىڭ نېمە؟

ــ خەبباب.

ــ ئاتاڭنىڭ ئىسمىچۇ؟

ــ ئەرت.

ــ سەن قەيەرلىك؟

ــ نەجدىدىن.

ــ ئۇنداقتا سەن ئەرەبكەنسەنغۇ؟

ــ شۇنداق، مەن بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن.

ــ سەن قانداق بولۇپ مەككىدىكى قۇل بېدىكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

www.munber.org

— بىزنىڭ قەبىلىمىزگە ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىر قەبىلە ھۇجۇم قىلىپ، تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەتتى، ئاياللارنى ئەسىرگە ئالدى، كىچىك بالىلارنى قۇللۇققا تۇتۇۋالدى، مەنمۇ شۇ بالىلارنىڭ قاتارىدا ئىدىم، مەن قولدىن- قولغا ئۆتۈپ مەككىگە كېلىپ سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشتۈم، — دېدى.

ئۇممۇ ئەممار بالىنى قىلىچ ياساشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن مەككىدىكى تۆمۈرچىلەردىن بىرىگە شاگىرتلىققا بەردى، ئۇ قىلىچ ياساشنى ناھايىتى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدى ۋە قىلىچنى ناھايىتى ياخشى ياسىيالايدىغان بولدى. خەبباب بۇ ھۈنەرنى پۇختا ئىگەللەپ بولغاندا ئۇممۇ ئەممار ئۇنىڭغا بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، دۇكانغا كېرەكلىك سايمانلارنى سېتىپ ئېلىپ بەردى ۋە خەببابنىڭ ھۈنىرى بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە باشلىدى.

خەبباب دۇكاننى ئېچىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كىشىلەر ئۇنىڭ ۋاپادار، راستچىل ئىكەنلىكىگە ۋە ياسىغان قىلىچلىرىنىڭ ياخشىلىقىغا قاراپ بەس- بەس بىلەن سېتىۋېلىشقا باشلىدى. چۈنكى خەببابنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ لېكىن ئۇ چوڭلارغا خاس ھېكمەتلىك سۆپەتلەرگە ئىگە بىر بالا ئىدى.

ئۇ ھۈنىرىدىن بىكار بولسىلا پۈتۈنلەي بۇزۇقچىلىققا چۆكۈپ كەتكەن بۇ نادان جەمئىيەتنىڭ ئېچىنارلىق ئەھۋالى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى ۋە ئۆزىنىڭمۇ شۇنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئازغۇنلۇق، چىرىكلىك ئىچىدىكى ئەرەب دۇنياسىغا، ئۇنىڭدىكى قالايماقانچىلىققا قاراپ گاڭگىراپ قالاتتى ۋە بەزىدە ئۆز- ئۆزىگە: «بۇ زۇلمەتلىك كۈنلەرمۇ ئاخىرلىشىدۇ!» دەپ قوياتتى. ئۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ يوقىلىپ قۇياشنىڭ پارلاپ چىقىشىنى، ئۇ خىلدىكى ھاياتنىڭ ئۆزۈنغا داۋاملىشىشىنى بەك ئۈمىد قىلاتتى.

خەببابنىڭ كۈتىشى ئۇزۇنغا بارمىدى، ئۇ بەنى ھاشىم جەمەتىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىرىنىڭ ئېغىزىدىن ھەقىقەت قۇياشىنىڭ پارلىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى ۋە دەرھاللا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ





سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەقلىنى ھەيران قىلدى، ھەم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جەلپ بولۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قولىنى ئېچىپ: «بىر ئاللاھ تىن باشقا ئىلاھ يوق! مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەردى. ئۇ زېمىن يۈزىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئالتە كىشىنىڭ ئالتىنچىسى بولدى.

خەبباب ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھېچكىمدىن يوشۇرمىدى. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق خەۋىرى خوجايىنى ئۇممۇ ئەممارغا يېتىشى بىلەنلا ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي بىر تۇغقىنى سىبا ئىبنى ئابدۇلئۇززانى ئەگەشتۈرۈپ خەببابنىڭ قېشىغا باردى، ئۇ ئىككەيلەنگە خۇزائە قەبىلىسىنىڭ ياشلىرىدىن بىر تۈركۈمى ئەگىشىۋالغان ئىدى، بۇ چاغدا خەبباب دۇكاندا خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىنى بېرىلىپ ئىشلەۋاتقان ئىدى. سىبا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

— بىزگە سەن توغرۇلۇق بىر خەۋەر يەتتى، بىراق بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىدۇق،— دېدى. خەبباب:

— نېمە ئىش؟ — سورىدى خەبباب.

— سېنىڭ ئۆز دىنىڭدىن يېنىپ بەنى ھاشىم جەمەتىدىكى ھېلىقى كىشىگە ئەگەشكەنلىك خەۋىرىڭ.

— مەن دىنىمدىن يانمىدىم، مەن شېرىكى يوق بىر ئاللاھقا ئىشەندىم ۋە سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلاردىن قول ئۈزدۈم، مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردىم... — دېدى.

سىبا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خەببابنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا يۈپۈرلۈپ كېلىپ ئۇنى ئۇرۇپ- دەسسەشكە باشلىدى، ئاخىرى ئۇ تاياق دەستىدىن يۈز- كۆزى يارىلانغان ھالدا يەرگە يىقىلدى. خەبباب بىلەن ئۇنىڭ خوجايىنى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىش قورۇق چۆپكە تۇتاشقان ئوتتەك بىردىنلا مەككىنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە تارقالدى. كىشىلەر خەببابنىڭ جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدى. چۈنكى تاكى شۇ



www.munber.org
www.munber.org

كۆنگچە ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمانلىرىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ ئىش قۇرەيش كاتتىلىرىنىمۇ تەۋرىتىۋەتتى. ئۇلار ئۇممۇ ئەمماردىن باشقا خوجايىنى ياكى بىرەر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىسى يوق بىر قۇل تۆمۈرچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىشىنى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاپ، ئاتا- بوۋىلىرىنى ھاماقەتلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق ئىشنىڭ كېيىن يەنە يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئالدىن جەزم قىلىشتى.

قۇرەيشلەر خاتا مۆلچەرلىمىگەن ئىدى، خەبباننىڭ جاسارىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمانلىرىنى ئاشكارىلاشقا رىغبەتلەندۈردى، نەتىجىدە ئۇلارمۇ ئىمان ئېيتقانلىقلىرىنى بىر- بىرلەپ ئاشكارىلاشقا باشلىدى.

قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى كەبىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ رەئىسلىرىدىن، ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھەرب، ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە، ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشام قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار مۇھەممەدنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۈندىن- كۈنگە چوڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئىشنىڭ تېخىمۇ يوغىناپ كېتىشىدىن ئىلگىرى ئۇنى يىغىشتۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاپ تېپىپ ئاخىرىدا ھەر بىر قەبىلە ئۆز قەبىلىسىدىن ئىمان ئېيتقانلارنى تاكى دىنىدىن يانغان ياكى ئۆلگەنگە قەدەر جازالاش قارارىنى چىقاردى.

سىبا ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىكىلەرگە خەببابنى جازالاش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن بولۇپ، ئۇلار كۈننىڭ ھارارىتى تازا قىزىغان ۋاقىتتا خەببابنى مەككىنىڭ قۇملۇقىغا ئېلىپ چىقىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، تۆمۈر چاپان كەيدۈرۈپ سۇمۇ بەرمەي ئازابلايتتى، ئۇ قاتتىق قىينىلىۋاتقاندا ئۇلار خەببابتىن:

— مۇھەممەد توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورايتتى. خەبباب:



www.munber.org



— ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، ئۇ بىزنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىشىمىز ئۈچۈن توغرا ھەق بىلەن كەلگەن! — دەيتتى. ئۇلار ئۇنى بىرھازا ئازابلاپ يەنە:

— لات ۋە ئۇززا ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورايتتى. خەبباب:

— ئۇ ئىككىسى يا مەنپەئەت، يا بىر زەرەز بېرەلمەيدىغان گاس گاچىدۇر، — دەيتتى. ئۇلار قىزىتىلغان تاشنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇ تاشلارنى خەببابنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ تاشلاپ قوياتتى، خەببابنىڭ قوۋۇرغىلىرىنىڭ مايلىرى پىژىلداپ ئېقىپ چۈشەتتى.

ئۇممۇ ئەممارنىڭ خەببابقا سالغان ئازابى بىر تۇغقىنى سىبانىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بىر كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ خەببابقا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ جۇدىنى تۇتتى-دە، خەببابنىڭ بېشىغا قىزىتىلغان تۆمۈرنى ياقتى. ئۇ كۈندە دېگۈدەك خەببابنىڭ قېشىغا كېلىپ قىزىتىلغان تۆمۈرنى ئۇنىڭ بېشىغا ياقاتتى، ھەر قېتىم ياققاندا بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتەتتى ۋە ئۇ ھوشىدىن كېتەتتى. خەبباب ئۇممۇ ئەممار بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى سىباغا ئاللاھتىن جازا تىلەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغاندا خەببابمۇ ماڭماق ئۈچۈن تەييارلاندى. لېكىن ئۇ تېخى مەككىدىن ئايرىلمايلا ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئۇممۇ ئەممارغا شۇنداق غەلىتە بىر باش ئاغرىقى چاپلاشتىكى ئاغرىق ئازابىدىن ئۇ ئىتقا ئوخشاش ئېڭرايتتى. بۇنداق كېسەلنى ھەم ھېچكىممۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى، ئۇنىڭ باللىرى ھەر تەرەپتىن تېۋىپ ئىزدەشتى، ئاخىرى ئۇلارغا بۇ كېسەلگە بېشىنى داغلاشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن باللىرى تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۇنىڭ بېشىنى داغلاشقا باشلىدى. داغلىغاندىكى كۆيۈك ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇ باش ئاغرىقىدىن سەل ئارام تاپقاندەك بولاتتى.

خەبباب ئەنسارىلارنىڭ ھىمايىسىدە ئۇزۇندىن بېرى مەھرۇم بولغان



www.munber.org

راھەتنىڭ لەززىتىنى قايتا تېتىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشاش ھاياتىدىن خۇرسەن بولدى. ئۇ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلدى، ئاندىن كېيىن ئوھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشتى... ئۇ ئۇرۇشتا سىبانىڭ ئاللاھنىڭ يولۇسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

خەبباب ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يەنى ئابا بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىلارنىڭ(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) زامانىسىغىچە ياشىدى.

ئۆمەر(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە بىر كۈنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا كىردى، ئۆمەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۆز يېنىدىكى تۆردىن ئورۇن بەردى ۋە:

— بۇ ئورۇنغا بىلالدىن قالسا سەنلا لايىق بولالايسەن، — دېدى. ئاندىن كېيىن خەببابتىن ئەينى چاغدا مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭغا سالغان كۈلپەتلىرى توغرىسىدا سورىدى، خەبباب ئۇلارنى تىلغا ئېلىشتىن خىجىل بولغىنىدا ئۆمەر قايتا ئىلتىماس قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. خەبباب كىيىملىرىنى سالدى، ئۆمەر ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تاتۇق ئىزلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئىشلار قانداق بولغان؟ — دەپ سورىدى. خەبباب:

— مۇشرىكلار مېنى جازالاش ئۈچۈن ئوت قالاپ چوغ چۈشۈرەتتى، ئاندىن مېنىڭ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ مېنى چوغ ئۈستىدە سۆرەيتتى. ھەتتا مېنىڭ تېنىمدىن گۆش- مايلىرىم ئاجراپ چۈشەتتى. مېنىڭ بەدىنىمدىن چۈشكەن سۇلار بىلەن ئوت ئۆچۈپ قالاتتى، — دېدى.

خەبباب ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولدى، ئۇ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ ئالتۇن- كۈمۈشكە ئېرىشتى، لېكىن ئۇ ماللىرىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان يوللارغا



www.munber.org



ئىشلەتتى.

ئۇ دىنار- دەرھەملىرىنى پېقىرلار بىلىدىغان يەرگە قويۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا قۇلۇپ سالمايتتى، ھاجەتمەنلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ خالىغانچە ئېلىپ كېتەتتى. ئۇ ماللىرىنى شۇنداق سەرپ قىلىپ تۇرۇپمۇ مۇشۇ ماللىرىدىن ھېساب بېرەلمەي قېلىشىدىن ۋە بۇ سەۋەب بىلەن ئازابلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى.

ساھابىلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ:

«بىز خەبباب ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق، ئۇ بىزگە:

— بۇ يەردە سەكسەنمىڭ دەرھەم بار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى تۈتۈپ قېلىپ باقمىدىم ھەم سورىغانلاردىنمۇ يوشۇرمۇدۇم، — دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى. بىز ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ دېسەك ئۇ:

— مەن يىغلايمەن، چۈنكى، مېنىڭ دوستلىرىم كېتىپ قالدى، ئۇلار بۇ دۇنيادىكى ئەجىرلىرىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى، مەن بولسام ھايات قالدىم ۋە مۇنۇ ماللارغا ئېرىشتىم، مەن بۇ ماللارنىڭ ئەمەللىرىمنىڭ ساۋابى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى.»

خەبباب ۋاپات بولغاندا خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ خەببابنىڭ قەبرىسى ئالدىدا:

— ئاللاھ خەببابقا رەھمەت قىلسۇن! ئۇ قىزىقىپ مۇسۇلمان بولغان، بويسۇنۇپ ھىجرەت قىلغان، جىھاد قىلىپ ياشىغان ئىدى. ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ! — دېگەن ئىدى.

تۈگىدى



www.munber.org